ONLY ONO HOTAN IN THE WORLD

# دۇنيادا بىرلا خوتەن بار

يىللار * ئادەملەر * ۋەقەلەر

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# دۇنيادا بىرلا خوتەن بار

## ONLY ONO HOTAN IN THE WORLD

يىللار * شائىرلار * ۋەقەلەر

تۈزگۈچى: ئابدۇللا سۇلايمان

BY

ABDULLA SULAYMAN

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

天下只有一个和田. 1,岁月、人物、事件/阿布都拉·苏莱满编著. —乌鲁木齐:新疆人民出版社,2003.8

ISBN 7—228—08242—7

Ⅰ. 天… Ⅱ. 阿… Ⅲ. ①和田地区—概况—维吾尔语(中国少数民族语言)②和田地区—地方史—史料—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ. K924.52

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2003)第 073809 号

责任编辑:吉利力·买买提
责任校对:帕丽达·艾力
封面设计:艾克拜尔·沙力

天下只有一个和田
——岁月、人物、事件

阿布都拉·苏莱满 编著

新 疆 人 民 出 版 社 出 版
(乌鲁木齐市解放南路 348 号邮编 830001)
新疆新华书店发行
乌鲁木齐仁祥印务有限公司印刷
880×1230 毫米 大 32 开本 10 印张 插页 2
2003 年 8 月第 1 版 2003 年 8 月第 1 次印刷
印数:0001—3800 册

ISBN 7—228—08242—7
(民文)总定价(共六册):98.50 元

## مۆھتەرەم ئوقۇرمەن

# خوتەننى بىلگىڭىز بارمۇ؟

*خوتەن مۈلكىكى جەننەتتىن نىشاندۇر،*
*سەۋادى ئۇزرە جەننەت جان فىشاندۇر.*
*(نەۋائى)*

«دۇنيادا بىرلا خوتەن بار» — بۇ چىن پىششىغ گەپ. چۈنكى خوتەنلىكلەر «بىرنى بىر» دەيدۇ.

خوتەن — ئۇز دىيار، تارىخى ئۇزۇن دىيار؛ خوتەن — تارىختا ئىچكىرىكى چىن ئۇچۇن غەربكە كۆزنەك دىيار؛ شۇڭا، نۇرغۇن سالنامىلەر، سەيياھلارغا دىڭىزدەك كەڭ سۆزلەك دىيار.

خوتەنلىكلەرنىڭ ئاتا - ئاغۇنلىرى ئۇزاق ئۆتمۈشتىن تارتىپ، قاراقۇرۇم ئېتەكلىرىدە، گازۇن - چىرىللارنى ئۆزلەشتۇرۇپ، بارخانلارنىڭ ھۇجۇملىرىنى كەتمەن بىلەن توسقان ۋە قورام تاشلارنى دوملاتقۇدەك دەھشەتلىك قاش ئۆكۈز ئېقىنلىرىنى بويسۇندۇرغان، تەبىئەتنىڭ سىرىنى ئەقىل- ھۈنەر بىلەن ئېچىپ، تەبىئەتنى ئۆزىنىڭ قانۇنى بىلەن ئىگىلىگەن ھەم ماددىي ۋە مەنىۋى ھاياتنى جەمئىيەتنىڭ نىزامى بىلەن يۈكسەلدۇرگەن. شۇنداق قىلىپ، جەننەت مەسەل خوتەن بوستانلىقىنى ئەھياغا كەلتۇرگەن. بۇ ھەقىقەت توغرىسىدا، ئالتە جىلدلىق ئەمەس، ئاتمىش جىلدلىق قامۇس تۈزۈلپمۇ بايانىغا يەتكىلى بولماس.

تالانتلىق شائىر، ئىجتىھاتلىق پروفېسسور ئابدۇللا سۇلايمان قەلىمىگە مەنسۇپ بۇ يۈرۈشلۈك كىتابلار خوتەننى ھەر جەھەتتىن بىلگۈسى كەلگەن ھەرقانداق ئوقۇرمەن ئۈچۈن قىممەتلىك دەستۇردۇر. ئۇنىڭ تەشەببۇسى ۋە تەشكىللىشى- تەھرىرلىشىدە ۋۇجۇدقا كەلگەن بۇ دەستۇر، ئاساسەن، ئۆز ئانا يۇرتىدا تۇغۇلغان ۋە ئۆز ماكانىنىڭ ئۆتمۈشى ھەم ھازىرىنى ئوبدان ئۆگەنگەن، پىششىق بىلگەن قەلەمكەشلەرنىڭ جاپالىق ئەمگەكلىرىنىڭ شىلدىر - شېكەر مېۋىسىدۇر. بۇ كىتابنىڭ ئالتە جىلدى بىر - بىرىگە ئۆزۋى باغلانغان ھەم ھەر بىر جىلدى ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بىر ئەسەردۇر. ھەر جىلدىنى ۋاراقلىغىنىڭىزدا، رىۋايەتتىن

تاكى ئەمەلىيەتكىچە، ئىجادىيەتتىن تاكى رىئاللىققىچە بولغان كارامەتلەر تەسۋىرى كۆز ئالدىڭىزدىن خۇددى كارتىنىدەك بىر - بىرلەپ ئۆتىدۇ؛ سىزنى نەچچە مىڭ يىللىق تىلسىماتنىڭ قاپقىسىنى ئېچىپ، ئاجايىپ رەڭگارەڭ ۋە ئىنسانىيەتكە ھەمىشاھەڭ خەزىنىنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر قىلىدۇ؛ سىزنى ھېكايەت باياۋانىنى كەزدۈرۈپ، ھاياتلىق خىيابانىغا يەتكۈزۈپ، خوتەن توغرىسىدىكى بىلىم تەشنالىقىڭىزنى شېرىن تىل بۇلاقلىرىدىن قاندۇرىدۇ.

ئىگىلىك تەمىر قىلىشتا تۆھپىكار، مەدەنىيەت - مەرىپەتنى گۈللەندۈرۈشتە كەشپكار، مەنىۋى ئۈزۈلۈق يارىتىشتا سەنئەتكار، يۇرت - ماكانىنى قوغداشتا پىداكار خوتەنلىكلەرنىڭ مۇلايىم چېھرىسى كۆز ئالدىڭىزدا نامايان بولۇپ، ئۇلارنىڭ قاراقۇرۇمدەك چىڭ ئىرادىسىگە ۋە ئالەمشۇمۇل ئەمگەك مېۋىسىگە قايىل بولىسىز ۋە ئىختىيارسىز ئاپىرىن ئوقۇيسىز.

نۇرغۇن - نۇرغۇن تارىخىي ۋەقەلەر ۋە كۆرمىڭ ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى بېشىدىن كەچۈرگەن خوتەنلىكلەرنىڭ ھازىرقى بوغۇنلىرى پىرىم ئەسىردىن بۇيان قەدىمكى ئوغۇش- ئاغۇنلىرىنىڭ ئىزىنى بېسىپ، ئانا يۇرتىنى ئەقىل - پاراستى ۋە ئەمگەك تەرى بىلەن تېخىمۇ گۈللەندۈرۈش يولىدا جان پىدالىق كۆرسىتىپ كەلمەكتە. قەدىمكى خوتەنىنىڭ پارلاق مەدەنىيىتىگە ھەقىقىي ۋارىسلىق قىلغان يېڭى خوتەن يەن - تېخىمۇ ۋە ئۈچۈر مۇلازىمەت ئەسرى بولغان 21 - ئەسىرگە يېڭىچە قىياپەت بىلەن گىگانت قەدەم باستى.

قەدىمدىن تارتىپ كېلىۋاتقان ئۇدۇم — «يۇرت ئاتىسى نېمىگە مايىل بولسا يۇرت ئەھلى شۇنىڭغا ياندىشىدۇ» دېگەن ھېكمەتنى ۋە «يادلاپ ئالغان كېتىدۇ، يېزىپ قويغان قالىدۇ» دېگەن تەمسىلنى ياخشى چۈشەنگەن خوتەن رەھبەرلىرىدىن ئۆمەر ئابدۇللا، جۈملىدىن يالقۇن قادىر ھەم مۇھەممەت چاۋار ئەپەندىلەرنىڭ قەلەمكەشلەرنى قوللىشى بىلەن بۇ دەستۇر مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان. بۇ ئەپەندىلەرنىڭ ھىممىتىگە ۋە قەلەمكەشلەرنىڭ غەيرىتىگە كەڭ جامائەتچىلىك بارىكاللا دەيدۇ ۋە ئوقۇرمەنلەر جامائەسى ئالقىش بىلدۈرىدۇ دەپ ئىشىنىمەن.

ئېھتىرام بىلەن: ئىمىن تۇرسۇن

2003 - يىل، ئىيۇن

# مۇندەرىجە

خوتەننىڭ بۈگۈنى ۋە ئەتىسى ............ ئۆمەر ئابدۇللا 1

رىۋايەتتىكى جەننەتنىڭ ئورنى — ھازىرقى خوتەن ............ 31

«خوتەن» نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى ............

............ ئۆمەرجان نۇرى 41

ئۇدۇن، ساك يېزىقىدىكى بىر پارچە مەكتۇپ ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار

مەسىلىلەر ............ قۇربان تۇران 49

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىن بۇيانقى خوتەن رايونىنىڭ نوپۇس ئەھۋالى

............ نۇرۇللا مۆمىن 65

خوتەندىكى چەت ئەللىكلەرنىڭ زوراۋانلىقى ............

............ مۇھەممەتئىمىن توختى 77

1912 ـ يىلدىكى چىرا ۋەقەسى ۋە سوپۇرگە ئاخۇن ............ 82

چىڭ يۈەنچىڭ — چىڭ دارىنىنىڭ خوتەندە ھۆكۈمرانلىق قىلغان

يەتتە يىلى............ مۇھەممەتئابدۇللا بەگ ھاجى 117

ماخوسەننىڭ خوتەندىكى زوراۋانلىقى ۋە مەغلۇبىيىتى ............ 141

تىنچلىق بىتىم مەزگىلىدىن ئازادلىق ھارپىسىغىچە خوتەندە

بولۇپ ئۆتكەن ئىشلار ............ جاپپار ئەھمەت 169

قۇربان تۇلۇم ماۋجۇشىنى كۆردى............ تاك يىچاڭ 185

خوتەن ئوغلانى — ۋاڭ ۋېي ............ 189

خوتەن چوڭ ئىشلار يىلنامىسى ............ 195

# 目 录

和田的今天与明天 ........................ 吾买尔·阿不都拉 1
传说中的世外桃圆就是如今的和田 ........................ 33
和田地名的由来 ........................ 吾买尔江·努日 41
一份于阗塞语文献及其相关的问题 ............ 库尔班·吐兰 49
清代以来的和田人口概况 ........................ 努如拉·莫明 65
洋人在和田的所作所为 .................... 买买提依明·托合提 77
1912年的策勒村事件和苏皮盖阿洪 ........................ 82
程元清——程大人在和田的七年统治 ........................
........................ 买买提·阿不都拉佰克阿吉 117
马虎山在和田的暴行及溃败 ........................ 141
和平协议前后到解放前夕期间和田迭事 ........................
........................ 加帕尔·艾买提 169
库尔班·吐鲁木见到了毛主席 ........................ 唐异常 185
和田英儿——王蔚 ........................ 189
和田大事记 ........................ 195

ئۇمەر ئابدۇللا

# خوتەننىڭ بۈگۈنى ۋە ئەتىسى

(2002 - يىل 8 - ئاي)

خوتەن ۋىلايىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئەڭ جەنۇبىغا جايلاشقان بولۇپ، كوئېنلۇن تىغىنىڭ شىمالىغا، تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىغا توغرا كېلىدۇ. شەرقى بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى بىلەن، غەربىي - جەنۇبى ھىندىستان، پاكىستان ئەمەلىي كونتروللۇقىدىكى كەشمىر رايونى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. غەربتە قەشقەر ۋىلايىتى بىلەن، شىمالدا ئاقسۇ ۋىلايىتى، تەكلىماكان بىلەن تۇتىشىدۇ. جەنۇبتىن شىمالغىچە بولغان كەڭلىكى 570 كىلومېتىر چامىسىدا، چېگرا لىنىيىسى 210 كىلومېتىر چامىسىدا كېلىدۇ. ئومۇمىي كۆلىمى 247 مىڭ 800 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، شىنجاڭ ئومۇمىي يەر مەيدانىنىڭ 15.1% تىنى ئىگىلەيدۇ. بوستانلىق كۆلىمى 9730 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 3.91% تىنى ئىگىلەيدۇ. خوتەن ۋىلايىتىدە يەتتە ناھىيە، بىر شەھەر، 86 يېزا - بازار، 1402 كەنت بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسى 1 مىليون 681 مىڭ 500. بۇنىڭ ئىچىدە، شەھەر نوپۇسى 236 مىڭ 700 بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 14.08% تىنى ئىگىلەيدۇ. ئاز سانلىق مىللەتلەر 1 مىليون 625 مىڭ 600 بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 96.67% تىنى ئىگىلەيدۇ. خوتەن ۋىلايىتىدە ئۇيغۇر، خەنزۇ، تاجىك، قىرغىز، قازاق قاتارلىق 19 مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، ئۇيغۇرلار ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ.

تارىختا خوتەننىڭ «قاشتېشى دىيارى، شايى - ئەتلەس ماكانى، گىلەم يۇرتى» دېگەن نامى بار. خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئىنسانىيەت پائالىيەت تارىخىنى ئىنتايىن ئۇزاق يىللاردىن باشلاپ سۈرۈشتۈرۈشكە

ئۇزاق تارىخىي جەرياندا، خوتەنلىكلەر شانلىق قەدىمىي مەدەنىيەتنى ۋە ھازىرقى مەدەنىيەتنى ياراتقان. خوتەندە نۇرغۇنلىغان قەدىمىي مەدەنىيەت خارابىلىرى ۋە كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغان رىۋايەتلەر بولۇپ، ئۇلار تارىختىكى ھېكايىلەر بار. بۇ سىرلىق قەلئەلەر، قەدىمىي جەڭ مەيدانلىرى، قەدىمكى پوتەيلەر، قەدىمكى بۇتخانىلار، قەدىمكى قورۇقلار، قەدىمكى تامغىلار، قەدىمكى پۇللار، قەدىمكى كىيىم - كېچەكلەر، قەدىمكى بۇتلار ۋە تۈرلۈك قەدىمكى سەنئەت بۇيۇملىرى تارىخلاردا خاتىرىلەنگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىزنالىرى چوڭقۇر. ئۇلار ئىنسانىيەت تارىخىدا پارلاق نۇر چاچماقتا.

خوتەن — قەدىمدىن باشلاپ كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون. دەسلەپكى تەتقىقاتلارغا ئاساسلانغاندا، قەدىمدە خوتەندە 17 دىن كۆپرەك مىللەت ياشىغان بولۇپ، سەككىز - توققۇز خىلدەك تىل - يېزىق قوللىنىلغان. ھازىر خوتەندە ئولتۇراقلاشقان مىللەت ئاساسلىقى يەتتە بولۇپ، ئالتە خىل تىل - يېزىق قوللىنىلىدۇ. خوتەن — غەربكە چىقىشتىكى ئەڭ يېقىن بوستانلىق بولۇپ، تارىختا خوتەننىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتى بىر قەدەر ياخشى بولغان. نۇرغۇن خەنزۇچە، تۈبۈتچە پۈتۈكلەردە بۇ تارىخ خاتىرىلەنگەن. شۇڭا، خوتەنمۇ غەربىي يۇرتتىكى خەنزۇ خەلقى ئەڭ بۇرۇن كەلگەن، ئەڭ كۆپ ئولتۇراقلاشقان يۇرت. غەربىي خەن سۇلالىسىدىن بۇيانقى خەنزۇ تىل - يېزىقى ئۇدۇننىڭ ئوردا تىللىرىنىڭ بىرى بولغان. ئۇدۇندا شەرقىي ئاستانە ۋە غەربىي ئاستانىدىن ئىبارەت ئىككى ئاستانە بولۇپ، ئۇلاردا ئايرىم - ئايرىم تىلماچ بەگ قويۇلغان. ئۇلار مەخسۇس ئاز سانلىق مىللەت تىل - يېزىقى بىلەن خەنزۇ تىل - يېزىقىنى تەرجىمە قىلىش بىلەن شۇغۇللانغان. مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىچىدە نۇرغۇنلىغان خەنزۇچە پۈتۈكلەر بار. نىيەدىن قېزىۋېلىنغان خەن دەۋر يېزىقى خەت نۇسخىسىدا ئويۇلغان «يېزا مەھكىمە مۆھۈرى» — شەرقىي خەن دەۋرىدىكى چېگرىنى قوغداۋاتقان لەشكەرلەرنىڭ ئوردا مۆھۈرى بولۇپ، بۇ تارىخىي ماتېرىياللار ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى قەدىمدىن باشلاپ خوتەننىڭ ھەر مىللەت خەلقى بىرلىكتە ئېچىپ قۇرۇپ چىققان ئۇلۇغ تۇپراق ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھەم ئېنىق ئىسپاتلايدۇ. خوتەننىڭ ھەر بىر سۈڭ تۇپرىقىغا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قان - تەرى سىڭگەن، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەگرى -

بولىدۇ. بۇنىڭدىن تەخمىنەن 6000 ـ 7000 يىل ئىلگىرى قەدىمكى خوتەنلىكلەر يېڭى تاش قوراللار دەۋرىگە قەدەم قويغان. بۇنىڭدىن 5000 ـ 6000 يىل ئىلگىرى خوتەن قاشتېشى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ۋە ئوتتۇرا دېڭىز رايونلىرىغا كۆپلەپ كىرگۈزۈلۈپ، يىپەك يولىدىن ئىلگىرىلا «قاشتېشى يولى» شەكىللەنگەن. تارىخىي خاتىرىلەردىكى رىۋايەتلەرگە ئاساسلانغاندا، يىراق قەدىمكى دەۋردە خوتەندە دەريا، كۆللەر ناھايىتى كۆپ، سۇلۇق كۆلىمى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، ئوت-چۆپ ۋە دەل ـ دەرەخلەر بۈك ـ باراقسان، مۇھىتى ئىنتايىن گۈزەل ئىكەن. ئالىملارنىڭ تەكشۈرۈشىچە، يىراق قەدىمكى دەۋرلەردە تەكلىماكان قۇملۇقى ھازىرقىدىن خېلى كىچىك، تارىم ئويمانلىقى ئەتراپىدىكى بوستانلىق ھازىرقىدىن خېلى چوڭ ئىكەن. بۇنداق پايدىلىق ئېكولوگىيىلىك شارائىت ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ماكانلىشىشىغا بىر قەدەر قولايلىق بولۇپ، خوتەن بىلەن ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئىپتىدائىي قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىمۇ بىر قەدەر قويۇق ئىكەن. بولۇپمۇ قەدىمكى خوتەنلىكلەر بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكىلەرنىڭ ئالاقىسى بىر قەدەر كۆپ بولۇپ، بۇ قاشتېشىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كىرگەن ۋاقتىدىن خېلى ئىلگىرى بولغان. يېڭى تاش قوراللار بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ يېڭى تاش قوراللار مەدەنىيەت ئالاقىسى جەھەتتىمۇ بۇ ھەقتىكى توغرا دەلىلگە ئىگە بولغىلى بولىدۇ.

مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى II — IV ئەسىردە ئۇدۇن تېرىقچىلىق جەمئىيىتىگە قەدەم قويغان. ئارقىدىنلا قەلئە دۆلىتى قۇرۇلغان. مۇشۇ چاغدا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن ئوتتۇرا دېڭىز بويلىرىدىكى بوستانلىققا تۇتىشىدىغان «يىپەك يولى» ئېچىلغان. شۇ چاغدا «يىپەك يولى» جەنۇبىي يول ۋە شىمالىي يول دەپ ئىككىگە بۆلۈنەتتى. ياڭ گۇەن قوۋۇقىدىن كىرورەنگە، ئاندىن ئۇدۇنغا تۇتىشىدىغان يول جەنۇبىي يول دېيىلەتتى. سودىگەرلەر كۆپىنچە جەنۇبىي يول ئارقىلىق يۈرۈشەتتى. ئۇدۇن جەنۇبىي يولىدىكى قاتناش تۈگۈنى بولۇپ، دۇنياغا داڭلىق تاۋار توپلىشىدىغان ۋە تارقىتىلىدىغان جاي ئىدى. خەن، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇدۇن جوڭگو بىلەن غەربنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت، تېخنىكا ئالماشتۇرۇشتىكى تۈگۈن بولۇپ، غەربىي يۇرتتىكى داڭلىق ئۈچ يىپەك شەھىرىنىڭ بىرى ۋە غەربىي يۇرتتىكى تۆت بازارنىڭ بىرى ئىدى.

ھۆكۈمەتلىرىمۇ قۇرۇلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى خوتەندە ھاكىمىيەت قۇرۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنى يېتەكلەپ، ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئىجارە كېمەيتىپ، زومىگەرلەرنى جازالاپ، كونا ھاكىمىيەتنى ئۆزگەرتتى. كەڭ نامرات دېھقانلار قەد كۆتۈرۈپ، دۆلەتنىڭ خوجايىنلىرىغا ئايلاندى، يېزىلاردىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئازاد بولدى. خوتەن يېڭى ھاياتىي كۈچكە ئېرىشتى. نەچچە ئون يىلدىن بۇيان، بولۇپمۇ پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن پۈتۈن ۋىلايەتتىكى ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئامما ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، باتۇرلۇق بىلەن ئىلگىرىلەپ، تولۇپ - تاشقان قىزغىنلىق بىلەن ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۇلۇغ ئەمەلىيىتىگە ئاتلىنىپ، خوتەننىڭ ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، تۈرلۈك ئىشلاردا ئالەمشۇمۇل نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، ۋىلايىتىمىزدە سىياسىي مۇقىم، ئىقتىساد تەرەققىي قىلغان، مىللەتلەر ئىتتىپاق، جەمئىيەت ئالغا باسقان، خەلق تۇرمۇشى ئۈزلۈكسىز ياخشىلىنىۋاتقان يېڭى ۋەزىيەتنى بارلىققا كەلتۈردى.

يېزا ئىگىلىك تېز تەرەققىي قىلدى. ئېكولوگىيىلىك مۇھىت زور دەرىجىدە ياخشىلاندى. ئازادلىقتىن ئىلگىرى خوتەننىڭ يېزا ئىگىلىكى ئىپتىدائىي ھالەتتىكى نوقۇل يېزا ئىگىلىك ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا ئىشلەپچىقىرىش مۇھىتى ئىنتايىن ناچار، شارائىت ئىنتايىن جاپالىق بولۇپ، پۈتۈن ۋىلايەتتە بىرمۇ مەڭگۈلۈك سۇ ئامبىرى يوق ئىدى. ئېتىزلار تارقاق، ئېگىز - پەس، ئېرىق - ئۆستەڭلەر ئەگرى- توقاي، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى يوق دېيەرلىك بولۇپ، ئاساسلىقى ئادەم بىلەن ھايۋانغا تايىنىپ، ئىنتايىن ئاددىي يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىناتتى. يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى ئىنتايىن كەمچىل ئىدى. كۆپ قىسىم ئامما ئاچ - يالىڭاچ، مۇھتاجلىقتا كۈن ئۆتكۈزەتتى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ھەر مىللەت خەلقىنى ئازادلىققا ئېرىشتۈرگەندىن كېيىن زومىگەر، پومىشچىكلارنى يوقىتىپ، يەرنى نامرات دېھقانلارغا بۆلۈپ بېرىپ، ئىشلەپچىقىرىشنى تۇتۇپ، ئېتىز - ئېرىق سۇ ئىنشائاتى ئاساسىي قۇرۇلۇشى بىلەن كەڭ شۇغۇللاندى. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 50- يىللىرىدىن 60 - يىللارنىڭ بېشىغىچە ئومۇمىي سىغىمچانلىقى 300

توقاي جاڭپا ـ مۇشەققەت ئىچىدە بېسىپ ئۆتكەن كەچۈرمىشلىرى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىشتەك پارلاق سەھىپىسى ۋە ھەر مىللەت خەلقى ئورتاق ياراتقان تارىخىي نەتىجىلەر خاتىرىلەنگەن.

شۇنىڭ بىلەن تەڭ، خوتەن يەنە كۆپ دىنلىق رايون. مىلادىيە I ئەسىردىن بۇرۇن خوتەنلىكلەر پىرىخونلۇققا ئېتىقاد قىلغان، مىلادىيە بىرىنچى ئەسىردىن X ئەسىرگىچە 1000 يىلدەك بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. مىلادىيە XI ئەسىردىن ھازىرغىچە خوتەندىكى كۆپ ساندىكى ئاز سانلىق مىللەت ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىپ كەلدى. خوتەندە يەنە نىستورى دىنى، ئاۋجىياۋ دىنى، مانى دىنى، شامان دىنى قاتارلىقلارمۇ تارقالغان.

1949 ـ يىلى 9 ـ ئايدا شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولدى. جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ بىر قىسمى يولداش خۇاڭ چېڭنىڭ قوماندانلىقىدا تەكلىماكاننى كېسىپ ئۆتۈپ، خوتەنگە كېلىپ، خوتەن تارىخىدىكى ئەڭ يېڭى سەھىپىنى ئاچتى. ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان خوتەندىكى ھەر مىللەت خەلقى خوتەن بوستانلىقىنىڭ ھەقىقىي خوجايىنلىرىغا ئايلاندى. سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي جەھەتلەردە مىسلى كۆرۈلمىگەن تارىخىي تەرەققىيات مۆجىزىلىرىنى يارىتىپ، خوتەن تارىخىدىكى ئەڭ رەڭدار سەھىپىلەرنى قالدۇردى.

خوتەننىڭ تارىخىغا نەزەر تاشلايدىغان بولساق، خوتەن ئەزەلدىن ۋەتىنىمىزنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى، خوتەننىڭ تارىخىنى خەنزۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەر مىللەت خوتەن خەلقى ئورتاق ياراتقان. ئازاد بولغان 50 نەچچە يىلدىن بۇيان، خوتەننىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئىشلىرى شانلىق نەتىجىگە ئېرىشىپ، خەلق تۇرمۇشىدا ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىش بولدى.

1949 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولدى. 12 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى خوتەنگە كىرىپ، خوتەن تارىخىدا يېڭى سەھىپە ئاچتى. 1950 ـ يىلى 1 ـ ئايدا پۈتۈن ۋىلايەتتە ھەربىي باشقۇرۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. شۇ يىلى 3 ـ ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى خوتەن يەرلىك كومىتېتى، خوتەن ۋالىي مەھكىمىسى قۇرۇلدى. بۇنىڭغا ئەگىشىپ ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق

ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، سىياسەت، مەبلەغ جەھەتتىن يۆلەش سالمىقىنى ئۆزلۈكسىز ئاشۇرۇپ، بىر قاتار ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈردى. ئىچكىرىدىكى ئۆلكە، ۋىلايەتلەر، ئاپتونوم رايوننىڭ سىستېمىلار بويىچە ياردەم بېرىش خىزمىتى ۋە غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلدى. بىر تۈركۈم نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرى ۋىلايىتىمىزدىكى يەتتە ناھىيە، بىر شەھەردە ئارقا - ئارقىدىن ئىش باشلاپ، خوتەننىڭ يېزا ئىگىلىك ئۇل قۇرۇلۇشىنى زور دەرىجىدە تېزلەتتى. بولۇپمۇ يېزىلارنىڭ «بەشتە ياخشى» قۇرۇلۇشى ۋە خوتەننىڭ سۇ ئىنشائاتى ئاساسىي قۇرۇلۇشى بويىچە «تەڭرىتاغ لوڭقىسى»نى تالىشىش پائالىيىتى، «تېرىلغۇ يەر كۆپەيتىش، قۇدۇق قېزىش، توك ھەل قىلىش» قاتارلىق مۇھىم قۇرۇلۇشلار ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلۇپ، سۇچىلىق قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ۋە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. قاراقاش، يۇرۇڭقاش، كۇئېنلۇن ئېلىشىپشى قاتارلىق قۇرۇلۇشلار ئارقا - ئارقىدىن پۈتتى. جەمئىي بىر مىليارد 400 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان ئۇلۇغئاتا سۇ ئىنشائاتى تۈگۈنى قۇرۇلۇشى تەدرىجىي پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى. غول، تارماق سۇ سىڭمەس ئېرىق - ئۆستەڭلەر پۈتۈن ۋىلايىتىمىز بوستانلىقىنى قاپلىدى. 50 يىلدىن بۇيان، خوتەن يېزىلىرىدا ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر بولدى. ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشقا بولغان رەھبەرلىكنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلمىسىنى پائال تەڭشەپ، ئاشلىق، پاختا، چارۋىچىلىق، پىلىچىلىك، باغۋەنچىلىكنى كۆلەملەشتۈرۈپ، ئىشلەپچىقىرىشنى كەسپلەشتۈرۈش ۋەزىيىتىنى تەدرىجىي شەكىللەندۈردى. يېزا ئىگىلىك يىلمۇيىل يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلۈپ، ئېكولوگىيىلىك مۇھىت كۈنسايىن ياخشىلاندى. ۋىلايىتىمىز بويىچە ھەر يىلى ئوتتۇرىچە 100 مىڭ مو ئورمان بەرپا قىلىنىپ، ۋىلايەت بويىچە ئېتىزلارنى ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇش ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇلدى. قۇم ئىچكىرىلەپ كىرىپ، ئادەم چېكىنىش، تېرىلغۇ يەر تېز ئازلاپ كېتىشتەك ئېغىر ۋەزىيەت كۆرۈنەرلىك تىزگىنلەندى. بوستانلىق كۆلىمى ئۈزلۈكسىز كېڭىيىپ، ناچار

نەچچە مىليون كۆپ مېتىر كېلىدىغان چوڭ - كىچىك سۇ ئامبىرىدىن 58 نى، چوڭ ئۆستەڭدىن ئالتىنى ياسىدى. يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكىسى دەسلەپكى قەدەمدە كېڭەيتىلىپ، زور تۈركۈمدىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىگە كىرىشتۈرۈلدى. ئىشلەپچىقىرىش شارائىتى تەدرىجىي ياخشىلىنىپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلدى. ئاشلىق، پاختا، مايلىقدان، چارۋا، پىلە ئىشلەپچىقىرىشتا تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلدى. 1949 - يىلى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 92 مىليون 603 مىڭ يۈەن بولۇپ، 50 - يىللارنىڭ ئاخىرىغا بارغاندا 190 مىليون 720 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 10 يىلدا بىر ھەسسىدىن كۆپرەك ئاشتى. 1949 - يىلغا سېلىشتۇرغاندا، 1978 - يىلى يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 171 مىليون 665 مىڭ يۈەنگە يېتىپ 8.1 ھەسسە؛ ئاشلىق ئومۇمىي ھوسۇلى 29 مىڭ 500 توننىغا يېتىپ 2.5 ھەسسە؛ پاختا 3634.5 توننىغا يېتىپ 5.7 ھەسسە؛ مايلىقدان 5824 توننىغا يېتىپ 2.7 ھەسسە؛ يىل ئاخىرىدىكى چارۋا بىر مىليون 926 مىڭ 800 تۇياققا يېتىپ، 1.4 ھەسسە ئاشتى. يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىمۇ تەدرىجىي ئۆستى. ئۆتمۈشتىكى دېھقانلارنىڭ يېرىم يىل كۆكتات، يېرىم يىل ئاشلىق بىلەن ئۆتىدىغان كۈنلىرى كەلمەسكە كەتتى.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، خوتەن خەلقى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، پارتىيىنىڭ تۈرلۈك فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگەندى ۋە ئىزچىللاشتۇردى. يېزا ئىسلاھاتىنىڭ باھار شامىلى خوتەن زېمىنىغا يېتىپ كېلىپ يىلتىز تارتىپ، چېچەكلەپ مېۋە بەردى. مەھسۇلاتنى ئائىلىلەرگىچە بىرلەشتۈرۈپ ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئاساس قىلغان بىر تۇتاش باشقۇرۇش بىلەن تارقاق باشقۇرۇش بىرلەشتۈرۈلگەن قوش قاتلاملىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسى يېزىلاردا ئەمەلىيلىشىپ، يېزا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى زور دەرىجىدە ئازاد بولدى. دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقى قوزغىتىلدى. مەركەز چېگرا رايوندىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئولتۇراقلاشقان نامرات رايونلاردا تەرەققىيات

كەسىپ يوق دېيەرلىك بولۇپ، XX ئەسىردىكى 50 - يىللارغا كەلگەندىن كېيىن دۆلەتنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى ئاستىدا، ۋىلايەتلىك يىپەك توقۇمىچىلىق فابرىكىسى، پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى، ئوت - ئېلېكتر ئىستانسىسى، پاختا زاۋۇتى، دۇۋا كۆمۈر كېنى، باسما زاۋۇتى، سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى قاتارلىق سانائەت ئارقا - ئارقىدىن بارلىققا كەلدى. نۆۋەتتە، ۋىلايىتىمىزدە كۆمۈر، ئېلېكتر قۇۋۋىتى، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى، ماشىنىسازلىق، پاختا توقۇمىچىلىق، يىپەك توقۇمىچىلىق، مېۋە هاراقچىلىقى، يىمەك - ئىچمەك، ئويمىچىلىق قاتارلىق هەر خىل تۈردىكى سانائەت كارخانىلىرىدىن 371 بار. توك تارقىتىش مىقدارى 1954 يىلىدىكىدىن 40 مىڭ 217 هەسسە؛ كۆمۈر 1954 - يىلىدىكىدىن 480 هەسسە؛ سېمونت 1967 - يىلىغا سېلىشتۇرغاندا يەتتە هەسسە ئاشتى. ۋىلايەت بويىچە دۆلەت كارخانىلىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدىكى 604 ئادەمدىن كۆپىيىپ 16 مىڭغا يەتتى. قاتناش ئىشلىرىغا كەلسەك، 1949 - يىلى خوتەندە ئاسفالت يول يوق ئىدى. هازىرغىچە ۋىلايەت بويىچە 2600 كىلومېتىردىن كۆپرەك يولغا ئاسفالت ياتقۇزۇلۇپ، يېزىلار تۇتاشتۇرۇلغان، كەنتلەرگىچە ئاپتوموبىل قاتنىيالايدىغان قاتناش ترانسپورت تورى ئاساسىي جەھەتتىن شەكىللەندى. بولۇپمۇ 1995 - يىلى ئوتتۇرا تارىم قۇملۇق يولى پۈتۈپ قاتناش باشلانغاندىن كېيىن خوتەن بىلەن ئۈرۈمچىنىڭ ئارىلىقى 500 كىلومېتىردەك قىسقاردى. پوچتا - تېلېگراف، خەۋەرلىشىش ئىشلىرى يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ، تېز تەرەققىي قىلىپ، XX ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىدىكى چۆرىمە تېلېفوننى بىراقلا ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، پروگراممىلىق تېلېفون ئورناتتۇق. نۆۋەتتە خەۋەرلىشىش ئەسلىھەلىرى پۈتۈن مەملىكەت، پۈتۈن دۇنيا بىلەن تەڭ قەدەمدە تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ. 2000 - يىلى ۋىلايەت بويىچە تېلېفون ئورنىتىش سىغىمچانلىقى 69 مىڭ 400 گە يېتىپ، تۇراقلىق تېلېفون ئابونتلىرى 49 مىڭ 100 گە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە يېزا تېلېفون ئابونتلىرى 13 مىڭ 601 گە يەتتى. %41 مەمۇرىي كەنتكە تېلېفون ئورنىتىلدى. سىمسىز چاقىرغۇ ۋە كۆچمە تېلېفون ئابونتلىرى زور كۆلەمدە كۆپىيىپ، 2000 - يىلى ئاخىرىغا كەلگەندە ئايرىم - هالدا 22691 ۋە 7319 غا يەتتى.

ئېكولوگىيىلىك مۇھىت تەدرىجىي ياخشىلىنىپ، خەلقنىڭ ياشاش مۇھىتى ئىنتايىن زور دەرىجىدە ياخشىلاندى. 2000 - يىلىغا كەلگەندە، پۈتۈن ۋىلايەتنىڭ يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 3 مىليارد 669 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1978 - يىلىدىكى 177 مىليون يۈەندىن 17.9 ھەسسە؛ دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 794.27 يۈەنگە يېتىپ، 1978 - يىلىدىكى 54.49 يۈەندىن 14.8 ھەسسە؛ ئاشلىق ئومۇمىي ھوسۇلى 807 مىڭ 100 توننىغا يېتىپ، 1978 - يىلدىكى 279 مىڭ تونىنا بىلەن سېلىشتۇرغاندا 27.4 ھەسسە؛ پاختا ئومۇمىي ھوسۇلى 40 مىڭ توننىغا يېتىپ 1979 - يىلدىكى 3634.5 توننىدىن 11 ھەسسە؛ يىل ئاخىردا قولدا قالغان چارۋا 3 مىليون 804 مىڭ 500 تۇياق بولۇپ، 1978 - يىلدىكى بىر مىليون 926 مىڭ 800 تۇياق بىلەن سېلىشتۇرغاندا 1.98 ھەسسە؛ يىلە ئومۇمىي ھوسۇلى 2564 تونىنا بولۇپ، 1978- يىلدىكى 413.4 توننىدىن 6.2 ھەسسە ئاشتى. مانا شۇنداق غايەت زور نەتىجىگە ئېرىشىشىمىز — «بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتا» دىن ئىبارەت ئاساسىي لۇشيەندە، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە، يېزا ئىسلاھاتىدا، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئۇللۇق ئورنىنى ئومۇمىي خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئالدىنقى ئورنىدا قويۇشتا باشتىن - ئاخىر چىڭ تۇرۇپ، بىرىنچىدىن سىياسەتكە، ئىككىنچىدىن سېلىنمىغا، ئۈچىنچىدىن پەن- تېخنىكىغا تايىنىپ، كەڭ دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپچانلىقىنى تولۇق قوزغىغانلىقىمىزدىن بولدى.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن پارتىيىمىز خىزمەتنىڭ مەركىزىي نۇقتىسىنى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا يۆتكىدى. چەت، يىراقتا جايلاشقان، ئۈچۈر راۋان بولمىغان، قاتنىشى ئىنتايىن قولايسىز بولغان خوتەن ۋىلايىتىدىكى ھەر مىللەت خەلقى باتۇرلۇق بىلەن ئىزدىنىپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، ئىسلاھات، يېڭىلىق يارىتىش روھى ۋە ئۇيۇلتاشتەك سېھرىي كۈچى ئارقىلىق شەھەر ئىقتىسادىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، شەھەر ئىقتىسادىنى يوقلۇقتىن بارلىققا كەلتۈرۈپ، كىچىكلىكتىن چوڭايتىپ، تەدرىجىي زورايتتى.

ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، خوتەن ۋىلايىتىدە سانائەت جەھەتتە بەزى بىر قول ھۈنەرۋەنچىلىك، قاتناش ترانسپورتىدا گۇمىدىن كېرىيىگىچە بولغان ئاددىي تاشيوللار بار ئىدى. ئىككىنچى، ئۈچىنچى

تىلدى. ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ۋىلايىتىمىزنىڭ پەن-تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە ئىشلىرى ئارقىدا ئىدى. پەن-تېخنىكا ۋىلايىتىمىزدە بىر بوشلۇق ئىدى. مائارىپ جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتساق، 1949 - يىلى خوتەن ۋىلايىتىدە تېخى ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپى يولغا قويۇلمىغان بولۇپ، ئالىي مائارىپتىن ھەرگىزمۇ سۆز ئاچقىلى بولمايتتى. ۋىلايەت بويىچە يەتتە ناھىيىدىن جەمئىي 145 باشلانغۇچ مەكتەپ، 25 مىڭ 600 ئوقۇغۇچى، بىرلا دارىلمۇئەللىمىن، 180 ئوقۇتقۇچى بار ئىدى. سەھىيە جەھەتتە، ۋىلايەت بويىچە داۋالاش ئاپپاراتلىرىدىن ئۈچ، تېببىي خادىمدىن يىگىرمە بىر نەپەر، كېسەل كارىۋىتىدىن 70 بار ئىدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن خوتەندىكى ھەر مىللەت خەلقى پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى ۋە ياردەم بېرىشى ئارقىسىدا، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش كۈنسايىن گۈللىنىپ، پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە ئىشلىرى ياخشى تەرەققىي قىلدى.

2000 - يىلى زىيالىيلار 28 مىڭ 930 گە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي ئۇنۋانى بارلار 515، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋانى بارلار 5388، ۋىلايىتىمىز بويىچە كۆزگە كۆرۈنگەن ئىختىساس ئىگىلىرى 99، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىس بەشكە يەتتى. 1984 - يىلىدىن بۇيان ئاپتونوم رايوننىڭ ئەمەلىي قوللىنىلغان ئىلغار تېخنىكا نەتىجىلىرىدىن 42 سى كېڭەيتىلدى. ۋىلايەت بويىچە ۋىلايەت، ناھىيە، يېزا ۋە كەنت دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا ئومۇملاشتۇرۇش تورى ئاساسىي جەھەتتىن بەرپا قىلىندى. مائارىپ ئىشلىرى جۇش ئۇرۇپ تەرەققىي قىلىپ، ۋىلايەت بويىچە باشلانغۇچ مەكتەپتىن 895 قۇرۇلۇپ، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 256 مىڭ 970 كە؛ ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپتىن 140 قۇرۇلۇپ، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 96005 كە؛ ئوتتۇرا تېخنىكومدىن بەش قۇرۇلۇپ، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 3648 گە؛ ئالىي تېخنىكومدىن تۆتى قۇرۇلۇپ، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 2167 گە؛ ۋىلايەت بويىچە ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى %4 . 95 كە؛ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى %5 . 62 كە يېتىپ، كۆپ قاتلاملىق، كۆپ پەنلىك ۋە كۆپ تۈزۈلمىلىك مائارىپ سىستېمىسى ئاساسىي جەھەتتىن شەكىللەندى. سەھىيە ئىشلىرىدا ۋىلايەت بويىچە سەھىيە داۋالاش

شەھەر ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتى، شەھەر نوپۇسىنىڭ تېز كۆپىيىشى ئىككىنچى، ئۈچىنچى كەسىپنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. يېزا - بازار كارخانىلىرى ۋە يەككە خۇسۇسىي ئىگىلىك بىراقلا مەيدانغا كەلدى. يېمەك - ئىچمەك مۇلازىمىتى ۋە ساياھەتچىلىك قاتارلىق كەسىپلەر تېز تەرەققىي قىلىش ۋەزىيىتى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى. شەھەر قۇرۇلۇش سۈرئىتى يەنىمۇ تېزلىتىلىپ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇشى ۋە خىزمەت مۇھىتىدا زور ئۆزگىرىش بولدى. نېفىت - تەبىئىي گازنى ئېچىشتا كۆرۈنەرلىك ئۇنۇم ھاسىل قىلىندى.

دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون نامراتلارنى يۆلەش قىيىن ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش پىلانىنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇپ، ۋىلايىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش قەدىمىنى يەنىمۇ تېزلەتتى. نامراتلارنى يۆلەش قىيىن ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشنى يولغا قويغاندىن بۇيان، دۆلەت ھەر يىلى مالىيىنىڭ نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغى، ئىش تېپىپ بېرىش يولى بىلەن ياردەم بېرىش مەبلىغىدىن 300 مىليون يۈەندىن كۆپ مەبلەغ ئاجرىتىپ بەردى. 1995 - يىلىدىن بۇيان ئومۇمىي سېلىنغان مەبلەغ ئىككى مىليارد يۈەندىن ئېشىپ كەتتى. نامراتلارنى يۆلەش تۈرىدىن 904 نى ئورۇنلاشتۇردى. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇلۇغئاتا سۇ ئىنشائاتى تۈگۈن قۇرۇلۇشى دۆلەتنىڭ «9 - بەش يىللىق» پىلان مەزگىلىدىكى نۇقتىلىق قۇرۇلۇش قىلىپ بېكىتىلىپ، جەمئىي بىر مىليارد 400 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ، مەركەز بېيجىڭ شەھىرى ۋە جېجياڭ ئۆلكىسىنى خوتەنگە ياردەم بېرىشكە بېكىتتى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم خەلق ھۆكۈمىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئەمەلىي كۈچى بار نازارەت، ئىدارىلەردىن 28 نى خوتەنگە سىستېمىلار بويىچە ياردەم بېرىشكە بەلگىلەپ، خوتەن خەلقىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش قەدىمىنى تېزلەتتى. 2000 - يىلى ۋىلايىتىمىزدىكى نامرات ئائىلىلەر 1995- يىلىدىكى 677 مىڭدىن 220 مىڭغا چۈشتى. 2000 - يىلىدىكى نامرات ئائىلىلەرنىڭ ۋىلايىتىمىز ئومۇمىي نوپۇسىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى 1995 - يىلىدىكى %53.1 دىن %31.4 كە تۆۋەنلىدى.

پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە ئىشلىرى تېز تەرەققىي قىلدى. ئىجتىمائىي ئىشلار ئومۇمىيۈزلۈك ئالغا سىلجى-

قانات يايدۇردۇق. شەھەر، يېزىلاردا مەدەنىي شەھەر ئاھالىسى بولۇش، مەدەنىي ئورۇن ۋە شەھەر بەرپا قىلىش، «ئۇچتە ئەلا، بىردىن ئۆگىنىش»، ئارمىيە بىلەن خەلق، خەلق ساقچىسى بىلەن خەلق ئورتاق بەرپا قىلىش، «مەدەنىي يېڭى ئىستىل تۇرغۇزۇش، كۆزگە كۆرۈنگەن 10 مۇنەۋۋەرنى باھالاش» قاتارلىق پائالىيەتلەرنى كەڭ كۆلەمدە قانات يايدۇردۇق. قۇربان تۇلۇم يولنى يىراق كۆرمەي بېيجىڭغا بېرىپ، رەئىس ماۋزېدۇڭ بىلەن كۆرۈشمەكچى بولغانلىقى ھەققىدىكى ھېكايە ئارقىلىق، ھەر مىللەت ئاممىسىغا پارتىيىنى ۋە سوتسىيالىزمنى سۆيۈش تەربىيىسى ئېلىپ باردۇق. جاۋيولۇدەك ياخشى كادىر، يولداش ۋاڭ ۋېيدىن ئۆگىنىش پۈرسىتىدىن پايدىلىنىپ، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ۋە كادىرلارغا چېگرا رايوندا يىلتىز تارتىپ، خالىس تۆھپە قوشۇپ، خوتەن خەلقىنى بالدۇرراق بەختلىك تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن، تىرىشىپ ئىشلەش توغرىسىدا تەربىيە ئېلىپ باردۇق. نۇرغۇن تىپىك ئىش - ئىزلار، تەسىرلىك ھېكايىلەر ئەۋلادمۇئەۋلاد كىشىلىرىمىزنى پارتىيىنىڭ ئىشلىرى، خەلق مەنپەئىتى ئۈچۈن ئالدىنقىلارنىڭ ئىزىنى بېسىپ تىرىشىپ ئىشلەشكە ئىلھاملاندۇرماقتا.

50 يىلدىن بۇيان، بولۇپمۇ پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بېرى، ۋىلايىتىمىز قولغا كەلتۈرگەن شانلىق نەتىجىلەر پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ توغرا ۋە كۈچلۈك رەھبەرلىكىنىڭ نەتىجىسى، دۆلەت ۋە سىستېمىلار بويىچە ياردەم بېرىشۋاتقان قېرىنداش ئۆلكە، شەھەر، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى سىستېمىلار بويىچە ياردەم بېرىشۋاتقان ئورۇنلارنىڭ زور كۈچ بىلەن ياردەم بەرگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى، شۇنداقلا پۈتۈن ۋىلايىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ئورتاق كۈرەش قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى. بۇ نەتىجىلەرنى تارىختىكى ھەر قانداق دەۋرگە سېلىشتۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. بىراق قېرىنداش ۋىلايەت، ئوبلاستلار بىلەن توغرا لىنىيە بويىچە سېلىشتۇرغاندا يەنىلا مۇئەييەن پەرق بار. دېڭىز بويىدىكى رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى بىلەن توغرا لىنىيىدىن سېلىشتۇرغاندا ئىنتايىن ئارقىدا قالدۇق. شۇڭا غەيرەت ئۇستىگە غەيرەت قىلىپ، يەنىمۇ تىرىشىپ يېتىشۋېلىشىمىزغا

ئاپپاراتلىرى 145 گە، تېببىي تېخنىكا خادىملار 5841 گە، كېسەل كارىۋىتى 4678 گە يېتىپ، 1949 - يىلدىن ئىلگىرىكىگە سېلىشتۇرغاندا ئايرىم - ئايرىم ھالدا 48.3 ھەسسە، 278 ھەسسە ۋە 66 ھەسسە ئاشتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە مۇتلەق كۆپ ساندىكى يېزا، كەنتلەردە ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش يولغا قويۇلۇپ، كەنت شىپاخانىلىرىنىڭ قاپلىنىش نىسبىتى 85% كە يەتتى. ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك ئىشلىرىمۇ بىر قەدەر تېز تەرەققىي قىلدى. 50 يىلدىن بۇيان خوتەن ۋىلايىتىنىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرى ئۇچقاندەك راۋاجلاندى.

ھەممە ناھىيىلەردە مەدەنىيەت يۇرتى، ھەممە يېزىلاردا مەدەنىيەت پونكىتى، ھەممە كەنتلەردە مەدەنىيەت ئۆيى، كۇتۇپخانا، رادىئو ئۆزېلى بار بولدى. ۋىلايەت بويىچە ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 96.5% ۋە 95.4% رادىئو ئاڭلىيالايدىغان، تېلېۋىزور كۆرەلەيدىغان بولدى.

تەنتەربىيە ئىشلىرىدا توپ ۋە يېنىك ئاتلېتكا پائالىيىتى ۋە مۇسابىقە مەيدانىدىن 552 قۇرۇلدى. ۋىلايىتىمىز ئۇدا مەملىكەت بويىچە ئاممىۋى تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىدىكى ئىلغار ئورۇن بولۇپ كەلدى.

خوتەن ناھىيىسىگە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مۇھىت - پىلان مەھكىمىسى «يەر شارى بويىچە 500 ياخشى ئورۇن» دېگەن شەرەپلىك نام بەردى ھەمدە گۇۋاھنامە ۋە ئالتۇن مېدال تارقىتىپ بەردى. خوتەن خەلقىنىڭ تەبىئەتكە قارشى كۈرەش قىلىپ، يۇرت - ماكانىنى گۈللەندۈرۈشتەك روھى پۈتۈن مەملىكەت ۋە دۇنيا خەلقىنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولدى.

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى بەرپا قىلىش داۋامىدا خوتەندىكى ھەر مىللەت خەلقى پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىدە قەتئىي تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى چىڭ تۇتۇش بىلەن بىرگە مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنىمۇ چىڭ تۇتتى. ۋىلايىتىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەر، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى پارتىيىنىڭ مىللەتلەر، دىن سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىۋىزم ۋە سوتسىيالىزم تەربىيىسىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، بارلىق مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە دىنىي ئەسەبىي كۈچلەرگە قارشى قەتئىي كۈرەش قىلدى. مەنىۋى - مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى پائالىيىتى ۋە ئۇدا 18 يىل مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى پائالىيىتىنى زور كۈچ بىلەن

دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، ئۆزگىچە يېزا ئىگىلىكىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، پۈتۈن ۋىلايەتنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى كەسپلەشتۇرۇشنى تېزلىتىمىز؛ (2) كان بايلىقىنى قېدىرىپ تەكشۈرۈش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، قاتنىشى قولايلىق ھەم كان بايلىقى دەسلەپكى قەدەمدە مەلۇم بولغان جايلاردا كان بايلىقىنى قېدىرىپ تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇش بىلەن تەڭ، تەبىئىي گازنى مۇھىم نۇقتا قىلغان بايلىق مەنبەسىنى ئېچىشنى تېزلىتىپ، ۋىلايەت ئىچىدە تەبىئىي گازدىن پايدىلىنىدىغان ساھەنى زور كۈچ بىلەن كېڭەيتىمىز؛ (3) خوتەننىڭ ئۆزگىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى، بايلىق ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، خوتەننىڭ ئۆزگىچە كەسپىنى ئېچىشنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئۈزۈم، دورا ماتېرىياللىرى، سورتلۇق مېۋە قاتارلىق خام ئەشيالاردىن ئۆزگىچە مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىشنى نۇقتىلىق تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئەۋزەل كارخانا ۋە چوڭ كارخانا گورۇھلىرىغا تايىنىپ، خوتەننىڭ داڭلىق مەھسۇلاتلىرىنى تىرىشىپ يېتىشتۈرۈپ، يۇقىرى قوشۇمچە قىممەتكە ئىگە ئۆزگىچە، ئۈنۈملۈك سانائەتنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرىمىز. شۇنىڭ بىلەن تەڭ، ئىلغار تېخنىكا، ھۈنەر - سەنئەت ۋە ئەسلىھەلىرىنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق ئەنئەنىۋى سانائەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ھۈنەر - سەنئەت سەۋىيىسى ۋە مەھسۇلات دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ، ۋىلايىتىمىز مەھسۇلاتلىرىنىڭ رىقابەت كۈچىنى ئاشۇرىمىز؛ (4) ئۈچىنچى كەسپنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، خوتەنچە ساياھەتچىلىكنى نۇقتىلىق گەۋدىلەندۈرىمىز. شۇنىڭ بىلەن تەڭ كىچىك شەھەر - بازار قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ تېزلىتىپ، تېخىمۇ كۆپ دېھقانلارنى تېرىلغۇ يەردىن ئايرىلىپ، ئىككىنچى، ئۈچىنچى كەسپ بىلەن شۇغۇللىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىمىز، (5) ئۇدا تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىستراتېگىيىسىنى داۋاملىق يولغا قويۇپ، سۇ بايلىقىنى مۇۋاپىق ئېچىش ۋە ئۈنۈمىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشنى گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇپ، ۋىلايەتنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك بولغان ئېنېرگىيە، قاتناش، خەۋەرلىشىش، ئېكولوگىيە قاتارلىق ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىمىز ھەمدە ئالغا ئىلگىرىلەپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ زاپاس كۈچىنى ئاشۇرىمىز.

توغرا كېلىدۇ. غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇلدى. بىز دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىدە چىڭ تۇرۇپ، مەۋقەنى ھازىرغا قارىتىپ، كەلگۈسىگە نەزەر سېلىپ، «10 - بەش يىللىق پىلان» نى ئوبدان تۈزۈپ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنى يېتەكلەپ، تېخىمۇ يۇقىرى نىشانغا قاراپ ئالغا ئىلگىرىلەيمىز.

ئىنسانىيەت يېڭى ئەسىرگە، يېڭى مىڭ يىلغا قەدەم قويغان پەيت خوتەن ۋىلايىتىنىڭ يەنە بىر مۇھىم تەرەققىيات مۇساپىسى بولىدۇ. ۋىلايىتىمىزنىڭ «10 - بەش يىللىق پىلان» مەزگىلىدىكى يېتەكچى ئىدىيىسى: پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيى روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىش، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتە قەتئىي چىڭ تۇرۇش؛ دۆلەتنىڭ غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشتىن ئىبارەت تارىخىي پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ ۋە دۆلەت، ئاپتونوم رايوننىڭ خوتەننى يۆلەشتىن ئىبارەت ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، نامرات ئاھالىنىڭ قورسىقى توق، كىيىمى پۈتۈن بولۇش مەسىلىسىنى ئاساسىي جەھەتتىن ھەل قىلىش ۋە بېيىپ ھاللىق سەۋىيىگە يۈرۈش قىلىشنى ئالدىنقى نىشان قىلىپ، خوتەننىڭ ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، بازار ئېھتىياجىنى يېتەكچى قىلىپ، ئىگىلىك قۇرۇلمىسى ۋە كەسىپلەرنىڭ جايلىشىشىنى ئىستراتېگىيىلىك تەڭشەپ، ئىقتىسادنىڭ ئېشىش نۇقتىسىنى خوتەننىڭ ئەۋزەل بايلىقى ۋە ئۆزگىچە كەسىپلىرىنى ئېچىشقا قويۇپ، ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنىڭ بىرىنچى كەسىپنى ئاساس قىلىپ، تەدرىجىي ئىككىنچى، ئۈچىنچى كەسىپكە قاراپ ئۆزگىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، رايونلاشقان ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى كۆپ خىللاشقان يۆنىلىشكە قاراپ تەرەققىي قىلدۇرۇشنى تېزلىتىش، تەرەققىيات سۈرئىتى بىلەن ئىقتىسادىي ئۈنۈمنىڭ بىردەكلىكىدە چىڭ تۇرۇش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، ئىقتىسادنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىشتىن ئىبارەت.

نۇقتىلىق تەرەققىي قىلدۇرىدىغان ساھەلەر: (1) يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بازىرىنىڭ رىقابەت كۈچىنى ئۆستۈرۈش بىلەن

ئىقتىسادنى ئۇدا تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت.
بىرىنچى كەسىپ: «10 - بەش يىللىق پىلان» مەزگىلىدە «تۆت مىليون مو» قۇرۇلۇشىنى نۇقتىلىق يولغا قويۇپ، 2010 - يىلىغىچە بوغداي كۆلىمىنى بىر مىليون موغا يەتكۈزۈپ، ئاساسىي ھوجۇمنى بىرلىك ھوسۇلغا قارىتىپ، ئەلا سۈپەتلىك بوغداي ئىشلەپچىقىرىشنى تەدرىجىي كېڭەيتىمىز ھەمدە «بىر يىلدا ئىككى قېتىم ھوسۇل ئېلىش»تا چىڭ تۇرۇپ، ئاق ئاشلىقتا ئۆزىمىزنى تەمىنلەپ، ئاشلىققا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىمىز؛ چوڭ يوپۇرماقلىق بېدە كۆلىمىنى بىر مىليون موغا يەتكۈزىمىز؛ كۆكتات، مېۋە - چېۋە، گۈل - گىياھ ئاساس قىلىنغان پەسىلسىز مېۋە - چېۋە، كۆكتات ئىشلەپچىقىرىش، پاختا، قىزىلگۈل، جۇڭگوچە تېببىي دورا ئۆسۈملۈكلىرى قاتارلىق ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنىڭ كۆلىمىنى بىر مىليون موغا يەتكۈزۈپ، ئىسسىقلىق ئېنېرگىيىسىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئۆزگىچە ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرىمىز؛ ياڭاق، ئۆرۈك، ئانار، ئۈزۈم ئاساس قىلىنغان باغ كۆلىمىنى بىر مىليون موغا يەتكۈزىمىز.
ئىككىنچى كەسىپ: «10 - بەش يىللىق پىلان» مەزگىلىدە دۆلەت كارخانىلىرىنى ئىسلاھ قىلىش توغرىسىدىكى قارارغا ئاساسەن، ئىلگىرىلەشمۇ بولۇش، چېكىنىشمۇ بولۇش، قىلالايدىغاننى قىلىش، قىلالمايدىغاننى قىلماسلىق پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، دۆلەت ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىي جايلىشىشىنى زور كۆچ بىلەن تەڭشەپ، دۆلەت كارخانىلىرىنى ئادەتتىكى رىقابەتتىن تەدرىجىي چېكىندۈرۈپ، ۋىلايەتنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋەزىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك تايانچ كارخانىلارنى ۋە «ئالتە چوڭ كەسىپ» ئاساس قىلىنغان ئۆزگىچە كەسىپلەرنى نۇقتىلىق يۆلەپ، «ئالتە چوڭ كەسىپ»نى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ماھىيەتلىك ئىلگىرىلەپ، مېۋە ھاراقچىلىقى، مېۋە پىششىقلاپ ئىشلەش، ئۈيغۇر دورىگەرلىكى، گىلەمچىلىك، يەم - خەشەك پىششىقلاپ ئىشلەش قاتارلىق جەھەتلەردە كۆلەملىك ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرىمىز.
ئۈچىنچى كەسىپ: «10 - بەش يىللىق پىلان» مەزگىلىدە ۋىلايىتىمىزدە ساياھەتچىلىك، ئۇچۇر، پۇل - مۇئامىلە، سۇغۇرتا ۋە ئۆي - مۈلۈك كەسىپىنى نۇقتىلىق تەرەققىي قىلدۇرىمىز ھەمدە

خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە ئەستايىدىل مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق، خوتەنچە ئالاھىدىلىككە ئىگە كەسپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش قەدىمىنى تېزلىتىپ، ئىقتىسادنىڭ يېڭى ئېشىش نۇقتىسىنى پائال يېتىلدۇرۇشتىن ئىبارەت خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى ئاساسىي ھۇجۇم نىشانىنى بېكىتتۇق. ئانار بازىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئاساس قىلىنغان ئانار ھاراقچىلىقى، خوتەن قوي يۇڭى خام ماتېرىيال قىلىنغان خوتەن گىلەمچىلىكى، دورا ئۆسۈملۈكلىرىنى تېرىش بازىسى قۇرۇلۇشى ئاساس قىلىنغان ئۇيغۇر دورىگەرلىكى، يۇلغۇننى كۆلەملەشتۈرۈپ تېرىش ئاساس قىلىنغان نەيچىسىمان گۈللۈك توشقان زەدىكى ئۆستۈرۈش، خوتەن چوڭ يوپۇرماقلىق بېدە بازىسى قۇرۇلۇشى ئاساس قىلىنغان يەم - خەشەك كەسپى، خوتەننىڭ بۇددا مەدەنىيىتى ۋە ئۆمۈر چولپانلىرىنىڭ سىرىنى يېشىش ئاساس قىلىنغان سەيلە - ساياھەت كەسپى قاتارلىقلارنى زور كۈچ بىلەن تېزدىن تەرەققىي قىلدۇرىمىز. خوتەن يىپەك توقۇمىچىلىقى ۋە پاختا توقۇمىچىلىقتىن ئىبارەت ئىككى چوڭ ئەنئەنىۋى كەسىپ جەھەتتە، مەھسۇلاتلارنى يېڭىلاش، سېتىش يولىنى تېپىش ئالدىنقى شەرتىدە تەدرىجىي تەرەققىي قىلدۇرۇپ ئۇنۇم قازىنىمىز. بارلىق كەسپلەردە مەخسۇس ئىشلەپچىقىرىش، كۆلەملەشتۈرۈپ باشقۇرۇش ۋە كەسپلەشتۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، خوتەنچە ئالاھىدىلىككە ئىگە مېۋە - چېۋىلەرنى پىششىقلاپ ئىشلەش كارخانىلىرىنى پائال يېتىلدۇرۇپ، بازىرى بار، ياخشى ئىستىقبالغا ئىگە يېڭى مەھسۇلاتلارنى تەتقىق قىلىپ ئىشلەپچىقىرىپ، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى بازارلارغا كىرگۈزىمىز.

«10 - بەش يىللىق پىلان» مەزگىلىدىكى كەسىپ پىلانىمىز ۋە كەسپلەرنى جانلاندۇرۇش ئومۇمىي تەسەۋۋۇرىمىز مۇنداق: خوتەننىڭ ئەنئەنىۋى ئەۋزەل كەسپلىرىنى مۇقىم تەرەققىي قىلدۇرۇش ئاساسىدا، خوتەنچە ئالاھىدىلىككە ئىگە كەسپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى گەۋدىلەندۈرۈپ، «ئالتە چوڭ كەسىپ» نى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى باشلامچى، «تۆت بىر مىليون مو» قۇرۇلۇشنى ئاساس قىلىپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلما ۋە كەسپلەرنى جايلاشتۇرۇشنى ئىستراتېگىيىلىك تەڭشەپ، خوتەنچە ئالاھىدىلىككە ئىگە يۇقىرى ئۇنۇملۈك كەسپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق خوتەننىڭ

كۆرۈنەرلىك ئىلگىرىلەپ، ئىقتىسادىي ئومۇمىي مىقدارىنى پۈتۈن شىنجاڭنىڭ نىسبىتىدىن تۆۋەنلىتىۋەتمەيمىز.

ئىككىنچى قەدەملىك ئىستراتېگىيە: «10 - بەش يىللىق» پىلاننى تولۇق ئورۇنداش ئاساسىدا، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، ھاللىق سەۋىيىگە يۈرۈش قىلىشنى ئاساسىي نىشان قىلىپ، 10 يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ، خوتەن ئاھالىلىرىنى ئاساسىي جەھەتتىن بىر قەدەر ھاللىق تۇرمۇش كەچۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىم سەۋىيىسى بىلەن بولغان پەرقىنى كىچىكلىتىمىز؛ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي، نوپۇس، بايلىق، مۇھىت تەرەققىياتىنى ياخشى سۈپەتلىك ئايلىنىش ئىزىغا سالىمىز.

## تەرەققىيات نىشانى

«10 - بەش يىللىق پىلان» مەزگىلىدە، ئىقتىسادنى يىلىغا 10% دىن ئاشۇرىمىز، «10 - بەش يىللىق پىلان» مەزگىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنى 4 مىليارد 400 مىليون يۈەنگە (ھازىرقى باھا بويىچە، تۆۋەندىمۇ ئوخشاش) يەتكۈزىمىز؛ بۇنىڭدىن بىرىنچى كەسىپنىڭكىنى ئىككى مىليارد يۈەنگە يەتكۈزۈپ، يىلىغا 5.59% دىن ئاشۇرىمىز؛ ئىككىنچى كەسىپنىڭكىنى بىر مىليارد 130 مىليون يۈەنگە يەتكۈزۈپ، يىلىغا 20.13% دىن ئاشۇرىمىز؛ ئۈچىنچى كەسىپنىڭكىنى بىر مىليارد 270 مىليون يۈەنگە يەتكۈزۈپ، يىلىغا 11.63% دىن ئاشۇرىمىز؛ ئۈچ چوڭ كەسىپنىڭ نىسبىتىنى 1999 - يىلدىكى 27 : 15 : 58 دىن 2005 - يىلىغا بارغاندا 29 : 26 : 45 گە تەڭشەيمىز؛ «10 - بەش يىللىق پىلان» نىڭ ئاخىرىغىچە كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنى 2460 يۈەنگە يەتكۈزۈپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسى بىلەن بولغان پەرقىنى يەنىمۇ كىچىكلىتىمىز؛ سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنى ئالتە مىليارد 300 مىليون يۈەنگە يەتكۈزىمىز؛ بۇنىڭدىن سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنى بىر مىليارد 800 مىليون يۈەنگە يەتكۈزۈپ، يىلىغا 21.34% دىن ئاشۇرىمىز؛ يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنى تۆت مىليارد 500 مىليون يۈەنگە

ئۈچىنچى كەسىپنى خەلق ئىگىلىكىدە بەلگىلىك ئورۇنغا ئىگە قىلىمىز، ئاساسلىق تەدبىرلىرىمىز مۇنداق:

شەھەر بازارلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى قەدىمىنى، بولۇپمۇ كىچىك شەھەر بازار قۇرۇلۇشىنى ئالدىن تېزلىتىش ئارقىلىق، ۋىلايىتىمىزنىڭ شەھەر - بازارلىشىش سەۋىيىسىنى ھازىرقى %13.4 دىن 2005 - يىلىغا بارغاندا %20 كە، 2015 - يىلىغا بارغاندا %30 دىن ئاشۇرىمىز.

ساياھەتچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش قەدىمىنى تېزلىتىمىز. «10 - بەش يىللىق پىلان» مەزگىلىدە ئاساسلىقى ئۈچ تۈرلۈك چولپان ساياھەت لىنىيە قۇرۇلۇشىنى ياخشى تۇتىمىز ھەمدە تەشۋىقات سالمىقىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇپ، ساياھەتچىلىكنى يېتىلدۈرۈشنى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئۈچىنچى كەسىپتىكى ئەڭ ئاساسلىق ئىقتىسادنىڭ ئېشىش نۇقتىسىغا ئايلاندۇرىمىز.

ئۇچۇر قۇرۇلۇشى قەدىمىنى تېزلىتىمىز، «10 - بەش يىللىق پىلان» مەزگىلىدە ئاساسلىق قىلىپ ئۇچۇر تورى قۇرۇلۇشى ۋە ئۇچۇر مۇلازىمەت خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇپ، ئۇچۇر كەسپىنى تىرىشىپ تېز تەرەققىي قىلدۇرىمىز.

ئىستراتېگىيىلىك نىشانىمىز ئىككى باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ. دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ «ئۈچ قەدەملىك» ئىستراتېگىيە نىشانىدىكى ئومۇمىي تەلەپكە ئاساسەن، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، ۋىلايىتىمىز خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ «10 - بەش يىللىق پىلان» ۋە 2015 - يىللىق كەلگۈسى نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا، ئومۇمىي جەھەتتىن «ئىككى قەدەملىك» ئىستراتېگىيىنى يولغا قويىمىز:

بىرىنچى قەدەملىك ئىستراتېگىيە: «10 - بەش يىللىق پىلان» نىڭ ئاخىرىغىچە، دۆلەت، ئاپتونوم رايوننىڭ بىرىنچى قەدەملىك ئىستراتېگىيە نىشانىنىڭ ئومۇمىي قەدىمىگە يېتىشىۋېلىپ، قورسىقى توق، كىيىمى پۈتۈن بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنى مۇھىم نىشان قىلىپ، 220 مىڭ نامرات ئاھالىنىڭ قورسىقى توق، كىيىمى پۈتۈن بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ، نامراتلىقنى ئاساسىي جەھەتتىن تۈگىتىپ، شەھەر - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ كىرىم سەۋىيىسى بىلەن پۈتۈن شىنجاڭنىڭ سەۋىيە پەرقىنى كىچىكلىتىمىز؛ كەسىپ قۇرۇلمىسى بىلەن مۇلۇكچىلىك قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشتە

قالماستىن، سۇغىرىلىدىغان كۆلەمنى 300 مىڭ مو چامىسىدا كۆپەيتكىلى بولىدۇ.

(2) يېزا ئېلېكتر تورىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى: خوتەننىڭ يېزا ئېلېكتر تورىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى 1998 - يىلى باشلانغان بولۇپ، تۆت يىلغا جەمئىي 169 تۈر ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بۇنىڭغا 508 مىليون 120 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 2001 - يىلى 6 - ئايغىچە ۋىلايىتىمىزدىكى يەتتە ناھىيە، بىر شەھەردە جەمئىي 100 تۈردە ئىش باشلانغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 36 تۈر تاماملاندى.

3492 كىلومېتىر تۆۋەن بېسىملىق توك سىمى تارتىلدى. 1659 ترانسفورماتور ئالماشتۇرۇلدى. 93 مىڭ 750 ئائىلىگە توك سائىتى قادالدى. 321 مىليون 770 مىڭ يۈەن مەبلەغ ئەمەلىيلەشتى. بۇ ئومۇمىي مەبلەغنىڭ %79.8 تىنى ئىگىلىدى.

بۇ قۇرۇلۇش تاماملانغاندىن كېيىن ئوخشاش تۈردە ئوخشاش باھا ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، توك باھاسى زور دەرىجىدە چۈشۈپ، دېھقان - چارۋىچىلار ۋە كارخانىلارنىڭ يۈكى يېنىكلەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە توك بىلەن تەمىنلەش سۈپىتى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، خوتەننىڭ ئىككىنچى، ئۈچىنچى كەسىپ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش، يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزىلاردا توك ئىشلىتىش، يېزىلارنى سۇ بىلەن تەمىنلەش جەھەتتە مۇھىم رول ئوينايدۇ.

(3) خوتەن شەھىرىنىڭ شەرقىي رايوندىكى پاسكىنا سۇلارنى چىقىرىش قۇرۇلۇشى: بۇنىڭغا 14 مىليون 770 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت قەرزى ئون مىليون يۈەن، قالغان تۆت مىليون 770 مىڭ يۈەن قەرز ئېلىش ۋە يەرلىك ئۆزى تەييارلاش ئۇسۇلى بىلەن ھەل قىلىنىدۇ. كۈندە 5500 كۇب مېتىر پاسكىنا سۇنى بىر تەرەپ قىلىش زاۋۇتىدىن بىرى ۋە شۇنىڭغا مۇناسىپ 90 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا پاسكىنا سۇ چىقىرىۋېتىش تۇرۇبا تورى قۇرۇلۇشى ئىشلىنىدۇ. بۇ قۇرۇلۇش پۈتسە خوتەن شەھىرىنىڭ پاسكىنا سۇلارنى چىقىرىۋېتىش شارائىتى زور دەرىجىدە ياخشىلىنىپ، شەھەرنىڭ ئۇنىۋېرسال ئىقتىدارى ئېشىپ، خەلققە زور قولايلىق يارىتىلىدۇ.

(4) خوتەن ئايرودرومىنى ئۆزگەرتىپ، كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى: خوتەن ئايرودرومىنىڭ سېلىنغىنىغا ئۇزاق بولغان بولۇپ، چوڭ تىپتىكى يولۇچىلار ئايروپىلانلىرىنىڭ ئۇچۇش، قونۇش تەلىپىگە

يەتكۈزۈپ، يىلىغا 6.63% دىن ئاشۇرۇپ، دۆلەت ئىگىلىكى ئومۇمىي مىقدارىدا ئىگىلەيدىغان نىسبىتىنى 2005 ـ يىلىغا بارغاندا 50% كە تەڭشەيمىز؛ دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمىنى 1300 يۈەنگە يەتكۈزىمىز؛ «10 ـ بەش يىللىق پىلان» مەزگىلىدە نوپۇسنىڭ يىللىق كۆپىيىش نىسبىتىنى 17% ئىچىدە، 2005 ـ يىلىغا بارغاندا ئومۇمىي نوپۇسنى بىر مىليون 786 مىڭ ئىچىدە تىزگىنلەيمىز. ئىقتىسادنىڭ جايلىشىشى، بولۇپمۇ سانائەت ئىقتىسادنىڭ جايلىشىشىنى ئىستراتېگىيىلىك تەڭشەش ۋە ساياھەتچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا بىرلەشتۈرۈپ، 15 يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ، خوتەن شەھىرىنى ئوتتۇرا دەرىجىلىك شەھەرگە ئايلاندۇرۇپ، 2005 ـ يىلىغا بارغاندا شەھەر ئومۇمىي نوپۇسىنى 210 مىڭغا، شەھەرلەشتۈرۈش نىسبىتىنى 74.6% گە يەتكۈزۈپ، 2015 ـ يىلىغا بارغاندا شەھەر ئومۇمىي نوپۇسىنى 271 مىڭغا، شەھەرلەشتۈرش نىسبىتىنى 90% كە يەتكۈزىمىز.

## «10-بەش يىللىق پىلان» مەزگىلىدە ۋىلايىتىمىزدە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ۋە ئېلىپ بارىدىغان نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرى

(1) ئۇلۇغئاتا سۇ ئىنشائاتى تۈگۈنى قۇرۇلۇشى: بۇ قۇرۇلۇشقا ئومۇمىي سېلىنغان مەبلەغ بىر مىليارد 434 مىليون يۈەن، قۇرۇلۇش كۆلىمى 340 مىليون كۇب مېتىر، قۇراشتۇرۇلغان گېنېراتور سىغىمچانلىقى 60 مىڭ كىلوۋات. بۇ قۇرۇلۇشتا 1995-يىلى ئىش باشلانغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە بىر مىليارد 170 مىليون يۈەن ئەمەلىيلەشتى؛ 2001 ـ يىلى 250 مىليون يۈەن ئورۇنلاشتۇرۇلدى، قۇرۇلۇش ئاساسىي جەھەتتىن پۈتتى. بۇ يىل 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئامبارغا سۇ قاچىلاندى.

15 مىڭ كىلوۋاتلىق تۆت گېنېراتور ئىشلىتىلىشكە باشلىدى. ئالدىنقى يېرىم يىلدا ئەتىيازلىق سۇغىرىشقا ئىشلەتكەن سۇ 160 مىليون كۇب مېتىر بولۇپ، 30 مىليون كىلوۋاتقا يېقىن توك تارقىتىلدى. بۇ قۇرۇلۇش پۈتسە خوتەن شەھىرى، خوتەن، قاراقاش، لوپ ناھىيىسىنىڭ ئەتىيازدىكى قۇرغاقچىلىق زىددىيىتىنى پەسەيتىپلا

مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدۇ. بۇ تۈرنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پىلان كومىتېتى تەستىقلىدى. ئىمكانىيەتلىك تەتقىقاتى تەكشۈرۈپ تەستىقلاشتىن ئۆتتى. ھازىر دەسلەپكى باسقۇچتىكى لايىھە ئىشلىنىۋاتىدۇ. بۇ يىل ئىچىدە قۇرۇلۇش باشلاشتىن ئۈمىد بار.

تەبىئىي گاز تۇرۇبىسى ياتقۇزۇش قۇرۇلۇشى تۈرىنىڭ بىرىنچى قارارلىق قۇرۇلۇشىغا بۇ يىل 240 مىليون 800 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىدۇ.

بۇنىڭدىن يېڭى بۇرغىلىق گورزىنىتال قۇدۇققا 22 مىليون 800 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىدۇ.

200 كىلومېتىرلىق گاز تۇرۇبا يولى ۋە يەر يۈزىدىكى يانداشما قۇرۇلۇشىغا 218 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدۇ. يىلدا 100 مىليون كۇب مېتىردىن 150 مىليون كۇب مېتىرغىچە گاز بىلەن تەمىنلىيەلەيدۇ. ھازىر قۇملۇق ياندىشما يولى ياسىلىۋاتىدۇ. مازار تاغنىڭ جەنۇبىغىچە بولغان 120 كىلومېتىر يولغا شېغىل ياتقۇزۇلۇپ بولدى. بۇ يول بۇ يىل 10 - ئايدا پۈتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن تەبىئىي گاز خوتەن شەھىرىگىچە، ئېلېكتر ئىستانسىسىغىچە يەتكۈزۈلىدۇ. بۇ قۇرۇلۇش تولۇق پۈتكەندىن كېيىن خوتەندە توك ھەسسىلەپ كۆپىيىدۇ. سىرتقا توك چىقىرالايدۇ، توك باھاسى تۆۋەنلەپ، توك تەمىنلەش سۈپىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ. تەبىئىي گاز تۇرۇبىلىرى ئائىلىلەرگە يەتكۈزۈلۈشكە ئاز قالدى، كەلگۈسىدە خوتەن شەھىرىنىڭ پۇقرالىرى ئەرزان باھالىق تەبىئىي گاز ئىشلىتىدۇ.

(7) مۇددىتى 10 يىل قىلىپ بەلگىلەنگەن، گۇمىدىن نىيىغىچە ئۇزۇنلۇقى 640 كىلومېتىر، كەڭلىكى بىر كىلومېتىر چامىسىدا كېلىدىغان قۇملۇق ئەتراپىنى بويلاپ ئېلىپ بېرىلىدىغان ئېكولوگىيە قۇرۇلۇشىنى دۆلەت تەستىقلاش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ. بۇنىڭغا سېلىنىدىغان ئومۇمىي مەبلەغ 2 مىليارد 300 مىليون يۈەن بولۇپ، بۇ قۇرۇلۇش تاماملانسا خوتەننىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتى زور دەرىجىدە ياخشىلىنىدۇ. بۇ قۇرۇلۇشنىڭ تاماملىنىشى خوتەن دەريا ۋادىسىنىڭ سۇغىرىشنى كونترول قىلىش شارائىتىنى زور دەرىجىدە ياخشىلاپ، سۇغىرىش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ ھەمدە تارىم ۋادىسىنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنى قوغداشقا زور تۆھپە قوشىدۇ.

(8) تارىم دەريا ۋادىسىنى ئۇنىۋېرسال تىزگىنلەش قۇرۇلۇشى: بۇنىڭ ئۈچۈن ۋىلايىتىمىزگە بىر مىليارد 700 مىليون يۈەن

ئۇيغۇن كەلمەيتتى. بىر نەچچە يىل ئىلگىرى بىر قېتىم رېمونت قىلىنغان بولسىمۇ، ئۈنۈمى ياخشى بولمىدى. ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ كۆپ تەرەپلىمە تىرىشىشى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ زور دەرىجىدە قوللىشى ۋە غەمخورلۇقىدا دۆلەت تەرەققىيات پىلان كومىتېتى خوتەننىڭ تەرەققىياتى، خوتەننىڭ قاتناش، ئاۋىئاتسىيە شارائىتىنى ياخشىلاش ئۈچۈن بىزنى قوللاپ، خوتەن ئايرودرومىنى كېڭەيتىپ سېلىش ئۈچۈن 200 مىليون يۈەن تەستىقلاپ بەردى. ھازىرقى ئۇچۇش، قونۇش يولىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 3200 مېتىر، كەڭلىكى 45 مېتىر، قېلىنلىقى 0.36 مېتىر قىلىپ ياسىلىدۇ. ئاۋىئاتسىيە يولىنىڭ ئىككى تەرىپىگە 7.5 مېتىرلىق ياندىشىما يول ياسىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇچۇش، قونۇش يولىنىڭ ئومۇمىي كەڭلىكى 60 مېتىر بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تەڭ، سىيرىلما يول، ئالاقىلىشىش يولى، ئاۋىئاتسىيە باشقۇرۇش، يول باشلاش، ھاۋارايى، توك تەمىنلەش، چىراغ، ئاۋىئاتسىيە پونكىتى رايونى ۋە ئايروپىلان كۈتۈش بىناسى قاتارلىقلار سېلىنىدۇ. بۇلار ھازىر لايىھىلىنىۋاتىدۇ. بۇ يىل قۇرۇلۇش باشلىنىپ، كېلەر يىلى ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلىدۇ.

(5) دۆلەت يولى 315 - لىنىيىسىنىڭ قاراقاش - خوتەن شەھىرى - لوپ بۆلىكىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى؛ پۈتۈن يول ئىككىنچى دەرىجىلىك يول ۋە شەھەر يولى ئۆلچىمىگە بىرلەشتۈرۈپ ياسىلىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 56.8 كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇنىڭغا 470 مىليون يۈەن چامىسىدا مەبلەغ سېلىنىدۇ. ھازىر بۇ تۈرنىڭ ئالدىنقى باسقۇچلۇق خىزمىتى ئاساسىي جەھەتتىن تاماملاندى، يېقىندا رەسمىي ئىش باشلىنىدۇ.

(6) خوتەن تەبىئىي گاز ئېچىش تۈرى: خوتەن تەبىئىي گاز ئېلېكتر ئىستانسىسىدا 2009 - يىلىغىچە گېنېراتور سىغىمچانلىقى 300 مىڭ كىلوۋاتلىق قۇرۇلۇش ئىشلىنىدۇ. جەمئىي 1 مىليارد 500 مىليون يۈەن چامىسىدا مەبلەغ سېلىنىدۇ. پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ئېلېكتر تورىنى تورلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ سۈرئىتى ۋە خوتەن ۋىلايىتىنىڭ توك ئېھتىياجىنىڭ ئېشىش ئەھۋالىغا ئاساسەن، ئومۇمىي پىلان تۈزۈپ، قەدەم - باسقۇچ بويىچە يولغا قويۇش پرىنسىپى بويىچە، بىرىنچى قارارنىڭ بىرىنچى باسقۇچىدا گېنېراتور سىغىمچانلىقى 50 مىڭ كىلوۋاتلىق قۇرۇلۇش ئىشلىنىدۇ. بۇنىڭغا جەمئىي 240

كۆتۈۋالدى. ھەممىمىز قۇربان تۇلۇمنىڭ ئېشەككە مىنىپ بېيجىڭغا بېرىپ رەئىس ماۋزېدۇڭ بىلەن كۆرۈشمەكچى بولغانلىقى توغرىسىدىكى ھېكايىنى بىلىمىز. ئۇ قانداق ھېسسىيات؟ ئۇ قەد كۆتۈرگەن ئەمگەكچى خەلقنىڭ ساپ خۇشاللىقى، جۇڭگو كومپارتىيىسىنى، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى قەتئىي قوللىغانلىق ئەمەسمۇ! پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشنى ئېنىق بېكىتكەندىن بۇيان، يولداش دېڭ شياۋپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيىنىڭ ئىككىنچى ئەۋلاد رەھبەرلىك كوللېكتىپى ۋە جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيىنىڭ ئۈچىنچى ئەۋلاد رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، ئۇلۇغ سوتسىيالىستىك دۆلىتىمىز دۇنيانىڭ دىققىتىنى قوزغىغىدەك زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىمۇ يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. خوتەننىڭ چوڭ بازىرىدا سودا قىلىنىۋاتقانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدۇ، قوللىرىدا يان تېلېفونلارنى كۆتۈرۈپ مال كىرگۈزۈۋاتقانلار ئاز ئەمەس. ئېتىزلاردىكى بۇغدايلار خۇددى دېڭىز دولقۇنىدەك يەلپۈنۈپ تۇرىدۇ. پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ يېزا ئىگىلىكىنى گۈللەندۈرۈش تېخىمۇ يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلۈۋاتىدۇ. شەھەرلەردە ئېگىز بىنالار قەد كۆتۈرمەكتە، رەتلىك مېڭىۋاتقان ماشىنىلار، چاقناپ تۇرغان چىراغلار كىشىنى مەھلىيا قىلىدۇ، خەلق خاتىرجەم تىرىكچىلىك قىلىۋاتىدۇ. سىنىپلارنىڭ دېرىزىلىرى پاك - پاكىز بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ كىتاب ئوقۇۋاتقان ئاۋازلىرى گۈزەل كەلگۈسىدىن دېرەك بېرىپ تۇرىدۇ. جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكى، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ كاپالىتى، تىنچ، ئىتتىپاق بولغان ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئاساسى، ۋەتەن چوڭ ئائىلىسىنىڭ قوللىشى ۋە ياردىمى بولمىغان بولسا بۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. يېڭى - كونا جەمئىيەتنى روشەن سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق پارتىيىمىزنىڭ ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى مەنپەئەتىنىڭ سادىق ۋەكىلى، ئۇلۇغ، شەرەپلىك، توغرا پارتىيە دېگەن نامغا مۇناسىپ ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتەلەيمىز.

ئىككىنچى، خوتەننىڭ تارىخى خوتەندىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھەمنەپەس، تەقدىرداش بولۇپ ئورتاق كۈرەش قىلغان تارىخى. نۇرغۇن تارىخىي خاتىرىلەر ۋە تارىخىي ئىزنالار شۇنى كۆرسىتىپ بېرىدۇكى، مىڭ يىلدىن بۇيان شىنجاڭنىڭ تارىخى ئەزەلدىن ھەر

ئورۇنلاشتۇرۇپ بېرىلدى. بۇ تور بۇ يىل يولغا قويۇلىدۇ.
(9) سىغىمچانلىقى 70 مىليون جىڭ كېلىدىغان دۆلەت زاپاس ئاشلىق ساقلاش ئىسكىلاتى: بۇ تورنى دۆلەت تەستىقلىدى، بۇنىڭغا 21 مىليون يۈەن مەبلەغ كېتىدۇ. يېقىندا خېرىدار چاقىرىپ قۇرۇلۇش باشلايمىز.
(10) چىرا ناھىيىسىنىڭ غالىبىيەت سۇ ئامبىرى، نىيە ناھىيىسىنىڭ چاكاندا سۇ ئامبىرى، گۇما ناھىيىسىنىڭ ئاقشور سۇ ئامبىرى، كېرىيە ناھىيىسىنىڭ جىن سۇ ئامبىرى قاتارلىق سۇچىلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرى ئىشلىنىۋاتىدۇ ياكى ئىشلىنىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ.

خوتەننىڭ تارىخىي تەرەققىيات سۈرئىتىنى، بولۇپمۇ ئازاد بولغان 50 يىلدىكى زور ئۆزگىرىش ۋە تەرەققىياتىنى يەكۈنلىگەندە، تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە توپ تەجرىبىلىرىمىز بار:

بىرىنچى، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە سوتسىيالىزم تۈزۈمى بولمىغان بولسا خوتەندىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بۈگۈنى بولمىغان بولاتتى. يېشى چوڭراقلارنىڭ ھەممىسى بىلىدۇ، ئۇيغۇرلار مەركەزلىشىپ ئولتۇراقلاشقان خوتەندە ئازادلىقتىن ئىلگىرى پومېشچىكلار بىلەن باي دېھقانلار زور مىقداردىكى يەرنى ئىگىلىۋالغان. ئۇلار يەرنى ئىجارىگە بېرىش ۋە ھاشار قاتارلىق ئىككى خىل ۋاستىنى قوللىنىپ، كەڭ ئۇيغۇرلار ۋە باشقا ئەمگەكچى خەلقنى قاتتىق ئەزگەن. يېزا نوپۇسىنىڭ 90% تىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلىدىغان دېھقانلارنىڭ قولىدا ئاساسىي جەھەتتىن يەر يوق ئىدى، ئىككى - ئۈچ ئائىلە بىر كەتمەندىن پايدىلىناتتى. ئاشلىقنىڭ موبېشى مەھسۇلاتى 100 كىلوگرامدىن ئاشمايتتى. نۇرغۇنلىغان نامرات ئۇيغۇرلار دائىم ئۈجمە (جۇجەم)، قاق ياكى ئۇماچ بىلەن قورساق تويغۇزاتتى. بايلارنىڭ قورۇقلىرىدا ئىجارىنى، قەرزنى تۆلىتىشكە مەجبۇرلاش ئۈچۈن دېھقانلارنى ئۇرۇپ، سولايدىغان ئۆيلىرى بار ئىدى. ئەمگەكچى خەلق ئەنە شۇنداق جاپادا ياشايتتى.

1949 - يىل 9 - ئايدا شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولدى، خوتەندىكى ھەر مىللەت خەلقى پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە جاھانگىرلىك ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى

ئايرىۋېتىشكە بولمايدۇ. بىز مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۆز قارىچۇقىمىزدەك ئاسرىشىمىز، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغدىشىمىز، «ئۈچ ئايرىلالماسلىق» ئىدىيىسىنى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەلبىدە يىلتىز تارتقۇزۇشىمىز لازىم. چوڭ ھەق - چوڭ ناھەق ئالدىدا بايرىقىمىز ئىنتايىن روشەن، مەيدانىمىز ئىنتايىن مۇستەھكەم بولۇشى، قالايمىقانچىلىق ۋە مالىمانچىلىق پەيدا قىلىدىغان بارلىق ئامىللارنى تۈپ يىلتىزىدىن يوقىتىپ، بارلىق مىللىي بۆلگۈنچىلەر، ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق سالىدىغان بارلىق ھەرىكەتلەرگە قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەڭ تۈپ مەنپەئىتىنى قوغدىشىمىز لازىم.

ئۈچىنچى، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇقىملىقتا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلغاندىلا، ئۈزلۈكسىز غەلىبە قىلالايمىز ھەم ئالغا ئىلگىرىلىيەلەيمىز.

خوتەننىڭ بۈگۈنى ۋىلايىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ «خوتەن روھى»نى جارى قىلدۇرۇپ، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلغانلىقىنىڭ، شۇنداقلا قېرىنداش ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارنىڭ زور كۈچ بىلەن ياردەم بەرگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى. «خوتەن روھى»نىڭ مەزمۇنىنى «ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش، ئىتتىپاقلىشىپ جان پىدالىق بىلەن ئىشلەش، خالىس تۆھپە قوشۇش» تىن ئىبارەت تۆت جۈملە سۆزگە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ. ۋىلايىتىمىزدە تەبىئىي شارائىتى ناچار، چەت، يىراققا جايلاشقان، ئاز سانلىق مىللەت رايونىدا مۇشۇنداق روھ بولمىسا ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ.

ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش ساقلاپ تۇرماي، باشقىلارغا تايىنىۋالماي، جاسارەتلىك بولۇشنى، ئاساسلىقى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كۈچىگە تايىنىپ، بوستانلىقنى مۇستەھكەملەپ، يۇرتنى قۇرۇپ چىقىشنى كۆرسىتىدۇ. تارىختا نەزەر سالساق، تىرىشچان ۋە تېجەشلىك بولغانلار روناق تاپىدۇ. ئىسراپخورلار ھالاك بولىدۇ. جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى، بارلىق قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، غەلىبە قىلىشىمىزدىكى ئەڭگۈشتەرىمىز. ئىتتىپاقلىشىپ جان پىدالىق بىلەن ئىشلەش مىللەتلەر ئىتتىپاق، ئۆزئارا ياردەم بېرىپ، ئورتاق ئالغا باسىدىغان

مىللەت خەلقى ئىناق ياشاپ كەلگەن، ئورتاق تەرەققىي قىلغان ۋە گۈللەنگەن تارىخ. ھەمىنەپەس، تەقدىرداش بولۇش مەركەزلىك قىلىپ جىياۋ يۈلۇچە ياخشى كادىر يولداش ۋاڭ ۋېيدا گەۋدىلەندى. ئۇنىڭ «تەر تۆكۈپ كەزدىم قىرىق يىل بۇندا كوئېنلۇن باغرىنى، بەخت - ئۆملۈك سۆيى ئىزدەش مەندىكى ئارزۇ - تىلەك» دېگەن يارقىن مىسرالىرى خوتەندىكى ھەر مىللەت خەلقى ئارىسىدا مەڭگۈلۈك ئابىدە بولۇپ تىكلەندى. ھەمىنەپەس، تەقدىرداش بولۇش — مەركەزلىك قىلىپ بىڭتۈەندىكى قۇرغۇچىلارنىڭ بوز يەر ئېچىپ، چېگرا رايونىنى قوغداش، قۇم - بوران ۋە قۇرغاقچىلىققا قارشى كۈرەش قىلىش، ھەر مىللەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە چېگرا رايونىنى قوغداش ۋە گۈللەندۈرۈشتەك جەسۇرانە ئىرادىلىرىدە گەۋدىلەندى. ھەمىنەپەس، تەقدىرداش بولۇش مەركەزلىك قىلىپ پۈتۈن كۈچى بىلەن خوتەننىڭ تەرەققىياتى ۋە مۇقىملىقىنى قوغداشتا گەۋدىلەندى. قەدىمى يىپەك يولىدىكى مەرۋايىت خوتەننىڭ ئۈستىدىكى توپا - چاڭلارنى ئېرتىپ، يېڭىدىن ھاياتى كۈچكە ئىگە بولالىشى، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ۋە تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئىشلارنىڭ زور تەرەققىي قىلىشى توپ جەھەتتىن ئېيتقاندا، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرغانلىقىمىزدىن، ئىككى قولدا تۇتۇش، بىر قولدا تەرەققىياتنى، بىر قولدا مۇقىملىقنى تۇتقانلىقىمىزدىن بولدى. خوتەن تەرەققىيات تارىخىنىڭ ئىجابىي ۋە سەلبىي جەھەتتىكى تەجرىبە - ساۋاقلىرى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، مەيلى قانداق ۋاقىتتا بولسۇن، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى چىڭ تۇتۇپ، «تۆت ئاساسىي پرىنسىپ»تا چىڭ تۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرغاندىلا، ئاندىن ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى سوتسىيالىزمنى بويلاپ ئالغا باسالايدۇ؛ نامرات، قالاق ھالەتتىن ئۈزۈل - كېسىل قۇتۇلۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق گۈللەپ ياشنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ. سوتسىيالىستىك يېڭى تىپتىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملىگىلى ۋە كۈچەيتكىلى بولىدۇ.

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، سىياسىي مۇقىملىق، ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى ۋە كاپالىتى. ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى كۈچلۈك ماددىي ئاساس ۋە رېئال كۈچ بىلەن تەمىنلەيدۇ. بۇ ئىككىسى بىر-بىرىنى تولۇقلايدۇ ۋە ئىلگىرى سۈرىدۇ. بۇلارنى بىر - بىرىدىن

بەشىنچى، خوتەندىكى ھەر مىللەت خەلقى ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرىدىغان ئاساسىي قوشۇن. خەلق ئاممىسى ئىنسانلار تارىخىنىڭ ھەقىقىي ياراتقۇچىسى، ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ھەقىقىي ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ، بۇ ماركسىزملىق ئاساسىي كۆز قاراش.

خوتەننىڭ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش ۋە بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى تارىخىغا نەزەر سالساق، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى داۋامىدىكى ئاساسىي قوشۇنلۇق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشىنىڭ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى داۋامىدىكى ئاساسىي قوشۇنلۇق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشىنىڭ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىدە غەلىبىگە ئېرىشىشتىكى ئاساس ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ سەگەكلىك بىلەن تونۇۋالايمىز. «قارا يامغۇر ياغار چاغدا، كېلەر يامغۇر شەپىسى» دېگەن گەپ بار. بۈگۈنكى دۇنيا تازا تىنچ ئەمەس، خەلقئارا دۈشمەن كۈچلەر مەملىكىتىمىزگە قارىتا تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش ئىستراتېگىيىسىنى كەسكىنلەشتۈرۈۋاتقان، دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەر تىل بىرىكتۈرۈپ، شىنجاڭنى پارچىلاش ھەرىكىتىنى تېزلىتىۋاتقان جىددىي ۋەزىيەتتە، ھەر مىللەت خوتەن خەلقى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە كومپارتىيىنىڭ شەرەپلىك ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداپ، سىرتنىڭ ئاغدۇرمىچىلىقى ۋە مىللىي بۆلگۈنچىلىككە ئورتاق قارشى تۇرۇپ، ھەر ساھە ئىجتىمائىي ئىشلارنى ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈشىمىز كېرەك.

خوتەن قەدىمدىن تارتىپ ۋەتىنىمىزنىڭ ئايرىلماس مۇقەددەس زېمىنى. ۋەتەننىڭ بىرلىككە كېلىشى، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاق ئۆتۈشى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق روناق تېپىشى مەڭگۈلۈك تېما، تارىخىي تەرەققىياتنىڭ پۈتكۈل جەريانىغا سىڭگەن ئاساسىي لىنىيە. پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، قەلبداش، ھەمنەپەس، تەقدىرداش بولۇپ، پارتىيىنىڭ يېڭى دەۋردىكى ئاساسىي لۇشيەنىنى ئومۇميۈزلۈك، ئىجادىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، جۇڭگوچە

يېڭىچە مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى مۇستەھكەملەپ، «كۆچ بىرلىكتە ئىش ئۈملۈكتە» دېگەندەك، ئىتتىپاقلىشىپ ئەمەلىي ئىشلەپ، جان-پىدالىق بىلەن ئىگىلىك يارىتىدىغان بىرلەشمە كۆچ ھاسىل قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. خالىس تۆھپە قوشۇش كوممۇنىستىك خىسلەتنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش دەۋرىدىكى كونكرېت ئىپادىسى. خوتەننىڭ قۇرۇلۇش تارىخى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۆھپە قوشۇش تارىخى، شۇنداقلا ۋەتەن ۋە خەلققە سادىق بولۇش تارىخى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

تۆتىنچى، خوتەننىڭ بۈگۈنى قېرىنداش ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارنىڭ زور كۆچ بىلەن قوللىشىدىن ئايرىلالمايدۇ. مەركەزنىڭ نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇش خىزمىتى يىغىنىدا بېيجىڭ شەھىرى، جېجياڭ ئۆلكىسى، دۆلەتلىك ئاۋىئاتسىيە باش ئىدارىسى قاتارلىق ئۆلكە، شەھەر، مىنىستىرلىك، كومىتېتلارنى ۋىلايىتىمىزگە سىستېمىلار بويىچە يار - يۆلەك بولۇشنى بېكىتتى. تولۇق بولمىغان ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، 1995 - يىلىدىن ھازىرغىچە، ئىچكىرى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون ۋە مەركەزدىكى مىنىستىرلىك، كومىتېتلار ۋىلايىتىمىزگە جەمئىي 127 مىليون يۈەن قىممىتىدە مەبلەغ ۋە ماددىي ياردەم قىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە ۋىلايىتىمىز كادىرلىرىنى ئىچكى ۋە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تەرەققىي تاپقان رايونلارغا ۋەزىپە بىلەن چېنىقىشقا ئەۋەتتى. ئىچكىرىدە تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرا سىنىپلىرىنى تەسىس قىلىپ، خوتەنلىك ئوقۇغۇچىلارنى تەربىيىلەپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ، كۆپلىگەن پەن - تېخنىكا، تېببىي خادىملىرى، ئوقۇتقۇچى ۋە پارتكوم، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنى خوتەنگە ياردەم بېرىشكە ۋە ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىشقا ئەۋەتتى. ئۇلار ئىلغار ئىدىيىۋى كۆز قاراش، دۇرۇس خىزمەت ئىستىلى، يۇقىرى ئىش بېجىرىش ئۈنۈمى ئارقىلىق، ۋىلايىتىمىز ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن زور تۆھپىلەرنى قوشتى. بۇلار پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئاز سانلىق مىللەت رايونىدىكى خەلققە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقى ۋە يار - يۆلەك بولىدىغانلىقىنى تولۇق نامايان قىلىپ بېرىدۇ. غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنىڭ ھەيۋەتلىك ساداسى غەربىي چېگرا رايوننى گۈللەندۈرۈش دولقۇنىنى قوزغىدى. بۇنىڭدىن ۋىلايىتىمىز كەلگۈسىنىڭ ھاياتىي كۈچكە ئىگە، چەكسىز گۈزەل بولىدىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

# رىۋايەتتىكى جەننەتنىڭ ئورنى —
# ھازىرقى خوتەن

ھازىرقى «خوتەن» دېگەن بۇ يەر نامىنىڭ خەنزۇچىسى چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇيغۇرچىنى ئاساس قىلىپ، ئاھاڭ تەرجىمىسى بويىچە 和田 (بۇرۇنقىسى 于阗) دەپ يېزىلغان ۋە شۇ بويىچە ئاتىلىشقا باشلىغان بولسا، ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى مەنبەلەردە 于阗 (يۇتيەن) دەپ ئېلىنغان. 于阗 (يۇتيەن) دېگەن بۇ نامنىڭ مەنىسى چىڭ سۇلالىسىدىن ئىلگىرىكى مەنبەلەردە كۆپىنچە «يۇتيەن» دەپ ئېلىنغان بولۇپ، «تارىخنامە» نىڭ 123 - جىلدىدا تىلغا ئېلىنىدۇ. «يۇتيەن» دېگەن بۇ نامنىڭ مەنىسى توغرۇلۇق جۇڭگو ۋە چەت ئەل ئالىملىرى تاڭ سۇلالىسىدىن بۇيانقى 1300 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان بىر پىكىرگە كېلەلمىدى. خوتەن ۋىلايىتى، ئىنجىلدا ئالاھىدە تىلغا ئېلىنىدىغان 伊甸园 يىدىيەنيۈەن (بېھىش، باغى ئېرەم، جەننەت دېگەندەك مەنىلەرنى بېرىدۇ) نىڭ ئەسلى ئورنىدۇر. 伊甸园 (تۆۋەندە جەننەت دەپلا ئېلىنىدۇ) ئەمەلىيەتتە بىر ئۈزۈمزار بولۇپ، «ئىنجىل» دىكى «ئىزگۈ - قاباھەت دەرىخى» دېيىلگەن دەرەخ دەل ئاشۇ «ئۈزۈم تېلى» نى كۆرسىتىدۇ. يارىتقۇچى ئىگەمنىڭ تۇرارگاھى بولغان «جەننەت» پامىر ئېگىزلىكىدە (ھازىرقى تاشقورغان ناھىيىسى بەلۋېغىدا). بۇنداق يەكۈن چىقىرىشىمىزدا تۆۋەندىكىدەك بەش ئاساسىمىز بار:

1. «يۇتيەن» ( 于阗 ، ئۇدۇن) بىلەن «ئېدەن» (ئېنگلىزچە Eden) دېگەن سۆزنىڭ تەلەپپۇز قىلىنىشى ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

تاڭ شۈەنزاڭنىڭ «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربكە ساياھەت» خاتىرىسى 12 - جىلدىدا: «بۇ جايدىن (ھازىرقى قاغىلىق ئەتراپى كۆزدە تۇتۇلىدۇ) قۇستانا دۆلىتى (خوتەنگە يېقىن جاي) گىچە بولغان ئارىلىق ‹خەننا دۆلىتى› دەپ ئاتىلىدۇ. ھۇنلار بولسا ئۇنى ‹ئۇدۇن›

سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۇلۇغۋار ئىشىنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتىپ مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي، مەدەنىيىتىنى گۈللەندۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن بىللە ھەر مىللەت خەلقىنى تېخىمۇ بەختلىك، گۈزەل تۇرمۇشقا ئىگە قىلىشقا كاپالەتلىك قىلىشىمىز لازىم.

---



*ئۆمەر ئابدۇللا 1950 - يىلى 15 - نويابىر نىلقا ناھىيىسىدە دۇنياغا كەلگەن. باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى ئۆز يۇرتىدا تاماملاپ، 1968 - يىلىدىن 1972 - يىلى سېنتەبىرگىچە ئاۋات، مارالبېشى قاتارلىق جايلاردا ھەربىي ۋەزىپە ئۆتىگەن، خوتەن دورا سېمونت زاۋۇتىدا ئىشچى بولغان. 1975 - يىلى سېنتەبىرگىچە مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ سىياسىي نەزەرىيە كەسپىدە ئوقۇغان. 1979 - يىلى مارتتا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولغان. ئۇ ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ ئاپتونوم رايونلۇق مېتېرولوگىيە ئىدارىسى، خوتەن ۋىلايەتلىك پىلان كومىتېتى، كېرىيەناھىيىلىك پارتكوم، ۋىلايەتلىك مال باھا ئىدارىسى، گۇما ناھىيىسى قاتارلىق ئورۇنلاردا ئىشخانا مۇدىرى، مۇئاۋىن شۇجى، ئىدارە باشلىقى، ھاكىم، 1998 - يىلى فېۋرالدىن 1999 - يىلى فېۋرالغىچە خوتەن مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى، سىياسىي - قانۇن كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى؛ 2000 - يىلى ئاپرېلغىچە خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، سىياسىي - قانۇن كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى بولغان.*

*ئۇ ھازىر خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى، مەملىكەتلىك 10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى.*

*بۇ ماقالە ئۇنىڭ 2001 - يىلى ئاۋغۇستتا خوتەندە ئېچىلغان «خاتىرەگىرى ئەدەبىياتى مۇكاپاتى» بېرىشنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا سۆزلىگەن سۆزى.*

قاراپ ئېقىپ يۇۋشۇي (تارىم دەرياسى) غا قۇيۇلىدىكەن. خۇەيجيالىڭ تېغىدىن يىگمۇ (بىر خىل ئۈسۈملۈك)، زەرنىخ، مارجانتاش، ئالتۇن، قاشتېشى كۆپ چىقىدىكەن. كۇنگەي تەرىپىدىن قىزىل شال، تەسكەي تەرىپىدىن ئالتۇن، كۈمۈش كۆپ چىقىدىكەن». مانا بۇ يەر 伊甸园 (ئېرەم باغ ياكى جەننەت) نىڭ دەل ئۆزىدۇر.

«ئېرەم باغ» نىڭ قەيەردىلىكى توغرۇلۇق «ئىنجىل» دا ئېنىق مەلۇمات يوق. ئەمما، «ئىنجىل» دا: «خۇدا ئۆز سۈرىتىگە ئوخشىتىپ ئادەمنى ياراتتى»؛ «تەڭرى شەرقتىكى ئېدەن دېگەن جايدا بىر باغ بىنا قىلدى» دەپ قەيت قىلىنغانىكەن. ئۇنداقتا، خۇدا ئېدەن بېغىنى ئۆزىنىڭ تۇرارگاھى بولغان «جەننەت» كە ئوخشىتىپ ياراتقان ھەمدە مەشرىقتىكى ئەجدادلار ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىشىدىغان پامىر ئېگىزلىكىدىن خۇدا ئۆزىنىڭ تۇرىدىغان «جەننەت» نى تاپقان. مانا بۇلاردىن «ئېرەم بېغى» نىڭ ئورنىنى مۇقىملاشتۇرالايمىز.

«بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربكە ساياھەت خاتىرىسى» ۋە «تاغ - دەريالار دەستۇرى» نىڭ مۇقەددىمىسىدە «باغى ئېرەم» يەنى خۇدانىڭ تۇرارگاھى بولغان «جەننەت» مۇنداق تەسۋىرلەنگەن: جەنبۇ قىتئەسى (بۇددا نومىدا دۇنيا تۆت قىتئەگە ئايرىلغان، يەنى، جەنۇب تەرەپ جەنبۇ قىتئەسى، شىمال تەرەپ جۇلۇ قىتئەسى، مەشرىق تەرەپ شىڭشېن قىتئەسى، مەغرىب تەرەپ نيۇخېلار قىتئەسى دېگەندەكلەرگە بۆلۈنگەن) نىڭ ئوتتۇرىسىدا «ئانا پودادو» كۆلى بار، ئۇ تاغ «شياڭشەن تېغى» (چۇنشەن تېغى، تيەنشەن يەنى، تەڭرىتاغ دەپمۇ ئاتىلىدۇ) نىڭ جەنۇبىغا، ئۇلۇغ قارلىق تاغ (پامىر ئېگىزلىكىنىڭ جەنۇبىدىكى تاغ تىزمىلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ) نىڭ شىمالىغا جايلاشقان. كۆلنىڭ ئايلانمىسى 800 چاقىرىم كېلىدۇ. ئالتۇن، كۈمۈش، سىر كۆپ چىقىدۇ («ئىنجىل» دىكى تىلغا ئېلىنغان ئالتۇن، ئۈنچە - مەرۋايىت، قىزىل ھېقىق دېيىلگەنلەر شۇلارغا تەقلىد قىلىنغان)، ئەتراپى ئالتۇندەك سېرىق قۇملار بىلەن ئورالغان. كۆل سۈيى يېنىك دولقۇنلاپ، ئەينەكتەك يالتىراپ تۇرىدۇ. بۇتساتۋا ئەجدەر شاھقا ئايلىنىپ بۇ جاينى ماكان قىلىپتۇ. جەنبۇ قىتئەسىدىكى بۇ كۆلنىڭ شەرقىي كۈمۈش كالا ئېغىزى (يىڭنيۇكۇ) دېگەن جايدىن دەيكېگا دەرياسى دەيدىغان بىر دەريا (ھىندىستان ۋە بېنگالدىن ئېقىپ

دەپ ئاتايدۇ، غوزلار «خودەن»، ھىندىلار «كودەن»، دەپ ئاتايدۇ
كونا زاماندا «يوتيەن»، بورۇن «يويتيەن»، دەپ خاتا ئېلىنىپ قالغان
دەيدۇ. يوقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ھونلار ئاتاپ كەلگەن «ئودۇن» دېگەن
نام 11 - ئەسىردە يېزىلغان «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا «udun» دەپ
يېزىلغان. دېمەك، «ئىنجىل» دىكى «ئېدەن»، ئېنگلىزچە
«Eden» دەپ ئېلىنغان. «ئودۇن»، «يودۇن»، «ئېدۇن» لەرنىڭ
تەلەپپۇز قىلىنىشى ئوخشىشىپ كېتىدۇ. بۇ ھەرگىزمۇ تاسادىپىي
ئۇدۇل كېلىپ قېلىش ئەمەس.

2. جوڭگو ۋە چەت ئەللەرنىڭ قەدىمكى كىتابلىرىدا بۇ ھەقتە
نۇرغۇن خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان.

«ئىنجىل» ۋە «تاغ - دەريالار دەستۇرى» (2000 يىل ئىلگىرى
يېزىلغان) لاردا «ئېدۇن» (جەننەت) مۇنداق تەسۋىرلەنگەن؛
«ئىنجىل» دا، يەھۋا (يەھۇدىي دىنىدىكى ئەڭ ئالىي تەڭرى، يەنى
ئىسلام دىنىدا تىلغا ئېلىنىدىغان خۇدا بىلەن ئوخشاش) شەرقتىكى
ئېدەن دېگەن يەردە بىر باغ (يەنى «باغى ئېرەم ياكى ئېرەم باغ»)
بىنا قىلدى ۋە پەيدا قىلغان ئادىمىنى شۇ باغقا ئورۇنلاشتۇر-
دىلەر...، «ئېدەن زېمىنىدىن بىر دەريا ئېقىپ چىقىپ، ئۇ باغنى
سۇغىراتتى. دەريا باغدىن ئۆتكەندىن كېيىن تۆت تارامغا بۆلىنىدىكەن.
بۇ تۆت تارامنىڭ بىرى «بىسون» دەپ ئاتىلىپ ھاۋىلا (قۇملۇق يەر
دېگەن مەنىدە) دىيارىنى ئايلىنىپ ئاقىدىكەن. ئۇ جايدىن ناھايىتى
سۈپەتلىك ئالتۇن، ئۈنچە - مەرۋايىت ۋە ھېقىق چىقىدىكەن. دەريانىڭ
ئىككىنچى تارامى «گىھون» دەپ ئاتىلىدىكەن ۋە ئۇ پۈتكۈل كۇس
دىيارىنى ئايلىنىپ ئاقىدىكەن. ئۈچىنچى تارامنىڭ ئېتى
«شىدىجەدجلە» بولۇپ، ئۇ ئاسسۇرىيىنىڭ شەرقىدىن ئېقىپ
ئۆتىدىكەن. تۆتىنچى تارامى بولسا «فرات دەرياسى» ئىكەن، دەپ
قەيت قىلىنغان.

«تاغ - دەريالار دەستۇرى» دا شۇنداق بايان قىلىنىدۇ: «يەنى
غەربتە 320 چاقىرىم نېرىقى جايدا خوەيجيالىڭ دەپ ئاتىلىدىغان بىر
تاغ بار. چيۇشى سۇلىرى (ھازىرقى خوتەن ۋىلايىتىدىكى نىيە
دەرياسى، كېرىيە دەرياسى، يورۇڭقاش دەرياسى، قاراقاش دەرياسىدىن
ئىبارەت تۆت دەريانى كۆرسىتىدۇ). شۇ جايدىن باشلىنىپ شىمالغا

بەڭ چوڭقۇرلۇقىدىن سۈيى قارامتۇل كۆك كۆرۈنىدۇ. تەمى تاتلىق، كۆلدە لەھەڭ، مۈڭگۈزسىز گەجدىھا، بېلىق، گەجدىھا، تاشپاقا، قىسقۇچپاقا قاتارلىق سۇ ھايۋانلىرى ۋە سۇقسۇر، ياۋا غاز، سۇنىياۋ قۇشى، غاز، دوغداق قاتارلىق سۇ قۇشلىرى ياشايدۇ. قۇشلار چۆل-جەزىرىدىكى قۇمساڭغۇ جايلارغا ياكى نەم جايلارغا تۇخۇملايدۇ. كۆلنىڭ غەربىدىن چوڭ بىر ئېقىن ئېقىپ چىقىپ، غەربتە دامۇشتې ئىمپېرىيىسى (ئافغانىستاننىڭ شىمالىي چېگرىسىدىكى ۋاخان دېگەن جاي) نىڭ شەرقىي چېگرىسىغا بارغاندا فۇشۇشۇن دەرياسىغا قوشۇلۇپ غەربكە ئاقىدۇ. كۆلنىڭ شەرقىدىن ئېقىپ چىققان ئېقىن، شەرقىي شىمالدىكى ساگو (قەشقەرگە يېقىن بىر جاي) نىڭ غەربىي چېگرىسىغا بارغاندا تۇدۇ دەرياسىغا قوشۇلۇپ شەرققە قاراپ ئاقىدۇ» دەپ قەيت قىلىنغان.

«تاغ - دەريالار دەستۇرى» دا: «(ماقالىنىڭ ئالدىنقى بۆلىكىدىكى خۇەيجياڭ تېغى، يەنى «بېھىش» ئورۇنلاشقان تاغ) نىڭ غەربىي جەنۇبىدىن 400 چاقىرىم نېرىدا كوئىنلۇن دۆڭلۈكى (يەنى پامىر ئېگىزلىكىدىكى قاراقۇرۇم تېغى) دا ‹ئېدەن› دېگەن بىر جاي بار. ئۇ جايدا بېڭساۋ دەپ ئاتىلىدىغان، شەكلى ئاپتاپپەرەسكە ئوخشاپ كېتىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك ئۆسىدۇ، تەمى سۇڭپيازغىلا ئوخشايدۇ (پامىر ئەسلىدە «سۇڭلىڭ دەپمۇ ئاتىلاتتى)، ئۇنى يېگەن ئادەمنىڭ غەم - قايغۇلىرى يوقاپ، كۆڭلى ئېچىلىپ قالىدۇ. دەريا (ھىندى دەرياسى) شۇ يەردىن باشلىنىپ، جەنۇبتا ۋۇدا (ئەرەب دېڭىزى) غا، گانگ دەرياسى شەرقىي جەنۇبقا ئېقىپ بېرىپ فەنتيەن (بېنگال قولتۇقى) غا، ياڭشۇي دەرياسى (ئامۇ دەرياسى) غەربىي جەنۇبقا قاراپ ئېقىپ چۇچۇ (ئارال دېڭىزى) غا، خېيشۇي (تارىم دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى زەرەپشان دەرياسى) غەربكە ئېقىپ، دامۇدىكى لوپنۇر كۆلىگە قۇيۇلىدۇ» دەپ قەيت قىلىنغان.

«جەننەت» نىڭ كونا ئورنى بولغان خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئالتۇن، قاشتېشى بايلىقى ھېلىمۇ ئىنتايىن مول بولۇپ، يەنىلا نىيە دەرياسى، كېرىيە دەرياسى، يۇرۇڭقاش دەرياسى، قاراقاش دەرياسى قاتارلىق تۆت دەريانىڭ يۇقىرى ئېقىنىغا تارالغان. بۇ ئەھۋاللار «ئىنجىل» دا قەيت قىلىنغىنى بىلەن ئوخشاش.

ئۆتۈپ، بېنگال قولتۇقىغا قويۇلىدىغان گانگا دەرياسى — مۇشۇ شۇ.
ماقالىنىڭ ئالدىنقى بۆلىكىدىكى تىلغا ئېلىنغان «دەجلى دەرياسى»
مۇشۇ گانگا دەرياسىغا ئوخشىتىلغان) باشلىنىپ، جەنۇبى قىتئەسىدىكى
ئاناپودادو كۆلىنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، كۆلنىڭ جەنۇبىدىكى شەرقىي
جەنۇبىي دېڭىزغا قويۇلىدىكەن. كۆلنىڭ غەربىدىكى لىيۇلىماكۇ دېگەن
جايدىن فۇشۇشۇن دەرياسى دەيدىغان بىر دەريا (ئافغانىستان،
تاجىكىستان، تۈركمەنىستان، ئۆزبېكىستانلاردىن ئېقىپ ئۆتۈپ ئارال
دېڭىزىغا قويۇلىدىغان ئامۇ دەرياسى — «ئىنجىل» دىكى «فرات»
دەرياسى دېگەن دەريا بۇ دەرياغا ئوخشىتىپ قىياس قىلىنغان)
باشلىنىپ كۆلنى ئايلىنىپ ئېقىپ، غەربىي شىمالىي دېڭىزغا
قويۇلىدىكەن. كۆلنىڭ شىمالىدىكى شىزىكۇ (شىر ئېغىزى) دېگەن
يانتۇلۇقتىن (تۇدۇ دەرياسى دەيدىغان بىر دەريا ئەسلىدە پامىر
ئېگىزلىكىدىن، تارىم ئويمانلىقىدىن ئېقىپ ئۆتۈپ لوپنۇر كۆلىگە
قويۇلىدىغان تارىم دەرياسى بولۇپ، «ئىنجىل» دىكى «جىشۇن»
دەرياسى دېگەن دەريا، تارىم دەرياسىغا تەقلىد قىلىنغان) كۆلنى
ئايلىنىپ ئېقىپ شەرقىي شىمالىي دېڭىزغا قويۇلىدۇ.

«بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربكە ساياھەت خاتىرىسى» نىڭ 12 -
جىلدىدە يەنە مۇنداق بايانلارمۇ بار: «... بومىلو ئېگىزلىكى ‹پامىر
ئېگىزلىكى› گىچە ئىككى قارلىق تاغ (شياڭشەن تېغى ۋە ئۇلۇغ
قارلىق تاغ) ئارىسىغا ئورۇنلاشقان، شەرق - غەرب چېكى ئارىلىقى
مىڭ نەچچە چاقىرىم، جەنۇب - شىمال چېكى ئارىلىقى يۈز نەچچە
چاقىرىم، تار جايلىرىنىڭ ئارىلىقى ئون چاقىرىمغىمۇ يەتمەيدىغان بىر
جاي بولۇپ، سوغۇق قاتتىق بولىدۇ. يازدىمۇ قار ياغىدۇ. كېچە -
كۈندۈز بوران ئۈزۈلمەيدۇ. تۇپرىقى شورلۇق، تاشلىق، ئۈنۈمسىز،
قاقاسلىقىدىن ئادەم ياشىمايدۇ» .

«بومىلو ئېگىزلىكىدە ‹تيەنلۇڭ كۆلى› دەيدىغان بىر كۆل (ئانا
پودادو كۆلى) بولۇپ، كۆلنىڭ شەرقتىن غەربكىچە 300 نەچچە
چاقىرىم، شىمالدىن جەنۇبقىچە 50 نەچچە چاقىرىم (يەنى ئايلانمىسى
800 چاقىرىم) كېلىدۇ. كۆل بۈيۈك سۇڭلىڭ (پامىر ئېگىزلىكى)
گە، جەنۇبى قىتئەسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان، يەر شارائىتى
ئېگىز، سۈيى ناھايىتى سۈزۈك، چوڭقۇرلۇقىنى بىلىپ بولمايدۇ.

ئېقىنغا قوشۇلىدۇ ۋە ئېقىپ شەرققە بارغاندا جۇبىن دەرياسىغا تۇتىشىدۇ. جۇبىن دەرياسى يەنە شەرقتە چەرچەن (پىشامشان) دۆلىتىدىن ئۆتۈپ، شىمالدا ئىدۇن ـ قەدىمىي كرورانغا بارىدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن.

يۇقىرىقى بايانلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، نوھ ئەلەيھىسسالامنىڭ كېمىسى كەلكۈن سۇيىدە 150 كۈن لەيلەپ يۈرگەن. بۇنداق چوڭ دەريا ئېقىنى يەر شارىدا پەقەت خوتەن ۋىلايىتى جايلاشقان تارىم ئويمانلىقى ۋە ئۇنىڭدىكى ئەسلىدە دۇنيا بويىچە بىرىنچى ئىچكى قۇرۇقلۇق دەرياسى بولغان تارىم دەرياسىدىنلا ئىبارەت.

نوھ ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ بالا ـ چاقىلىرى كېمىدىن چۈشكەندە، كېمىگە چۈشكەن جاينى كونا نامى بويىچە «ئىدۇن» دەپ ئاتاپ كېلىۋەرگەن. بۇ هازىرقى ئۇدۇن قەدىمىي شەھىرى (يەنە بىر ئىسمى كروران قەدىمىي شەھىرى) دىن ئىبارەت. «ئۇدۇن»، «ئىدۇن» لەرنىڭ تەلەپپۇز قىلىنىشى ئوخشىشىپ كېتىدۇ. بۇ ھەرگىز شۇنداقلا ئۇدۇل كېلىپ قېلىش ئەمەس. 1899- يىلى 9 - ئاينىڭ 17 - كۈنى شىۋىتسىيىلىك ئېكسپېدىتسىيىچى سىۋېن ھېدىن ئىككى ئادىمى بىلەن يەكەندىن قولۋاققا ئولتۇرۇپ، تارىم دەرياسىنىڭ تارماق ئېقىنى بولغان خوتەن دەرياسىدا لەيلەپ ئېقىپ، ھازىرقى لوپنۇر كۆلىنىڭ يېنىدىكى كرروران قەدىمىي شەھىرىگە كەلگۈچە بەش ئاي ئۆتكەن. بۇ نوھ ئەلەيھىسسالامنىڭ كېمىگە ئولتۇرۇپ، سۇدا لەيلەپ ئېقىپ يۈرگەن ۋاقتى بىلەن تامامەن ئوخشاش چىققان.

4. روھىي ئانالىز پىسخىك تارىخ مىتوتى بويىچە جانلىق تەھلىل قىلغاندا، «ئىزگۈ ـ قاباھەت دەرىخى» نىڭ خوتەندە ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلغىلى بولىدۇ.

«ئىنجىل» دا «ئىزگۈ ـ قاباھەت دەرىخى» مۇنداق تەسۋىرلەنگەن: «يەھۋا (خۇدا) ئۆزى پەيدا قىلغان ئادەم ئاتىغا بۇيرۇپ ئېيتتى: ‹ × × × سەن بۇ باغنىڭ مېۋىلىرىنى خالىغانچە يېگىن، پەقەت ئىزگۈ ـ قاباھەت دەرىخىنىڭ مېۋىسىنى يېمىسەڭلا بولىدۇ. چۈنكى ئۇنى يېسەڭ شۇ ھامان ئۆلىسەن›. خۇداۋەندى كېيىن يەنە ‹ئادەمنىڭ يالغۇز ياشىشى ياخشى ئىش ئەمەس. ئەمدى ئۇنىڭغا

3. تارىم دەرياسىدا ئېكسپېدىتسىيە قىلىش، نوھ ئەلەيھىسسالام كېمىسىنىڭ تارىم ئويمانلىقىدا لەيلەپ ئاققانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

«ئىنجىل» دا قەيت قىلىنىشىچە: «نوھ ئەلەيھىسسالام 600 ياشقا كىرىپ ئارىدىن ئىككى ئاي 17 كۈن ئۆتكەندە، يەردىكى بۇلاقلار يېرىلىپ، ئاسمان قاپقاقلىرىمۇ ئېچىلىپ كەتتى. 40 كېچە - كۈندۈز توختىماي قارا يامغۇر ياغدى. ئەنە شۇ كۈنلەردە نوھ ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى بولغان سام، ھام ۋە ياپەس، نوھنىڭ خوتۇنى بىلەن ئۈچ كېلىنى بىللە كېمىگە چىقتى ...» . «قىرىق كۈن داۋامىدا يەر يۈزىنى توپان بالاسى باستى. سۇلار تېشىپ، كېمىنى ھەدەپ يۇقىرى ئۆرلەتتى. يەر يۈزىنى باسقان سۇ تاشقىنى بارغانسېرى كۆچىيىپ بارغانلىقتىن كېمە سۇ يۈزىدە ئۈزۈپ يۈرەر ئىدى ... توپان سۈيى ناھايىتى ھەيۋەتلىك بولۇپ، يەر يۈزىدىكى سۇ تاشقىنى 150 كۈن داۋاملاشتى». يەنى 7 - ئاينىڭ 17 - كۈنى كېمە ئارارات تېغى (ھازىرقى لوپنۇر كۆلى ئەتراپىدىكى بىر تاغ) قا كېلىپ توختىدى. سۇ بارا - بارا پەسىيىپ، 10 - ئاينىڭ باشلىرىدىكى بىر كۈنى تاغ چوققىسى كۆرۈندى» . «... ئۇ يەنە يەتتە كۈن كۈتكەندىن كېيىن، كېمىدىن بىر كەپتەرنى قويۇپ بەردى. كەچقۇرۇنلۇقى كەپتەر ئۇنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلگەندە، كەپتەرنىڭ تۇمشۇقىدا يېڭى يۇلۇنغان بىر تال زەيتۇن يوپۇرمىقى بار ئىدى» .

«نوھ ئەلەيھىسسالام 601 ياشقا تولغان يىلى، يەنى كونا يىل بويىچە 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى يەر يۈزىدىكى سۇلار سىڭىشكە باشلىدى. نوھ ئەلەيھىسسالام كېمىنىڭ قاپقىقىنى كۆتۈرۈپ قارىۋىدى، يەر يۈزىنى قاپلىغان سۇنىڭ قۇرۇپ كەتكىنىنى كۆردى. 2 - ئاينىڭ 17- كۈنى يەر يۈزى پۈتۈنلەي قۇرۇپ بولغانىدى» . «شۇنىڭ بىلەن نوھ ئەلەيھىسسالام بالا - چاقىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ كېمىدىن چۈشتى. ئۇلار بىلەن جىمى ياۋايى ھايۋانلار، ئۇششاق جان - جانىۋارلار، پەررەندە - ئۇچار قۇشلار، يەر يۈزىدىكى مەخلۇقاتلار قانچە تۈرلۈك بولسا جىمىسى ئۇ كېمىدىن ئامان - ئېسەن يەرگە چۈشتى.»

بۇنىڭدىن 1400 يىل ئىلگىرى يېزىلغان «تاغ - دەريالار دەستۇرى» گە «شەرھى» دە: «چەرچەن دەرياسى شەرقىي شىمالغا قاراپ ئېقىپ، چەرچەننىڭ شىمالىغا بارغاندا سولغا بۇرۇلۇپ جەنۇبىي

كىشىلەرنىڭ پائالىيىتى ئومۇمەن مۇنداق ئىككى خىل ئەھۋالدا بارلىققا كېلىدۇ: بىرى، تەنىنىڭ ئىچكى ئېھتىياجى ياكى ئىستەك - مەيىللىرىدىن؛ يەنە بىرى، سىرتقى مۇھىتنىڭ تەسىرى ۋە قوزغىتىشىدىن. «ئادەم ئاتا» بىلەن «هاۋا ئانا» ياشلىقى تازا ئۇرغۇپ تۇرغان مەزگىلى بولغاچ، ئۇلارنىڭ جىنسىي هاياجانلىنىش شەرتلىرى تولۇق هازىرلانغان. «هاۋا ئانام» ئۈزۈمنى دەسلەپتە قورقۇپ تۇرۇپ دەككە - دۈككىدە يېگەن، بۇ چاغدا سوزۇنچاق، يۇمشاققىنا كەلگەن سايىۋا ئۈزۈمنىڭ بىشىدىن تارتىپ تاكى يىلتىزىغىچە ئۆز ئاغزىغا كىرىپ كەتكەندەك (بۇ يەردە مۇناقى ئۈزۈم ئەرلىك ئەزاغا تەققاسلىنىپ شۇنداق تەسۋىرلەنگەن بولۇشى مۇمكىن — تەرجىماندىن)، ئاجايىپ بۆلەكچە بىر خىل سېزىم پەيدا بولغان.

ئۇنىڭدىن باشقا يەنە «قۇستانا» دېگەن سۆز سانسكرىت تىلىدا «ئۈزۈم» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. خوتەن ۋىلايىتىدە تېپىلغان قېزىلمىلاردىن مەلۇمكى، خوتەندە بۇنىڭدىن نەچچە مىڭ يىللار ئىلگىرىكى ئۈزۈملۈكلەرمۇ بار. بۈگۈنكى كۈندە خوتەن ۋىلايىتىدىكى «ئۈزۈم كارىدورى» نىڭ ئۇزۇنلۇقى 1500 كىلومېتىردىن ئاشتى. بۇنىڭدىن خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ھەقىقىي ئۈزۈم كانى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۇلاردىن باشقا، خوتەن ۋىلايىتىدە ئەنجۈرمۇ ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، 200 نەچچە يىللىق ئەنجۈر دەرەخلىرىمۇ ئاز ئەمەس. «ئىمزگۇ - قاباھەت دەرىخى» نىڭ ئانا يۇرتى خوتەن ئىكەن، ئۇنداقتا «ئېدەن بېغى» دەپ ئاتىلىۋاتقان جەننەتمۇ دەل مۇشۇ يەردە دېگەن سۆز!

5. «تەكلىماكان» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ دەل «ئېدەن بېغى» جايلاشقان يەر ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

«تەكلىماكان» دېگەن سۆزنىڭ ئۇيغۇرچىدا ئىككى مەنىسى بار: بىرى، «ئۆتكەن زاماندىكى يۇرت - ماكان»؛ يەنە بىر «بايلىق كۆمۈلگەن جاي (بايلىق كانى)». خوتەن ۋىلايىتى «ئىنسانلارنىڭ ئۆتكەن زاماندىكى يۇرت - ماكانى» ئىكەنلىكى، «تەكلىماكان» دېگەن سۆزنىڭ يوقىرىدىكى ئىككى مەنىسىدىن چىقىپ تۇرۇپتۇ. دېمەك، «ئىنسانلارنىڭ ئۆتكەن زاماندىكى يۇرت -ماكانى» — دەل شۇ «ئېدۇن بېغى (جەننەت)» دۇر. زور كەلكۈن ۋە زور كۆچمە قۇملار تەرىپىدىن

مۇناسىپ بىر ھەمراھ يارىتىپ بېرىمەن، دېدى» ، «شۇندا ياراتقۇچى خۇدا ئادەمنى قاتتىق ئۇيقۇغا غەرق قىلىۋەتتى. ئادەم ئۇخلاپ قالغاندىن كېيىن ئۇنىڭ بىر تال قوۋۇرغىسىنى سۇغۇرۇۋالدى ۋە ئورنىنى ئەس بىلەن قاپلاپ قويدى. خۇدا بۇ قوۋۇرغىدىن بىر ئايالنى ياراتتى ...». «ئۇ چاغلاردا، ئادەم بىلەن ھاۋا بىر - بىرىدىن ئۇيىلىشنى بىلمەيتتى، ئاندىن تۇغما ھالەتتە بىرگە ئۆتتى».

«خۇدا ياراتقان بارلىق جان - جانىۋارلار ئىچىدە يىلان ھەممىدىن ھەييار ئىدى. ئادەم ئاتىنىڭ ئايالىدىن: ‹ئىگەم راستتىن سىزگە باغدىكى بارلىق مېۋىلەرنىڭ ھەممىلا تۈرىنى يېيىشكە بولمايدۇ، دېگەنمىدى؟›، دەپ سورىغاندا، ئايال يىلانغا: ‹باغدىكى مېۋىلەرنىڭ ھەممە تۈرىنى يېيىشىڭلارغا بولىدۇ، پەقەت ئاۋۇ دەرەختىكىسىنى يېمەڭلار، ئۇنىڭغا تەگمەڭلار، بولمىسا ئۆلىسىلەر، دېگەن›، دەپ جاۋاب بەردى. يىلان ئايالغا: ‹ياق، ئۆلمەيسىلەر! چۈنكى خۇداغا شۇنىسى ئايانكى، سىلەر ئۇ مېۋىنى يېگەن ھامان كۆزۈڭلار ئېچىلىپ كېتىدۇ ۋە خۇددى خۇداغا ئوخشاش ئىزگۈ - قاباھەتنى پەرقلەندۈرەلەيدىغان بولۇپ كېتىسىلەر›». ھاۋا ئانا قارىسا راست دېگەندەك ئۇ دەرەخنىڭ مېۋىسى ناھايىتى يېيىشلىك، كۆزگىمۇ، ئەقىل - زېھنىگىمۇ پايدىلىق. شۇنىڭ بىلەن ئۇ چەكلەنگەن مېۋىنى يېدى، ئېرىگىمۇ بەردى، ئېرى ھەم يېدى. شۇ زامان ھەر ئىككىلىسىنىڭ كۆزلىرى ئېچىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ قىپيالىڭاچ ئىكەنلىكىنى بايقاشتى. ئۇلار ئەنجۈر يوپۇرماقلىرىنى بىر - بىرىگە چېتىپ يۇرۇپ، ئۆزلىرىگە يېپىنچا قىلىشتى.»

«ئىزگۈ - قاباھەت دەرىخى» دېيىلىدىغان دەرەخ توغرۇلۇق ئىنجىلدا ھېچنېمە دېيىلمىگەن. بۇنى روھىي ئانالىز پسىخىك تارىخ ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. روھىي ئانالىز پسىخىك تارىخ ئۇسۇلى دېگەنلىك، پسىخىك ئىلمىنىڭ نەزەرىيىسى، تەھلىل قىلىش ئۇسۇلى ۋە ۋاستىسى بىلەن تارىخنى تەتقىق قىلىش ھەمدە شۇ ئارقىلىق تۈرلۈك تارىخىي ۋەقەلەرنى چۈشەندۈرۈش، شۇنداقلا نامەلۇم تارىخىي پاكىتنى پەرەز قىلىپ تېپىش ئۇسۇلىنى كۆرسىتىدۇ. روھىي ئانالىز ئىلمىنىڭ ئاساسچىسى فىرېئۇد: «جىنسىي ئىستەك ئىنسانلار پائالىيىتىنىڭ ئەڭ مۇھىم نىگىزى» دەپ قارايدۇ.

ئۆمەرجان نۇرى

# «خوتەن» نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى

بۈگۈنكى خوتەن قەدىمدە «يىپەك يولى» نىڭ جەنۇبىدىكى مۇھىم ئۆتەڭ بولۇپ، ئوتتۇرا ئۇزلەڭلىك بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدا ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنىڭ مۇھىم تۈگۈنى بولۇپ كەلگەن. «خوتەن» نامىنىڭ قويۇلۇشى، ئۇنىڭ خىلمۇ خىل ئاتىلىشى ۋە بۇ ئاتالمىلارنىڭ شەرھلىرى توغرىسىدىكى ئېتمولوگىيە تەتقىقاتى ۋە ئۇنىڭ قىسقىچە جەريانلىرى توغرىسىدا تۆۋەندىكىچە توختىلىمەن:

خوتەننىڭ نامى ئۆزىدىكى ساكچە ۋە ئۇيغۇرچە مەنبەلەردە قەيت قىلىنغانلىرىدىن ئۆزگە، يەنە قوشنا ئەل — مىللەتلەرنىڭ يازما مەنبەلىرىدىمۇ خېلى مول ھەم ھەر خىل شەكىللەر بىلەن خاتىرىلەنگەن. ساكچە ۋە قەدىمكى ئۇيغۇرچە مەنبەلەردىكى خوتەن ئېتمولوگىيىسىگە مۇناسىۋەتلىك مەنبەلەر يېتەرلىك بولمىغاچقا خەنزۇچە، تۈبۈتچە، ھىندىچە، ئەرەب، پارسچە ھەم موڭغۇلچە مەنبەلەرگە تايىنىپ، خوتەن ئېتمولوگىيىسىنى يورۇتۇشقا توغرا كېلىدۇ.

خەنزۇچە مەنبەلەردە يەنى خەننامە (汉书)، كېيىنكى خەننامە (后汉书)، ۋېينامە (魏书)، لياڭنامە (梁书)، جوۋنامە (周书)، سۈينامە (隋书)، كونا تاڭنامە (旧唐书)، يېڭى تاڭنامە (新唐书)، بەش دەۋرنىڭ كونا تارىخى (旧五代史)، بەش دەۋرنىڭ يېڭى تارىخى (新五代史)، سۇڭ سۇلالىسى تارىخى (宋史)، مىڭ سۇلالىسى تارىخى (明史)، بۇددا ئەللىرى خاتىرىسى (佛国记)، لوياڭدىكى ساڭرامىلار قىسسەسى (洛阳伽蓝记)، مۆتىۋەر راھىبلار تەزكىرىسى (高僧传)، مۆتىۋەر راھىبلار تەزكىرىسىنىڭ داۋامى (续高曾传)، سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى مۆتىۋەر راھىبلار تەزكىرىسى (宋高僧传) قاتارلىق ئەسەرلەردە (于阗) دەپ خاتىرىلەنگەن. غەربىي

تەكلىماكان قۇملۇقى ئاستىغا كۆمۈلۈپ قالغان قەدىمىي مەدەنىيەت ئىزنالىرى ۋە بايلىق - مىراسلار ھەددى - ھېسابسىز. شۇڭا خوتەن ۋىلايىتىلا «ئېدەن بېغى (جەننەت)» دېيىلىشكە ھەقىقىي لايىق.

(«تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ 2001 - يىل 3 - سانىدىن ئېلىندى. داۋۇت ساۋۇت تەرجىمىسى)

## قوشۇقان مەڭگۈ تېشى

قوشۇقان (؟ — 757) تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن سەركەردە. ئاتىسى تۈرك، ئانىسى ئۇدۇن (قەدىمكى خوتەن) خان جەمەتىدىن. ئۇ ھىراۋۇل، ئەمىر لەشكەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن. ئۇ، ئەن لۇسەن (ھازىر ئۆگلۈك دەپ تەرجىمە قىلىنىۋاتىدۇ) توپىلاڭچىلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىپ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ نامىغا ئاتاپ ئېگىزلىكى 6.80 مېتىر، كەڭلىكى 1.84 مېتىرلىق تۆھپە مەڭگۈ تېشى ئورنىتىلىپ خاتىرىلەنگەن. مەڭگۈ تاشنىڭ ئۈستىنكى تەرىپىگە خەنزۇچە قوشۇقانغا ئاتاپ تىكلەنگەن تۆھپە مەڭگۈ تېشى ھەققىدىكى تۆت خەت نەقىشلەنگەن. تاشنىڭ مەتنى خەنزۇچە لىشۇخەت شەكلى بىلەن 12 قۇر خەت ئويۇلغان بولۇپ، ئاساسەن ئۆچۈپ كەتكەن. ھازىر ئاران 67 خەتنى تونۇپ ئوقۇغىلى بولىدۇ. بۇ مەڭگۈ تاش ھازىر گەنسۇ ئۆلكىسى لىنجاۋ ناھىيىسى بازىرىدىكى چوڭ جەنۇبىي يول 2 - نومۇرلۇق قورۇدا ساقلىنىۋاتىدۇ.

— ئۆمەرجان نۇرى تەييارلىغان

tong، tang دەيدۇ، بۇ 阗 خېتىنىڭ پونولوگىيىلىك گوقۇلۇشىغا يېقىن كېلىدۇ، بۇ ئىككى مەنىنى بىرلەشتۈرۈپ قارىغاندا، خوتەن قەدىمدىن باشلاپ قاشتېشى بىلەن مەشھۇر بولغاچقا، «قاشتېشى يۇرتى» دېگەن مەنىدە قوللانغان بولۇشى مۇمكىن دەپ قارايدۇ. بۇ كۆز قاراش بىر مەھەل بازار تېپىپ خوتەن ئاھالىسىنىڭ ئېتنىك مەنبەسىنى تۈبۈتلەرگە باغلايدىغانلارمۇ مەيدانغا چىققان. شۇڭا بۇنداق شەرھلەش پۈت تىرەپ تۇرالمايدۇ. چۈنكى، خوتەننىڭ قەدىمكى ئاھالىسى تۈبۈت ئەمەس، بەلكى ساك. يەنە كېلىپ تۈبۈتلار خوتەنگە 662 - يىلى تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندە، بۇ يەردە ئاندىن تۈبۈتلار پەيدا بولغان. شۇنداقكەن بۇ خىل ئەقىلگە مۇۋاپىق بولمىغان كۆز قاراش بىلەن خوتەن نامىنىڭ ئېتمولوگىيىسىنى شەرھلەپ «زاۋا»، «تۇۋەت» دېگەن يەر - جاي ناملىرىغا قاراپلا تۈبۈت تىلىدىن كەلگەن دېيىش نادانلىق. چۈنكى تۈبۈتلەر (زاڭزۇلار) ئەزەلدىن ئۆزلىرىنى «تۈبۈت» دەپ ئاتىمىغان. شۇڭا خوتەن ئېتمولوگىيىسىنى تۈبۈت تىلىدىن ئىزدەش ئىلمىي پائالىيەت ئەمەس.

2) شۈەنزاڭنىڭ بايانىغا ئاساسەن كىتاب قىلىنغان بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي ئەللەر خاتىرىسى (大方等大集经) نىڭ ئاخىرقى بابلىرىدا، قەدىمكى خوتەنگە مۇناسىۋەتلىك بىر نەچچە رىۋايەت قاتارىدا خوتەننىڭ نامىنى سانسكرىتچە Kustana، Gostana دەپ ترانسكرىپسىيە قىلغان. بۇنى ئالىملار سانسكرىت تىلىدا Ku يەر مەنىسىدە، Stana بولسا ئەمچەك دېگەن مەنىدە بولۇپ، خوتەن دېگەن نام سانسكرىت تىلىدا «يەر ئەمچىكى» دېگەن مەنىدە دەپ شەرھلىشىدۇ ھەم شۈەنزاڭنىڭ ئەينى چاغدىكى شەرھىسىگە ماسلاشتۇرۇپ تەھقىقلىشىدۇ.

3) فرانسىيىلىك ئالىم لېۋىيمۇ، شۈەنزاڭنىڭ خاتىرىسىدىكى Kustana ئەسلىدە ھىندى تىلى بويىچە qustani بولۇشى كېرەك، qistanu بولغاندا ھىندى تىلىدا «ئۈزۈم» دېگەن مەنىنى بىرىدۇ دەپ قارايدۇ. خوتەن رايونىدا ئۈزۈمنىڭ مول بولۇش ئالاھىدىلىكىگە قاراپ، بۇ قاراشنى مۇۋاپىق كۆرسەكمۇ، لېكىن سانسكرىت تىلىدىكى kustana نى رەت قىلىپ، ھىندى تىلىدىن مەنە ئىزدەش توغرا ئەمەس. چۈنكى سانسكرىت تىلى، ھازىرقى ھىندى يەنى ھازىرقى زامان ھىندى تىلىنىڭ ئانىسىدۇر.

ئەللەر خاتىرىسى ( 西域记 ) دە ( 瞿萨旦好坏 ) Gostana, Kustana دەپ خاتىرىلىنىپ: «تاڭ ئېلىنىڭ تىلىدا ‹يەر ئەمچىكى› دېگەن مەنىدە بولىدىكەن. يەنى ئۇلارنىڭ تىلىدا ‹ئېسىل› دېگەن گەپكەن، ئاۋام تىلىدا Wathana 涣那، خوتەن تىلىدا 于循 ‹ئۇدۇن›، ئوغۇزلارنىڭ تىلىدا Khota 豁丹، ھىندى تىلىدا Kuttan 屈丹 دېيىلىدىكەن» دېگەن. غەربكە ساياھەت خاتىرىلىرى 西游记 دە، يۈەن سۇلالىسىنىڭ مەخپىي تارىخى 史五端元秘، يۈەن سۇلالىسى تارىخى 元史,兀丹 دا، غەربىي - شىمال جۇغراپىيىسىگە دائىر تولۇقلىمىلار 端翰، 录附地北西 دا 忽炭 دەپ خاتىرىلەنگەن. لىۋىي ئەپەندىنىڭ تەتقىق قىلىشىچە 根本说一切有部毗奈耶 (Sarrastirada بىلەن (Vinayavibhanga 日藏经 دېگەن خەنزۇچە نومدىكى 罗沙摩 (Kaya — syamaka) دېگەن يەر نامى 翻梵语 سانسكرتچىدىن تەرجىمە قىلغان چەت ئەللەر تەزكىرىسى 外国传 دىن سېپتاتە ئالغان 罗奢木 يەنىلا — Kara — Syamaka خوتەننى كۆرسىتىدىكەن. غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى 西域图志 دە خوتەن ھەققىدە قىسقىچە ساۋات 新疆识略、额里齐 دا، 伊里齐 دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇ ئىلچى دېگەن نامنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسىدىن ئىبارەت خالاس. خەنزۇچە مەنبەلەردە خوتەن نامى كۆپ خاتىرىلەنگەن بولسىمۇ، ئېتىمولوگىيىسى «يەر ئەمچىكى» دېگەن بىر تەبىردىن باشقا، ھېچقانداق شەرھى - ئىزاھلار ئارقىلىق تەھقىقلەنمىگەن. يەنە كېلىپ «يەر ئەمچىكى» دېگەن تەبىرمۇ بۇددا دىنىغا باغلانغان رىۋايەتلەر بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋېتىلگەن.

خەنزۇچە ماتېرىياللاردا خاتىرىلەنگەن 于阗 دېگەن نام ئەڭ دەسلەپ سىماچەن 司马迁 نىڭ تارىخىي خاتىرىلەر 史记 دېگەن بۈيۈك ئەسىرىدە تىلغا ئېلىنغان. شۇڭا ئالىملار مۇشۇ خاتىرىنى تۇتقا قىلىپ، خوتەننىڭ نامىنىڭ ئېتىمولوگىيىسى ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، كىشىنى قايىل قىلغۇدەك ھەر خىل كۆز قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويدى. خەنزۇچە مەنبەنى ئاساس قىلغان تەتقىقاتلاردىن مۇنۇلار بار:

1) ياپونىيىلىك تارىخشۇناس شىراتورى كۇرايوشى(白鸟库吉): تۈبۈت تىلىدا قاشتېشىنى (Yu)gyu دەيدۇ 于 خېتىنىڭ پونو-لوگىيىلىك ئوقۇلۇشى khu ياكى gu، تۈبۈت تىلى بىلەن ئېيتقاندا «قاشتېشى» دېگەن مەنىدە، تۈبۈت تىلىدا «بازار، مەھەللە» دېگەننى

史 ) دېگەن ئەسەردە خوتەننىڭ نامى تۈبۈتچە «لى يول» (Li yol) دەپ خاتىرىلەنگەن. تۈبۈت تىلىدا «لى» سۆزى «قوتاز» مەنىسىدە، «يول» سۆزى بولسا «ئەل - دۆلەت» مەنىسىدە بولۇپ «قوتاز باقىدىغان ئەل» دېگەن مەنىدە بولىدىكەن. تۈبۈتچە قويۇلغان بۇ نام نىمىگە ئاساسەن شۇنداق يېزىلغانلىقى ھەققىدە ھازىرغىچە ئېنىق قاراش ئوتتۇرىغا قويۇلمىدى.

5) قەدىمكى تۈركچە - ئۇيغۇرچە مەنبەلەردىمۇ قەدىمكى خوتەن نامى ھەققىدە ئازدۇر - كۆپتۇر مەلۇمات بار. بۇ مەنبەلەردىكى بەزى ناملار ھەققىدە ئىزدىنىشلەرمۇ بارلىققا كەلدى. بەزىلەر «تۈنيوقۇق مەڭگۈ تېشى» ۋە «بايانچۇر مەڭگۈ تېشى» دىكى «قۇردان» دېگەن بارا-بارا «قۇدان»غا، ئاندىن يەنە نۇرغۇن زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تەدرىجى «خوتەن» گە ئۆزگەرگەن دەپ قارايدۇ. بۇ قاراشنىڭ ئىلمىي ئاساسى يوق. چۈنكى «قۇردان» دېگەن نامنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆز يىلتىزى (مەستىرى) «قۇر» بولۇپ «غەرب، كۈن پېتىش» مەنىسىدە، «دان» نىڭ مەنىسى تېخىچە ئېنىقلانمىدى. «قۇردان» ئەسلى مەنىسىدىمۇ «غەرب تەرەپ» دېگەن مەنىدە قوللىنىلغان. يەنە بىر پاكىت شۇكى «تالاس مەڭگۈ تاشلىرى» ئىچىدىكى بىرىنچى مەڭگۈ تاشنىڭ بىرىنچى قۇرىدا قەدىمكى خوتەن نامى Odun دەپ خاتىرىلەنگەن⑨. يەنە كېلىپ ھازىر پارىژ دۆلەتلىك كۇتۇپخانىدا Pouigur2 نومۇرلۇق بىر قەدىمكى ئۇيغۇر تىل يېزىقىدىكى ھۆججەت ساقلىنىۋاتقان بولۇپ، مەزكۇر ھۆججەت 1068 - يىلى شاجۇۋ (ھازىرقى دۇنخۇاڭ) دا يېزىلغانىكەن. ئۇنىڭدىمۇ خوتەننىڭ نامى Odun دەپ خاتىرىلەنگەن⑩. «تالاس مەڭگۈ تاشلىرى» دىكى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان ھۆججەتتىكى Odun دېگەن ترانسكرىپسىيىدىن: مىلادىدىن بۇرۇنقى ھونلار تىلىدىكى «ئۇدۇن» ( 于循 ) دېگەن تۈركچە نام، مىلادى V ئەسىرلەرنىڭ ئالدى - كەينىدە «ئۇدۇن»، X ئەسىرنىڭ ئالدى - كەينىدە بولسا «ئۇدۇن» غا ئۆزگەرگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. مەھمۇد كاشغەرىنىڭ «تۈركى تىللار دىۋانى»دا: غەيرىي تۈركلەر سوزۇق تاۋۇش بىلەن باشلانغان ئىسىملارنىڭ بېشىغا «ھ» ھەرپىنى قوشۇپ تەلەپپۇز قىلىدۇ. خوتەنلىكلەرمۇ «ھ» ھەرپىنى قوشۇپ تەلەپپۇز قىلىدۇ دېگەن بايانىغا ئاساسەن، خوتەن دېگەن نامنىڭ تۈركى تىللاردىكى

شەرقشۇناسلارنىڭ تەتقىقاتىغا قارىغاندا، خوتەننىڭ قەدىمىي ئاھالىسى بولمىش ساكلارنىڭ مىللەت ئېتمولوگىيىسى جەھەتتە ساك دېگەن نام «كۈچلۈك، قۇدرەتلىك» دېگەن مەنىدە ئىكەن. شۇڭلاشقا «خوتەننى، خوتەنلىك ئاۋام خەلق (ساكلار) Wathana دەيدىكەن» دېگەن ئۇچۇرغا ئاساسەن، بۇنىڭ ساك تىلىدىكى ئەسلى پونولوگىيىسى hu — vat — ana بولۇشى كېرەككەن، شۇنداق بولغاندا بۇ سۆز «ناھايىتى كۈچلۈك» دېگەن مەنىدە بولىدۇ دەپ قارىغۇچىلارمۇ بار.

4) خەنزۇچە ماھاۋەيپۇلىيەمەھاساننپاتە سۇترا« 大方等大集经 » نومىدىكى: 于阗即优地耶那,此言后堂 دېگەن شەرھىدە خاتا ھالدا خوتەننىڭ خەنزۇچىدىكى نامىنى، سانسكرىت udyana دىن كەلگەنكەن دەپ ئىزاھلاپ قويغان. ھىندىستاندا udyana (乌耆廷那) دېگەن بىر جاي بار. نومىنىڭ شەرھىدە، ھىندىستاندىكى يەر نامى خوتەن دەپ ئىزاھلىنىپ قالغان. بۇ خاتا شەرھنى سانسكرىت تىلىدىكى udyana دىن كەلگەنكەن دەپ ئىزاھلاپ قويغان. بۇ خاتا شەرھنى توغا قىلىپ ئىزدىنىپ كۆرگەنلەرمۇ بولدى. فرانسىيىلىك شەرقشۇناس فېلوت Ndyana دېگەن سۆزنىڭ سانسكرىت تىلىدا «ھەرەم، ئارقا ھويلا» دېگەن مەنىسىدىن باشقا يەنە «ئارامگاھ گۈلزارلىق» دېگەن مەنىلىرىمۇ بار دەپ قارايدۇ. شۇڭا مۇشۇ مەنىسىگە ماسلاشتۇرۇپ «داموكو، گۈلاخما» دېگەن يەر نامىنىڭ ئېتملوگىيىسىنى ئىزدىگۈچىلەرمۇ بار ھەم بۇ كۆز قاراشنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرۈپ، تەۋراتتىكى جەننەت نامى eden (ئەرەبچىسىدە «جەننەتۇل ئەدەن»، خەنزۇچە 伊甸园) ئەسلىدە قەدىمكى خوتەننى كۆرسەتسە كېرەك دېگەن قىياسلارنىمۇ ئوتتۇرىغا قويۇشتى.

ياپونىيىلىك بۇددا ئالىمى تىراموتو (寺本婉雅) نىڭ «ئۇدۇن ئېلىنىڭ تارىخى» (于阗国史) دېگەن ئەسىرىدە تەھقىقلىشىچە: 真檀(迦腻色迦) توخرى كۇسان ئىمپېرىيىسىنىڭ بەرپاچىسى كانىشكا دېگەن ئەلدە تۇغۇلغانىكەن. 真檀 نىڭ ترانسكرىپسىيىسى Canadana بولۇپ قەدىمكى تۈبۈت نوملىرىدىكى Cankana قەدىمكى خوتەننى كۆرسىتىدىكەن. شۇنداق بولغاندا، خوتەننىڭ قەدىمكى نامى تۈبۈتچە كاندانا (Candana) ۋە «لى دۆلىتى» دېگەن بىر نەچچە خىل ئاتالغان بولىدۇ. تۈبۈتچە يېزىلغان «لى يولىنىڭ شارىر تارىخى» (于阗教法

قىلماي داۋاملىشىپ كېلىشمەدۇر. كىھوتاننىڭ ئېتمولوگىيىسى يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەندەك «ناھايىتى كۈچلۈك» دېگەن مەنە بېرىشى ئىلمىيلىقا ئىگە ھەم بۇ قاراش كۆپلىگەن قاراشلار ئىچىدە تېخىچە غەيرىي پىكىر ياكى رەددىيىگە ئۇچراپ باقمىدى. ئەكسىچە خېلى كۆپ ئالىملارنىڭ مايىللىقىغا ۋە ئىلمىي جەھەتتىن يەكۈنلەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە ئېرىشتى. شۇڭا خوتەن نامى ساك تىلىدىكى ۋە قارۇشتى يېزىقىدا پۈتۈلگەن ھۆججەتلەردىكىدەك «كىھوتان» نىڭ ئۆزگىرىپ «ھوتان» غا، ئاندىن «ھوتەن» گە، ئاخىرى «خوتەن» گە ئۆزگەرگەن دەپ قاراشقا بولىدۇ.

پايدىلانمىلار ۋە ئىزاھات:


① فېڭ چېڭجۈن: «غەربىي يۇرتتىكى يەر ناملىرى»، جۇڭخۇا نەشرىياتى، 1982- يىلى خەنزۇچە نەشرى 51 - بەت.

② خاتانى يوئاكى: «غەربىي يۇرتتىكى بۇددا دىنى»، سودا نەشرىياتى، 1999 - يىلى 11 - ئاي خەنزۇچە نەشرى. 125-، 126 - بەتلەر.

③ جى شيەنلىن قاتارلىقلار: «بۈيۈك تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى غەربىي ئەللەر خاتىرىسىنىڭ تەھقىق ۋە ئىزاھاتى»، جۇڭخۇا نەشرىياتى 1985 - يىلى خەنزۇچە نەشرى 1001 - بەت.

④ سۇبىيخەي: «غەربىي يۇرتنىڭ تارىخ - جۇغراپىيىسى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1989 - يىلى خەنزۇچە نەشرى.

⑤ لى يىنپىڭنىڭ «بۇددا ئېلى - ئۇدۇن» دېگەن كىتابىنىڭ خەنزۇچە نەشرى 8- بەتتىن نەقىل ئېلىندى.

⑥ «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1986 - يىلى 4 - سان، خەنزۇچە نەشرى.

⑦ «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى 2001 - يىلى 3 - ساندىكى ئىمزاسىز ماقالىنىڭ تەرجىمىسى.

⑧ ناگاساۋا كازىتوشى: «يىپەك يولى تارىخى ھەققىدە تەتقىقات»، تيەنجىن قەدىمكى ئەسەرلەر نەشرىياتى، 1990 - يىلى خەنزۇچە تەرجىمە نەشرى 220 - بەت.

Husein namik orkun «Eski turk yazitlari » istanbul

⑨ ھۈسەيىن نامىق ئورقۇن: قەدىمكى تۈرك. Yayinlagan. PP325 يازما ھۆججەتلىرى، ئىستانبول 1994 - يىلى تۈركچە نەشرى 325 - بەت

⑩ 4 - ئىزاھاتتىكى ئەسەر. 88 - بەت.

⑪ لى يىنپىڭ: «بۇددا ئېلى — ئۇدۇن» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1991 - يىلى خەنزۇچە نەشرى 6 - بەت.

ئۆزگىرىش جەريانىنى تۆۋەندىكىدەك خۇلاسىلىگىلى بولىدۇ.
udun → udun → odun → kadun → kodan → hotan
ئۇدۇن ← ئۇدۇن ← ھوتۇن ← ھوتان ← ھوتەن ← خوتەن
شۇنداقتىمۇ يەرلىك بەزى ئۇيغۇر دانىشمەنلەر، خوتەن نامىنى تۈركى تىللاردىكى «قوي ئېغىلى» دېگەن مەنىدىكى «قوتان» دېگەن نامدىن كەلگەن دەپ قارايمىش⑪. بۇ دانىشمەننىڭ ئېغىزىدىن ئەمەس، ئەقەللىي ئىلمىي ئەقىلدارغا ئىگە كىشى ئوتتۇرىغا قويىدىغان گەپ ئەمەس. شۇڭا مەقبۇل كۆرۈلمەيدۇ.
موڭغۇللار ئۇيغۇرلارنى «خوتون» دەپ ئاتايدىكەن. بەزىلەر بۇنى موڭغۇللار خوتەن دېگەن نام ئارقىلىق چۈشەنگەچكە، ئۇيغۇرلارنى «خوتون» دەپ ئاتىغان دېگەن قاراشتا ئىكەن. موڭغۇللارنىڭ ئۇيغۇرلارنى خوتون دەپ ئاتىشىدىكى سەۋەبىنىڭ كېلىش مەنبەسى ھازىرچە ئېنىق بولمىسىمۇ، ھازىر موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىدە خوتون نامى بىلەن ئاتىلىۋاتقان نەچچە مىڭ ئۇيغۇر بار⑫.
ئەرەب - پارسچە مەنبەلەردە خوتەن «خېتەن» دەپ خاتىرىلەنگەن. ئەرەبلەر خوتەننى پارسلار ئارقىلىق تونۇغانىكەن. ئەمما، پارسچە مەنبەلەردە XI ئەسىردىن ئىلگىرى چىن ياكى ماچىن نامى بىلەن، XII ئەسىرلەردىن كېيىن بولسا خوتەن نامى بىلەن ئاتالغان. چىن ياكى ماچىن دېگەن نام كونكرېت قايسى يەرنى كۆرسىتىدىغانلىقى ھەققىدە تالاش - تارتىش تۈگىمىگەن بولسىمۇ، ئەرەب - پارسچە مەنبەلەردىكى چىن ياكى ماچىن نامى، قەدىمكى خوتەننى كۆرسىتىدىغانلىقى ئىلىم ساھەسى ئېتىراپ قىلغان يەكۈن. يەنە كېلىپ قاراقاش ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدا «چىنماچىن شەھىرى» دەپ ئاتىلىدىغان ناھايىتى چوڭ بىر قەدىمكى شەھەر خارابىسى بار.
ياپونىيىدە 和田 (ۋادا دەپ ئوقۇلىدۇ)، 和田仓 (ۋادا كۇرا دەپ ئوقۇلىدۇ)، 和田山 (ۋاداياما دەپ ئوقۇلىدۇ) دەپ، خوتەن دېگەن نامنىڭ خەنزۇچە يېزىلىشى بىلەن ئوخشاش يېزىلىدىغان يەر ناملىرى بار. بۇ يەر نامى خوتەننىڭ خەنزۇچە يېزىلىشى بىلەن مۇناسىۋەتسىز. خەنزۇچە 和阗 دېگەن نام 1959 - يىلى 和田 دەپ قىسقارتىلىپ ئومۇملاشتۇرۇلغان.
خۇلاسە شۇكى، خوتەن دېگەن نام خوتەننىڭ قەدىمكى ئاھالىسى بولغان ساكلارنىڭ تىلىدىكى كىھوتان (Khatan) شەكلىنىڭ قەدىمدىن ھازىرغىچە ئاساسىي جەھەتتىن فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش

قۇربان تۇران

# ئۇدۇن ساك يېزىقىدىكى بىر پارچە مەكتۇپ ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار مەسىلىلەر

پارىژ دۆلەتلىك مۇزېيىدا مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرى پېللىيوت دۇنخۋاڭدىن ئېلىپ كەتكەن بىر تۈركۈم يازما ھۆججەتلەر ساقلىنىۋاتقان بولۇپ، شۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۇدۇن ساك يېزىقىدا يېزىلغان «ئۇدۇن پادشاھى ۋىيسارا سۇرادىن شاجۇ بېگى ساۋ يۈەنجۇڭغا مەكتۇپ» (تۆۋەندە قىسقارتىپ «مەكتۇپ» دېيىلىدۇ) ناملىق بىر پارچە ھۆججەت بار. p5538a نومۇرلۇق بۇ ھۆججەت 1954-يىلى ئەنگلىيە ئالىمى ۋ. بېيلېي (H. W. Bailey) تەرىپىدىن تۇنجى بولۇپ ئوقۇلدى ۋە ھازىرقى زامان تىلىغا تەرجىمە قىلىندى ①.

مەكتۇپنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا، ئۇ ئۇدۇن ۋىيسارا خانلىقى قەشقەر قورغانىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن يېزىلغان بولۇپ، قەدىمكى ئۇدۇن ۋە قەشقەر ھەققىدىكى تەتقىقاتتا بىرىنچى قول ماتېرىيال بولۇش سۈپىتى بىلەن ئالاھىدە قىممەتكە ئىگە. شۇنداقلا بۇ مەكتۇپ ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ قەدىمكى زامان تارىخىدىكى بەزى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش مۇمكىن.

## 1. مەكتۇپنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى ②

(بېش قىسمى يوقالغان)

«يەتتىنچى ئايدا لەشكەرلەرنى باشلاپ Khyesa kara غا يېتىپ كەلدۇق. مەزكۇر شەھەر ئاھالىسى ئەل بولماققا تەييارلانغانىكەن. بىزگە دۈشمەنلىك نەزىرىدە قاراۋاتقان Tazik Tsun Hien نىڭ ئالتۇن - كۈمۈشلىرى، خوتۇنلىرى، پىللىرى، ئارغىماقلىرى ۋە باشقا ئەمەلدارلارنىڭ مال - مۈلكى (ئۇدۇن) ئوردىسىغا تاپشۇرۇلدى. ھالا بۇگۈنگە قەدەر بىزنىڭ (قوشۇنىمىز) Sichun — Taikuan دا

⑫ تالات تېكىن، Talat Tekin Mehmet Olmei «Turk Dilleri Giris»: مەھمەت ئۆلمەز «تۈركى تىللارغا istanbul 1999 — yilh sunmurg yayinlari كىرىش»، ئىستانبۇل 1999 ـ يىلى سۇمۇرغ نەشرىياتىنىڭ تۈركچە نەشرى 136 ـ بەت.

⑬ جاڭ خوڭنيەن: «پارس ئەدەبىيات تارىخى»، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1993 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى 193 ـ بەت.

---



*ئۆمەرجان نۇرى 1968 ـ يىلى ئاپرېلدا قاراقاش ناھىيىسىنىڭ قاراساي يېزىسىدا تۇغۇلغان. باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى ئۆز يېزىسى ۋە ناھىيىسىدە ئوقۇپ، 1985ـ سېنتەبىردىن 1987 ـ يىلى ئىيۇلغىچە سابىق مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدا 1987 ـ يىلى سېنتەبىردىن 1991 ـ يىلى ئىيۇلغىچە شەرقىي شىمال پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇغان. 1991 ـ يىلى سېنتەبىردىن ھازىرغىچە خوتەن پېداگوگىكا مەكتىپىدە ئىشلەپ كېلىۋاتىدۇ. ئارىدا 1998 — 2001 ـ يىلغىچە مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئاسپىرانت بولۇپ ئوقۇپ، فىلولوگىيە پەنلىرى بويىچە ماگىستىر ئىلمىي ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. ئۆمەرجان ئوقۇتۇش قاتلاۋچىلىقىدىن بوشىغاندا ئۇيغۇر تىلى، تارىخىي ۋە مەدەنىيىتى بويىچە ئىزدىنىپ، 20 نەچچە پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلدۇرغان. خەنزۇچە، ياپونچە ۋە تۈركچىدىن «VII - X ئەسىرلەردىكى غەربىي يۇرت تارىخى»، «تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر تارىخى»، «تۈت خەلىپە تارىخى» قاتارلىق ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلغان. «ئۇيغۇر مەڭگۈ تاشلىرى» ناملىق كىتابىنى نەشرگە تاپشۇرغان.*

ئەزىزانە تۇپرىقىمىزغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن ھەمراھ بولۇپ بارغان ۋەزىر ۋە سەركەردىلەردىن بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشنى تەلەپ قىلىسىمىز بولىدۇ. پۇل - ماللار كۆپەيتىلگەن، ماددىي بويۇم، مال-چارۋا، ئادەم كۈچى ۋە لەشكىرىي كۈچ كۆپەيتىلگەن بولسىمۇ توقۇنۇش توختىمىغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ يولدا قانداق مۇشكۇلات ۋە ھالاكەت تەھدىتىگە ئۇچرىغانلىقىنى شۇ ۋاقىتتا بىلەلەيسىز. ناۋادا ھاكىمىيەت تىكلەش ئىشى بىر - ئىككى يىلغا سوزۇلۇپ كەتسە، تەسىرى كۆچلۈك چىنلىقلار رازى بولمىسا، بىز «بۇنىڭ، بۇ يەردىكى ئىشلاردا قىيىنچىلىقنىڭ ئېغىر بولغانلىقىدىن بولغان» دەپ جاكارلايمىز. ناۋادا ساۋ بېگىم ۋە Sat sou (شاجۇ) لىقلار بىزدىن رەنجىمىسە، بىز بۇ يەردە ھاكىمىيەت تىكلەشكە قادىر بولالىساق، بۇ يەردىكى چىنلىقلار بىلەن ياخشى خوپ بولۇپ قالساق، سوۋغاتلارنى يەتكۈزۈپ بېرەلىسەك ئۇ ھالدا سىزنىڭ مەۋقەيىمىزدىن ئېيتقاندا ھەممىنى چۈشىنىشكە بولىدۇ. ھازىر بۇ يەردىكى ئەڭ ئېغىر مەسىلە خان جەمەتى قانداق قىلغاندا بىزگە قارىتا ئىزچىل hvamcu بولىدۇ؟ ساۋ بېگىمگە سوۋغاتلارنى قانداق يەتكۈزىمىز؟ چىنلىقلار بىلەن قانداق قىلغاندا ياخشىلاشقىلى بولىدۇ؟ قاتارلىقلار. ھازىر بىز مۇقەددەس خان ھوقۇقىنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىۋاتىمىز. خان جەمەتى ئىدېئولوگىيىسى نۆۋەتتە بەگ ھەزرەتلىرىگە سوۋغاتلارنى قانداق يەتكۈزۈش ۋە چىنلىقلار بىلەن قانداق ياخشىلىشىش توغرىسىدا بەلگىلىك چۈشەنچىگە ئىگە، ھازىر بىز پۈتكۈل پىلاننى چەكلىدۇق، شۇڭا بۇ يەردە بىرەر ۋەقە يۈز بەرمىسىلا ئۇ يەردىكى خان جەمەتىنىڭ دىققەت - نەزەرى شاجۇغا چۈشىدۇ، بۇ يەردىن ئەۋەتىلگەن قوشۇن غەلىبە قىلدى. لەشكەر تارتىپ ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن ئۇ يەردىكى Tazik Tsun لارنىڭ ئىچىدىكى بىزنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنىمىز Tazik Hien بەدەر تىكىۋەتتى. ھازىرغىچە قوشۇنلارغا قوماندانلىق قىلىش ۋە باشقا ئىشلاردا يەنىلا نۇرغۇن توسالغۇلار مەۋجۇت. كېيىنكى قەدەمدىكى ئىش — بىزنىڭ دۆلەت سىرتىدا تۇرۇۋىشىمىزدۇر. خان جەمەتىنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن ھەرىكەتلىنىۋاتقانلىقىمىزغا سەككىز يىل بولدى. ناۋادا بىز بۇ قېتىم ئۆزلىرىنى رازى قىلالمىغان بولساق، بەگ ئالىيلىرى، مېنىڭ تاغام، بۇ، بۇ يەردىكى ھاكىمىيەت تىكلەش ئىشلىرىدا نۇرغۇن خەتەرلەرنىڭ بولغانلىقىدىندۇر. نارازىلىق ھېسسىياتى يەنىلا تاغام بەگ ئالىيلىرىنىڭ قەلبىدىن چىقىپ كېتەلمىسە بىز ھاكىمىيەت تىكلەش ئىشلىرىدىن ۋاز كېچىمىز. ئەلچى

تۇرۇۋاتىدۇ. ئۇزۇقلۇق ئاشلىقنى بولسا ئۈزۈلدۈرمەي مەزكۇر شەھەرگە توشۇۋاتىمىز. چۈنكى (بۇ) شەھەردە ئاھالە كۆپ بولغانلىقتىن ھەمىشە ئاشلىق ئۆكسۈپ قالىدىكەن، كېيىن بىز ئۆچ گورۇپپا لەشكەرنى شەھەرنى قوغداشقا ئورۇنلاشتۇردۇق، ھەر بىر گورۇپپىدا بىردىن سەركەردە ۋە 1800 لەشكەر بار. تەۋەلىكىمىزدىكى سەككىز تېكىن ئىزچىل تۇردە ئاشۇ يەردە تۇرۇۋاتىدۇ. بىزنىڭ ھەيۋىتىمىز Sichun — Taikuan ئەتراپىغىچە تارقالدى. چاغرى (Cagri) خاننىڭ ئادەملىرى ۋە Tazik Tsun Hien يوللارنى كونترول قىلىۋالغانلىقتىن Khyesa kara شەھىرىگە توشۇلۇۋاتقان (ماددىي بويۇملارنىڭ) بىخەتەرلىكى كۆزدە تۇتۇلۇپ، (قوغداشقا) لەشكەر - ياساۋۇللار ئەۋەتىلدى. ئاشۇ بىر تۇركۇم كىشىلەرنىڭ (يوللارنى) كونترول قىلىۋالغانلىقى ئۇلارنىڭ بۇ (يوللارنى) توسالايدىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. بەگ ئالىيلىرى، خاتىرجەم بولغايسىز. ئادەملىرىمىز ھەر كۈنى ئاشۇ يەرلەرگە بېرىپ - كېلىپ تۇرۇۋاتىدۇ. بىز ئۇ يەرگە بىر پارچە پەرمان يوللىغاندىن كېيىن يېقىندا ئاشۇ شەھەردىن (Khyesa kara شەھىرىدىن) چاپارمەن كېلىپ، چاغرى خاننىڭ 12 - ئاينىڭ 27 - كۈنى قوشۇن باشلاپ ئاشۇ شەھەرنىڭ ئەتراپىغا يېتىپ كەلگەنلىكىنى، 1 - ئاينىڭ 4 - كۈنىگە قەدەر يەنىلا شۇ يەردە تۇرۇۋاتقانلىقىنى مەلۇم قىلدى. ئۇلارنىڭ ئومۇمىي سانى ئېنىق ئەمەس. شۇڭا مەن زور قوشۇن ئەۋەتىپ تاقابىل تۇرۇشقا تەييارلىنىۋاتىمەن. Sichun — Taikuan دىكى لەشكەرلەرنىڭ قۇدرىتى ھەر بىر تارماق قوشۇننىڭ غەلىبە قىلالايدىغانلىقىغا كاپالەت بولالايدۇ. يات ئەلنىڭ زېمىنىنى ئىگىلەپ، ھاكىمىيەت تىكلەش تولىمۇ مۇشكۇل ۋە جاپالىق ئىش. سىز، مېنىڭ تاغام بولمىش ساۋ بېگىم ئەندىشىدە بولمىغايسىز. بۇ يەرنىڭ كەلگۈسى ئىشلىرى قانداق بولىدۇ، بۇنىڭدىن شۇ ۋاقىتتا سىزنى يەنە ۋاقىپلاندۇرىمەن. ئۇ ۋاقىتلارغا بارغاندا بۇ يەردە كۈچلۈك چىن (chin) لىقلار پەيدا بولۇپ، لەشكەرلىرىمىز ئۇزاق مەزگىل خانلىق زېمىنىنىڭ سىرتىدا تۇرۇپ قالغۇسى. ناۋادا يېمەكلىك ۋە باشقا لازىمەتلىكلەر سىزنىڭ ئارزۇيىڭىز بويىچە يەتكۈزۈلمەي قالسىمۇ رەنجىپ كەتمىگەيسىز. ئاشۇ جاي (Khyesa kara) دا ھاكىمىيەت تىكلەپ بولغىچىلىك ھەر تۈرلۈك ئىشلار ساماندەك كۆپ بولىدۇ. ئەلنى ئىدارە قىلىش ۋە ھاكىمىيەت تىكلەش خىزمەتلىرىدە مۇشكۇلاتلار كۆپ بولغانلىقتىن، بەگ ئالىيلىرىنىڭ بۇ ئىشلارنى توغرا چۈشىنەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

نوملىرىنىڭ خەنزۇچە، سانسكرىتچە ياكى تىبەتچە يېزىقلاردىكى تەرجىمە نۇسخىلىرى بولغانلىقتىن، بۇ نوملارنىڭ ئۇدۇن ساك يېزىقىغا ئاساسەن قىلىنغان تەرجىمە نۇسخىسىنى باشقا تىللاردىكى تەرجىمە نۇسخىلىرىغا سېلىشتۇرۇپ، ئېنىقسىز جايلىرىنى توغرىلىۋالغىلى بولىدۇ. ئەمما، باشقا تۈردىكى خۇسۇسىي يازمىلار، جۈملىدىن يۇقىرىقى مەكتۇپنىڭ باشقا تىللاردىكى تەرجىمە نۇسخىسى مەۋجۇت بولمىغانلىقتىن، مەزكۇر مەكتۇپتىن باشقا ۋەسىقىلەردە كۆزگە چېلىقمايدىغان خاس ئىسىملارنىڭ بەزىلىرىنى ئېنىق بېكىتكىلى بولمايدۇ. بولۇپمۇ مەكتۇپتا كۆپ ئۇچرايدىغان Ⅱ شەخسنىڭ كىملەرنى كۆرسىتىدىغانلىقى تازا ئېنىق ئەمەس. شۇڭا ئۇنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنىنى چۈشەنگىلى بولسىمۇ، ئەمما بەزى جۈملىلەرنىڭ دېگەندىمەك باغلىنىشىپ كەتمەيدىغانلىقىنى بېيلىي ئەپەندىمۇ ئىلاجسىزلىق ئىچىدە ئېتىراپ قىلىدۇ.

## 2. «مەكتۇپ» نىڭ يىل دەۋرى ۋە ئىگىلىرى

مەكتۇپنىڭ ئاخىرىغا: «Thyena tcuna نىڭ بەختلىك دەۋرىنىڭ 4-يىلى ئات يىلى، 1-ئاينىڭ 9-كۈنى» دەپ ئېنىق يېزىلغان. پۇللېيبلانك (E. G. Pulleyblank) Thyenatcuna ئۇدۇن خانى ۋىساراسۇرا ( Visa sura ) نىڭ يىلنامىسى ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىققان بولۇپ، ئۆزى ئېلان قىلغان بىر پارچە ۋەسىقىدە «ۋىسارا سۇرانىڭ بەختلىك دەۋرىنىڭ 5-يىلى قوي يىلى، 7-ئاينىڭ 17-كۈنى»③ دەپ ئىمزا قويۇلغان. ۋىساراسۇرا بولسا ئۇدۇن خانى Visa Sambkava نىڭ تەخت ۋارىسى ئىدى. «سۇڭنامە. ئۇدۇن تەزكىرىسى» ۋە «ئەلنى باشقۇرۇش ئۆرنەكلىرى. داۋامى» دا ئۇدۇن خانى ۋىسارا سۇرانىڭ 4-يىلى ئات يىلى، 5-يىلى قوي يىلى ئىكەنلىكى ئېيتىلىپ، ۋىسارا سۇرانىڭ يىلنامىسى 天尊 (tian zun) بولغانلىقى ھەققىدە ئېنىق خاتىرە پۈتۈلگەن. 天尊 نىڭ 1-يىلى توشقان يىلى بولۇپ، مىلادىيە يىلنامىسىگە ئايلاندۇرغاندا 976-يىلى بولىدۇ. Tkyyenatcuna بولسا 天尊 نىڭ خەنزۇ تىلىغا قىلىنغان ترانسكرىپسىيىلىك ئاھاڭ تەرجىمىسى بولۇپ، تيەنزۇننىڭ 4-يىلى مىلادىيە 970-يىلىغا توغرا كېلىدۇ.

مەكتۇپنىڭ يىل دەۋرى ۋە ئاپتورى ئېنىقلانغان ئىكەن، ئۇ ھالدا مەكتۇپنى تاپشۇرۇۋالغۇچىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى تېپىش قىيىنغا چۈشمەيدۇ.

مەكتۇپتا خەتنى تاپشۇرۇۋالغۇچى بىر نەچچە قېتىم «ساۋ بېگىم» دەپ تىلغا ئېلىنىدۇ. بۇ يەردىكى ساۋ فامىلىلىك بۇ بەگ مەكتۇپنىڭ

يېتىپ بارغاندىن كېيىن مەكتۇپ بىلەن ئۆزىڭىزنىڭ قانداق ئويدا بولغانلىقىڭىزنى، قەلبىڭىزدىكى نارازىلىقنىڭ مۆلچەرىڭىزدىكى سوۋغاتنى تاپشۇرۇۋالمىغانلىقىڭىز بىلەن مۇناسىۋەتلىك ياكى ئەمەسلىكىنى، ياكى (قەلبىڭىزدىكى نارازىلىقنىڭ) ھاكىمىيەت تىكلەش ئىشىغا بولغان نارازىلىقتىن كېلىپ چىققانلىقىنى بىزگە ئۇقتۇرۇپ قويارسىز. دەر ھەقىقەت، ھاكىمىيەت تىكلەش ئىشى توغرىسىدا ئوردا ئىچىدىكى خانىش، مەلىكە ۋە شاھزادىلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلمىدۇق، بۇنىڭغا قارىتا بىرەر تەدبىر قوللىنىشقا ئامالسىز قالدىم. ئېھتىمال مۇشۇ ئىشتىن بەگ ئالىيلىرىنىڭ كۆڭلىدە نارازىلىق پەيدا بولغان بولسا كېرەك. ناۋادا راستىنلا شۇنداق بولغان بولسا بىر پارچە مەكتۇپ يېزىپ، ئەلچى ئارقىلىق ئەۋەتكەيسىز، بىز ھاكىمىيەت تىكلەش ئىشىدىن ۋاز كېچىمىز، شۇنداقلا سوۋغاتلارنى بەگ ھەزرەتلىرىگە ئەۋەتىپ، ھاكىمىيەت تىكلەش جەھەتتە سىزنى رازى قىلىمىز. ناۋادا ھاكىمىيەت تىكلەش ئىشىمىز ئوڭۇشلۇق بولۇپ قالسا، بىز بەگ ھەزرەتلىرىگە تۆۋەندىكى سوۋغاتلارنى ئەۋەتمەكچىمىز:

1 - دەرىجىلىك ئوتتۇراھال تېپتىكى قاشتېشىدىن بىر كاللەك — 42 جىڭ؛ 2 - دەرىجىلىك ساپ قاشتېشىدىن بىر كاللەك — 10 جىڭ؛ 3 - دەرىجىلىك قاشتېشىدىن بىر كاللەك — 8.5 جىڭ؛ ئۈچ خىل قاشتېشىنىڭ ئومۇمىي ئېغىرلىقى 60.5 جىڭ؛ تېرىدىن ئىشلەنگەن يۇرەك دالدىلىغۇچتىن بىر دانە، بىر داندىن سۆڭەك دەستىلىك ئۇمۇت ۋە پالتا؛ چىنە بىر دانە؛ ساندۇق بىر دانە.

شاھزادىمىزگە كەلسەك ئۇ ناھايىتى باتۇر، شۇڭا خان جەمەتىمىز سىزگە كۆپتىن - كۆپ رەھمەت ئېيتىمىز. ئەگەر ئۇ راستىنلا شۇنداق ئېسىل يىگىت بولسا، ئېھتىمۇ قورقۇمسىز بولسا بىز سىزگە ئېھتىمۇ كۆپ تەشەككۇر بىلدۈرگەن بولاتتۇق. سىزگە Tazik Tsun Hien ئىشلەتكەن ئۇمۇتنى، كۆپتۈرمە شەكىللىك ئاغزى قۇلۇپلىق ئېغىزى قۇلىقىغا چىگىپ قويۇلىدىغان ئىستاكاننى ۋە بىر دانە كۈمۈش ساندۇقنى ئەۋەتتۇق، سىزگە يەنە غىلاپلىق شەمشەر ئەۋەتمەكچىمىز، بۇ شەمشەر دۆلەت گۆھىرى.

بىزنىڭ مەزكۇر مەكتۇپنى ئەۋەتكەن ۋاقتىمىز Thyenat Cuna نىڭ بەختلىك دەۋرىنىڭ 4 - يىلى، ئات يىلى، 1 - ئاينىڭ 9 - كۈنى.

ئىلاۋە: بۇگۈنگە قەدەر تېپىلغان ئۇدۇن ساك يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەردىن بۇددا

ساۋىيجىن ئۆلگەندىن كېيىن تەختكە ساۋيۇەنجۇڭ ۋارىسلىق قىلدى. 966 - يىلى ۋىيسارا تەڭرىخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن ۋىيسارا سۇرائۇدۇن خانى بولۇپ تەختكە چىقتى. ۋىيسارا سۇرانىڭ ئانىسى ساۋىيجىننىڭ قىزى بولغانلىقتىن، تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتى جەھەتتىن ئېيتقاندا ساۋيۇەنجۇڭ ۋىيسارا سۇرانىڭ ئانىسىنىڭ ئىنىسى بولاتتى. مەكتۇپتا ئېيتىلغان «تاغام» دېگەن ئىبارە مانا مۇشۇ مۇناسىۋەتنى كۆزدە تۇتۇپ ئىشلىتىلگەندى. ساۋ يۇەنجۇڭ (ۋىيسارا سۇرانىڭ تاغىسى) بولسا يۇقىرىقى مەكتۇپنى تاپشۇرۇۋالغۇچى شەخس ئىدى.

## 3. Khyesakara ۋە «قەشقەر» نامىنىڭ ئېتمولوگىيىسى

مەكتۇپنىڭ بېشىدا ئۇدۇن قوشۇنلىرىنىڭ زور لەشكىري كۈچ بىلەن khyesakara قەلئەسىنى ئىشغال قىلغانلىقى يېزىلىدۇ. khyesakara مەزكۇر قەلئە نامىنىڭ ئۇدۇندا ئىشلىتىلگەن ساك تىلىنىڭ ئالاھىدە فونېتىكىسىغا ماسلاشتۇرۇپ قىلىنغان تەرجىمىسى بولۇپ، بۇ خىل تەرجىمە نامى خەنزۇچە ۋەسىقىلەردىمۇ ھەر خىل شەكىلدە ئۇچرايدۇ.

«خەننامە. قۇرىغار تەزكىرىسى» دە مۇنداق دېيىلىدۇ: «سۇللۇغ بېگى سۇللۇغ شەھىرىدە ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ»، «كېيىنكى خەننامە» دىكى مەلۇماتنىڭ يەر نامى ھەققىدىكى قىسمى «خەننامە» دىكىگە ئوخشايدۇ، ئەمما بۇ ۋاقىتتا سۇللۇغنىڭ نوپۇسى ئىنتايىن تېز سۈرئەتتە كۆپىيىپ ئەسكەرلىرى «خەننامە» دە ئېيتىلغان 2000 دىن بىراقلا ئۈچ تۈمەنگە يەتكەن. تاكى مىلادى 8 - ئەسىرلەرگە قەدەر بولغان خەنزۇچە كلاسسىك ھۆججەتلەرنىڭ ھەممىسىدىلا قەشقەرنىڭ قەدىمكى نامى ئىزچىل رەۋىشتە «سۇللۇغ» ( 疏勒 ) دەپ خاتىرىلىنىدۇ. خەنزۇچە ھۆججەتلەردە «تاڭنامە» دىن باشلاپ قەشقەرنىڭ يېزىلىش شەكلى ئۆزگىرىشكە باشلىدى. «يېڭى تاڭنامە» دە مۇنداق دېيىلىدۇ: «سۇللۇغ يەنە qie sha ( 沙 ) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئايلانمىسى 5000 چاقىرىمدىن ئارتۇق ... خان جەمەتىنىڭ فامىلىسى پېي ( 裴 )، ئۆزلىرىنى ئامۇجۇ دەپ ئاتىشىدۇ. jia shi ياكى qie shi ( 伽师 ) شەھىرىدە تۇرىدۇ. تۈرك خانلىقى قىزىنى

تېپىلغان جايى دۇنخۇاڭدا ھۆكۈم سۈرگەن ساۋ جەمەتى خانلىقىنىڭ بەگلىرىنى كۆرسىتەتتى. بۇ نۇقتىنى ئىزاھلاش ئۈچۈن سۆزنى سە يىراقتىنراق باشلاشقا توغرا كېلىدۇ.

755 - يىلىدىكى ئۆڭلۇق - سۆيگىن ئىسيانى تاڭ سۇلالىسىنىڭ ھالاكەت سىگنالىنى چالغان ۋاقىتلاردا تىبەتلەر ئۆزىنىڭ گۈللەنگەن دەۋرلىرىدە تۇرۇۋاتقانلىقىدىن پايدىلىنىپ، خېشى كارىدورىنى كونترول قىلىۋالدى. IX ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە بولسا تاڭ دۆلىتىنىڭ خېشى رايونىدىكى ھۆكۈمرانلىق تەرتىپى تىبەتلەر تەرىپىدىن ئاللىقاچان بۇزۇپ تاشلانغانىدى. ئەمما IX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە تىبەت دۆلىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى تۈرلۈك كىرىزىسلارنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، تىبەتلەرنىڭ خېشى كارىدورىدىكى ھۆكۈمرانلىقى تەۋرىنىش باسقۇچىغا كىردى. ما مۇشۇنداق ئەھۋالدا 851 - يىلى شاجۇ (دۇنخۇاڭ) ۋە گەنجۇ (جاڭيې) ئەتراپىدىكى چوڭ تەسىرگە ئىگە باي جەمەتنىڭ ۋەكىلى ھېسابلىنىدىغان جاڭ يىچاۋ شاھزادە پان تېكىن باشچىلىقىدىكى غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلار بىلەن زىچ ھەمكارلىشىپ،④ تىبەتلەرگە قارشى ئىسيان كۆتۈردى. نەتىجىدە ئۇيغۇرلارنىڭ كونتروللۇقى ئاستىدىكى جاڭ يىچاۋ ھاكىمىيىتى قۇرۇلدى. ئەنە شۇ ۋاقىتلاردىن تارتىپ بۇ ھاكىمىيەت ئۇدۇن خانلىقى بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، سىياسىي ئىتتىپاق تۈزدى. ئۇ جاڭ يىچاۋنىڭ شاجۇ ھاكىمىيىتى ئۈچۈن ئىقتىسادىي جەھەتتىن زۆرۈر بولسا، ئۇدۇن خانلىقى ئۈچۈن سىياسىي ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. بولۇپمۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ دەرۋازىسى ھېسابلانغان ئاشۇ رايون بىلەن زىچ ئالاقىدا بولۇش، ئۇدۇن خانلىقى ئۈچۈن مۆلچەرلىگۈسىز مۇھىم مەنپەئەتلەرنى ئېلىپ كېلەتتى. X ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە جاڭ جەمەتى ئىچىدە قىرغىنچىلىق يۈز بېرىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ساۋ جەمەتى دەسسىدى. مىلادى 920 - يىلى ساۋيىجىن جاڭ جەمەتىنىڭ ئەمەلىي ھوقۇقىنى قولغا ئالدى. ساۋ جەمەتىمۇ ئوخشاشلا زور نوپۇزغا ۋە بايلىققا ئىگە چوڭ جەمەت بولۇپ، ئۇمۇ جاڭ جەمەتىگە ئوخشاش ئۇدۇن خانلىقى بىلەن بولغان دوستانە مۇناسىۋەتنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى. كېيىنچە بۇ خىل مۇناسىۋەت تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىپ، ساۋكىجىن ئىككىنچى قىزىنى ئۇدۇن خانى ۋىيسارا سامخاۋا (ۋىيسارا تەگرىخان دەپمۇ ئاتىلىدۇ) غ خانىشلىققا بەردى. بۇ ۋەقەلەر شۇ ۋاقىتتىلا دۇنخۇاڭ مىڭ ئۆيلىرىگ سىزىلدى ۋە دەۋرىمىزگە قەدەر يېتىپ كەلدى⑤.

ئوخشاش بىر سۆزنىڭ ئوخشىمىغان تەلەپپۇز شىۋىسى بولۇپ، «قەلئە، بەگلىك، شەھەر» دېگەن مەنىدە دەپ چۈشەندۈرىدۇ. مۇشۇ بويىچە قارىغاندا «قاشقارا» ياكى «قەشقەرى» نىڭ مەنىسى «قاش شەھىرى» ياكى «قاش بەگلىكى» دېگەنلىك بولىدۇ.

ئەمدى بۇ يەردە ئىككىنچى بىر مەسىلە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ، يەنى خەنزۇچە ۋەسىقىلەردىكى «سۇللۇغنىڭ يەنە بىر نامى 疏، خان جەمەتى 伽师 دا تۇرىدۇ» دېگەن مەلۇماتلار بەزى ئىزاھلارنى تەلەپ قىلىدۇ. «خەننامە. قۇرىغار تەزكىرىسى. سۇللۇغ» دا: «سۇللۇغ بېگى سۇللۇغ شەھىرىدە تۇرىدۇ» دېيىلىدۇ. بۇ ئەھۋال ئەينى ۋاقىتتىكى سۇللۇغ بەگلىكى تەۋەسىدە بەگلىك نامى ۋە شەھەر نامى ئوخشاش ئاتىلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. «كېيىنكى خەننامە» دە بولسا سۇللۇغ لەشكەرلىرىنىڭ ئۈچ تۈمەندىن ئاشىدىغانلىقى كۆرسىتىلىدۇ. لەشكەر سانىنىڭ بىر نەچچە 10 يىلنىڭ ئىچىدە پەۋقۇلئاددە تېز سۈرئەتتە 2000 دىن ئۈچ تۈمەنگە يەتكەنلىكى كۆپىنچە ھەربىي ئېھتىياجدىن بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ تۇرماقتا. دېمەك 5 ـ ئەسىرلەردە سۇللۇغ بەگلىكى ھەربىي كېڭەيمىچىلىك يۈرگۈزگەن ۋە ئەسلىدىكى بىر شەھەرنى ئاساس قىلغان بەگلىكتىن تەدرىجىي ھالدا بىر نەچچە شەھەر ـ قەلئەلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىش سەۋىيىسىگە يەتكەن، بەگلىك نوپۇسى شىددەت بىلەن ئاشقان. بۇ بويسۇندۇرۇلغان خەلقنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن روياپقا چىققان پەۋقۇلئاددە تېز سۈرئەتتىكى ئېشىش ئىدى. بۇنىڭ بىلەن شەھەرنىڭ كۆلىمى ۋە نوپۇس قۇرۇلمىسىدىمۇ مۇناسىپ ئېشىش ھادىسىسى يۈز بەرگەن. مەكتۇپتا شەھەر نوپۇسىنىڭ كۆپلۈكىدىن شەھەرگە ئاشلىق يۆتكەشنىڭ لازىم بولغانلىقىنى، ھەر بىر گورۇپپىسى 1800 لەشكەردىن تۈزۈلگەن ئۈچ گورۇپپا قوشۇننىڭ شەھەرنى مۇداپىئە قىلغانلىقى ئېيتىلىدۇ. 6000 غا يېقىن لەشكەرنىڭ مەخسۇس مۇداپىئەدە تۇرغانلىقىدىن قاش شەھىرىنىڭ ئەينى ۋاقىتتا ھەقىقەتەنمۇ چوڭ شەھەر بولغانلىقىنى بىلىۋېلىش مۇمكىن.

بەگلىك كۆلىمى كېڭەيگەن ئاشۇ دەۋرلەردە (بۇنىڭ كونكرېت ۋاقتىنى بېكىتىشتە ئاساسلىنىدىغان يازما ھۆججەتلەر تېخى يېتەرلىك ئەمەس) ئاندىن سۇللۇغ بەگلىكىنىڭ دۆلەت نامى بىلەن خان جەمەتى تۇرىدىغان شەھەر نامى پەرقلىنىشكە باشلىدى، يەنى دۆلەت نامى يەنىلا ئەنئەنىۋى ئادەت بويىچە «سۇللۇغ» دەپ ئاتالسىمۇ، شەھەر نامى «قاشقارى» 伽师祇离 ياكى قىسقارتىلىپ 伽师 ) شەكلىنى

ئۇلارغا خانىشلىقىقا بەرگەن ...» 祇 沙 ⑥ ۋە 伽 师 قاتارلىقلارنىما
قەدىمكى تەلەپپۇزى مەكتۇپتا خاتىرىلەنگەن khyesa بىلەن زو
دەرىجىدە يېقىن كېلىدۇ، يەنى qas<kasi<kasa (قاش) دېگەنلىما
بولىدۇ. «قاش» نامى يەنە «فاشيەن سەپەرنامىسى» ۋە «بۈيۈك تال
دەۋرىدىكى غەربكە ساياھەت خاتىرىسى» قاتارلىقلاردىمۇ كۆزگ
چېلىقىدۇ. مىلادى 727 - يىلى قاش شەھىرىدىن ئۆتكەن جۇڭگ
ساياھەتچىسى خۇي چاۋ مۇنداق يازىدۇ: «پامىردىن ئۆتۈپ بىرەر ئاي
ماڭغاندىن كېيىن سۇللۇق شەھىرىگە يېتىپ كەلدۇق. يەرلىك
خەلقلەر بۇ خانلىقنى 伽 师 祇 离 (jia shi qi li) بەگلىكى (يەنى
قاشقىرى ياكى قەشقىرى) دەپ ئاتايدىكەن.»⑦

خۇي چاۋنىڭ بۇ مەلۇماتى 8 - ئەسىرنىڭ ئاۋۋالقى يېرىمىدا
يېزىلغان بولۇپ، مۇشۇ پاكىتقا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ مۇنداق خۇلاس
چىقىرىش مۇمكىن: خەنزۇچە ۋەسىقىلەردە مۇشۇ ۋاقىتلاردىن
باشلاپ، «سۇلۇغ» دەپ خاتىرىلەشنىڭ ئورنىغا «قاش» دەپ
خاتىرىلەندى. خۇي چاۋ ئۇنى گەرچە «سۇلۇغ» دەپ ئالغان بولسىمۇ
يەرلىك خەلقنىڭ «قاشقارا» ياكى «قەشقەرى» دەپ ئاتايدىغانلىقىنى
ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ. بۇ، «قاشقارى» دېگەن شەكىل خەنزۇچە
ۋەسىقىلەردە «سۇلۇغ» نامى ئىشلىتىلگەن دەۋرلەردىمۇ مەۋجۇت،
دېگەنلىك بولاتتى. چۈنكى بۇنىڭدىن ئىلگىرى باشقا خەنزۇچە
ۋەسىقىلەردە «سۇلۇغ» دەپ خاتىرىلەش بىلەن چەكلەنگەن بولسىمۇ،
يەرلىك خەلقنىڭ ئۆز تىلىدىكى ئاتىلىشى ۋە ئۇنىڭ كېلىش مەنبەسى
كۆرسىتىلمىگەن. بۇ يەردىكى «قاش» بىلەن مەھمۇد قەشقەرى
«قاش» سۆزىگە بەرگەن تەبىر ئوتتۇرىسىدا ئىزچىللىق مۇناسىۋىتىنىڭ
بار - يوقلۇقىنى ئايرىم مۇھاكىمە قىلىپ بېقىشقا ئەرزىيدۇ.
جۈملىدىن «سۇ كۆپ جاي» دېگەن مەنىدىكى «سۇلۇغ» نىڭ «سۇنىڭ
قېشىغا جايلاشقان» بولۇشى كىشىنى ئىختىيارسىز ئويلاندۇرىدۇ.

مەكتۇپتا ئېيتىلغان khyesakara دېگەن نامنىڭ ئەھمىيىتى
ئەمدىلىكتە كۆز ئالدىمىزدا تېخىمۇ روشەنلەشتى. بۇ نۇقتىنىڭ
مۇھىملىقى شۇ يەردىكى «قاشقارى» نامى قۇرىغار رايونىنىڭ ئۆزىدە
يېزىلغان ۋەسىقىلەر ئارقىلىق بىۋاسىتە ئىسپاتلاندى. بۇنىڭغا خۇي
چاۋنىڭ مەلۇماتىنى قوشقاندا «قەشقەرى» نامىنىڭ V — Ⅷ
ئەسىرلەردىكى يەرلىك خەلق تىلىدا ئاللىقاچان «قاشقارى» ياكى
«قەشقەرى» شەكلىگە مۇقىملىشىپ بولغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش
بولىدۇ. «kara، kari، kere، giri» سۆزلىرىنى بېيلىي ئەپەند

ئاپتورلىرىنىڭ ئەسەرلىرىمۇ كۆپىنچە ئاشۇنداق ياكى شۇنىڭغا ئوخشاپراق كېيىندىكى يەكۇنلەرنى چىقىرىشقا ئاساس بولۇپ كەلمەكتە.

ئەمما ئۇدۇن خانلىقىنىڭ يۇقىرىقى مەكتۇپى تەمىنلىگەن ئۇچۇرلار بويىچە بولغاندا 893 - يىلى ئوغۇلچاق قادىرخان قەشقەرنى ئىشغال قىلغاندىن تارتىپ 956 - يىل مۇسا ئارسلان تەختكە چىققان ۋە ئۇدۇنلۇقلار قەشقەرنى ئىشغال قىلمۇۋالغانغا قەدەر 70 — 80 يىللىق زىددىيەتلىك ۋاقتى پەرقى كېلىپ چىقىدۇ. يەنى ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا قاراخانىيلار خانلىقى قەشقەر شەھىرىنى 970- يىلىدىن كېيىن ئىشغال قىلغان بولىدۇ. ئەمما، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ قەشقەرنى پايتەخت قىلىپ بېكىتكەنلىكى ۋە 956- يىلى ۋاپات بولغاندا قەشقەرنىڭ شىمالىدىكى ئاتۇشقا دەپنە قىلىنغانلىقى، ئۇنىڭ ئوغلى مۇسا ئارسلان خاننىڭ داۋاملىق تۇردە قەشقەردە تۇرغانلىقى روشەن پاكىت سۈپىتىدە كۆز ئالدىمىزدا تۇرىدۇ. بۇنىڭدىن قارىغاندا يا ئۇدۇن خانلىقىنىڭ مەكتۇپى خاتا بولىدۇ ياكى قاراخانىيلارنىڭ قەشقەرنى ئىشغال قىلغان ۋاقتى كېيىن بولىدۇ.

XI ئەسىردە قەشقەر تۇپرىقىدا ياشاپ ئۆتكەن ئالىم ئابدۇل جافەرنىڭ «قەشقەرىيە تارىخي» نىڭ ئۇزۇندىلىرى جامال قارشىنىڭ ئەسىرىدە قايتا زاھىر بولغىنىغا قارىغاندا، ئالىمنىڭ ئۆزى ياشىغان دەۋردىكى پايتەختنى كۆچۈرۈشتەك ئاشۇنداق زور تارىخي ۋەقەنى خاتا يېزىپ قويۇشى ئىلمىي مەنتىقىگە زادىلا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. ئۇدۇن خانلىقىنىڭ مەكتۇپىدا ئېيتىلغان «قەشقەرنى ئىشغال قىلىش» ۋەقەسىنىڭ تارىخي پاكىتقا ئۇيغۇن ئىكەنلىكى بولسا «سوڭنامە. ئۇدۇن تەزكىرىسى» ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. شۇڭا بۇ ئېنىقسىزلىقنى يېشىش ئۈچۈن قاراخانىيلار سۇلالىسى بىلەن ئۇدۇن خانلىقى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى يىپ ئۇچى قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكى ئۆز-ئۆزىدىن مەلۇم بولۇپ تۇرماقتا.

مىلادىيە 893 - يىلى سامانىيلار تالاس رايونىنى بېسىۋېلىپ، ئوغۇلچاقنىڭ خانىشى قاتارلىق 10 مىڭدىن ئارتۇق كىشىنى ئەسىر قىلىپ ئەپكەتتى. مۇشۇ زەربىدىن كېيىن ئوغۇلچاق قالغان كۈچلەرنى باشلاپ جەنۇبقا سۈرۈلۈپ قەشقەرگە كىردى ۋە ئۇنى يېڭى پايتەخت قىلىپ بېكىتتى. سۇتۇق بوغراخان ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن ئىسلام دىنىدىكى قاراخانىيلار بىلەن بۇددا

ئالدى. بۇ ئۆزگىرىشلەر تەخمىنەن V ئەسىرنىڭ ئالدى - كەينىدە يۈز بەرگەن بولۇشى مۇمكىن. شەھەرنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى كونكرېت جۇغراپىيىلىك ئورنى توغرىسىدا مەخسۇس ئارخېئولوگىيىلىك ئىنىقلىما ئېلىپ بېرىش زۆرۈر.

مەكتۇپتا ئېيتىلغان ئۇدۇننىڭ قاش شەھىرىنى ئىشغال قىلىۋالغانلىقى خەنزۇچە ۋەسىقىلەردىمۇ ئۇچرايدۇ. «سۇڭنامە. ئۇدۇن تەزكىرىسى» دە: «كەيباۋنىڭ تۆت يىلى (مىلادىيە 971 - يىلى) ئۇدۇن بەگلىكىنىڭ ئەلچىسى كەلدى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە ئۇدۇنلۇقلار سۇللۇغ بەگلىكىنى تارمار قىلىپ، ئىگە بولغان ئۇسسۇلچى پىلدىن بىرنى تەقدىم قىلماقچى ئىكەن ...» دېيىلىدۇ. ساۋ جەمەتىگە يېزىلغان مەكتۇپتا ئورۇش غەنىمەتلىرى قاتارىدا پىل ئالاھىدە تىلغا ئېلىنىدۇ. «سۇڭنامە» دە ئېيتىلغان پىل ئېھتىمال سۇللۇغ دۆلىتىدىن ئولجا ئېلىنغان پىللارنىڭ بىرى بولسا كېرەك. ساۋيۈەنجۇڭغا يېزىلغان مەكتۇپقا قويۇلغان ئىمزا 970 - يىل 1 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ئىدى. مۇشۇنىڭدىن قارىغاندا ئۇدۇنلۇقلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككىمۇ ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ تارىخىدىكى بۇ ئالاھىدە ۋەقەدىن ۋاقىپلاندۇرغانىدى.

## 4. قاراخانىيلار بىلەن ئۇدۇننىڭ قەشقەرنى تالىشىشىغا دائىر مەسىلىلەر

قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ تارىخىغا ئائىت ئەڭ قىممەتلىك ماتېرىياللارنىڭ بىرى بولغان ئابدۇل جافەرنىڭ «قەشقەرىيە تارىخي» ناملىق ئەسىرى گەرچە ھازىرغىچە تېپىلمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭدىكى بەزى بايانلار جامال قارشىنىڭ «سۇرراھ لۇغىتىگە تولۇقلىما» ناملىق ئەسىرىدە نەقىل كەلتۈرۈلىدۇ. مانا مۇشۇنىڭغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، جوڭگو ۋە غەرب ئالىملىرى: قارا خانىيلار سۇلالىسى بالاساغۇندا ھاكىمىيەت تىكلىگەندىن كېيىن بىلگە كۆل قادىرخاننىڭ چوڭ ئوغلى بازىرخان يەنىلا بالاساغۇندا تۇرغان، ئۇنىڭ ئىككىنچى ئوغلى ئوغۇلچاق قادىرخان تالاستا تۇرغان، ھىجرىيە 280- يىلى (مىلادىيە 893 - يىلى) سامانىيلار تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغاندىن كېيىن پايتەختىنى قەشقەرگە كۆچۈرگەن، دەپ چۈشەندۈرۈپ كەلدى. ھازىرغىچە مەلۇم بولغان ئەرەب ۋە مۇسۇلمان

ئېتىقادىدىن مەجبۇرىي ئايرىۋېتىلگەن قەشقەر ئاھالىسى بۇددىست ئۇدۇنلۇقلارنىڭ شەھەرگە ھۇجۇم قىلىشى بىلەن تەڭلا ئىسيان كۆتۈرگەن بولۇشى ئېنىق. بۇ نۇقتىنى مەكتۇپتا ئېيتىلغان «قەشقەر ئاھالىسى ئەل بولماققا ئىنتىزار بولۇپ تۇرۇپتىكەن» دېگەن بايانلار ئىزاھلاپ بېرەلەيدۇ.

مەكتۇپتا Tazik ۋە chin لىقلار ھەققىدە كۆپ قېتىم توختىلىنغان، قەشقەر شەھىرىنىڭ ھۆكۈمرانىنىڭ نامى Tazik Tsun Hien دەپ يېزىلغان بولۇپ، بۇ يەردىكى Tazik ئاتالغۇسى ئەسلى مەنىدىكىدەك ئەرەبلەرنى كۆرسەتمەيدۇ. چۈنكى ئەرەبلەرنىڭ قەشقەرنى ئىستىلا قىلغانلىقىغا ئائىت ئىشەنچلىك مەلۇمات تېخى بايقالمىدى. بۇ ئەھۋالدىن قارىغاندا مەكتۇپتىكى Tazik ئاتالغۇسى بۇددىست ئۇدۇنلۇقلارنىڭ مۇسۇلمان بولۇپ بولغان قاراخانىيلار ئۇيغۇرلىرىنى (تالاس ۋە بالاساغۇندىن قەشقەرگە كۆچكەن ئۇيغۇرلارنى) كۆرستىدىغان، «مۇسۇلمان» دېگەن مەنىدىكى ئاتالغۇسى بولۇشى ئېتىمالغا تولىمۇ يېقىن. چۈنكى قەدىمكى ۋە ئوتتۇرا ئەسىرلەردە ئەرەبلەر شەرق مەنبەلىرىدە Tazik دەپ ئاتىلاتتى. شۇ سەۋەبتىنمۇ ئۇدۇنلۇقلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىۋاتقان قاراخانىيلار ئۇيغۇرلىرىنى Tazik دەپ ئاتىغان بولسا كېرەك. مەكتۇپتا «چىنلىقلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىش ۋە ھاكىمىيەت تىكلەشنىڭ قىيىنغا چۈشۈپ قالغانلىقى» بىر نەچچە قېتىم تەكرارلىنىدۇ. بۇ يەردە ئېيتىلغان «چىنلىقلار» ، كۆرسەتكىنىدەك ئېنىقكى «چىنلىقلار» — بۇ يەردە تۆۋەن چىن دەپ ئاتالغان قەشقەردە تۇرۇۋاتقان يەرلىك ئاھالىنى كۆرستىدۇ.⑨ بۇنىڭدىن قارىغاندا «چىنلىقلار» (قەشقەرنىڭ يەرلىك ئاھالىسى) قىلىچ بىلەن تارتىۋېلىنغان ئېتىقادىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن دەسلەپ ئۇدۇنلۇقلار شەھەر قورغىنىغا ھۇجۇم باشلىغاندا ئۇلارغا ماسلاشقان؛ ئەمما شەھەر ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىنكى ھاكىمىيەتنى قانداق تەشكىللەش، باش ھوقۇق ئۇدۇنلۇقلارنىڭ قولىدا بولۇش ياكى قەشقەرلىكلەرنىڭ قولىدا بولۇش مەسىلىسىدە ئىختىلاپ تۇغۇلغان بولسا كېرەك. ئەنە شۇ سەۋەبتىن «قەشقەردە ھاكىمىيەت تىكلەشتە قىيىنچىلىقلار ساماندەك كۆپ» بولغان ۋەزىيەت كېلىپ چىققان بولۇشى مۇمكىن.

مەكتۇپتا Tsun Hien مەغلۇپ بولۇپ، قەشقەر شەھىرىدىن چېكىنگەندىن كېيىن ئۆزۈن ئۆتمەي چاغرى خان ئىسىملىك بىر كىشىنىڭ قوشۇن باشلاپ كەلگەنلىكى ئېيتىلىدۇ. روشەنكى Tsun

دىنىدىكى ئىدىقۇت خانلىقى ۋە ئۇدۇن خانلىقى ئوتتۇرىسىدىكى دىنى ئۇرۇشنىڭ تۇنجى چوقانلىرى كۆتۈرۈلدى.

سۇتۇق بوغراخاننىڭ پۈتكۈل ئۆمۈر تارىخىغا نەزەر سالساق، بىر ئۆمۈر «غازات جېڭى» ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، لېكىن بۇددىست ئۇدۇنلۇقلارنى بويسۇندۇرۇش مەقسىتىگە يېتەلمىگەنىدى. ئۇنىڭ ۋارىسى مۇسا ئارسلان خان تەختكە چىققاندىن كېيىنمۇ ئۇ بۇ ئۇرۇشنى توختاتمىغان بولسىمۇ، دىنىي ئېتىقاد جەھەتتە ئۆزلىرى بىلەن ئورتاقلىققا ئىگە بولغان گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى ۋە ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ ھەر خىل ياردەم ۋە قوللاپ - قۇۋۋەتلەشلىرىگە ئېرىشكەن ئۇدۇن خانلىقى قاراخانىيلار سۇلالىسىنى ئۇدۇننى ئىشغال قىلىش نىيىتىگە يەتكۈزمىدى. مۇسا ئارسلان خان دەۋرىگە كەلگەندە (956 — 971) ئۇدۇن خانلىقى «سەككىز يىللىق ئۇرۇنۇش» (بۇ ئەھۋال مەكتۇپتا ئالاھىدە تەكىتلەنگەن) ئارقىلىق ئاخىرى تەشەببۇسكارلىق بىلەن قەشقەرگە ھۇجۇم قىلدى ۋە قەشقەرنى ئىشغال قىلىۋالدى. ئىسلام تارىخى مەنبەلىرىدە ئېيتىلىشىچە شۇ ۋاقىتتىكى ئۇدۇن بۇددىستلىرىنىڭ باش قوماندانى چېقال خالخال ماچىن دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، قالغان قوماندانلىرىنىڭ ئىسمى نوقتى رەشىت ۋە جوقتى رەشىت ئىكەن (ئېھتىمال قېرىنداش بولسا كېرەك، فامىلىسىنىڭ «رەشىت» بولۇشى كىشىنى ئويلاندۇرىدۇ).⑧ مانا مۇشۇ قېتىملىق ۋەقە ئۇدۇن خانلىقىنىڭ مەكتۇپىدا ئېيتىلغان «قەشقەرنى ئىشغال قىلىش» ۋەقەسى ئىدى. ئۇدۇنلۇقلارنىڭ شۇنچە ئۇزۇن مۇساپىنى بېسىپ ھېرىپ - چارچىغان قوشۇنلىرىنىڭ ناھايىتى تېزلىكتە قەشقەرنى ئىشغال قىلىۋالغانلىقى قاراخانىيلار قوشۇنىنىڭ ئاجىزلىقى تۈپەيلىدىن بولماستىن، بەلكى مەنىۋى كۈچلەرنىڭ ئۇدۇن خانلىقى تەرەپكە مايىل بولغانلىقى ۋە بۇ مەزگىلدە قاراخانىيلارنىڭ تەسىرى قەشقەردە تېخى چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ كېتەلمىگەنلىكىدىن بولغان بولسا كېرەك. چۈنكى بۇ مەزگىللەردە بۇددا دىنىنىڭ قۇرغار رايونىدىكى قەدىمكى تۆت چوڭ مەركەزلىرىدىن بىرى بولغان قەشقەردە سۇتۇق بۇغراخاندىن باشلاپ ھېسابلىغاندىمۇ ئىسلام دىنىنىڭ تارقالغىنىغا تېخى ئانچە ئۇزاق بولمىغان، ئىسلام دىنى ھۆكۈمران خان جەمەتى ئىچىدە ئەمدىلەتىن ئومۇملاشقان، كەڭ يەرلىك قەشقەر پۇقرالىرى پەقەت قىلىچ سايىسىدىن كېيىنكىلا ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلغان، ئەمما قارناق ئۆيلىرىدە يەنىلا بۇددا ھەيكەللىرىنى لاتىغا ئوراپ ساقلاۋاتقان ئەھۋال مەۋجۇت ئىدى. شۇڭا ئەسلىدىكى بۇددىزم

نامىلىرى، كىشى ئىسىملىرى، قەشقەرنىڭ تۈركىلىشىش ۋە ئىسلاملىشىشى قاتارلىق مەسىلىلەرنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدۇ. شۇڭا مۇشۇ ساھەگە قىزىققۇچى كەلگۈسى تەتقىقاتچىلارنىڭ مەزكۇر مەكتۇپ ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار مەسىلىلەر ئۈستىدىكى مۇھاكىمىگە پائال ئىشتىراك قىلىشىنى، شۇ ئارقىلىق كۆپچىلىكنىڭ بۇ ھەقتىكى ھەل بولمىغان مەسىلىلەرنىڭ تېزرەك يېشىلىشىنى قولغا كەلتۈرۈشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئىزاھات:

① ۋ. بېيلېي «خوتەن تېكىستلىرى» I ⑨ توم 1954 ـ يىلى كامبرىج ئۇنىۋېرستېتى نەشرىياتى. 129ـ، 125ـ بەتلەر.

② مەكتۇپنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى تەرجىمىسى ئىشلەشتە بېيلېي ئەپەندىنىڭ Asian Major ژۇرنىلىنىڭ 1964 ـ يىللىق 9 — سانىدىكى تۈزىتىلگەن ۋە ئىزاھلانغان ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخىسى ئاساس قىلىندى. (ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخا ئەسلى ھۆججەتتىن بىۋاستە تەرجىمە قىلىنغان). ئۇيغۇرچە تەرجىمە ساك يېزىقىدىكى ئەسلى ھۆججەتتىن بىۋاستە تەرجىمە قىلىنمىغان بولغاچقا بۇ نۇسخىنى ئۆلچەم ـ ئاساس قىلىۋېلىشقا بولمايدۇ. پەقەت پايدىلىنىش ئېھتىياجى كۆزدە تۇتۇلۇپلا تەرجىمە قىلىندى.

③ ئې. گ. پۇللىيبلانك: «ئۇدۇندىن تېپىلغان بۇددىزىم مەزمۇنىدىكى بىر پارچە ۋەسىقە»، «خان جەمئىتىگە قاراشلىق ئاسىيا تەتقىقات ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، لوندون 1966 ـ يىللىق 4 ـ سان، 151 ـ بەت.

④ ئا. گ. مالياۋكىن: « IX — XI ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر دۆلەتلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1994 ـ يىل ئۇيغۇرچە تەرجىمە نەشرى، 29 ـ بەت.

⑤ «بۇددا ئېلى — ئۇدۇن»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995 ـ يىلى ئۇيغۇرچە تەرجىمە نەشرى 284ـ، 285 ـ بەتلەر.

⑥ «بېگى تاگنامە» 221 ـ جىلد، «قۇرىغار تەزكىرىسى. قەشقەر»، جوڭخۇا كىتابخانىسى 1976 ـ يىل تىنىش بەلگىلىك نۇسخا 6233 ـ بەت.

⑦ «بەش ئەنئەنىكەك ئېلىگە قىلىنغان ساياھەت خاتىرىسى»، جوڭخۇا كىتابخانىسى 1994 ـ يىل نەشرى 153 ـ بەت.

⑧ «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1990 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى 66 ـ بەتتە كەلتۈرۈلگەن نەقىل.

⑨ مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1981ـ يىل نەشرى، بىرىنچى توم 592 ـ بەت.

⑩ تۈركىي تىللار دىۋانى»، بىرىنچى توم 549 ـ بەت.

⑪ ليۇزىشياۋنىڭ «ئۇيغۇر تارىخى»، «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» قاتارلىق

969 - يىلى 7 - ئايدا قەشقەردىن چېكىنگەندىن كېيىن، ئۇ... خانلىقىنىڭ مەكتۇپى يېزىلغان 970 - يىلى 1 - ئاينىڭ 9 - كۈن... قەدەر قاراخانىيلار سۇلالىسى قەشقەرنى تېخـــى قايتۇرۇۋېلم... مۇۋەپپەق بولالمىغان. Tsun Hien نىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ئېنىقلا... ھازىرچە ئامالسىزمىز. «چاغرى خان»غا كەلسەك، بۇ نامنى مەھم... قەشقەرى مۇنداق ئىزاھلايدۇ: «چاغرى - قارچۇغا، چاغرى بەگ... ئەرلەر ئىسمى.» مۇشۇنىڭدىن قارىغاندا بۇ كىشى قاراخانىيلارنى... بالاساغۇندىن قەشقەرگە ياردەمگە ئەۋەتكەن قوشۇنىنىڭ يۇقىـــر... دەرىجىلىك سەركەردىسى بولسا كېرەك.

مۇسۇلمان ئاپتورلارنىڭ شۇ دەۋرلەر ھەققىـدە بەرگەن باش... مەلۇماتلىرى ئومۇمەن قاراخانىيلىرنىڭ 980 - يىللىرى يەنـ... قەشقەردە ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەنلىكىنى مۇنازىرىسىز ھالدا ئىسپاتلا... تۇرۇپتۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندا قاراخانىيلار قوشۇنى ئۇدۇ... خانلىقىنىڭ مەكتۇپى يېزىلىپ (970 - يىلى 1 - ئاينىڭ 9 - كۈنى... ئۇزاق ئۆتمەيلا قەشقەر شەھىرىنى قايتۇرۇۋالغان.

ئومۇملاشتۇرغاندا ئۇدۇنلۇقلارنىڭ قەشقەرنى ئىشغال قىلىۋالغا... ۋاقتى ئىلگىرى مۇقىملىشىپ قالغانەك 990 - يىللىرىدىن كېيىن... بولغان ⑪ ياكى بولمىسا «مەۋجۇت بولمىغان ۋەقە»⑫ ئەمەس ئىدى. ئۇدۇندىكى بۇددىست ھاكىمىيەتنى تەل - تۆكۈس يوقىتىش ئىشى بولسا... ئاخىرقى ھېسابتا يۇسۇپ قادىرخان تەرىپىدىن ئورۇنلاندى.

## 5. خۇلاسە

ئۇدۇن پادىشاھى ۋىيسارانىڭ مەكتۇپى ئاشۇ دەۋردىكى ۋەقەلەرنى... بىۋاســـتە ئورۇنلاشتۇرغۇچـــى شەخس — پادىشاھ تەرىپـــدىن... يېزىلغانلىقى ۋە مۇكەممەل ساقلىنىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى قەشقەر... ۋە خوتەن رايونلىرىنىڭ قەدىمكى زامان تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىكى... بىرىنچى قول ماتېرىيال دەپ قاراشقا ھەقلىقمىز. مەزكۇر ماقالىمىز... بۇ ساھەدە ئېلىپ بېرىلغان دەسلەپكى ئورۇنۇشلارنىڭ بىرى بولغانلىقى... ئۈچۈن كۆپلىگەن مەسىلىلەردە ئېھتىماللىقنى ئورۇن قالدۇرۇلدى. مەزكۇر مەكتۇپنى مۇسۇلمان ئاپتورلارنىڭ ۋە جۇڭگو مەنبەلىرىنىڭ... تارىخىي بايانلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلغاندا تېخىمۇ كۆپ... مەسىلىلەر ھەل بولغۇسى. بولۇپمۇ مەكتۇپتا ئېيتىلغان يەر، جاي...

نۇرۇللا مۆمىن

# چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىن بۇيانقى خوتەن رايونىنىڭ نوپۇس ئەھۋالى

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى جۇڭغارلار ۋە چوڭ - كىچىك خوجىلار توپىلىڭىنى بېسىقتۇرۇپ شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن ۋەيران بولغان ئىگىلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن بىر قاتار باج تۈزۈملىرىنى بېكىتىپ چىققان ھەمدە ئەينى ۋاقىتتىكى باج تۈرلىرىنىڭ مۇھىم بىر تۈرى بولغان نوپۇس بېجىنى ئۈنۈملۈك يولغا قويۇش ئۈچۈن، پۈتۈن شىنجاڭ مىقياسىدا بىر قېتىملىق نوپۇس تەكشۈرگەن. شۇ قېتىملىق نوپۇس تەكشۈرۈشنىڭ نەتىجىسىگە قارىغاندا، 1760 - يىللىرى خوتەن رايونىنىڭ نوپۇس سانى تەخمىنەن 43 مىڭ 500 (13 مىڭ 800 تۈتۈن)① بولغان. لېكىن، بۇ سانىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى پۈتكۈل خوتەن رايونىنىڭ ئومۇمىي نوپۇس سانىغا ۋەكىللىك قىلالىشى ياكى قىلالماسلىقى ھەققىدە نۆۋەتتە ھەر خىل قاراشلار مەۋجۇت. بەزىلەر، چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى خوتەن رايونىنىڭ ئومۇمىي نوپۇس سانى تەخمىنەن 44 مىڭ 603 (13 مىڭ 642 تۈتۈن)② دەپ قارايدۇ. ئىككىنچى خىل قاراشتىكىلەر، چىڭ سۇلالىسىنىڭ 1760 - يىللاردىكى خوتەن رايونىدىكى نوپۇس تەكشۈرۈشتە ئىگىلىگەن سانلىق مەلۇماتنى ئەينى ۋاقىتتىكى خوتەن رايونىنىڭ ئومۇمىي نوپۇس سانىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ③ دەپ قارايدۇ. ئۈچىنچى خىل قاراشتىكىلەر بولسا، 1760 - يىللاردىكى خوتەن رايونىنىڭ ئومۇمىي نوپۇس سانى 100 مىڭ ئەتراپىدا بولۇشى مۇمكىن④ دەيدۇ.

مېنىڭچە، يۇقىرىقى ئۈچ خىل قاراش ئىچىدە ئۈچىنچى خىل قاراشتىكىلەرنىڭ كۆز قارىشى بىر قەدەر ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن. چۈنكى ئەينى ۋاقىتتا خوتەن رايونىدا ئاھالىلەر خېلىلا زىچ ئولتۇراقلاشقان، شىنجاڭنىڭ باشقا رايونلىرىغا سېلىشتۇرغاندا ئاھالىلەرنىڭ ئولتۇراقلىشىشى نىسبەتەن زىچراق بولغان. بۇ ھەقتە چوقان

ئەسەرلىرىنىڭ ئالاقىدار مەزمۇنلىرىغا قاراڭ.

⑫ ۋېي لياڭتاۋ: «قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ تارىخىدىن بايانلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1986 - يىلى خەنزۇچە نەشرى 78 - بەت.

(ئاپتور شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى تەتقىقات ئورنىدا ئىشلەيدۇ)

(«قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1997 - يىل 2 - سانىدا ئېلان قىلىندى)



بىرىشى سەۋەبىدىن، شىنجاڭنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى مۇقىم بولماي، ئىجتىمائىي ئىگىلىك خارابلىشىشقا باشلىغان. نۇرغۇنلىغان كىشىلەر ئۆز يۇرتلىرىنى تاشلاپ ياقا يۇرتلارغا چىقىپ كەتكەن. بۇنىڭ بىلەن پۈتۈن شىنجاڭ مىقياسىدا نوپۇس زور دەرىجىدە ئازىيىپ كېتىپ، شىنجاڭنىڭ نوپۇس تەرەققىياتىدا ھېچقانداق تەبىئىي كۆپىيىش مەۋجۇت بولمىغان. بۇ مەزگىلدە خوتەن رايونىنىڭ نوپۇسى خۇددى باشقا رايونلارغا ئوخشاشلا زور دەرىجىدە ئازايغان.

XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرى XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، شىنجاڭدا ئۆلكە تۈزۈمىنىڭ يولغا قويۇلۇشى ھەمدە خەلققە پايدىلىق بىر قاتار ئىقتىسادىي سىياسەتلەرنىڭ يۈرگۈزۈلۈشى بىلەن شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكى تېزدىن ئەسلىگە كېلىپ، خەلق تۇرمۇشى پەيدىنپەي ياخشىلىنىشقا باشلىغان. مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، 1907 - يىلى خوتەن رايونىنىڭ ئومۇمىي نوپۇس سانى تەخمىنەن 308 مىڭ 660 (109 مىڭ 588 تۈتۈن)⑥ قا يېتىپ، XVI ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىدىكى خوتەن رايونىنىڭ نوپۇسىغا سېلىشتۇرغاندا جەمئىي 208 مىڭ 660 نوپۇس كۆپەيگەن. 1910 - يىللارغا كەلگەندە، خوتەن رايونىنىڭ نوپۇسى تېخىمۇ تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىپ 432 مىڭ 675 (86 مىڭ 535 تۈتۈن)⑦ گە يەتكەن ھەمدە خوتەن تارىخىدىكى نوپۇسنىڭ بىر قېتىملىق يۇقىرى سۈرئەتتە كۆپىيىش دولقۇنىنى شەكىللەندۈرگەن.

شىنجاڭدا ياڭ زېڭشىن ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن شىنجاڭنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى گەرچە بىر مەھەل مۇقىم بولغان بولسىمۇ، لېكىن ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە كەلگەندە، مىللىي ۋە سىنىپىي زىددىيەتلەرنىڭ ئۆتكۈرلىشىپ كېتىشى سەۋەبىدىن شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت تەرتىپى ئېغىر دەرىجىدە قالايمىقانلىشىپ كەتكەن. نۇرغۇنلىغان ئاھالىلەر ياڭ زېڭشىننىڭ زۇلۇمى تۈپەيلىدىن قەشقەر، يەكەن، خوتەن ئارقىلىق كەشمىر قاتارلىق جايلارغا كۆچۈپ كەتكەن. بۇنىڭ بىلەن ئىجتىمائىي ئىگىلىك ۋەيران بولۇپ، شىنجاڭ نوپۇسى ئىنتايىن ئاستا سۈرئەتتە ئاشقان. بۇ مەزگىلدە خوتەن رايونىنىڭ نوپۇسىنىڭ ئېشىشىدىنمۇ ھېچقانداق يۈكسىلىش بولمىغان. مەسىلەن، 1928 - يىلى خوتەن رايونىنىڭ ئومۇمىي نوپۇس سانى 414 مىڭ 930⑧ غا چۈشۈپ قېلىپ، 1910 - يىللاردىكىگە سېلىشتۇرغاندا جەمئىي 4 مىڭ 186 نوپۇس ئازىيىپ كەتكەن. بۇ يەردە شۇنى ئالاھىدە ئەسكەرتىپ ئۆتۈش لازىمكى، شىنجاڭدا ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە، پۈتكۈل خوتەن رايونىنىڭ نوپۇس تەرەققىياتىدا ھېچقانداق تەبىئىي كۆپىيىش مەۋجۇت بولمىغان.

ۋەلىخانوۋمۇ ئالاھىدە توختىلىپ: « چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلە مەزگىللىرىدە خوتەن رايونىدا تەخمىنەن 1 مىڭ 400 ئەسكەر، 13 تۇتۇن بولغان»⑤ دەپ يازغان. ئەگەر بىز چوقان ۋەلىخانوۋنىڭ خاتىرىسىگە ئاساسەن، ھەر بىر تۇتۇندە تەخمىنەن بەشتىن نوپۇس دەپ پەرەز قىلساق، ئۇ چاغدا جەمئىي 90 مىڭ نوپۇس بولغان بولىد بۇ سانىنىڭ ئۈچىنچى خىل قاراشتىكىلەر ئوتتۇرىغا قويغان سان مەلۇمات بىلەن بولغان پەرقى ئانچە چوڭ ئەمەس. شۇڭا چى سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى خوتەن رايونىنىڭ ئومۇم نوپۇس سانىنى تەخمىنەن 100 مىڭ دەپ قىياس قىلىشقا بولىدۇ.

XVIII ئەسىرنىڭ 70 - ۋە 80 - يىللىرىغا كەلگەندە، چى سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شىنجاڭدىكى تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ دائىرىسى كېڭەيتىپ شىنجاڭنىڭ ئاشلىق بىلەن ئۆز - ئۆزىنى تەمىنلە مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى باش رايونلارغا ئوخشاشلا خوتەن رايونىدىنمۇ نۇرغۇنلىغان ئاھالىلەرنى شىمالىي شىنجاڭغا كۆچۈرۈپ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشكە سالغان. بۇنىڭ بىلەن خوتەن رايونىنىڭ نوپۇسى زور دەرىجىدە ئازىيىپ كېتىپ XVIII ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىدىكى سەۋىيىگە چۈشۈپ قالغان.

XIX ئەسىرنىڭ كىرىشى بىلەن چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى خوتەن رايونىدىكى باج تۈزۈمى ۋە ھەر خىل شەكىلدىكى ھاشارلارنى قىسمەن ئازايتىپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپچانلىقىنى قوزغىغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەينى ۋاقىتتىكى خوتەن رايونىنىڭ كەشمىر، ھىندىستان قاتارلىق ئەللەر بىلەن چېگرىلىنىدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، خوتەن خەلقىنى سودا - سېتىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشقا رىغبەتلەندۈرگەن ھەمدە سودىدىن ئېلىنىدىغان باج مىقدارىنى مۇناسىپ ھالدا تۆۋەنلىتىپ، سودا ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئاھالىلەرنىڭ يۈكىنى مەلۇم دەرىجىدە يەڭگىللەتكەن. بۇ ھال ئۆز نۆۋىتىدە ئەينى چاغدىكى خوتەن خەلقىنىڭ تۇرمۇشىدا بىر قاتار ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلىپ، خوتەن رايونىنىڭ نوپۇسىنىڭ تېز سۈرئەتتە ئېشىشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان شەرت - شارائىتلارنى ھازىرلاپ بەرگەن، لېكىن بۇ مەزگىلدىكى خوتەن رايونىنىڭ نوپۇس سانى ھەققىدە ھېچقانداق خاتىرە قالدۇرۇلمىغان.

XIX ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرىدىن كېيىن، جەنۇبىي شىنجاڭدا جاھانگىر خوجا توپىلىڭىنىڭ يۈز بېرىشى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى قوزغىلاڭلىرىنىڭ پارتلىشى ۋە ياقۇپبەگنىڭ شىنجاڭغا بېسىپ كىرىپ بىر قاتار مالىمانچىلىقلارنى پەيدا قىلىشىغا ئوخشاش يېغىلىقلارنىڭ يۈز

③ مىياۋپۇشىڭ: «چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى ھەققىدە تەتقىقات»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى خەنزۇچە 1988 - يىل 1 - سان.

④ ئا. ن. كوروپاتكىن: «قەشقەرىيە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە تەرجىمە نەشرى، 1983 - يىل 1 - نەشرى، 187 - بەت.

⑤ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تەتقىقات ئورنى تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغان: «چوقان ۋەلىخانوۋ ئەسەرلىرىدىن تاللانما»، 1975 - يىل 6 - ئاي، 1 - نەشرى، 105 -، 106 - بەتلەر.

⑥⑧ گەنسۇ ئۆلكىلىك كۇتۇپخانا تۈزگەن: «غەربىي شىمالدىكى مىللەتلەر ۋە دىنلارغا ئائىت ماتېرىياللاردىن ئۈزۈندىلەر» (شىنجاڭ قىسمى)، 1985 - يىل 4 - ئاي نەشرى، 83 -، 84 -، 85 -، 528 - بەتلەر.

⑦ چېن خۋا تۈزگەن: «خوتەن بوستانلىقى ھەققىدە تەتقىقات»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1988 - يىل 11 - ئاي 1 - نەشرى، 163 - بەت.

⑨ جۇچۇڭجىڭ تۈزگەن: «جۇڭگو نوپۇسى» (شىنجاڭ قىسمى)، جۇڭگو مالىيە - ئىقتىساد نەشرىياتى، 1986 - يىل 9 - ئاي نەشرى، 63 - بەت.

(«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1996 - يىللىق 3 - سانىدىن ئېلىندى)

پروفېسسور خۇڭ شىڭفاڭنىڭ قەدىمكى خوتەن (ساك) يېزىقى ھەققىدىكى تەتقىقاتىغا قارىغاندا، خوتەندە خېلى بۇرۇنلا يازما كالېندار قوللىنىلغان. ئۇنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى خوتەن يېزىقىدىكى يېزىلىشى مۇنداق بولغان.

| قەدىمكى خوتەن تىلىدا | هازىرقى ئۇيغۇر تىلىدا |
|---|---|
| Gvataji | 1 - ئاي (ئەتىياز ئېيى) |
| Kaja | 2 - ئاي (ئەتىياز ئېيى) |
| hamariji | 3 - ئاي (ئەتىياز ئېيى) |
| simjsimja | 4 - ئاي (ئەتىياز ئېيى) |
| hamayaji | 5 - ئاي (ياز ئېيى) |
| raruya | 6 - ئاي (ياز ئېيى) |
| tumraja | 7 - ئاي (كۈز ئېيى) |
| brakhaysda | 8 - ئاي (كۈز ئېيى) |
| mutcaci | 9 - ئاي (قىش ئېيى) |
| munamja | 10 - ئاي (قىش ئېيى) |
| skarhvar | 11 - ئاي (قىش ئېيى) |
| rrahaja | 12 - ئاي (قىش ئېيى) |

— ئابلىز مۇھەممەت سايرامىنىڭ «ئۇيغۇرلاردا كالېندارچىلىق» ناملىق ماقالىسىدىن

شىنجاڭدا جىن شۇرېن ۋە شېڭ شىسەي ھۆكۈمرانلىق قىل مەزگىللەردە، سىياسىي ۋەزىيەت ئىنتايىن كەسكىنلىشىپ كېتى شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادى كۈندىن - كۈنگە خارابلىشىشقا باشلىغان. مەزگىلدە خوتەن رايونىدىمۇ ھېچبىر ئەمىنلىك بولماي، خوتەن خەل ماخۇسەننىڭ يېغىلىقلىرى ۋە ھەر خىل شەكىلدىكى قاتمۇقات سېلىقلارنىڭ دەردىدىن ۋەيران بولۇشقا قاراپ يۈزلەنگەن. بۇ ھال نۆۋەتتىمدە ئەينى چاغدىكى خوتەن رايونىنىڭ نوپۇس تەرەققىياتىغا ز توسقۇنلۇقلارنى پەيدا قىلىپ، خوتەن نوپۇسىنىڭ نورمال ئۆسۈ ئۈچۈن زۆرۈر بولغان شەرت - شارائىتلارنى ھازىرلىمىغان.

شىنجاڭدا گومىنداڭنىڭ ھۆكۈمرانلىقى تىكلەنگەندىن كېيىن شىنجاڭنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى تەدرىجىي مۇقىملىشىپ ئىجتىمائ ئىگىلىك پەيدىنپەي ئەسلىگە كېلىشكە باشلىغان. بۇنىڭ بىلە شىنجاڭ خەلقى بىر مەزگىل تىنچ ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىنىپ، شىنجاڭ نوپۇسىنىڭ تېز ئەسلىگە كېلىش ۋە كۆپىيىشى ئۈچۈن بەزىبىر پايدىلىق شەرت - شارائىتلا ھازىرلانغان. مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، شىنجاڭد گومىنداڭنىڭ ھۆكۈمرانلىقى باشلانغان 1944 - 1945 - يىللاردا خوتەن رايونىنىڭ ئومۇمىي نوپۇس سانى تەخمىنەن 605 مىڭ 169 غ يېتىپ، 1928 - يىلدىكى خوتەن رايونىنىڭ نوپۇسىغا سېلىشتۇرغاندا جەمئىي 233 مىڭ 190 نوپۇس كۆپەيگەن ھەمدە خوتەن تارىخىدىكى نوپۇسىنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق يۇقىرى سۈرئەتتە كۆپىيىش دولقۇنىنى شەكىللەندۈرگەن.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، شىنجاڭدا چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئورنىتىلغاندىن تارتىپ تاكى شىنجاڭدا گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقى باشلانغان دەۋرگىچە بولغان ئارىلىقتا، خوتەن رايونىنىڭ نوپۇسى كۆپ خىل تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن دولقۇنسىمان ئۆرلەپ بارغان بولۇپ، XVI ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىدىكى 100 مىڭدىن XX ئەسىرنىڭ 40 - يىللىرىدىكى 605 مىڭ 169 غا يەتكەن ھەمدە خوتەن رايونىنىڭ ھازىرقى زامان نوپۇس تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۇل ھازىرلاپ بەرگەن.

ئىزاھلار:

① رۇمن مىڭداۋ تۈزگەن: «غەربىي رايوننىڭ جۇغراپىيىلىك خەرىتىلىرىگە ئىزاھ»، يەنبيەن داشۆ نەشرىياتى، 1992 - يىل 1 - نەشرى، 10 - بەت.

② «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» نى يېزىش گۇرۇپپىسى تۈزگەن: «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1989 - يىل 11 - ئاي، 1 - نەشرى 375 - بەت.

مۇھەممەتئىمىن توختى

# خوتەندىكى چەت ئەللىكلەرنىڭ زوراۋانلىقى

ئازادلىقتىن بۇرۇن شىنجاڭنىڭ ئۈرۈمچى، قەشقەر، ئىلى، چۆچەك قاتارلىق جايلىرىدا چەت ئەللىكلەر بىر قەدەر كۆپرەك بولۇپ، كۆپ جايلاردا، رۇسىيە، فرانسىيە، ئەنگلىيە، گېرمانىيە، شىۋىتسىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ كونسۇلخانىسى ياكى ئىش باشقۇرۇش ئورۇنلىرى بار ئىدى. ئەمما، خوتەندە چەت ئەل پۇقرالىرىنىڭ ئولتۇراقلىشىشى بەك ئاز بولسىمۇ، ئېكسپىلاتاتسىيىسى بەك ئېغىر ئىدى. ھىندىستانلىقلاردىن خوتەندە ئارانلا يەتتە ئائىلىلىك ئادەم بولۇپ، بۇلاردىن گاداباي دېگەن ھىندى موللىسى قاراقاش ناھىيە بازىرىدا ئولتۇراقلاشقاندىن باشقا، موللىۋاي، نالوۋاي، تارىۋاي، راتامباي، راكسىمباي، نالوچەمباي قاتارلىق ئالتە ئائىلىلىك ھىندى خوتەن شەھىرىدە ماكانلىشىپ ئولتۇراقلاشقانىدى، باشقا ھىندىستانلىقلارمۇ سودا - سېتىق ئۈچۈن خوتەنگە كېلىپ - كېتىپ تۇراتتى. بەزىلىرى ساياھەت نامى بىلەن كېلىپ خوتەننىڭ تارىخى ۋە مەدەنىي يادىكارلىقلىرىنى ئوغرىلاپ ياكى ئالداپ ئېلىپ كېتىدىغان ئەھۋاللارمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. ئافغانىستانلىقلار (كابۇللۇقلار) خوتەندە 30 غا يېقىن ئائىلىلىك بولۇپ، ئۇلار خوتەن شەھىرىنىڭ قىزىق دەرۋازىسىدىكى كابول كوچىسىغا مەركەزلىشىپ ئولتۇراقلاشقانىدى. كېيىنكى كۈنلەردە بۇلارنىڭ نوپۇسى كۆپىيىپ 200 گە يېقىنلاشقان.

ئۆزبېكلەر ئۆزبېكستان، قىرغىزىستان، قازاقىستاننىڭ تاشكەنت، ئەنجان، بۇخارا، سەمەرقەنت، مەرغىلان، نەمەنگان، قوقان، ئوش، قاراقىر، ئالمۇتا قاتارلىق جايلىرىدىن سودا - سېتىق ئىشلىرى بىلەن كېلىپ، خوتەننىڭ ھەممە جايلىرىغا تارقالغان بولۇپ، ئۆي - زېمىن سېتىۋېلىپ ماكانلاشقان، بۇلارنىڭمۇ كۆپرەكى قىزىق دەرۋازىسىدىكى ئەنجان كوچىسىغا مەركەزلىشىپ ئولتۇراقلاشقان. ئۆزبېكلەر باشقا دۆلەتلەردىن كەلگەن چەت ئەل

[قوشۇمچە ماتېرىيال]

**خوتەن رايونىنىڭ ئازادلىقتىن بۇيانقى نوپۇس ئەھۋالى (1985 — 1949)**

| يىللار | ئائىلە سانى | جەمئىي | ئۇيغۇر | خەنزۇ | قازاق | خۇيزۇ | قىرغىز | تاجىك | ئۆزبېك | باشقىلار |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 49 | 189805 | 661938 | 656543 | 3211 | 48 | 806 | 522 | 535 | 216 | 56 |
| 50 | 192110 | 670354 | 664889 | 3253 | 49 | 816 | 529 | 542 | 219 | 56 |
| 51 | 193938 | 694297 | 688750 | 3302 | 50 | 828 | 537 | 550 | 222 | 56 |
| 52 | 198062 | 702446 | 696793 | 3365 | 51 | 844 | 547 | 561 | 226 | 56 |
| 53 | 201998 | 723054 | 717277 | 3439 | 52 | 863 | 559 | 573 | 231 | 56 |
| 54 | 201111 | 733000 | 728155 | 2610 | 22 | 773 | 582 | 569 | 216 | 73 |
| 55 | 201453 | 741545 | 736489 | 2934 | 31 | 810 | 492 | 479 | 234 | 76 |
| 56 | 202327 | 754655 | 749374 | 3042 | 29 | 845 | 498 | 485 | 208 | 74 |
| 57 | 211220 | 762440 | 754918 | 5771 | 24 | 576 | 508 | 493 | 125 | 25 |
| 58 | 211209 | 770037 | 761776 | 6462 | 27 | 563 | 549 | 519 | 115 | 26 |
| 59 | 215054 | 776523 | 764920 | 9805 | 28 | 553 | 463 | 607 | 114 | 33 |
| 60 | 218951 | 789097 | 774691 | 12666 | 21 | 601 | 493 | 522 | 62 | 41 |
| 61 | 224696 | 800477 | 773060 | 24923 | 67 | 1049 | 552 | 554 | 122 | 50 |
| 62 | 243334 | 812151 | 786973 | 22713 | 37 | 1078 | 549 | 589 | 40 | 72 |
| 63 | 234597 | 813947 | 785903 | 25144 | 62 | 1565 | 541 | 624 | 36 | 72 |
| 964 | 245170 | 802213 | 774286 | 25189 | 66 | 1325 | 578 | 563 | 114 | 92 |
| 965 | 247700 | 820323 | 788593 | 29136 | 44 | 1203 | 587 | 565 | 94 | 10 |
| 966 | 253395 | 803989 | 801991 | 33389 | 76 | 1243 | 558 | 531 | 88 | 113 |
| 967 | 254759 | 849357 | 812533 | 33968 | 76 | 1404 | 576 | 582 | 94 | 124 |
| 968 | 265302 | 873716 | 832979 | 37925 | 79 | 1390 | 580 | 554 | 87 | 122 |
| 969 | 263164 | 899030 | 856050 | 40067 | 59 | 1455 | 588 | 575 | 86 | 151 |
| 970 | 287248 | 923456 | 873052 | 42481 | 90 | 1373 | 597 | 600 | 81 | 173 |
| 971 | 298842 | 949300 | 901476 | 45143 | 51 | 1274 | 575 | 616 | 40 | 125 |
| 972 | 303189 | 969153 | 923188 | 43208 | 54 | 1256 | 608 | 667 | 38 | 134 |
| 973 | 308248 | 991905 | 948139 | 40807 | 49 | 1248 | 832 | 662 | 37 | 131 |
| 974 | 310479 | 1020229 | 976587 | 40823 | 71 | 1210 | 709 | 664 | 38 | 127 |
| 975 | 319228 | 1041189 | 996696 | 41638 | 69 | 1182 | 728 | 669 | 37 | 170 |
| 976 | 338579 | 1068326 | 1024473 | 41130 | 65 | 1091 | 701 | 664 | 40 | 156 |
| 977 | 323156 | 1085164 | 1041404 | 41076 | 57 | 1144 | 660 | 666 | 27 | 130 |
| 978 | 324090 | 1097885 | 1053274 | 42022 | 56 | 1070 | 617 | 688 | 18 | 140 |
| 979 | 324450 | 1103472 | 1058448 | 42306 | 71 | 1127 | 710 | 667 | 18 | 125 |
| 980 | 321559 | 1120587 | 1076566 | 41346 | 72 | 1153 | 714 | 697 | 23 | 116 |
| 981 | 315146 | 1143118 | 1100882 | 39233 | 55 | 1294 | 769 | 683 | 28 | 144 |
| 982 | 311934 | 1164136 | 1124331 | 36575 | 55 | 1390 | 771 | 742 | 107 | 165 |
| 983 | 319859 | 1172216 | 1130181 | 39090 | 128 | 1228 | 684 | 728 | 22 | 155 |
| 984 | 314002 | 1199580 | 1157903 | 38767 | 30 | 1254 | 719 | 713 | 21 | 173 |
| 985 | 318966 | 1226665 | 1186345 | 37482 | 50 | 1157 | 617 | 802 | 33 | 174 |

بۇ ماتېرىيال، خوتەن ۋىلايەتلىك ستاتىستىكا باشقارمىسى 1988 - يىلى ئۆكتەبىردە نەشر قىلغا
«خوتەن ۋىلايىتىنىڭ خەلق ئىگىلىكى تارىخىي ستاتىستىكا ماتېرىيالى» ناملىق كىتابتىن ئېلىندى.

تۇپەيلىدىن ئۇلارنىڭ يۈرىكى شۇنداق چوڭ ئىدىكى، يەرلىك خەلق بەھرىمەن بولالمايدىغان ھوقۇقلاردىن بەھرىمەن بولاتتى. ئۇلارنىڭ قانۇنسىز ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشىغا يول قويۇلاتتى، مەيلى قايسى دۆلەتتىن كەلگەن بولسۇن، ئۇلارنىڭ خالىغانچە ھەرىكەت قىلىشىغا، يەر زېمىن سېتىۋېلىشىغا، يىپەك تارتىش قاتارلىق تۈرلۈك كارخانىلارنى قۇرۇشىغا رۇخسەت قىلىناتتى. خوتەننىڭ ئالتۇن، يىپەك، يۇڭ، تېرە - ئۈچەي، كىگىز، جايناماز قاتارلىق مەھسۇلاتلىرىنى ئۆز مەملىكەتلىرىگە ئەركىن ئېلىپ چىقىپ كېتىش، ھەر خىل مەدەنىي يادىكارلىقلارنى يىغىپ ئوغرىلاپ كېتىش قاتارلىق ھەرىكەتلىرى توسۇلمايتتى (مەسىلەن، لوپ ناھىيە ھاڭگى يېزا ئايىغى تەرىپىدىكى تەكلىماكان قۇملۇقىدىن تېپىلغان مىس بۇيۇملارنى ئېلىپ چىقىپ كەتكەن). ئۇلار ئۆز مەملىكەتلىرىدىن نەشە، ئەپيۇن قاتارلىق زەھەرلىك چېكىملىكلەر ۋە ئەتكەس قىلىنغان ماللارنى ئېلىپ كىرىپ ساتسا، توسۇلمايتتى. ئۇلارنىڭ چېگرىدىن ئېلىپ كىرگەن ۋە ئېلىپ چىقىپ كەتكەن ماللىرى، خوتەندە قىلغان كەسپىي تىجارىتى، سېتىۋالغان يەر - زېمىن، چارۋا ماللار ئۈچۈن ناھايىتى ئاز ساندا تېگىشلىك بولغان بىر قىسىم دۆلەت بېجىدىن باشقا، يەرلىك خەلقلەر تۆلەيدىغان تۈرلۈك تاپاۋەت بېجى قاتارلىق ھەر قانداق يەرلىك تۆلەملەرنى تۆلىمەيتتى. ھېچقانداق ئالۋان - سەيسىمۇ تۆلىمەيتتى. دېھقانچىلىقنىڭ سۇلاغ ئىشلىرى ئىنتايىن جىددىي پەيتلىرىدىمۇ، ئۇلار نۆۋەت كۈتمەيلا خالىغان ۋاقىتىدا سۇنى ئىشلىتەتتى. ئۇلار جىنايەت سادىر قىلسا قانۇن ئالدىدا جاۋابكار بولمايتتى. ئەگەر يەرلىك پۇقرالار ئۇلارغا دەخلى يەتكۈزسە قاتتىق جازاغا تارتىلاتتى مەسىلەن، راتامباي دېگەن ھىندىنىڭ بىرى 20 ياشلاردا، يەنە بىرى ئون نەچچە ياشلاردا ئىككى ئىنىسى بولۇپ، بۇلارنىڭ ئولتۇراق جايى ئەخمەتجان شېجاڭنىڭ ئۆيىگە يېقىن ئىدى. 1931 - يىلى باھارنىڭ مەلۇم بىر كۈنى ئەخمەت بەگ ئۆيدە يوق ۋاقتىدا، مەزكۇر راتامباي دېگەن ھىندىنىڭ چوڭ ئىنىسى ئەخمەت بەگنىڭ ئۆيىگە ئۇسۇپ كىرىپ، خوتۇنى (گۈلسۇمخان) نىڭ نومۇسىغا تېگىشكە ئۇرۇنۇپ زورلۇق قىلىدۇ. ئايال قارشىلىق كۆرسىتىپ قاتتىق ۋارقىرايدۇ. ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان مەھەللە جامائەتلىرىدىن مەتتىمىن مەخسۇم، قادىر ئاخۇن قاتارلىق ئون نەچچە كىشى ئۆيگە بېسىپ كىرىپ، ھىندىنى ئۇرماقچى بولغاندا، ئۇ ھىندى ئۆيىگە قېچىپ چىقىپ، ئۆزى قورقۇنچىلىقتا، دورا ئىچىپ ئۆلۈۋالىدۇ. بۇ ۋەقەگە ھىندىلار نارازى

يۇقىرىلىرىغا قارىغاندا كۆپ بولسىمۇ، باشقىلار ئالاھىدە ھوقۇق
تايىنىپ، يەرلىك يۇقىرىلارنى بوزەك قىلمىسۇن، ئەمما ئۇلار بوز
قىلمايتتى. بۇلار پەۋقۇلئاددە ئىمتىيازلىق بولمىغاچقا، يەرلىك
يۇقىرىلار بىلەن ئۆز ئارا نىكاھلىنىپ، ئادەتتىكى سودا - سېتىق بىل
شۇغۇللىناتتى. ئۇلار خوتەن شەھەر ئەتراپىدىن زېمىن سېتىۋېلىپ
مەخسۇس قەبرىستانلىق بەرپا قىلىپ، ئۇنىڭغا «مۇساپىر زەرەتلىك
دەپ نام بەرگەن (ھازىرقى خوتەن ۋىلايەتلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ
شەرق تەرىپىدە). ئۇ ئەسلىدە مەخسۇس ئۆزبېكلەر قەۋرىستانلىق
بولۇپ، كېيىنچە ئۇلار بىلەن يەرلىك يۇقىرىلار ئۆز - ئا
نىكاھلىنىپ، ئۇرۇق - تۇغقانلىق مۇناسىۋەتنىڭ قويۇقلىشىشى بىلە
يەرلىك خەلقلەرنىڭ جەسەتلىرىمۇ ئارىلاش دەپنە قىلىنىپ، بۈگۈنك
كۈندە خوتەن شەھىرىنىڭ ئاساسلىق مەقبەرەزارلىقىغا ئايلاندى
ئۇنىڭدىن باشقا غوپۇرجان ھاجىم، ئابلاجان ھاجىملار ئىككى دىنى
مەدرىسە، يەتتە چوڭ مەسچىتنى ناھايىتى كۆركەم بى
قىلدۇرغانىدى.

خوتەنگە ئورۇنلاشقان چەت ئەل يۇقىرىلىرى ئارىسىدا ئەنگلىيە
يۇقىرىلىرىنىڭ قەشقەردىكى ئەنگلىز كونسۇلخانىسىغا قاراشلىق خوتەند
ۋاكالىتەن ئىش بېجىرىش دىپلوماتىيە ئورگىنى بولۇپ، بۇ ئورگان
ئەنگلىز يۇقىرىلىرىنىڭ ئاقساقىلى (كابۇللۇقنىڭ ئاقساقىلى) دەپ
ئاتىلاتتى. بۇ ئورگاننىڭ ئاقساقىلى ئافغانىستانلىق پەتىدىن خا
بولۇپ، ئۇنىڭ مەنسەپ نامىنى «خانسايىپ» دەپ ئاتايتتى. ھازىرقى
خوتەن شەھەرلىك بىرىنچى باشلانغۇچ مەكتەپ (چايخانا مەكتەپ) نىڭ
ئورنىدا خانسايىپنىڭ چوڭ سارىيى بار ئىدى. بۇ ساراي ياۋروپاچ
نۇسخىدا سېلىنغان بولۇپ، ئارقا تەرىپىدە «چاھار باغ» دەپ
ئاتىلىدىغان، كۆن چۈشمەيدىغان بۈك - باراقسان كاتتا بېغى بار
ناھايىتى كۆركەم ئىدى (بۇ باغنىڭ بىر قىسمى ھازىرمۇ بار)
خانسايىپ تۆت ئوغلى بىلەن مۇشۇ سارايدا تۇراتتى.

چوڭ ئوغلى پەيزىمەتخان دىنىي كەسىپ بىلەن شۇغۇللىناتتى
ئىككىنچى ئوغلى جامالخان دادىسىنىڭ خىزمىتىگە ياردەملىشىپ
ئەنگلىيە يۇقىرىلىرىنى باشقۇراتتى. 3 -، 4 - ئوغۇللىرى كامالخان
جالدۇڭخانلار چاھارباغدا ئىچملىك، چېكىملىك بىلەن شۇغۇللىنىپ
كەيپ-ساپا سۈرۈپ ئۆتەتتى (باشقا كىچىك باللىرىمۇ بار ئىدى)
دېمەك، خوتەندە چەت ئەل يۇقىرىلىرىنىڭ سانى ئاز بولسىمۇ
لېكىن جۇڭگو بىلەن تۈزگەن تەڭسىز شەرتنامىلەرنىڭ تەسىر

ھەتتا ئەزىز پەرزەنتلىرىدىنمۇ ئايرىلىپ قالاتتى. مەسىلەن، خوتەن ناھىيىسىنىڭ بوزاق يېزا ئازنا بازار كەنتىدىن بىر دېھقان راتامباي دېگەن ھىندىدىن 50 سەر كۈمۈش پۇل ھېسابىدا قەرز ئېلىپ، ئىككى يىلغىچە تۆلەپ بولالماي ئاخىرى بىر قىزىنى قەرزگە ھېسابلاپ بەرگەن. ئۇ ھىندى بۇ قىزنى خانسايىپىنىڭ غۇلامخان دېگەن نەۋرىسىگە خوتۇنلۇققا سېتىپ بەرگەن. غۇلامخان بۇ قىزنى 1938 - يىلى ئافغانىستانغا ئېلىپ چىقىپ كەتكەن. يەنە بىر مىسال، تاربىاي دېگەن ھىندى قاراقاشلىق بىر دېھقانغا قەرز پۇل بېرىپ، بۇ دېھقانمۇ قەرزنى تۆلەپ بولالماي بىر قىزىنى قەرزگە ھېسابلاپ بەرگەن. ھىندى ئۇ قىزنى ئۆزىگە خوتۇن قىلغان بولۇپ، ئۇ ئايال ھىندىدىن ئۈچ بالا تۇغقان. ئىككىنچى بالىسى ئوغۇل بولۇپ، ئۈچ ياشقا كىرگەندە ئۆلۈپ كەتكەن. ھىندى بۇ بالىنى ئۆز ئادىتى بويىچە كۆيدۈرمەكچى بولغاندا، ئايال قاتتىق نارازى بولغان. باشقا ھىندىلەر يىغىلىپ ئۇ ئايالغا: «بىز ھىندىلەرنىڭ جەسىتىنى يەر قوبۇل قىلمايدۇ، ئەگەر ئىشەنمىسەڭ كۆمۈپ باقايلى» دەپ ساندۇققا سېلىپ، نىياز ئاكام دېگەن خىزمەتچىسىگە كۆتۈرگۈزۈپ، شەھەر سىرتىدىكى تامباغ يېزىسىنىڭ دوڭغاق شاتوت دېگەن قەبرىستانلىقىغا ئېلىپ چىقىپ كۆمۈپ قويۇپ، كېچىدە چىقىپ ساندۇق ئىچىدىكى جەسەتنى سىرتقا ئېلىپ قويۇپ ئەتىسى ئايالنى باشلاپ چىقىپ كۆرسىتىپ، دىنىي ئەقىدە بىلەن ئالداپ، ئاخىر ئۆز ئادىتى بويىچە كۆيدۈرۈۋەتكەن. ئايال ئىلاجسىز يىغا - زار بىلەن تەسەللى تاپقان (بۇ ھىيلە - مىكىرنى نىياز ئاكا كېيىنچە پاش قىلغانىدى). ھىندى بۇ ئايالنىمۇ ئىككى بالىسى بىلەن 1938 - يىلى ئۆز يۇرتىغا ئېلىپ چىقىپ كەتكەن.

ئۇلار يەنە يەرلىك پۇقرالارنى خالىغانچە ئۆز پۇقرالىقىغا قوبۇل قىلىۋالاتتى. مەسىلەن، خوتەننىڭ يەرلىك كىشىلىرىدىن ئىمىن ھاجىم تەنزىچى، ئىمىن ئاخۇن داكىچى، ئابلاجان قاتارلىقلارنى ئىنگلىز پۇقرالىقىغا ئۆتكۈزۈپ، 1938 - يىلى ئۆز مەملىكىتىگە ئېلىپ كەتكەن. بۇلاردىن ئابلاجان 10 نەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن مەن چەت ئەلگە پۇقرا بولمايمەن، دەپ خوتەنگە قايتىپ كېلىپ، جۇڭگو پۇقرالىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن.

ئىنگلىز پۇقراسى دېگەنلەرنىڭ پەۋقۇلئاددە ھوقۇقلۇق ئىكەنلىكىنىڭ يەنە بىر گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى شۇكى، مەيلى ھىندى، ئافغان ياكى پاكىستانلىق بولسۇن، ئۇلارنىڭ ئالاھىدە ھوقۇقلۇق كىشىلەر ئىكەنلىكىنىڭ بەلگىسى ئۈچۈن، ھويلا ئىشىكى

بولۇپ، قەشقەردىكى ئەنگلىز كونسۇلخانىسىغا ئەرز سۇنۇپ كونسۇل
خوتەنگە كەلتۈرىدۇ. دەۋالىشىش نەتىجىسىدە ئەنگلىز كونسۇل
ھۆكۈمەت ئەمەلدارىنى قىستاپ تۇرۇپ مەمتىمىن مەخسۇم، قاد
ئاخۇن، روزى ئاخۇنۇم قاتارلىق 13 كىشىنى تۈرمىگە قامىتىپ
كېيىن ئۇن كىشىنى جەرىمانە تۆلىتىپ قويۇپ بېرىپ، يۇقىرىقى ئۈ
كىشىگە مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىدۇ. ئۇلار پەقەت 1933
يىلدىلا تۈرمىدىن چىقىدۇ.

1931 - يىلى ئاتا - ئانام مەزكۇر روزى ئاخۇن مۇئەززىندىن ھا
سوراش ئۈچۈن، ئىككى چىنەتاۋاقتا پولو، ئىككى قاچىدا ئۆرۈل
قاچىلاپ، تۇرسۇن ئاخۇن خارەت، توختى ئاخۇن گۆمەن دېگە
ئادەملەرگە كۆتۈرگۈزۈپ، مېنى ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تۈرمىسى
ئۇلارغا قوشۇپ چىقاردى. بىر قاچا ئۆرۈك بىلەن بىر تاۋاق پولن
تۈرمە باشلىقىغا تارتۇق قىلغاندىن كېيىن ئۇ بىزنى زىنداندا باشلا
كىردى. بۇ زەي چىقىپ تۇرىدىغان سېسىق پۇراقلىق كىچە
كامېرلارغا بۆلۈنگەن، كۈن نۇرى چۈشمەيدىغان قاراڭغۇ زىندان
بولۇپ، روزى ئاخۇنۇم قوشكۆل كەنتلىك باراخۇن قارغۇ دېگەن ئادە
بىلەن بىر كامېردا ئىكەن (باراخۇن يالغان تەڭگە ياسىغانلىقى ئۈچۈن
مۇددەتسىز قامالغانىكەن) . خاتىرەمدە قېلىشىچە، روزى ئاخۇنۇم كۆ
يېشى قىلىپ تۇرۇپ شۇنداق دېگەنىدى: «مەن ناھەق قامالدىم، مە
ئەسلىدە بۇ ماجىرادا يوق ئىدىم. مېنى ئەلۋەتتە بالدۇرراق قويۇپ
بېرىدۇ دەپ ئويلىغانىدىم. ئەگەر پۇلۇم بولغان بولسا، جەرىمانە تۆلە
چىقىپ كەتكەن بولاتتىم. ئۆزۈم نامرات، تۆلەشكە پۇلۇم بولمىغاچ
مۇددەتسىز قامالدىم» .

بىز ئەنگلىز پۇقراسى دەپ پەخىرلىنىدىغان ئۇ ئادەملەر بولۇپ
خانسايىپنىڭ ئوغۇللىرى ياشلارنى زەھەرلىك چېكىملىكلەرگ
قىزىقتۇرۇپ، ئۆز ئەتراپىغا يىغىپ، خوتەننىڭ جەمئىيەت ئەھۋالىد
بەزى ماتېرىياللارنى توپلىغان. خانسايىپنىڭ چاھارباغ دېگەن
ئوردىسى ئەپيۇن، نەشە چېكىدىغان، ھاراق ئىچىدىغان مەيخانا
قىمارخانا ئىدى. ئۇلارنىڭ يەنە بىر ئېغىر ئېكسپىلاتاتسىيىسى بولۇپ
ھىندىلەر ئەتىياز پەسلىدىكى سېرىقتال مەزگىلدە دېھقانلارغا يۇقىر
ئۆسۈم بىلەن قەرز پۇل تارقىتاتتى. بۇ قەرز پۇل (جازانە) نى
ئۆسۈمى ئايدا 25% بولۇپ، تۆت ئايدا ئۆسۈم بىلەن دەسمايە تەڭشىلى
قالاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىچارە دېھقانلار قاتمۇقات قەرزگە بوغۇلۇپ
تۆلەپ بولالماي، ئۆي، يەر - زېمىن، مال - مۈلۈك، بىساتلىرىد

# 1912 ـ يىلدىكى چىرا ۋەقەسى ۋە سوپۇرگە ئاخۇن

## مۇقەددىمە

1911 ـ يىلى پارتلىغان «شىنخەي ئىنقىلابى» شىنجاڭ رايونىدا زور دولقۇن پەيدا قىلدى. ئەنە شۇ ئىنقىلابنىڭ تۈرتكىسىدە، 1912ـ يىلى چىرا ناھىيىسىنىڭ چىرا يېزىسىدا ئۇيغۇر دېھقانلىرىنى ئاساس قىلغان ھەر مىللەت پۇقرالىرىنىڭ چارروسىيە جاھانگىرلىكىنىڭ كىگەيمىچىلىك ھەرىكەتلىرىگە قارشى تۇرىدىغان مەشھۇر «چىرا ۋەقەسى» پارتلاپ، ئەينى چاغدىكى دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارانىڭ زور دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغىدى.

خوتەن بىلەن كېرىيە ئارىلىقىغا جايلاشقان چىرا يېزىسى تەخمىنەن مىڭ ئائىلىلىك ئادىمى بولغان بىر يېزا بولۇپ، XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا كېرىيە ناھىيىسىگە قارايتتى، يېزىنىڭ مەركىزى (بازىرى) ھازىرقى شەھەر مەركىزىدىن كېسىپ ئۆتىدىغان ئوق ئۆستەڭنىڭ غەربىي ـ جەنۇبىي تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، بىرلا كوچىسى بار كىچىك بازار ئىدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئۇ چاغلاردا بازار كۈنلىرى ئىنتايىن قىزىپ كېتەتتى، جانلىق بازار بولاتتى. بازاردا ئاشلىق، چارۋا ـ مال، كىيىم ـ كېچەك، يۇڭ ـ تېرە، چەكمەن، خام ـ ماتا، يەل ـ يېمىش بازارلىرى بولغاندىن باشقا، ئاشپۇزۇلخانا، ناۋايخانا، گەزمال، تۆمۈرچى، مىسكەر، زەرگەر ۋە ئۇنچە ـ مونچاق ساتىدىغان دۇكانلاردىن 16 — 17 دەك دۇكان بار ئىدى، شۇڭا بازار كۈنلىرى، يەرلىك خەلقلەر ئارىسىدا دائىم دېگۇدەك ھىندى سودىگەرلىرى ۋە روسىيىدىن كەلگەن سودىگەرلەرنى كۆرگىلى بولاتتى. ئۇلار بۇ بازارغا بىر مۇنچە سانائەت ماللىرىنى ئېلىپ كېلىپ، ئۇنى يۇڭ ـ تېرە، ئۈچەي ۋە يىپەك قاتارلىق يەرلىك مەھسۇلاتلارغا ئالماشتۇرۇپ كېتەتتى...

بۇ بازارنىڭ ئۆپچۆرىسى مۇنبەت ئېتىز ۋە ئېگىز قۇم بارخانلىرى

ئۈستىگە ئەنگلىيە بايرىقى چىقىرىپ قوياتتى، تاشقى كىيىمىنىڭ سو
يېڭىگە ئەنگلىيىنىڭ دۆلەت بەلگىسىنى تاقىۋالاتتى. بۇنداق بەلگىلى
كىشىلەر قەيەرگە بارسا، قانداق ئەركىن يۈرسە ۋە قانداق جىنايە
ئۆتكۈزسە، ھېچقانداق دەخلى - تەرۇزغا ئۇچرىمايتتى. ھەتتا يەرلى
پۇقرالاردىن بىرەرى ئېغىر قاتىللىق جىنايىتى ئۆتكۈزۈپ، ئەنگلى
بايرىقى ئېسىلغان ئۆيگە كىرىۋالسا، ئۇ ئادەم تاكى ئۆزلۈكىدىن
تەسلىم بولۇپ چىقمىغۇچە، شەخسىي ياكى ھۆكۈمەت خادىملىرى
ئېلىپ چىقالمايتتى. مەسىلەن، ئۆتەڭ باغدىكى ئابدىغىنى موزدۇزنىڭ
ئوغلى يۈسۈن دېگەن كىشى پاكىستانلىق بىلەن توغقانچىلىقى با
مەتئىمەر دېگەننى ئۆلتۈرگەنىكەن. ئۇلار قىساس تەلەپ قىلىپ دەۋ
قىلغاندا، ئابدىغىنى موزدۇز ئاتا - بالا پانا ئىزدەپ ئافغان مىيار
سايىپنىڭ ئۆيىگە كىرىۋېلىپ، 20 نەچچە كۈندىن كېيىن چەت
ۋىلايەتلەرگە قېچىپ كەتكەن.

دېمەك، ئىنگلىز پۇقرالىرى ئەنە شۇنداق پەۋقۇلئاددە ھوقۇقلۇق
بولغاچقا، بەزى ئادەملەر ئۇلارغا ئالدىنىپ، يەرلىك پۇقرالىقىدىن ۋاز
كېچىپ، ئىنگلىز پۇقراسى بولۇشنى ئىختىيار قىلغان.

ئىنگلىز پۇقرالىرىنىڭ خوتەندىكى پەۋقۇلئاددە ھوقۇقى ۋە
زوراۋانلىقىغا 1937 - يىلى شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتى تىكلەنگەندىن
كېيىنلا تەلتۆكۈس خاتىمە بېرىلدى. 1938 - يىلى شېڭ شىسەي
ھۆكۈمىتى بارلىق ئەنگلىيە پۇقرالىرىنى ئۆز دۆلىتىگە قايتىشقا
مەجبۇرلاپ، ئۇلارنىڭ يەر - زېمىن قاتارلىق كۆچمەس مۈلۈكلىرىنى
ھۆكۈمەتكە سېتىۋېلىپ، ئۆز دۆلىتىگە مەجبۇرىي ھەيدەپ
چىقىرىۋەتتى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن چەت ئەلنىڭ خوتەندىكى تەلۋ
ھوقۇقسىز ئالاھىدە ئىمتىيازلىرى تەلتۆكۈس بىكار قىلىنىپ، چەت
ئەل پۇقرالىرىنىڭ يەرلىك پۇقرالارنى خالىغانچە بوزەك قىلىدىغان
زوراۋانلىقىغا خاتىمە بېرىلدى.

(«خوتەن تارىخىدىن ئەسلىمە» ناملىق كىتاب، خوتەن ۋىلايەتلىك ئاز سانلىق
مىللەتلەر قەدىمىي ئەسەرلەر ئىشخانىسى 1988 - يىل 11 - ئاي باسمىسىدىن
ئېلىندى).

شۇ ۋاقىتلاردا كېرىيە ئامبىلى تەيىنلىگەن يۇرت بېگىنىڭ قول ئاستىدا بىر ئاقىن بېشى (مىڭ بېشى)، بىر مىراپ ۋە بىر مىرشەپ بولۇپ بەگ ئۆز تەۋەلىكىنى جەمئىي 16 مەھەللىگە ئايرىپ، ھەر بىر مەھەللىگە بىردىن يۈز بېشى قويۇپ باشقۇراتتى. مەھەللىلەر مىراپنىڭ قول ئاستىدا نۆۋەت بىلەن يەر سۇغىراتتى. يۈز بېشى ئەگەر بىر يىگىرمىنى باشقۇرسا بىر كېچە ـ كۈندۈز، ئىككى يىگىرمىنى باشقۇرسا ئىككى كېچە ـ كۈندۈز سۇ ئىچەتتى. سۇ كىشىلەرنىڭ جېنى ئىدى. يىللىق تىرىكچىلىك دەل سۇغا قاراشلىق بولغىنى ئۈچۈن، سۇ نۆۋىتى كەلگەن ھەرقانداق بىر مەھەللە يۇقرالىرى ئارىسىدا جاننى تىكىپ جەڭگە ئاتلانغانلىق جىددىيلىك پەيدا بولاتتى.

## سېيىت ھاجىنىڭ چىرىغا كېلىشى

تەخمىنەن 1907 ـ يىلى 5 ـ ئايلاردا بۇ ياقا يۇرتتا توساتتىن بىر «مېھمان» پەيدا بولۇپ قالدى. يېشى 42 لەرگە يېقىنلاشقان، ئوتتۇرا بوي، قارامتۇل، ئورۇق يۈزلۈك ۋە ئازراق چېچەك ئىزلىق بۇ ئادەم دائىم ئۇزۇن چېچىنى گەدىنىگە چۇشۇرۇپ تارايتتى. بىر تۇتام چېچى دائىم دېگۈدەك يېپىسىپ تۇرىدىغان كۆزلىرىدىن ئاسان چۈشىنىپ بولمايدىغان قۇۋلۇق چىقىپ تۇراتتى. غەرب پاسونىدا كىيىنگەن بۇ ئادەم ئارغىماققا مىنىپ ئەجنەبىي قىياپىتىدە چىرىغا كېلىپ، شېرىپ ئاخۇن ئىسىملىك بىر ئادەمنىڭ سارىيىغا چۈشتى. (بۇ ساراي ھازىرقى ناھىيىلىك سودا مەركىزىنىڭ ئەتراپىغا توغرا كېلىدۇ) ئۇ دائىم ئارغىماققا مىنىپ كىشىلەرگە ئۆزىنى كۆرسىتەتتى. ئۇ، يەرلىك خەلقلەر ئارىسىدا ئۆز ئابرۇيىنى تېخىمۇ كۆتۈرۈش ئۈچۈن روسچە «زاكۇنچى» دەپ خەت يېزىلغان ئىزناكنى كۆكرىكىگە ئېسىۋالاتتى ...

چىرىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقتە كېرىيىگە 170 يول، غەربتە لوپقا 130 يول كېلىدىغان بولغاچقا ھەمدە خوتەن ھەم كېرىيىنىڭ ئىدارە قىلىشى قىيىن بىر يۇرت بولۇشىدىن تاشقىرى، ئاھالىنىڭ خوراپىيلىقى كۈچلۈك بولغانلىقىدەك ئالاھىدىلىككە ئاساسەن، سېيىت ھاجى بۇ يەردە چوڭراق ئىش قىلىش قارارىغا كەلدى ھەم سارايدىكىلەرگە «ئۇزۇن مۇددەت تۇرۇپ تىجارەت قىلىمەن» دېدى. سارايۋەن ئۆمرىدە كۆرمىگەن يولۇچى، مېھمانلارنى كۈتكەن ۋە

بىلەن ئورالغان بولۇپ، يەرلىرى قۇم تۇپراق ئىدى. بۇ يۇرتنىڭ
كۈنلىرى ئۇزۇن بولغاچقا، يەرلىرىگە يىلدا ئىككى قېتىم ياكى ئىككى
يىلدا ئۈچ قېتىم ھوسۇل بېرىدىغان زىرائەتلەر تېرىلاتتى. بۇ يەرلەر
بۇغداي، قوناق، مايلىقدان ئۆستۈرۈلۈپلا قالماستىن، قوغۇن
تاۋۇز، ئۆرۈك، ئانار، شاپتۇل، چىلان، ئالما، بېھى، ياڭا
قاتارلىق مېۋىلىك دەرەخلەرمۇ ئۆستۈرۈلەتتى ۋە يېقىن ئەتراپتىكى
قوشنا يۇرتلار ئارىسىدا چىرا مېۋىلىرى داڭلىق ئىدى.

شۇ ۋاقىتلاردا پۈتۈن يېزىنىڭ تېرىلغۇ يېرى 50 مىڭ مو
ئەتراپىدا بولۇپ، كۆپىنچىسى پومېشچىك، بايلارنىڭ قولىدا ئىدى
ئۇلارنىڭ چوڭراقلىرى بىرەر مىڭ مو، ئادەتتىكىلىرىمۇ 200 مودىن
ئارتۇق يەرگە ئىگە بولۇپ، يېرى يوق ياكى ئازغىنا يەرگە ئىگە
دېھقانلار بايلارغا ئورتاقچىلىق قىلىپ ھايات كەچۈرەتتى، ئېغىر زۇلۇم
ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىگە ئۇچرايتتى. بىر مو يەرنىڭ يىللىق مەھسۇلاتى
10 چارەك بولسا، ئۇنىڭ ئۈچ چارىكىنى ئۇرۇقلۇققا، قالغان يەتتە
چارىكىنى ئىجارىگە تۆلەيتتى. دېھقانلار بەلگىلىك ۋاقىتتا بايلار ئۈچۈن
ھەقسىز ئىشلەپ بېرىشكە مەجبۇر ئىدى. ئاشلىق يېتىشمەسلىك
قىيىنچىلىقىغا دۇچ كەلگەندە بايلاردىن جازانە ئاشلىق قەرز ئالاتتى.
بىر چارەك قوناق ئالغان بولسا، كۈزلىكى بىر چارەك بۇغداي ياكى
ئىككى چارەك قوناق تۆلەيتتى.

بۇ يۇرتتىكى دېھقانلار ئېغىر يەر ئىجارىسى ۋە جازانىخورلارنىڭ
ئېكسپىلاتاتسىيىسىگە ئۇچراپلا قالماستىن، بەلكى ئېغىر باج، سېلىق
ئازابىغىمۇ دائىم گىرىپتار بولاتتى. ئەگەر بىر قوي ساتسا 60 تىيىن
باج تۆلەيتتى، ھەتتا چېپەرچىلەرنىڭ (خەت توشۇغۇچىلار) ئات
ئۇلاغ خىراجەتلىرىمۇ دېھقانلارنىڭ بېشىغا چېچىلاتتى. كەڭ دېھقانلار
يىل بويى ئاچ - يالىڭاچلىق ئازابىدا جان تالىشاتتى. ئۇنىڭدىن باشقا
سۇ مەسىلىسىمۇ ھەمىشە كىشىلەرنىڭ تىرىكچىلىك يولىنى بوغۇپ
تۇراتتى. تەكلىماكاننىڭ جەنۇبىي گىرۋىكىگە جايلاشقان بۇ يۇرتنىڭ
ھاۋا كىلىماتى ئىنتايىن قۇرغاق بولۇپ، دېھقانلار يەر سۇغىرىشتا
ئاساسلىقى كۇئېنلۇن تاغلىرىنىڭ قار - مۇزلىرىغا تايىناتتى. ئادەتتە
بۇ يېزىغا ياز كۈنلىرى 7 - ئايدىن 9 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە تاغ سۈيى
كېلەتتى. بۇ چاغدا سۇ بىرقەدەر مول بولاتتى. باشقا پەسىللەردە
بولۇپمۇ 3 -، 4 -، 5 - ئايلاردا تېرىلغۇ قىلىش ۋە زىرائەت
سۇغىرىشتا سۇ ئادەم قېنىدەك ئەتىۋار بولۇپ، ھەتتا ئادەم
ھايۋانلارنىڭ ئىچىشكىمۇ سۇ تېپىش قىيىن ئىدى.

پايدىغا ئېرىشىمەن» دەپ ئويلىغانىدى. بىراق بۇ يۇرتتىكى دېھقانلارنىڭ ھەممىسى ئالدى ئوچۇق چاپان، كۆڭلەك كىيىپ، بېلىنى پوتا (بەلۋاغ) بىلەن، پۇلى بار بايلارنىڭمۇ ئالدى ئوچۇق تون - پەرىجە كىيىپ بېلىنى گۈللۈك چاسا رومال بىلەن باغلاش ئادىتى بولغاچقا، ھېچكىم ئۇنى سېتىۋالمىغان، نەتىجىدە سېيىت ھاجىنىڭ بۇ تىجارىتى قۇرۇق خىيالغا ئايلىنىپ قالغان. ئەمما، ئۇ مەغلۇبىيەتكە تەن بەرمىگەن. ئۇ بارائەت كېچىسى ئەل ئۇيقۇغا كەتكەندە تۈگمىلەرگە ياغ چېچىپ ئوت قويۇۋېتىپ، ئەتىسى بەگ ئالدىغا بېرىپ: «سارايۋەن 200 سەر تەڭگە قىممىتىدىكى مېلىمغا ئوت قويۇپ بەردى، دەرھال تۆلەپ بەرسۇن» دەپ ئەرز قىلغان، چىرا بېگى ئۇنىڭ سۆزىگە ئانچە ئىشەنمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئەنجان پۇقراسىنى خاپا قىلىپ قويۇشتىن قورقۇپ، «سارايۋەن تۆردى ئاخۇن مالنى ئۈز باھاسى بويىچە تۆلەپ بەرسۇن، ئەگەر تۆلەپ بەرمىسە 300 پالاق ئۇرۇلسۇن، قىلچە كەڭچىلىك قىلىنمىسۇن» دەپ ھۆكۈم چىقارغان. ئادەتتە كىچىككىنە بىر ساراي ئىگىسىدە نەدىمۇ ئۇنچە كۆپ پۇل بولسۇن؟ شۇڭا ئۇ تەن جازاسى تارتىشقا مەھكۇم بولغان. ئۇ چاغلاردا يامۇل چېرىكلىرى كىشىلەرنى پالاق بىلەن ئۇرغاندا ھوشۇقىنىڭ ئىچ تەرىپىگە تاش قويۇپ، تاشقى ھوشۇقتا ئۇراتتى. چېرىكلەر تۆردى ئاخۇننى ئاشۇ ئۇسۇلدا ئۇرۇپ، ئۆلگۈدەك ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويغان. يۈز پالاق ئۇرۇلغاندا ئۇنىڭ كىشىنىڭ يۈرىكىنى سېرىيدىغان نالە - پەريادلىرى ئالەمنى لەرزىگە كەلتۈرگەن. ئۇنىڭ پۇتلىرى ئىششىپ تۇلۇمدەك بولۇپ كەتكەن ۋە بارا - بارا ئۇنى ئۈچۈپ ھوشىدىن كەتكەن.

ئەنە شۇ ۋەقەدىن باشلاپ چىرىدا سېيىت ھاجى دېگەن بۇ كاززاپنىڭ ئېتى چىقىشقا باشلىدى. ياۋاش پۇقرالار ئۇنى كۆرسە خۇددى ئالۋاستىغا ئۇچراپ قالغاندەك قورقۇپ ئۇنىڭدىن قاچاتتى. بىراق، ئادەم تولا بولغانلىقتىن چىرىدا ئۇنى ھىمايە قىلىدىغانلارمۇ بار ئىدى. مەسىلەن، بۇ يۇرتنىڭ ئاقكۆل مەھەللىسىدە ئولتۇرۇشلۇق ئابلىز قارى سېيىت ھاجىغا چوقۇناتتى. ئابلىز قارى قەشقەر قوغانلىق بولۇپ، دەسلەپ چىرىغا كەلگەندە ئۆزىنى دىنىي زات دەپ كۆرسىتىپ، كېيىنچە توغرىقېغىلدىكى ئىمىن شاۋاپنىڭ يەر - مۈلكىنى سېتىۋېلىپ، سودىگەرچىلىك قىلىپ مەلۇم يۈز - ئابرۇيغا ئىگە بولۇۋالغانىدى. ئۇ ئاساسەن شايى - ئەتلەسچىلىك قىلاتتى. 60 ياشلارغا كىرىپ قالغان پاكار، دوغىلاق بۇ ئادەم، سېمىز ھەم مىقتا كۆرۈنەتتى. ئۆزىنى

ئۆزاتقان بولسىمۇ، لېكىن بۇنىڭغا ئوخشاش ئەجنەبىيچە كىيىنگ «مېھمان» نى تېخى تۇنجى قېتىم ئۇچراتقانلىقى ئۈچۈن دەسلىپىدە ؛ ئاز ھەيران بولۇپ قانداق قىلىشىنى بىلەلمىگەن بولسىمۇ، كېيى ئاستا - ئاستا ئۇنىڭغا يېقىنلاپ كۆپلىگەن يەرلىك ئەھۋاللارد مەلۇمات بەرگەنىدى.

سېيىت ھاجى ئۆزىنى ئوتتۇرا ئاسىيادىن كەلگەن ئەنجانلىق د تونۇشتۇرۇپ، تولۇق ئۆزبېكچە سۆزلەيتتى. يەرلىك ئۇيغۇر شىۋىنى تولۇق بىلسىمۇ، ئەمما سۆزلىمەيتتى. ۋاقىت ئۆزارغانسېر كىشىلەر ئۆزىنى «ئەجنەبىي» دەپ ئاتىۋالغان بۇ ئادەمنىڭ تېگى تەكتىنى چۈشىنىشكە باشلىدى. سېيىت ھاجىنىڭ كىچىك خوتۇنىنى جيەنى تۇرسۇننىيازخاننىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە: «سېيىت ھاجى ئەسلى خوتەنلىك داموللا سېيىت ئەھەت دېگەننىڭ ئوغلى بولۇپ، 15 — ئ ياش چاغلىرىدا ئۆزبېكىستانلىق سودىگەرلەرگە ئەگىشىپ تاشكەنت ئەنجانغا بېرىپ پارچە - پۇرات ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغان. كېيى دىنىي مەكتەپتە بىر مەزگىل ئوقۇغاندىن كېيىن، شۇ يەردە تۇر ۋ قېلىپ تىجارەت قىلغان. روسىيىگە گراژدان بولغان ۋە كېيى قەشقەرگە كەلگەن» . XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا چارروسىيە تۇرلۇك يوللار بىلەن جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلغاندا، بۇ غالچا قەشقەردىكى رۇس كونسۇلخانىسىنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن يەكەن، قاغىلىقلارنى بىرقو ئايلىنىپ، ئۇ يەرلەردە تۇرالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ ئاخى «تىجارەتچى» دېگەن نام بىلەن خوتەنگە كېلىپ، خوتەن بىلەن چى ئارىلىقىدا قاتناپ بىر مەزگىل سودا قىلغان. ئۇ دەسلەپتە خوتەندى چىرىغا بىرنەچچە يۈز پارچە گىلەم يۆتكەپ سېتىپ، ھەر بى پارچىسىدىن بەش سەردىن كۈمۈش تەڭگە پايدا ئالغان. ئۇ بىر قېتى سېتىپ بولالمىغان يۈز پارچە گىلەمنى چىرىلىق تىجارەتچى كېرى ئاخۇن دېگەنگە پۇلىنى بىر يىلدىن كېيىن تاپشۇرۇش شەرتى بىلە تۇتقۇزغان، ئەمما يېرىم يىل بولماستىنلا كېرەمنى قىستاپ پۇلنى ئۇندۇرۇۋېلىپ، چاپسانلا نورغۇن پايدىغا ئىگە بولغان. بىراق ئۇ يەردە قۇۋلۇق، شۇملۇق بىلەن ئىش قىلغانلىقتىن، تىجارە قىلغانسېرى ئىشى ئوڭدىن كەلمىگەن. ئۇ بىر قېتىم باشقىچە يو تېپىش ئۈچۈن ھاشىم دېگەن بىر كىشى بىلەن شېرىكلىشىپ 25 س تەڭگىگە تۇگمە ياستىپ بازارغا سالغان. شۇ چاغلاردا چىرىدا تۇگ دەيدىغان بىر نېمە يوق بولغاچقا، سېيىت ھاجى «يېزىلىقلار چوقۇ بۇ يېڭى نەرسىنى كۆرسە تالىشىپ سېتىۋالىدۇ، بۇ ئارقىلىق كۆ

قۇتقۇزۇشقا بىر - ئىككى مىلى سەر تەڭگە كەتسىمۇ مەيلى دەيدۇ، ئۆزلىرىنىڭ بىرەر ئامالىلىرى بارمىدۇ؟» دەيدۇ. سېيىت ھاجى ئۇنىڭغا قاراپ غولىنى شاپىلاقلاپ تۇرۇپ: «ئەتە ئۇ كىشى مېنىڭ قېشىمغا كېلىپ ئىككى يېرىم سەر تەڭگە خەجلەپ بىر گۇۋاھنامە سېتىۋالسۇن، ئاندىن ھەممە ئىش ھەل بولىدۇ» دەيدۇ. ئەتىسى نۇرۇل ھاجى سېيىت ھاجىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئۇنىڭ ئالدىغا ئىككى يېرىم سەر تەڭگە قويىدۇ. ئاڭغىچە سېيىت ھاجى ھويلىسىغا ئالدىن چاقىرىپ توپلىغان بىر مۇنچە ئادەملىرىگە قاراپ: «بۇ ئادەمنىڭ (نۇرۇل ھاجىنى كۆرسىتىپ) ئاتىسى ئەسلىدە ئەنجانلىق بولۇپ، چىرىدىكى مازار - ماشايىقلارنى تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن كېلىپ بۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ قالغان. ئۇنىڭ ئوغلى تۇرسۇننىيازنى شۆتاڭ مەكتەپكە تۇتۇۋاپتۇ. خەنزۇچە ئوقۇسا خۇدانىڭ غەزىپىگە ئۇچرايدۇ. لېكىن، رەھىمدىل خۇدا بۇ كىشىنىڭ ئەنجانلىق بولغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، قەھرىدىن كەچتى. قېنى بىز بۇنىڭ ئۈچۈن دۇئا قىلايلى، بۇ كىشى پۇشايمان قىلىپ تۆۋە قىلسۇن...» دېگەندە ھېلىقى بىر توپ كىشىلەر دەرھال يۈزىنى قىبلىگە قىلىپ ئولتۇرۇپ دۇئاغا قول كۆتۈرىدۇ. سېيىت ھاجى دەرقەم تۇرغان ئادەملەرنى گۇۋاھچى قىلىپ، كېرىيە ئامبىلىغا بىر پارچە خەت يېزىپ نۇرۇل ھاجىغا بېرىدۇ. نۇرۇل ھاجى كېرىيە ئامبىلىنىڭ ئالدىغا خەتنى ئېلىپ بارغاندا ئامبال كۆرۈپ، چەت ئەل كىشىلىرىنىڭ ئىشى ئىكەن، دەپ قاراپ دەرھال جاۋاب خەت يېزىپ: «سەن بۇ خەتنى مەكتەپكە كۆرسەتسەڭ بالاڭنى چىقىرىپ بېرىدۇ» دەيدۇ. نۇرۇل ھاجى چىرىغا كېلىپ خەتنى مەكتەپكە تاپشۇرۇپ بالىسىنى قايتۇرۇپ كېلىدۇ. «سېيىت ھاجىنىڭ يۈزى نېمىدېگەن چوڭ ھە؟...» بۇ گەپ تارقالغاندىن كېيىن گۇلاخما، دامىكۇدىكى 50 نەچچە باي دېھقان ئائىلىلىرى سېيىت ھاجىنى ئىزدەپ كېلىپ ئەنجان پۇقراسى بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. سېيىت ھاجى پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ ئۇلارغا گۇۋاھنامە تارقىتىپ، نۇرغۇن پايدىغا ئىگە بولۇۋالىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ چىرىدا سېيىت ھاجىنىڭ تەسىرى تېخىمۇ چوڭايدى. لېكىن، ئۇ بۇنىڭ بىلەنلا توختاپ قالمىدى. ئۇ يەنە چىرىدا سۇ مەسىلىسىنى يۇرت پۇقرالىرىنىڭ تىرىكچىلىك قىلىشىدىكى جان تومۇر ئىكەنلىكىنى ئوبدان چۈشەنگەنلىكى ئۈچۈن، ئابلىز قارى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش پۇلى بار «ئەنجان پۇقرالىرى» غا تايىنىپ، ئەتراپىغا لوكچەك، مۇشتۇمزورلارنى توپلاپ، چىرىنىڭ سۈيىنى ئىگىلىۋالدى. ئۇ ئۆز گۇماشتىسى روزى ھاجىنى ئاتالمىش

ياخشى كۆتكەنلىكى ئۈچۈنمۇ قارامتۇل يۈزىدىن دائىم ياغ تەپچىرەپ پارقىراپ تۇراتتى. بۇ قىبرى ئەبلەخ دەل شۇ چاغلاردا ئۆزى ئۈچۈ قاقتى - سوقتى قىلىشقا ئۇستا بىر ئادەمگە موھتاج ئىدى. شۇڭا قۇۋ تۈلكە سىيىت ھاجى بىلەن مەنپەئەت ئېھتىياجىدە شېرىكلىشىۋالدى، بەش ئايدىن كېيىن ئابلىز قارىنىڭ كىشىگە ئوڭا يېقىپ قالىدىغان سەتەڭ قىزى مەرەمخان سىيىت ھاجىنىڭ ئايال بولۇپ قالدى.

## سىيىت ھاجىنىڭ چىرىدا زورلۇق - زومبۇلۇق قىلىشى

سىيىت ھاجى چىرىغا كەلگەندىن كېيىن ئۆزىنىڭ زومىگەرلىك تەسىرىنى ئۇلغايتىپ قەشقەردىكى چارروسىيە كونسۇلخانىسىغ خىزمەت كۆرسىتىش ئۈچۈن، بىر تۇركۇم كىشىلەرنى ئۆزىگە تارتىپ رۇس مۇھاجىرلىرىنى كۆپەيتىش بىلەن شۇغۇللاندى. شۇنداق قىلىپ ئۇ دەسلەپكى قەدەمدە 20 نەچچە ئائىلە كىشىلىرىنى ئەنجان پۇقرالىقىغا قوبۇل قىلدى. لېكىن، يوقىرىقى كىشىلەردىن باشقا ئۆز ۋەتىنىدىن يۈز ئۆرۈشنى ھېچكىم خالىمىدى. سىيىت ھاجى ئۆز مۇددىئاسىنى ئىشقا ئاشۇرالماي تۇرغان شۇ پەيتتە، بۇ يۇرتتا مۇنداق كۆتۈلمىگەن بىر ئىش بولۇپ ئۇنىڭغا زور مەدەت بەردى:

1906 - يىلى ياڭ زېڭشىن تەرىپىدىن «ھەرقايىسى ناھىيىلەرد شۆتاڭ مەكتەپلىرى ئېچىلىپ، ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارغا خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇلسۇن» دېگەن بۇيرۇق ئېلان قىلىندى. بۇنىڭغا بىنائەن چىرىدىمۇ شۆتاڭ مەكتەپ قۇرۇلدى، شۇ چاغدا بۇ يەردىكى بىر قىسىم مۇتەئەسسىپ باي - پومېشچىكلار ۋە ئۆلىمالار ئاممىنى قورقۇتۇپ «كىمكى بالىسىنى شۆتاڭغا كىرگۈزۈپ خەنزۇچە ئوقۇتسا خۇدانىڭ غەزىپىگە ئۇچرايدۇ» دەپ ئېغۋا تارقىتىدۇ. قورقۇنچ سالىدىغان ب سۆزلەرنى ئاڭلىغان سودىگەر نۇرۇل ھاجى دېگەن ئادەم مەكتەپك ئوقۇشقا كىرگەن بالىسىنى قايتۇرۇپ كېتىشنىڭ كويىغا چۈشۈ تۇغقىنى غوپۇر ئاخۇنغا، «بالامنى مەكتەپتىن چىقىرىۋېلىش ئۈچۈن قانچىلىك پۇل كەتسىمۇ مەيلى» دېگەندە، غوپۇر ئاخۇن سىيى ھاجىنىڭ يېنىغا بېرىپ: «مەھەللىمىزدىكى نۇرۇل ھاجىمنىڭ بالىسىنى شۆتاڭ مەكتەپكە تۇتۇۋالغانىكەن، ئۇ ئادەم بالامنى

قىلمايدىغان بىكارچىلارمۇ بۇنىڭدىن نەپ چىقىدىغانلىقىنى كۆرۈپ سېيىت ھاجىغا قولچوماق بولۇشقا باشلىدى. لېكىن، بىر تۈركۈم ۋىجدانلىق ئادەملەر ئۆز ۋەتىنىدىن يۈز ئۆرۈشنى خالىماي ئۇلارغا قېتىلمىدى. شۇڭا سېيىت ھاجى قاتتىق قوللۇق قىلىپ ئۇلارنى ئۆزىگە بېقىندۇرۇش قەدىمىنى تېزلەتتى.

سېرىق ئۆستەڭ بويىدا سۇلايمان ئاخۇن ئىسىملىك بىر دېھقان بولۇپ، بىر كۈنى ئۇسسۇزلۇقتىن قۇرۇپ كېتىۋاتقان قوناقلىرىغا چىداپ تۇرالماي سۇ توغرۇلۇق سېيىت ھاجى بىلەن زاكۇنلىشىپ قالدى. نەتىجىدە ئۇنىڭدىن سۇ ئېلىشنىڭ ئورنىغا دۇمبا يېدى. بۇنى كۆرگەن ئايالى پاتەمخان ئېرىگە مەسلىھەت بېرىپ: «بولدى قىلىڭ! بىز قانداقمۇ ئۇلارغا تەڭ كېلەلەيمىز؟ ئۇلارنىڭ ھەم پۇلى، ھەم كۈچى بار، ئەنجان پۇقراسى بولساق بولايلى، يامان ئىش قىلمىساق بولدىغۇ» دېگىنىدە، سۇلايمان ئاخۇن تىرىكچىلىك يولىنى تېپىش ئۈچۈن دەرد - ئەلىمىنى ئىچىگە يۇتۇپ «ئەنجان»لىق بولۇۋالدى. بۇ يەردە سۇ قىس چاغدا «ئەنجان» پۇقرالىرى سۇدىن قىينالمايتتى. سېرىقتىكى غۇلام ئىسىملىك بىر «مۇھاجىر» بىر كۈنى ئۆز يېرىنى سۇغىرىپ ئاشقان سۈيىنى جاڭگالغا قويۇۋەتكەندە، مىڭ بېشى زۇمرەت غوجا تۇلۇم ئۇنىڭدىن سۇ تەلەپ قىلىپ 16 ئادەمنى بۇ جايغا سۇ تۇتۇشقا ئەۋەتكەن. غۇلام ئۇلارنىڭ مەقسىتىنى ئۇققاندىن كېيىن «ماقۇل مەن ھازىرلا ئازما بېشىغا چىقىپ سىلەرگە سۇ ئېچىپ بېرەي» دەپ ئۆيىگە بېرىپ ئېشىكىگە مىنىپ خوجايىنىنىڭ ئۆيىگە بارغان ۋە سېيىت ھاجىنى كۆرۈپلا بىچارە قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، «زۇمرەتنىڭ ئادەملىرى مېنى دۇمبالاپ ئۆلتۈرۈپ قويۇشقا قىل قالدى، مېنى قۇتقۇزۇۋالسىلا ھاجىم!» دېگەن. بۇ گەپنى ئاڭلىغان سېيىت ھاجى شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە غۇلام ۋە باشقا يالاقچىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ زۇمرەتنىڭ ئۆيىگە ماڭغان. «بالا - قازا ئۆز ئايىغى بىلەن» دېگەندەك زۇمرەت خوجا ئۇلارغا دەل بازاردا ئۇچراپ قالغان. ئۇلار بۇ چاغدا خۇددى تۇلۇمدىن توقماق چىققاندەك زۇمرەتنى قاتتىق دۇمبالىغان. زۇمرەت شۇ كۈنى گەرچە قاتتىق غەزەپلەنگەن بولسىمۇ ئەنتىنى ئېلىشقا مۇمكىن بولماي، ئاخىر ئۆي - ماكانىنى تاشلاپ ياقا يۇرتلارغا كەتكەن.

سېيىت ھاجىنىڭ كىشىلەرنى مەنپەئەت بىلەن قايمۇقتۇرۇشى، تەھدىت سېلىپ قورقۇتۇشى ئارقىلىق، قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە «ئەنجان پۇقراسى» بولغانلار كۆپىيىپ 200 دىن ئېشىپ كەتتى.

«ئەنجان پوقرالىرى» ئۈچۈن سۇ تەگشەپ بېرىدىغان مىراپ (مە- باشقۇرغۇچى) لىققا قويدى. روزى ئۈچىغا چىققان كۆكەمە بولۇپ ئۇمىقىنى ياكى بەلۋېغىنى ئۆستەڭ بويىغا تاشلاپ قويسىلا ھېچكىم ئۇنى يۆتكىۋېتەلمەيتتى. شۇڭا ئۇلارنىڭ سۇ نۆۋىتى ئادەتتە ئۈچ كۈن بولسىمۇ، لېكىن ئون كۈنلەپ ئېقىتاتتى. باشقىلارنىڭ بەش كۈنلۈك سۈيى بولسا، ئاران ئىككى كۈن ئېقىتاتتى.

1910 - يىلى ئەتىيازدا تۆۋەن جاي، ماخمال قاتارلىق جايلاردىكى دېھقانلار ئۆز يەرلىرىنى سۇغىرالماي زىرائەتلىرىنىڭ ئۇسسۇزلۇقتا قۇرۇپ كېتىۋاتقانلىقىدىن قاتتىق بىئارام بولۇشۇپ كەتتى. سېيىت ھاجى دەل ئاشۇنداق ۋەزىيەتنىڭ بولۇشىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتۈۋاتاتتى. ئۇ شۇ كۈنلەردە كىمنىلا كۆرسە: «نېمىگە غەم قىلىسىلەر، ماڭا ئەگىشىپ رۇسىيە پوقرالىقىغا ئۆتسەڭلار، يالغۇز يەر سۇغىرىشتىلا ئەركىن بولۇشتىن باشقا، بەلكى باجمۇ تۆلىمەيسىلەر» دېدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ يۇرتتىكى پومېشچىك - بايلار بىر - بىرلەپ ئۇنىڭ قويىنىغا ئۆزىنى ئېتىشقا باشلىدى. ئاتا - بوۋىلىرىدىن تارتىپ نەچچە ئەۋلاد چىرىدا ياشىغان يەرلىك كىشىلەر سېيىت ھاجىغا 20 ياكى 25 سەر تەڭگە تۆلەپلا دەرھال «ئەنجان پوقراسى» لىق گۇۋاھنامىنى ئېلىپ باشقىلاردىن بىر دەرىجە «ئالاھىدە» بولۇۋالدى. شۇ چاغدا ئاقساقال تۇردى ئاخۇنمۇ بۇنىڭ سىرتىدا قالمىدى. ئۇ راسا تەۋەككۇلچى ئادەم بولۇپ، ئاتىسى ئالماس ئاخۇن ئەزەلدىن چىرىلىق بولۇپ چەت ئەلگە چىقىپ باقمىغانىدى. تۇردى ئاقساقال سېيىت ھاجى بىلەن مۇناسىۋەت باغلىغاندىن كېيىن بىر دوملاپلا ئەنجانلىق بولۇۋېلىپ، ئىشىك بېشىغا روسىيە بايرىقىنى ئېسىپ، «ئەنجان پوقرا» لىرىنىڭ باشلىقى بولۇۋالدى. ئاتا - بوۋىلىرىدىن تارتىپ سېرىق ۋە كوسالڭ مەھەللىلىرىدە ياشاپ كەلگەن بەزى كىشىلەرمۇ ئەنجان پوقراسى بولۇشنىڭ بىرقەدەر ھەشەمەتلىك بولىدىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزىنى «بوۋىلىرىمىز ئەنجاندىن كۆچۈپ كەلگەنىكەن» دەپ ئاتىۋالدى. ئومۇمەن ئۇ چاغلاردا ئەنجان گۇۋاھنامىسىنى ئالغانلار مەيدىسىنى كېرىپ ئەركىن يۈرەتتى. سود قىلسا باج تۆلىمەيتتى. سۇ ئىشلىتىشتە تېخىمۇ ئەركىن ئىدى. ئۆزلىرى ئىشلىتىپ بولالمىغان سۈنى باشقىلارغا ساتاتتى. بىر م يەرنى سۇغىرىدىغان سۇغا بەش مىسقال تەڭگە ئالاتتى. شۇ سەۋەب تۆپەيلىدىن سېيىت ھاجىغا بېقىنىدىغان ئادەملەر بارغانسېرى كۆپىيىشك باشلىدى. ئادەتتە ئوغرى، قىمارۋاز، لۈكچەكلەر ۋە توغرا كەسمى

كىشىلەر كۆپ سانلىق بولىدۇ. چىرا يېزىسىنىڭ هازىرقى مازار كۆل كەنتىدە ئولتۇرۇشلۇق غوجىئالىم ئاخۇننىڭ ئاتىسى روزىمۇھەممەت ئەنە شۇنداق كىشىلەرنىڭ بىرى بولغان. سېيىت هاجى ئۇنى يېرىم ئاي قاماپ، ئۆستەڭ بويىغا ئېسىپ قاتتىق ئۇرغان بولسىمۇ يەنىلا باش ئەگمىگەن.

سېيىت هاجى چىرا بازىرىدا زومىگەر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى گۇلاخما، دامىكۇ قاتارلىق جايلاردىمۇ ھەرىكەتلىنىپ «ئەنجان يۇقرالىرى» نى كۆپەيتتى. كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، سىلىق يوللاردىن، بولۇپمۇ دىنىي تەسىردىن پايدىلىنىپ ئۆز ئىناۋىتىنى ئۆستۈرمەكچى بولدى. ئۇ ھەر دائىم سىرتلارغا چىقسا ئاتقا مىنىپ ئۇلاڭ تەرىپىگە قىلىچ، سول تەرىپىگە قورئان ئېسىپ ئاممىنى قايمۇقتۇراتتى، بۇ ئەبلەخ چىرىغا كېلىپ ئانچە ئۇزاق ئۆتمەيلا مىرزا خەيبەر هاجىنىڭ مەدرىسىسىدە ۋەزىپە ئۆتىدى. ئەمەلىيەتتە ئۇ خېلى بۇرۇنلا «ئەنجان يۇقراسى» نىڭ مەدرىسىسىنى قۇرماقچى بولغانىدى. لېكىن، يەرلىك خەلقنىڭ قارشى تۇرۇشىدىن قورققانىدى. كېيىن يۇرت قازىسى بىلەن يامانلىشىپ قېلىپ ۋە باشقا باھانە تېپىپ ماخمال مەھەللىسىدە ئۆستەڭ بويىدىن مىرزەم هاجىنىڭ يېرىنى سېتىۋېلىپ «ئەنجان مەدرىسى» سالدى، مەدرىسكە قەشقەردىن ئاخۇن ئېلىپ كەلدى. مەدرىستىكى مىرزاخەيبەر هاجى ئالتە تالىپ بەردى. بۇ تالىپلار سېيىت هاجىغا كۆرۈنۈپ قويغاندىن كېيىن تولىسى ئوقۇشقا كەلمىدى. كېيىن ئابلىز قارى مەھەللىدىكى «ئەنجان يۇقرالىرى» بالىلىرىنى توپلاپ ۋەز - نەسىھەت قىلغاندىن كېيىن تالىپلار كۆپىيىشكە باشلىدى. بۇلار ئاتاقتا «تالىپ» بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئابلىز قارى بىلەن سېيىت هاجىنىڭ قۇللىرى ئىدى.

سېيىت هاجىنىڭ چىرىدا زورلۇق - زومبۇلۇق قىلىپ خەلقنى بوزەك ئەتكەنلىكىگە يەرلىك يۇقرالار قاتتىق نارازى ئىدى. ئادەتتە غەزىپى تاشقان بولسىمۇ ئەمەلىيەتتە سۆزلىيەلمەيتتى. بەزىلىرى ئاستىرتتىن شىكايەت قىلاتتى. هېچكىم ئوتتۇرىغا چىقىپ كۆپچىلىكنى باشلاپ، بۇ ئالۋاستى بىلەن كۈرەش قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايتتى. ئەمما، چىرا خەلقى ئەنە شۇنداق زورلۇق - زومبۇلۇققا ئۇچراۋاتقان شۇ يىللاردا بۇ يۇرتتىن خەلقنىڭ ئاھۇ پەريادىغا قۇلاق سالىدىغان ئوت يۈرەك، قەيسەر، خەلقپەرۋەر بىر ئوغلان ئوتتۇرىغا چىقتى.

ئۇلارنىڭ بەزىلىرى خوجايىنىنىڭ قوللىشى ئاستىدا باشقىلارنى—
يەرلىرىنى ئۆز يېرىگە قوشۇۋالدى. بەزىلىرى بازارنى مونوپ
قىلىۋالدى. يەرلىك ھۆكۈمەتنى كۆزگە ئىلماي ئۆز مەيلى—
كۆرەڭلىدى. بۇ ئەھۋاللارنى كىرىيە ئامبىلى ئاڭلىغان بولسىمۇ
لېكىن چەكلەشكە ئامال قىلالمىدى. ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن گە
قىلىدىغانلار بارغانسېرى كۆپەيگەن بولسىمۇ، لېكىن قۇرۇق بۇيرۇق
ئېلىپ قايتتى. شۇ چاغدا گەرچە كىرىيە ئامبىلى چىرا بېگىگە بۇيرۇ
چۈشۈرۈپ: «يۇرتۇڭلاردا روسىيە مۇھاجىرلىرى يەر - زېمىن، ئۆي
مۈلۈك سېتىۋالمىسۇن دېسە ھەرگىز سېتىپ بەرمەڭلار!» دېگە
بولسىمۇ، لېكىن بۇ قەغەزدىكى قۇرۇق سۆزدىن ئىبارەت بولۇ
قالدى.

شۇ يىلى «ئەنجان پۇقراسى» بولغان ھۇسيۇن مۇھەممە
ئىسمىلىك بىر ئادەم ماخمال ئۆستەڭ بويىدىكى ئۆمەر ئاخۇن دېگەن
كىشىنىڭ ئۆيىنى سېتىۋالغان بولۇپ، ئۇ چاغلاردا ئۆي - مۈلۈك
توغرىسىدا توختام خەتلەرگە بەگ، قازىلار تامغا - مۆھۈر باساتتى.
ھۇسيۇن مۇھەممەت ئامبالنىڭ يۇقىرىقى «پەرمان» نى بىلى
تۇرسىمۇ، لېكىن ئارقا تېرىكىگە ئىشىنىپ توختام خەتنى بەگنىڭ
ئالدىغا ئاپىرىپ مەجبۇرىي تامغا باستۇرماقچى بولغان. بۇ چاغدا بەگ
بىر تەرەپتىن ئامبالنىڭ پەرمانىغا خىلاپلىق قىلىشتىن قورقسا، يە
بىر تەرەپتىن «ئەنجان پۇقراسى» نى خاپا قىلىپ قويۇشتىن قورقۇ
«ئاۋۋال قازىنىڭ مۆھۈرىنى باستۇرۇپ كېلىڭ!» دېگەن. ھۇسيۇن
مۇھەممەت خەتنى قازىنىڭ ئالدىغا ئاپارغان، بۇ چاغد
تۇرسۇنمۇھەممەت قازى، «ئالدى بىلەن بەگ تامغا باسسۇن، ئاندى
مەن مۆھۈر قويۇپ بېرەي» دېگەن. شۇنداق قىلىپ بۇ ئىش ھۇسيۇ
مۇھەممەتنىڭ كۈتكىنىدەك بولمىغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ سېيت ھاجىغ
ئەرز قىلغان. سېيت ھاجى بۇ مەسىلىنىڭ ئۆزىنىڭ چىرىدا ئۆز ۋ
مۇددەت تۇرۇشىغا بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى ئويلاپ، ئۆز
قازىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، غەزەپ بىلەن ئۇنىڭ كاچىتىغا ئىككى تەستە
ئۇرغان ۋە باشقا قازىلارغا مۆھۈر باستۇرىمەن دەپ چىقىپ كەتكەن
قازى تۇرسۇنمۇھەممەتنىڭ گەرچە بۇ ئىشقا قارىتا نارازىلىقى بولسىمۇ
لېكىن ئېيتىشقا قورىبى يەتمەي دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ، مازار غوجام
بېرىپ ئون نەچچە كۈن يېتىۋالغان.

زۇلۇم بەزى ئىرادىسى ئاجىز كىشىلەرنى بويسۇندۇرسىمۇ
لېكىن بويسۇنمايدىغان ئىرادىلىك كىشىلەرمۇ بولىدۇ. بەلكى بۇ خى

تۇتۇشقا كىرىشتى. بىر كۈنى سېيىت ھاجى ئۆزىنىڭ غالچىسى ئىدرىس قاتارلىق تۆت ئادەمنى ئەگەشتۈرۈپ توپا مەھەللىسىگە چىقىپ كەلدى. بۇ چاغدا سۇپۇرگە ئاخۇن ھويلىسىدىكى سۇپىدا ئولتۇرۇپ تەرجىمە قىلىنغان بىر دىنىي كىتابنى ئوقۇۋاتاتتى. سېيىت ھاجى ئۇنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلگەندە سۇپۇرگە ئاخۇننىڭ ھويلىسىدىن بىرمۇ ئادەم چىقمىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ قائىدىسىدە ئۆي ئىگىسى كەلگەن مېھماننىڭ ئالدىغا چىقمىسا ئۇ مېھمان قارشى ئېلىنمىغان ھېسابلىنىدۇ. لېكىن، نومۇسنى بىلمەيدىغان سېيىت ھاجى ھويلىغا ئۇسۇپ كىرىپ، تۈلكىلەرچە قۇۋلۇقى بىلەن يىراقتىنلا ھىجىيىپ سۇپۇرگە ئاخۇندىن ئامانلىق سورىدى. ئەمما، زىرەك سۇپۇرگە ئاخۇن ئورنىدىن قىمىرلاپمۇ قويمىدى. سېيىت ھاجى ئېلىپ چىققان بىر خۇرجۇن كۈمۈش يامبۇنى ئۇنىڭ ئالدىغا قويۇپ قېلىنلىق بىلەن: «ئىنىم، پۈتۈن چىرا بويىچە يالغۇز سەنلا يارايسەن، باشقا ھېچكىم ماڭا يارىمايدۇ. ئىككىمىز كېلىشىپ قالساق...» دېدى. بۇ چاغدا سۇپۇرگە ئاخۇن سوغۇق كۈلۈپ تۇرۇپ: «خاتىرجەم بولۇڭ، بۇ يۇرتتىكى ھەممە ئىش سۇپۇرگە موللىنىڭ قولىدىن ئۆتىدۇ...» دېدى. سېيىت ھاجى ئۇنىڭ نېمىلا دېسۇن ئېغىز ئاچقانلىقىنى كۆرۈپ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ: «سۇپۇرگە ئاخۇن ئىنىم، ئەمدى بىزنىڭ ئىشىمىزغا ئارىلاشمايدىغانسىز؟ كۆپچىلىك ھەمقام بولۇپ قالساق نېمە دېگەن ياخشى - ھە!» دېدى. بۇنى ئاڭلىغان سۇپۇرگە ئاخۇن شۇ ھامان ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ ۋە سېيىت ھاجىغا قولىنى نوقۇپ: «سىلەر بىزنىڭ زېمىنىمىزدا نۇرغۇن قانۇنسىز ئىشلارنى قىلدىڭلار، بۇنىڭغا قول قوشتۇرۇپ تۇرۇش بىز ئۈچۈن ۋىجدانسىزلىق ئەمەسمۇ؟ سىلەر دەرھال چىرىنى بىكارلاپ نەدىن كەلگەن بولساڭلار شۇ يەرگە كېتىڭلار!...» دەپ قايتا ئېغىز ئاچقۇزمىدى.

زىرەك سۇپۇرگە ئاخۇن يالغۇز ئەمەس ئىدى. يېقىن قوشنىسى توختى ئاخۇن سېيىت ھاجىنىڭ بۇ مەھەللىگە ياخشى نىيەتتە كەلمەيدىغانلىقىنى پەملىگەچكە شۇ كۈنى بىرقانچە ئادەم توپلاپ ھويلا ئەتراپىدا تۇرۇشقانىدى. نەتىجىدە سېيىت ھاجى تامغا ئۇسۇۋېلىپ، قۇيرۇقىنى چاترىقىغا قىسىپ قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. سېيىت ھاجى يەنە مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرمەي ئامالىنىڭ بارىچە سۇپۇرگە ئاخۇننى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، سۇپۇرگە ئاخۇننى مەدرىسكە ئاخۇنلۇققا تەكلىپ قىلدى. ئۆزى باش بولۇپ ئۆتكۈزگەن زارا - خەتمە، دىنىي پائالىيەتلەرگە تەكلىپ قىلدى، لېكىن سۇپۇرگە ئاخۇن

# سوپۇرگە ئاخۇننىڭ چارروسىيە جاسۇسلىرىغا قارشى كۈرىشى

قەيەردە زوراۋانلىق بولىدىكەن، شۇ يەردە قارشىلىق بولىدۇ. زوراۋانلىققا قارشى تۇرغۇچىلار هامان خەلقنىڭ قوللىشى ۋە ھېسداشلىقىغا ئېرىشىدۇ.

سوپۇرگە ئاخۇن بۇ يۇرتنىڭ توپا مەھەللىسىدىكى 40 ياشلارغا كىرگەن ئوتتۇراھال ئوقەتچى ئادەم بولۇپ، ئۇنىڭ چىرا بازىرىدا بىرقانچە سارىيى بار ئىدى. ئادەتتە جەمئىيەت ئىشلىرىغا قىزغىن ئارىلىشاتتى. كىشىلەرگە ياخشى مۇئامىلە قىلاتتى. ئوچۇق كۆڭۈل، كەمتەر، چىقىشقاق ئىدى. ناھەقچىلىكنى كۆرسە قول قوشتۇرۇپ تۇرمايتتى. يوللاردا كىچىك باللار سالام قىلسىمۇ ھۆرمەت ـ ئېھتىرامنى ئايىمايتتى. شۇڭا ئۇنىڭ بۇ يۇرتتا ئابرۇيى يۇقىرى ئىدى ...

سېيىت ھاجىنىڭ زوراۋانلىقىنى كۆرۈپ تۇرغان سوپۇرگە ئاخۇن خېلى بۇرۇنلا يۇرتداشلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ قارشى تۇرۇش قارارىغا كەلگەنىدى. ئۇ ھەمىشە بىر تۈركۈم تونۇشى مۇجمەل ئادەملەرگە نەسىھەت قىلىپ سېيىت ھاجىنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ كەتمەسلىكىنى ئاگاھلاندۇراتتى. ئۇ شۇ يىللاردا سېيىت ھاجىنىڭ تايىقىنى يەپ ئۆي ـ جايىنى تاشلاپ كەتكەن زۇمرەت غوجىغا نەسىھەت قىلىپ: «سەن ئۆي ـ ماكانىڭنى تاشلاپ ياقا يۇرتلاردا يۇرسەڭ بالايىئاپەتتىن قۇتۇلۇپ كەتكىنىڭ ھېسابلىنامدۇ؟ ئۇنداق ئەمەس، بىز ئويلىشىپ مەسلىھەتلىشىپ كۆرەيلى» دەپ ئۇنى ئۆز يېنىدا تۇتۇپ قالدى. شۇ يىللاردا ئۇ «ئەنجان پۇقراسى» بولغانلارغا: «سېيىت ھاجىنىڭ پىتنە ـ ئىغۋاسىغا ئىشەنمەڭلار! ‹ئەنجان پۇقرا› لىق گۇۋاھناماڭلارنى قايتۇرۇپ بېرىڭلار! ئەسلىڭلارغا يېنىڭلار، ئۆز ۋەتىنىڭلاردىن يۈز ئۆرۈمەڭلار!» دەپ قايتا ـ قايتا ئاگاھلاندۇرۇش بەرگەنىدى.

سېيىت ھاجى سوپۇرگە ئاخۇننى خۇددى كۆزىگە قادالغان مىق، تېنىگە سانجىلغان تىكەندەك ئۆچ كۆرۈپ، ئامالىنىڭ بارىچە ئۇنى يوقىتىۋېتىشكە تىرىشاتتى. بىراق سوپۇرگە ئاخۇننىڭ جەمئىيەتتىكى ئىناۋىتى يۇقىرى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر توپ جامائەت ھىمايە قىلغاچقا، سېيىت ھاجى قاتتىق قوللۇق قىلىشقا جۈرئەت قىلالماي، باشقىچە يول

بولسىمۇ، لېكىن چاررۇسىيە كونسۇلخانىسىنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا تۇرۇۋاتقان «ئەجنەبىي دارىنلار»غا گەپ قىلىشقا جۈرئەت قىلالماي سۇپۇرگە ئاخۇن باشلىق داۋاگەرلەرگە «بىر مەزگىل جىم يېتىپ تۇرۇڭلار» دېدى. سۇپۇرگە ئاخۇن بۇنى ئاڭلاپ: «بىز جىم تۇرالمايمىز، سېيىت ھاجىنىڭ زوراۋانلىقى بىلەن زىرائەتلىرىمىزنى سۇغىرالمىساق، قۇرۇپ كەتمەمدۇ، پۇقرالار نېمە يەپ جان باقىدۇ؟ بىز جۇڭگو پۇقراسى، سىز ئادالەتتە چىڭ تۇرۇشىڭىز كېرەك! بىزگە مەدەت بېرىشىڭىز كېرەك!» دەپ تەلەپ قويىدى. كېرىيە ئامبىلى بۇ ئەھۋالنى خوتەنگە مەلۇم قىلدى. خوتەن ئامبىلى تاڭ يۈنجۈڭمۇ ئوخشاشلا قورقۇنچاقلىق قىلىپ، «دەلىل - ئىسپات تولۇق ئەمەس» دەپ باھانە كۆرسىتىپ بىرتەرەپ قىلمىدى. بۇنىڭ بىلەن سېيىت ھاجى تېخىمۇ غالجىرلىشىپ زوراۋانلىقنى بارغانسېرى كېڭەيتتى.

شۇ چاغلاردا ئابلىز قارىنىڭ سېپىلغا ئوخشاش قوپۇرۇلغان ئېگىز تاملىق دەرۋازىسى بېشىغا چارروسىيىنىڭ دۆلەت بايرىقى ئېسىلغان بولۇپ، ئالدىدا قورالىق پوس قويۇلغانىدى. بۇ ھويلىغا جۇڭگولۇقلار كىرەلمەيتتى. 1912 - يىلى 6 - ئاينىڭ 16 - كۈنى سېيىت ھاجى ئۆزىنىڭ دەخلى - تەرۇزگە ئۇچرىمايدىغان پەۋقۇلئاددە «ھوقۇقى» نى نامايان قىلىش ئۈچۈن، سۇ تالاشقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، سۇپۇرگە ئاخۇن بىلەن قويۇق ئالاقىسى بولغان مۇھەممەت سېيىت دورغا بەگنى دەرەخكە ئېسىپ قاتتىق ئۇردى. ئۇلار قەشقەردىكى كونسۇلخانىسىنىڭ مۇددىئاسى بويىچە، چاررۇسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ كېرىيىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان بىر خىل قىياپىتىنى كۆرسىتىپ: «ھازىر جۇڭگو ھالسىزلاندى، مۇسۇلمانلار تېزدىن چاررۇسىيىگە بېقىنىپ، كۆپلەپ مەنپەئەت كۆرۈشى لازىم. جۇڭگو ئەمەلدارلىرى توسقۇنلۇق قىلالمايدۇ، باج - خىراجەت تۆلىمەيسىلەر، سۇ مەسىلىسىدە ئىختىيارىي مەنپەئەتدار بولالايسىلەر...» دېگەندەك «ئۇقتۇرۇش» - تەرغىباتلارنى چىقىرىپ، ئۇچۇقتىن - ئوچۇق خەلقنى قايمۇقتۇرۇپ، ئىچىدىن ماسلاشقان ھالدا چار پادشاھنىڭ شىنجاڭنى يۇتۇۋېلىش جىنايى مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ھەدەپ كۈچ چىقاردى.

سۇپۇرگە ئاخۇن باشلىق 17 نەپەر دەۋاگەرنىڭ سېيىت ھاجى ئۈستىدىن كېرىيە ۋە خوتەن ئامبىلىغا سۇنغان ئىككى قېتىملىق ئەرزى شۇ پېتىچە قېلىپ نەتىجىسى بولمىغانلىقىنىڭ ئۈستىگە، سېيىت ھاجىنىڭ يۇقىرىقىدەك تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىشى سۇپۇرگە ئاخۇن قاتارلىق

بۇلارنىڭ ھەممىسىنى رەت قىلدى. سوپۇرگە ئاخۇن سېيىت ھاجىنىڭ بۇنىڭلىق بىلەن توختاپ قالمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. شۇڭا ئۇ سېيىت ھاجى بىلەن ئاخىرغىچە كۆرەش قىلىش قارارىغا كەلدى. ئۇ بىر كۈنى ئەتىگەندە مەسچىتتىكى جامائەتلەرگە سېيىت ھاجىنىڭ زوراۋانلىق قىلمىشلىرىنى قاتتىق سۆكۈپ، ئۇنىڭغا قارشى كۆرەش قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى. بۇنىڭ بىلەن سىرىقلىق زۇمرەت، كاڭكاللىق قوناجى، ئىسھاق ئىيقىنبېشى، غول ئېرىقتىكى ھامۇت ئىيقىنبېشى، مەھەممەت سەيدى، ماخماللىق مۇھەممەت دوغا بەگ، رۇستەمباي، توغرىقئېغىللىق مۇھەممەت شىرىپ خەلپەت، ئۇچالىق توختى بەگ، جىرىقلىق ياقۇپ ھاجى، بازارلىق تۇرسۇن مۇھەممەت، كىرىم ھاجى قاتارلىق 17 كىشى قەسەمىيات قىلىشىپ: «سېيىت ھاجىنىڭ چىرا خەلقىنىڭ شىللىسىغا مىنىپ زوراۋانلىق قىلىشىغا قەتئىي يول قويمايمىز، دەۋا قىلىشقا قانچە پۇل كېتىشىدىن قورقمايمىز. بىر سەردىن 17 سەر، 17 سەردىن 170 سەر، 170 سەردىن 1700 سەر پۇل كەتسە چىرا خەلقىگە ئېغىرچىلىق سالماي ھەممىسىنى ئۆزىمىز چىقىرىمىز. مەقسەتكە يەتمىگۈچە ھەرگىز توختىمايمىز...» دېيىشتى. قەسەمىيات ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئۇلار تەرەپ - تەرەپ بىلەن ئالاقە باغلاپ ئۆز كۈچىنى ئۇلغايتتى ۋە باشقىلارنىڭ قوللاپ - قۇۋۋەتلىشىنى قولغا كەلتۈردى.

شۇ چاغلاردا سېيىت ھاجى چار پادىشاھنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا، ھاكاۋۇرلۇقنى ئازراقمۇ تاشلىمىدى، بولۇپمۇ 1911 - يىلى 9 - ئايدا مۇئاۋىن كونسۇل بەيرۇنس خوتەنگە كېلىپ، سېيىت ھاجى قاتارلىقلار بىلەن كۆرۈشۈپ يەل بەرگەندىن كېيىن ئۇ ھاكاۋۇرلۇقتا تېخىمۇ ئۇچىغا چىقتى.

سېيىت ھاجىنىڭ بۇ قەدەر زوراۋانلىق قىلالىشىدا ئارقا تېرىكى بارلىقىنى بىلگەن سوپۇرگە ئاخۇن ئۇنىڭغا قارشى كۆرەش قىلىشتا يالغۇز ئۆز كۈچىگە تايىنىش بىلەنلا ئىش پۈتمەيدىغانلىقىنى چۈشىنىپ، يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈش قارارىغا كەلدى. نەتىجىدە ئۇ 1912 - يىلى 2 - ئايدا زۇمرەت قاتارلىق 17 كىشىنى باشلاپ كېرىيە ئامبىلىغا سېيىت ھاجىنىڭ سۇنى ئىگىلىۋالغان، جۇڭگو پۇقرالىرىنى «ئەنجان پۇقراسى» بولۇشقا مەجبۇرلىغان قىلمىشلىرى ئۈستىدىن ئەرز قىلدى. كېرىيە ئامبىلى شىن يۇڭچاڭ سېيىت ھاجىنىڭ زور تۇركۈمدىكى ئاممىنى ئېزىقتۇرۇپ باج - خىراجەت تۆلىمەيۋاتقان زومىگەرلىكىنى بىلىپ نارازى بولغان

*ئاق قۇشقاچ، قارا قۇشقاچ،*
*چار بۇغدايغا تويدۇڭمۇ؟*
*ئەنجان يوقىراسى بولۇپ،*
*سىبىت ھاجىغا تويدۇڭمۇ؟*

*سىبىت ھاجى ئاغىنىغا،*
*تاسقىغان قوناق تۆكتى.*
*ئايۋان، ساراي - ئۆيلىرىگە،*
*نەقىش ئويۇپ، گۈل چەكتى...*

*چىرىغا كەلگەن زومىگەر،*
*ئەسكىلىكنى كۆپ قىلدى.*
*ھەممە ئادەم بىرلىشىپ،*
*ئاخىرى ئۇنى گۇم قىلدى.*

چىرا خەلقى قوزغالدى. خەلقنىڭ غەزەپ ئوتى لاۋۇلداۋاتقان ئاشۇ كۈنلەردە، ئىلگىرى سىبىت ھاجىغا ئەگىشىپ قول - چوماق بولغانلار بىر مەزگىل بېشىنى ئىچىگە تىقىپ ئۆزىنى قاچۇردى. بەزىلىرى ئۆيلىرىدە يالغان كېسەل بولۇپ يېتىۋالدى، بەزىلىرى ئۆزىنى چەتكە تارتىپ قۇتۇلماقچى بولدى. تورمۇش موھتاجلىقى بىلەن سىبىت ھاجىنىڭ كېپىنى ئالغانلارمۇ پۇشايمان قىلىشتى.

شۇن گاۋشىلڭ چىرىغا كېلىپ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئەھۋالنى تولۇق ئىگىلىگەندىن كېيىن ئالدى بىلەن توغرىقىئېغىلىق روزى دوغا بەگنى سىبىت ھاجى بىلەن سۆزلىشىشكە ئەۋەتتى ۋە ئۇنىڭ قىلغان زوراۋانلىقلىرىغا ئىقرار قىلىشنى، ئىشنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىشقا كۆچ چىقىرىشنى ئۈمىد قىلدى. ئەمما، سىبىت ھاجى ئۆزىنىڭ تاغدەك يۆلەكى بولغانلىقىغا ئىشىنىپ، شۇن گاۋشىڭنى كۆزگە ئىلمىدى. دەل شۇ چاغدا «چار پادىشاھى كونسۇلخانىسىنى قوغدايمىز دەپ قەشقەرگە مىڭدىن ئارتۇق كازاك ئەسكەر كەپتۇ» دېگەن ئىغۋا تارقىلىپ، سىبىت ھاجى تېخىمۇ ھاكاۋۇرلىشىۋالدى. شۇڭا ئۇ «ئەلچىلىككە كەلگەن كىشىلەرنى دۇمبالاپ قايتۇرۇڭلار» دەپ بۇيرىدى ھەمدە «چارروسىيە كونسۇلخانىسى بىزگە ھەر خىل يېڭى قوراللارنى بەردى، شۇن گاۋشىڭ بىلەن سۇپۇرگىنىڭ ئەدىپىنى بېرىمەن» دەپ جار سالدى.

يۇقىرىلارنىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغىدى. شۇڭا ئۇلار قىلچە بوشاشماي قەشقەرگە بېرىپ دەۋالىشىشنىڭ تەييارلىقىنى كۆردى...

## توغرىقئېغىلدىكى قانلىق جەڭ

1911 - يىلى ئېلىمىزنىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىدە پارتلىغان «شىنخەي ئىنقىلابى» نىڭ تۇرتكىسىدە، 1912 - يىلىنىڭ بېشىدا شىنجاڭنىڭ ئىلى رايونىدا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن، 5 - ئاينىڭ 7 - كۈنى قەشقەردە گىلاۋخۇي تەشكىلاتىنى ئاساسىي كۈچ قىلغان ئىنقىلابىي پارتىيە ئەزالىرى جەنۇبىي شىنجاڭدا ھاكىمىيەتنى ئۆز قولىغا ئالدى. بۇ قېتىمقى ئىنقىلاب يالغۇز مەنچىڭ خاندانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپلا قالماستىن، بەلكى چارروسىيىنىڭ شىنجاڭغا قىلغان تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكىتىنىمۇ قاتتىق چەكلىدى. چىرا خەلقىنىڭ ئادالەتلىك كۈرەشلىرىگە مەدەت بېرىش ئۈچۈن، قەشقەر تەرەپ يەكەندە تۇرۇشلۇق چېرىكچى ئامبال شۈن گاۋشىڭنى 50 نەپچە چېرىك بىلەن خوتەنگە ئەۋەتتى. شۈن گاۋشىڭ سېيت ھاجىنىڭ چىرىدا قىلىۋاتقان شۇملۇقلىرىنىڭ ئەمەلىيەتتە چارروسىيە كونسۇلىنىڭ ھىمايىسىدە بولۇۋاتقانلىقىنى، چارروسىيىنىڭ تاجاۋۇزىنى چەكلەش ئۈچۈن، سېيت ھاجىنىڭ غالجىرانە ھەرىكەتلىرىگە قاقشاتقۇچ زەربە بېرىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى چوڭقۇر چۈشىنەتتى. 6 - ئاينىڭ باشلىرىدا شۈن گاۋشىڭ خوتەنگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن بۇ يەردە ئەرز قىلىش ئۈچۈن قەشقەرگە قاراپ يولغا چىققان سوپۇرگە ئاخۇن قاتارلىقلار بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى ۋە ئۇلارنىڭ ئەرز - دادلىرىنى تەپسىلىي ئاڭلىدى. ئارقىدىن يەنە دەۋاگەرلەردىن بىرنەچچە كىشىنى تاللاپ، بەش ئەسكەر بىلەن بىرگە چىرىغا بېرىپ ئەھۋال ئىگىلەشكە ئەۋەتتى. ئۆزى بولسا قالغان ئەسكەرلىرى ۋە سوپۇرگە ئاخۇن باشلىق دەۋاگەرلەر بىلەن 6 - ئاينىڭ 23 - كۈنى چۈش مەزگىلى چىرا بازىرىغا يېتىپ كەلدى ۋە خەلقنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. خەلق سوپۇرگە ئاخۇن، شۈن گاۋشىڭ ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرىنى روزى بەگنىڭ سارىيى ھەم گەندەن دەپ ئاتىلىدىغان سارايىغا ئورۇنلاشتۇردى. شۈن گاۋشىڭ ۋە سوپۇرگە ئاخۇن قاتارلىقلارنىڭ كېلىشى يۇرت خەلقىگە غايەت زور ئىلھام بولدى. شۇ چاغلاردا بۇ يۇرتتا مۇنداق بىر قوشاق پەيدا بولغانىدى:

تۇرۇپ شۇن گاۋشىڭنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشلىرىغا قۇلاق سېلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۆز مېھمانلىرى بىلەن يەپ - ئىچىپ، پەرۋاسىز قىياپەتكە كىرىۋالدى. ئۇنىڭ بۇ ھاكاۋۇرلۇقىنى كۆرۈپ تېخىمۇ غەزەپلەنگەن ئامما كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە قەسىرنى نەچچە قات قورشىۋالدى. بۇچاغدا ئاممىنىڭ غەزىپى ئۆرلەپ تېگىپلا كەتسە پارتلايدىغان دەرىجىگە بېرىپ يەتكەنىدى. شۇ كۈنى چىرا يۇقىرالىرىنىڭ تىغ كۆتۈرگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان گۇلاخما، دامىكۇ تەرەپلەرنىڭ پىدائىيلىرىمۇ بىر كېچىنىڭ ئىچىدىلا توغرىقئېغىل مەھەللىسىگە يېتىپ كېلىپ، قەسىر تېمىنىڭ شىمال تەرىپىنى ئۆزلىرىنىڭ نازارىتىگە تاپشۇرۇشنى تەلەپ قىلىشتى. سېيىت ھاجى قەھرىلەنگەن يۇقىرالارنىڭ قىيانىدەك غەزەپ ساداسى ئالدىدا، خۇددى بىر تال رەزگى خازان مىسالى سۇر - توقاي قىلىنغان كەلگۈندىلەرنىڭ جىنايەتكارانە ئۇۋىسىدا قامىلىپ ياتقىنىغا بىر كېچە - كۈندۈز بولاي دەپ قالدى.

6 - ئاينىڭ 25 - كۈنى شۇن گاۋشىڭ ۋە سۇپۇرگە ئاخۇنلار تەرىپىدىن بىرقانچە قېتىم سۆھبەتكە كىرگۈزگەن ئەلچىلەرنى سېيىت ھاجى دۇمبالىتىپ قايتۇرۇۋەتكىنىنى ئاز دەپ، شۇن گاۋشىڭنىڭ ئاخىرقى قېتىم سۆھبەتكە ئەۋەتكەن خىزمەتچىسى جۇشۇتاڭنى غالچىسى قۇربانىنىيازغا بۇيرۇق قىلىپ ئېتىپ ئۆلتۈردى. ئارقىدىن يەنە بىر غالچىسى قىلىچ بىلەن ئىسلام دېگەن بىر دېھقاننى چاپتى. بۇنى كۆرگەن ئاممىنىڭ غەزىپى گويا يانار تاغدەك كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. ئەسلىدە سېيىت ھاجى «قارشى تەرەپنىڭ بىرقانچە ئادىمىنى ئېتىپ، قالغانلىرىنى تارقىتىۋېتىپ، چىرىدا داۋاملىق زوراۋانلىق قىلىمەن» دەپ چۆچۈرىنى خام سانىغانىدى. ئەپسۇسكى ۋەقەدىن كېيىن ئامما گۇلدۇرمامىدەك چۇقان سېلىپ، بۇ قارا ئۇۋىغا ھۇجۇم قىلدى. بۇ چاغدا سۇپۇرگە ئاخۇن باشلامچىلىق قىلغان ئامما بېشىغا بىر پارچىدىن قىزىل لاتا چىگىپ، قوللىرىغا نەيزە - قىلىچ، پالتا ۋە كالتەكلەرنى ئېلىپ بۇ قارا ئۇۋىنى تىرىپىرەن قىلىۋەتمەكچى بولدى. بىراق تام ئېگىز بولغانلىقى ئۈستىگە، سېيىت ھاجىنىڭ ئادەملىرى قارشىلىق قىلىپ تۇرغانلىقتىن بىر مەزگىل بۆسۈپ كىرەلمىدى، كىشىلەر تىت-تىت بولۇۋاتقان شۇ پەيتتە، ئۇرۇش تەجرىبىسىگە ئىگە شۇن گاۋشىڭ ئادەملەرنى بۇيرۇپ، قوناق پاسىرى ۋە كەندىر شېخى ئەكەلدۈرۈپ، قەسىر دەرۋازىسى ۋە قەسىردىكى يىپەك كارخانىسىغا ئىشلىتىشكە دۆۋىلەپ قويغان ئوتتۇنلارغا ئوت قويدۇرۇۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا بۇ جىنايەت ئۇۋىسى ئوت دېڭىزىغا

سوپپورگە ئاخۇن باشلىق بىر توپ ئامما شۇن گاۋشىڭغا سى
ھاجىنىڭ قىلمىشلىرىنى غەزەپ بىلەن شىكايەت قىلىپ بۇ مۇناپىق
چىرىدىن قوغلاپ چىقىرىشنى، ئۇنىڭ ۋەتەن تۇپرىقىدا زومىگەرل
قىلىشىغا يول قويماسلىقنى قاتتىق تەلەپ قىلدى. شۇن گاۋش
پۇقرالارنىڭ كۆڭلىنى چۈشەنسىمۇ، لېكىن قان تۆكۈلۈشتىن، گە
چوڭىيىپ تاشقى مۇناسىۋەتكە تەسىر يېتىشتىن ئېھتىيات قىلى
ئىككىنچى قېتىم يەنە خوتەنلىك يۈسۈپ بەگ قاتارلىق بەش كىشى
سىيىت ھاجى بىلەن سۆھبەتلىشىشكە ئەۋەتتى. لېكىن، سىيىت ھا
بولارنىمۇ دۈمبالاپ سۆزلىشىشنى رەت قىلدى. چاررۇسىيىنىڭ
جاھىل مالىيى ئەھۋالنىڭ ئېغىرلىقىنى چۈشەنسىمۇ، لېك
قەشقەردىكى كونسۇلخانىسىنىڭ ياردىمىنى كۈتكەندىن سىرت، يەنە ب
تەرەپتىن تەييارلىق كۆردى. گەرچە ئۇ يېڭى تىپتىكى نۇرغۇ
قوراللار بار دەپ جار سالغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە نەچچە تال كو
مىلتىققا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئۆزى ئوبدان بىلەتتى. شۇڭا
ئادەملىرىگە بۇيرۇپ، قەستەن تېمىنىڭ ئۈستىگە قورال ئورنى
ئىشلىتىش ئۈچۈن تاش يىغدۇردى.
6 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى جۈمە مۇسۇلمانلارنىڭ توپلىنىدىغا
دىنىي پائالىيەت كۈنى بولغاچقا، سىيىت ھاجى ئالدىن باغاق چىقىرىپ
ئۆزىنىڭ چىرا، گۇلاخما ۋە دامىكۇدىكى يۈزدەك «ئەنجان پۇقراسى
نى ئابلىز قارىينىڭ ئۆيىگە مېھمانغا چاقىردى. بۇ ئارقىلىق ئۇ ئۆ
ھەيۋىسىنى كۆرسىتىش، كۈچ توپلاش، ئۆي ـ ماكانىنى قوغداشنى
مەقسەت قىلغانىدى. ئۇ شۇ كۈنى مەدرىستىكى 12 تالىپ بىلە
بىرقارىينى كىچىك بىر ئۆيگە سولاپ قۇرئان ئوقۇشقا قويدى ۋە دۇ
قىلدۇرۇپ ئۆزىگە تەڭرىدىن نۇسرەت تىلىدى...
بىرقانچە قېتىم سۆھبەتكە ئەۋەتىلگەن ئادەملەر كاززاپ سىي
ھاجى تەرىپىدىن رەت قىلىنىپ، دۈمبا يەپ قايتىپ كەلدى. بۇ ئى
شۇن گاۋشىڭنىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغىدى. شۇڭا ئۇ ئۆز
بىۋاستە ئەسكەر باشلاپ بېرىپ سىيىت ھاجى بىلەن سۆزلەشمەكچ
بولدى. بۇ چاغدا ئاللىبۇرۇن غەزەپكە كەلگەن 1000 غا يېقىن پۇق
شۇن گاۋشىڭنىڭ ئەسكەر باشلاپ بارىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ ئۆزلۈكىد
كالتەك ـ چوماق، پالتا ـ كەتمەن كۆتۈرۈشۈپ، شۇن گاۋشى
ئەگىشىپ ئابلىز قارىينىڭ قەسرى ئالدىغا كېلىپ سىيىت ھاجىنى
ھېساب بېرىشنى تەلەپ قىلدى.
سىيىت ھاجى دەل شۇ مىنۇتلاردا ئېگىز تاملىق قەسىر ئىچ

6 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ۋەقە پارتلاپ، ئامما سېيت ھاجىنى تاپالمىغانلىقتىن قايتىپ كېتىشكە ئۈنىمىدى. شۇن گاۋشىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن بۇ يەردە بەش كۈن تۇرۇپ قايتىپ كەتتى. قەسىرگە قويۇلغان ئوتتا يارىلانغان ئابلىز قارى ۋە ئۇنىڭ بىر نەچچە غالچىلىرى مۇز گەمىسىگە مۇكۇنۇۋالغان بولۇپ، ئامما ئۇلارنى تېپىپ چىقتى ۋە بازاردا سازايى قىلىپ، ئاخىردا چوماقلاپ ئۆلتۈردى. 18 كۈندىن كېيىن جۇ شۇتاڭنى ئېتىپ ئۆلتۈرگەن قورباننىيازنى چۆلدىن تۇتۇپ كېلىپ، ئۇنىمۇ چوماقلاپ جەھەننەمگە ئۇزاتتى. بىر ئايدىن كېيىن سېيت ھاجىنى قويۇۋەتكەن ھوشۇر سوقىچەكنىمۇ تۇتۇپ كېلىپ، كۇشۇككە سېلىپ، بالداقتا ئېلىپ كۆتۈرۈپ بازاردا سازايى قىلدى، توختى بەگ دېگەن بىرسى ئۇنىڭ گۇناھىنى تىلىگەنلىكتىن ئۆلتۈرۈلمىدى ۋە سېيت ھاجىنىڭ قېچىپ كەتكەنلىكىگە گۇۋاھ ـ ئىسپات ئۈچۈن ئۇنى قالدۇردى.

شۇ كۈندىكى جەڭدىن كېيىن ئىلگىرى سېيت ھاجىغا ئەگىشىپ چاررۇسىيە ئۈچۈن كەتمەن چاپقان، ئەسكى ئىش قىلغان ئىدرىس قۇشقاچقا ئوخشاش چوماقچىلار بىر ـ بىرلەپ قېچىپ يوقالدى.

## سوت مەيدانىدىكى كۈرەش

1912 ـ يىلى 7 ـ ئايلاردا چىرا ۋەقەسى توغرىسىدىكى خەۋەرلەر پېتىربورگ (لېنىنگراد) قا ئاڭلىنىپ چاررۇسىيە گېزىتلىرىدە پاكىت بۇرمىلانغان خەۋەر ـ ماقالىلەر چىقىشقا باشلىدى. ئۇلاردا: «يۈزدىن ئارتۇق ئاق كۆڭۈل، بىگۇناھ رۇسىيە مۇھاجىرلىرى جۇڭگولۇقلارنىڭ ۋەھشىيانە ھەرىكەتلىرى ئارقىسىدا زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى» دېيىلدى. جاھانگىرلارنىڭ تەشۋىقات قوراللىرىنىڭ جار سېلىشى نەتىجىسىدە، چىرىدىن ئىبارەت بۇ كىچىك يۇرت بىر مەزگىل خەلقئارادىكى ئاخباراتچىلارنىڭ «تەكشۈرۈپ» خەۋەر قىلىش ئوبيېكتى بولۇپ قالدى. بۇ ئىشقا رۇسىيە بىلەن ئەنگلىيە كۆپرەك كۆڭۈل بۆلدى. ئەنگلىيە كونسۇلى ماجىنيە بىلەن رۇسىيە كونسۇلى سوكوروۋ كىشىلەر ئەڭ دىققەت قىلىدىغان «ئەرباب» لاردىن بولۇپ قالدى. «شىنجاڭ گوبېرناتورلۇقى» نى قولغا كەلتۈرۈشنى ئويلاۋاتقان سوكوروۋ ۋەقە پەيدا بولغاندىن كېيىن رۇسىيىنىڭ بېيجىڭدا

ئايلاندى. قەسىر ئىچىدىكىلەر كۆيۈۋاتقان ئوتنى كۆرۈپ ئۆز جىن
ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئۇيان ـ بۇيان يۈگۈرۈشۈپ بىقىشتى ـ ؛
ئامال قىلالمىدى. بەزىلىرى دەرەخ ئۈستىگە چىقىۋېلىشقان بولسىمۇ
دەرەخلەرمۇ كۆيگەچكە ئاخىر ئالا قۇرتتەك تولغىنىپ يەرگە يىقىلدى؛
جەڭ داۋامىدا قەسىر ئىچىدىكىلەردىن كۆيۈپ ئۆلگەنلەرمۇ، ج
تىغىدا ئۆلتۈرۈلگەنلەرمۇ بولدى. ھېلىقى كىچىك ئۆيدە قۇرئان
تىلاۋەت قىلىپ، سىيىت ھاجىغا «نۇسرەت» تىلەۋاتقان تالىپلارد
ئاران بىرلا كىشى ئوتتىن ئامان قالغاندىن باشقا، قالغانلىرىنى
ھەممىسى كۆيۈپ ئۆلدى. مەلۇماتلارغا قارىغاندا شۇ كۈندىكى جەڭ
كۆيۈپ ۋە ئېتىلىپ ئۆلگەنلەر (تالىپلارمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) 31 كىش
بولۇپ، جەڭ ئاخىرلاشقاندا قەسىر ئىچىدە ئىككى- ئۈچ قازاندا ئېغ
تەگمىگەن پولو قالغان.

ئىككى تەرەپ ئارىلاش جەڭ قىلىنىۋاتقاندا، مەككار سىيىت ھاج
ھويلا ئىچىدىكى ئادەملەر قېچىپ كەتمىسۇن دەپ بەزى مۇھىم
ئىشىكلەرگە قۇلۇپ سېلىۋېتىپ، ئۆزى سەھەرگە يېقىن ئايالچ
ياسىنىپ غەربىي تام تەرەپتىكى ئالدىن ئېچىپ قويغان كامارد
قېچىپ كەتكەن. شۇن گاۋشىلىڭ ئۇرۇش باشلىنىشتىن ئىلگىرى
ئاياللارغا دەخلى ـ تەرۇز يەتكۈزمەسلىك توغرىسىدا بۇير ۋۇق
چۈشۈرگەنىدى. شۇڭا ئۇ ئارقا ھويلىدىكى قاشادىن ھالقىپ ئۆتۈپ
ھوشۇر سوقۇچەك دېگەن ئادەمنىڭ ئۆيىدە ئىككى كۈن مۆكۈنۈ
يېتىپ، جىددىي ۋەزىيەت ئازراق بېسىلغاندا كالىغا مىنىپ جاڭگال
ئېتىنى باقىدىغان مەتسىيىت پاشىاپنىڭ ئۆيىگە بارغاندىن كېيى
قاراڭغۇ چۈشكەندە ئاتقا مىنىپ، ئادەتتە كىشىلەر ئاز ماڭىدىغا
ئوغرى يول بىلەن ئىنگىسىنى ئىزدىگەن ئىتتەك سوكۇلداپ يەتتە كۈ
بولغاندا قەشقەرگە يېتىپ بارغان ۋە چاررۇسىيە كونسۇلخانىسى
ئۆزىنى ئېتىپ ھەممە ئەھۋالنى دوكلات قىلغان.

كىشىلەرنىڭ ئېيتىشلىرىغا قارىغاندا سىيىت ھاجى قېچىش
ۋاقتىدا قىزىل قەلەم بىلەن بىر قەغەزگە مۇنداق بىر كۇپلېت شېئى
يېزىپ، يېقىن ئادىمى ئىدرىسقا قالدۇرۇپ كەتكەن:

*قىزىل قەلەم مەيدە يانچۇقتا،*
*بەلگەم قالىپاق چۈرسىدە.*
*بىز گۈلمىدۇق، يەنە كۆرۈشىمىز،*
*كۆرۈشىمىز موسكۋادىكى مەجلىستە.*

بىرىنچى دەرىجىلىك «گۇناھكار» لاردىن 67 نەپەر؛ قاسىم باشلىق ئىككىنچى دەرىجىلىك «گۇناھكار» لاردىن 75 نەپەر؛ ئابدۇكېرىم باشلىق ئۈچىنچى دەرىجىلىك «گۇناھكار» لاردىن 54 نەپەر، جەمئىي 178 نەپەر ئادەمنى سوراق قىلىش ئۈچۈن قەشقەرگە ھەيدەپ ماڭدى ۋە بىر ئادەمگە بىردىن ئات، تۆت سەردىن تەڭگە يول خىراجىتى بەردى. شۇ ۋاقىتتا ئۇلار بىلەن قەشقەرگە بارغان داۋۇت جارچى دېگەن كىشىنىڭ ئەسلىمىلىرىدىن قارىغاندا، بۇ ئادەملەر لوپ ناھىيىسىدىن ئۆتكەندە يۇرت پۇقرالىرى ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە ئۈچ سەردىن تەڭگە بېرىپ، ئاتلىرىنى ئالماشتۇرۇپ بەرگەن؛ خوتەن ئامبىلى ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە 10 سەردىن تەڭگە، ئاتلىرىغا بىردىن ئۇچۇلۇق بەرگەن؛ قاراقاشتا ھەر بىرىگە سەككىز سەردىن تەڭگە؛ قاغىلىقتا ھەر بىرىگە سەككىز سەردىن تەڭگە بېرىپ، ئاتلىرىنى ئالماشتۇرۇپ بەرگەن؛ يەكەنگە بارغاندا ھەر بىر كىشىگە 21 سەردىن تەڭگە بېرىپ ئاتلىرىنى ئالماشتۇرۇپ بەرگەن. قەشقەرگە بارغاندىن كېيىن ھەر بىرىگە ئالتە سەردىن تەڭگە بەرگەندىن تاشقىرى ئۇلارنىڭ خىراجىتىنى كۆتۈرگەن. ئۇلار تۇتقۇن قىلىنىپ، بىر تەرەپ قىلىنغانغا قەدەر بولغان ئارىلىقتا چىرا خەلقى توختى بەگ قاتارلىق يەرلىك ئەمەلدارلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا، تۇتقۇن قىلىنغانلار ئۈچۈن ئاشلىق، كىيىم - كېچەك قاتارلىقلارنى توپلاپ ئۇلارغا ياردەم ۋە مەدەت بەردى. شۇ يىللاردا ھەقىقىي ئەنجانلىق مۇسا ھاجىمۇ ئۇلارغا ھېسداشلىق قىلىپ، ھەر بىر ئادەمگە بىر بولاقتىن قەنت بەردى...

ئىسكىلەيىننىڭ، «ماجىنىيە قەشقەردە» قاتارلىق ئالاقىدار ماتېرىياللىرىغا قارىغاندا، شۇ چاغدا چاررۇسىيەنىڭ بۇ ۋەقەدە خالىغانچە ئىش تۇتقان قىلمىشلىرى ئەنگلىيە كونسۇلى ماجىنىيەنى خاتىرجەمسىزلەندۈرگەن. ئۇچىغا چىققان مەككار ماجىنىيە چاندۇرماستىن ئۆزىنى بۇ ئىشنىڭ سىرتىدا تۇرغان قىلىپ كۆرسەتسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئاسترتتىن ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا دىققەت قىلىپ، شامالنىڭ يۆنىلىشىگە قاراپ ئىش كۆرۈپ، ئىككى تەرەپكە ياخشىچاق بولدى. ئۇ بىر تەرەپتىن جىددىي چارىلەرنى كۆرسىتىپ شۇن گاۋشىڭ بىلەن سۇيۇرگە ئاخۇن قاتارلىق باشلامچىلارنى قولغا ئېلىش توغرىسىدا مەسلىھەت بەرسە، يەنە بىر تەرەپتىن سوكوروۋ قىلماقچى بولغان ئىشلارنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا توسقۇنلۇق قىلاتتى. بەزىدە ئۇ «شىنجاڭغا گوبېرناتۇر» بولۇشنى پىلانلاۋاتقان سوكوروۋغا ئەقىل كۆرسەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن جۇڭگو ئەمەلدارلىرى بىلەن

تۇرۇشلۇق كونسۇلى ئارقىلىق جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە نارازىلىـ بىلدۈرۈپ، ھەر خىل يولسىز تەلەپلەرنى قويدى. ۋەقە تۇغدۇرغا «قاتىللار»غا چوقۇم ئۆلۈم جازاسى بېرىش كېرەك، ئۇندا قىلىنمىسا، ئەسكىرىي كۈچ ئىشلىتىپ، چىرا كەنتىنى باستۇرۇ تاشلايمىز دېدى. ۋەتەن ساتقۇچ يۈەن شىكەي ھۆكۈمىتى بۇنى ئاڭلا قورقۇپ، ئۈركۈپ كەتتى. ئەمما، چىرا خەلقىنىڭ ھەققانىـ كۈرەشلىرى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى كەڭ ئاممىنىڭ كۈرەش غايىسىنى زور دەرىجىدە ئۇلغايتتى. گۇما ۋە يەكەندىكى خەلقلەر تەرەپ – تەرەپتىن چاررۇسىيىنىڭ تاجاۋۇزچى قول - چوماقلىرىنى شىنجاڭدىن قوغلاپ چىقىرىشنى تەلەپ قىلدى. شۇن گاۋشىڭ خوتەنگە قايتىپ بېرىپ ۋەقەنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى ئومۇمىي جەريانىنى تولۇق دوكلات قىلىپ، مەردانىلىك بىلەن ھەققانىيەت يولىدا بارلىق مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستۈمگە ئالىمەن دېدى. كىشىنى غەزەپلەندۈرىدىغىنى شۇكى، جەنۇبىي شىنجاڭ خەلقلىرىنىڭ ئىنقىلابىي كەيپىياتى مىسلىسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن بىر پەيتتە ۋەتەن ساتقۇچ يۈەن شىكەي ھۆكۈمىتى چاررۇسىيىگە ياخشىچاق بولۇش ئۈچۈن، چاررۇسىيىنىڭ بېسىمىغا تىز پۈكۈپ، شىنجاڭ ئەمرى ياڭ زىڭشىنگغا: «تېزلىكتە تەكشۈرۈپ گۇناھكارلارنى بىر تەرەپ قىلىش» توغرىسىدا بۇيرۇق قىلدى ھەمدە چاررۇسىيە ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىغا قويغان يولسىز تەلەپلەرگە بىر - بىرلەپ يول قويدى. شۇ يىلى 8 - ئايدا قەشقەر ھۆكۈمەت دائىرىلىرى رۇسىيە كونسۇلخانىسىغا: مەزكۇر ئەنزىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ، خوتەن ۋالىيسى تاڭ يۈجۇڭ، كېرىيە ئامبىلى شىن يۈچىڭلارنى خىزمەتتىن بوشاتتۇق، شۇن گاۋشىڭ بىلەن ئۇنىڭ ياردەمچىسى جاۋ داشىڭنى قاماققا ئالدۇق دەپ، ئۇقتۇرۇش قىلدى. 9 - ئايدا چاررۇسىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق مۇئاۋىن كونسۇلى برونسكى ئېلىمىز ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنى كۆزگە ئىلماي، سېيىت ھاجى يېزىپ بەرگەن «گۇناھكار»لار ئىسىملىكى بويىچە 20 نەچچە كازاك ئەسكەرلىرىنى باشلاپ چىرىغا كېلىپ، جىنايى پاكىتلارنى كۆيدۈرۈپ، ساختا ماتېرىيال ئويدۇرۇپ، سوپۇرگە ئاخۇن قاتارلىق زور تۈركۈمدىكى بىگۇناھ ئاممىنى تۇتقۇن قىلدى ۋە ئۆچ ئالدى. سېيىت ھاجىغا قارشى چىققان ئاممىنى ئۇرۇپ جازالىدى. ھەتتا يەرلىك ئاشلىق ئامبىرىنى ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋەتتى. قەسەمەن «ئەنجانلىقلار» نىڭ تەلەپلىرىنى ئورۇنلىدى. 10 - ئايدا كېرىيە ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ باشقۇرۇشى ئاستىدا، سوپۇرگە ئاخۇن باشلىق

زوراۋانلىقلىرىنى، يۇقىرىلارنى بوزەك تاپقان جىنايى پاكىتلىرىنى بىر-بىرلەپ ئوتتۇرىغا قويۇپ، شىكايەت قىلىپ، ئادەم ۋە ماددىي پاكىتلارنى كۆرسىتىپ بوش كەلمىدى. ئەسلىدە ئەيىبكار ئورۇندا تۇرغان سۇپۇرگە ئاخۇن ھەقىقىي دەۋاگەرگە ئايلىنىپ قالدى. بۇ چاغدا ئۆكتەملىك قىلىپ سۇپۇرگە ئاخۇنغا ئۆلۈم جازاسى بېرىشتە چىڭ تۇرغان سوكورووۋ غەزەپ بىلەن ئوتتۇرىغا چۈشۈپ سۇپۇرگە ئاخۇنغا: «سەندە گۇناھ يوقما؟ سېنىڭ بىرمۇنچە ئادەملەرنى ئەگەشتۈرۈپ كېلىپ، بىزنىڭ ئىمپېرىيە گىراژدانلىرىدىن 30 نەچچە كىشىنى ئۇرۇپ ۋە كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرگەنلىكىڭ جىنايەت ئەمەسمۇ؟» دېدى. سۇپۇرگە ئاخۇن جاۋاب بېرىپ: «كونسۇل ئەپەندى، چېرىلىقلار ئەزەلدىن جۇڭگو يۇقىراسى، ئارىمىزدا تالاش - تارتىش بولغان چاغلاردا بەزىدە ئۆلۈم - يېتىم ئىشلىرى بولۇپ تۇرىدۇ. ئەمما، بۇ ئىش رۇسىيىلىكلەر بىلەن مۇناسىۋەتسىز. بۇنى بىز بىلمەيمىز. بۇنداق ئىش بولغىنىمۇ يوق» دېدى. سوكورووۋنىڭ يېنىدا تۇرغان بىر غالچىسى شۇ ئەسنادا 31 ئادەمنىڭ ئىسمىنى ئوقۇپ «مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى 6 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىكى ۋەقەدە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان ‹ئەنجان يۇقىرالىرى›» دېدى. سوكورووۋ بۇ پۇرسەتتە سوتچىغا تەلەپ قويۇپ: «چېرا كەنتىدىن كەلگەن 178 ئادەمدىن 31 نەپىرىنى قان-قەرزگە ئۇدۇل قىلىش كېرەك» دېدى. بۇ چاغدا سۇپۇرگە ئاخۇن كۈلۈپ: «بىز ئاتا - بوۋىمىزدىن تارتىپ چېرا كەنتىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن. مەن چېرىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەنلەرنىڭ ھەممىسىنى تولۇق بىلىمەن. سىز ئېيتقان ‹ئەنجان يۇقىراسى›، دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى كىچىكىدىن تارتىپ چېرا كەنتىدە ئۆسكەن، ئۇلار ھېچ ۋاقىتتا رۇسىيە يۇقىراسى ئەمەس. ئىشەنمىسىڭىز مەن بىر - بىرلەپ ئېيتىپ بېرەي» دېدى. ئاندىن سوكورووۋنىڭ يېنىدىكى ھېلىقى غالچىغا قاراپ: «سەنمۇ ئەنجانلىق ئەمەس، سېنىڭ داداڭنىڭ ئىسمى مۇھەممەت...»

بۇ پەيتتە ئىشنىڭ ئەپلەشمەيۋاتقانلىقىنى پەملىگەن سوكورووۋ غەزەپلىنىپ: «سۇپۇرگە بىلىپ قويىكى، بۇ سېنى سوت قىلىدىغان مەيدان، سەن ياۋاش بولۇشۇڭ كېرەك...» دېدى ۋە ئارقىدىنلا: «مەن جۇڭگو ھۆكۈمىتىدىن، سۇپۇرگە تۇرۇۋاتقان توپا مەھەللىسىدىن سېيت ھاجىنىڭ قەسىرىگىچە بولغان ئارىلىقنى ئۆلچەپ چىقىشنى تەلەپ قىلىمەن، ئۇ شۇنچە ئۇزۇن ئارىلىقتىن بىزنىڭ يۇقىرالىرىمىز تۇرغان جايغا بېسىپ كېلىپ، ئوت قويۇپ ئادەم ئۆلتۈرسە، ئۇنىڭدا گۇناھ يوق دېسەك بولامدۇ؟» دېدى. سۇپۇرگە ئاخۇن سوكورووۋغا

باردى - كەلدى قىلىپ بۇ ئەنزىنى دوتەيىنىڭ ئۆز ئالدىغا سو
قىلىپ، دۆلەتنىڭ مۇستەقىللىقى ۋە ئىززىتىنى ساقلاپ قىلى
مەسلىھەت بېرىپ «كونا دوست» لۇق سالاھىيىتى بىلەن جۇڭگون
ھوقۇق - مەنپەئىتىنى نەزەردە تۇتقاندەك قىياپەتنى كۆرسىتەتتى
ئەمەلىيەتتە بولسا ئەنگلىيە بىلەن رۇسىيە ئوتتۇرىسىدا بۇ بىر پار
لوق گۆشنى يەپ يۇتۇۋېتىش توغرىسىدا ھەرقايسىسىنىڭ ئۆز ئالد
ئىشتىها ئاۋارىچىلىقى بار ئىدى. سوكورووۋ بولسا ئۆز ھۆكۈمىتىنى
جۇڭگوغا ئوچۇقتىن - ئوچۇق قوراللىق تاجاۋۇز قىلىشنى پائ
پىلانلىغۇچى قارانىيەت ئىدى. بىرونىسكىي بولسا ھەرقاند
يامانلىقتىن قول تارتماي، سىبىت ھاجىنىڭ چىرا كەنتىدە ئوينا
چىققان پاجىئەلىك دراممىسىغا رېژىسسورلۇق قىلغانىدى. چى
ۋەقەسى پەيدا بولغاندىن كېيىن سوكورووۋ ئوتتۇرىغا چىقىپ، دوتەيىنى
«گۇناھكارلار» نى ئۆز ئالدىغا سوراق قىلىشىغا قارشى چىقتى.
ئامال قىلىپ بۇ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقمايدىغان قىلىۋېتىپ، ئارقىدى
چاررۇسىيىنىڭ «ئەسكەر» ئەۋەتىپ ئۆزى سوت قىلىش ئارقىلىق
شىنجاڭنى قوراللىق بېسىۋېلىش غەرىزىنى ئىشقا ئاشۇرماقچى بولدى
بىر قاتار غۇلغۇلا ۋە تالاش - تارتىشلاردىن كېيىن يەنى 1913
يىلى 2 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ئوچۇق سوت قەشقەر دوتەي يامۇلىد
رەسمىي باشلاندى. سوتتا قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ تەپتىش ئەمەلدارى
تىدۇسى ۋە يېڭىشەھەر ئامبىلى سوراقچى بولدى. رۇسىيىلىكلە
مەسلىھەتچى بولدى. كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى شۇ ئىدىكى
سوتتا شۇن گاۋشىلىڭ، سوپۇرگە ئاخۇن قاتارلىق 18 كىشى، تۇتقۇ
قىلىنغان 178 نەپەر «گۇناھكارلار» غا ۋاكالىتەن جاۋابكار ئورنىدا
26 نەپەر راست - يالغان «ئەنجان پۇقرا» لىرى دەۋاگەر ئورنى
تۇرغۇزۇلدى. سوت داۋامىدا سوكورووۋ «گۇناھكار» لارنىڭ سۇرىتىنى
تارتماقچى بولغاندا، سوپۇرگە ئاخۇن قىلچە قورقماستىن بېشىنى
ئاتايىن ئېگىز كۆتۈرۈپ جاسارەت بىلەن تۇردى. ئۇ سوراق ئۈستىد
سورالغان سوئالغا: «ۋەقە تۇغۇلغاندا سىبىت ھاجىنىڭ قەسرى ئالدى
ئۆزۈم يالغۇز باردىم. قالغانلارنىڭ بىرىنىمۇ تونۇمايمەن» دېدى
سوراقچىلار چىرا پۇقرالىرىنى بىر - بىرلەپ ئۇنىڭغا كۆرسىتىپ: «
ئادەم قاتناشتىمۇ» دەپ سورىغاندا ئۇ: «جەڭ كېچىدە بولغاچقا پەر
قىلالمايمەن. ئۇلار قاتناشتىمۇ - قاتناشمىدىمۇ بىلمەيمەن» دېدى
سوپۇرگە ئاخۇن سوراق داۋامىدا سىبىت ھاجىنىڭ چىرىدا ئامم
ئېزىقتۇرۇپ «ئەنجان پۇقراسى» بولۇشقا مەجبۇر قىلغا

ئىلھامى ئاستىدا مەلۇم دەرىجىدە كەڭ ئامما تەرىپىدە تۇرۇپ، سېيىت ھاجىنىڭ يولسىز قىلمىشلىرىغا قاتتىق غەزەپلەندى. سوكوروۋ ۋە برونىسكىيلارنىڭ يولسىز تەلەپلىرىگە قارشى تۇردى.

شۇ مەزگىلدە ئىلى قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ باشلىقى ياڭ زەنشۈي قەشقەرگە ۋالىي بولۇپ كەلگەندى. ئۇ سېيىت ھاجىنى بۇ قېتىمقى ۋەقەنىڭ باش جىنايەتچىسى دەپ كۆرسىتىپ: «ئۇ ئۆكتەملىك بىلەن خەلقنى ئېزىپ، جۇڭگو پۇقرالىرىنى رۇسىيە پۇقراسى بولۇشقا مەجبۇر قىلىش نەتىجىسىدە بۇ ۋەقەنى كەلتۈرۈپ چىقارغان» دەپ ئەيىبلىدى.

گەرچە بۇ قېتىمقى سوتتا سۈپۈرگە ئاخۇن قاتارلىقلارنىڭ ئۆزلىرىنى ئاقلاپ ئوتتۇرىغا قويغان دەلىل - ئىسپاتلىرى ھەققانىي بولسىمۇ، لېكىن قورقۇنچاق سوتچىلارنىڭ ئادىل ھۆكۈم چىقىرىشقا جۈرئەت قىلالماسلىقى تۈپەيلىدىن، سوت بىر مەزگىل ئۈزۈلۈپ قالدى.

1913 - يىلى 7 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا چاررۇسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ يۈەن شىكەي ھۆكۈمىتىگە نارازىلىق ئۇلتىماتۇم تاپشۇرۇشى، بۇ ۋەتەن ساتقۇچ ھۆكۈمەتنىڭ چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرىغا نومۇسسىزلارچە باش ئېگىشى نەتىجىسىدە، مىڭلىغان ئەل سۆيەر خەلقنىڭ ۋەتەننىڭ ھەققى - ھۆرمىتى يولىدا يالقۇنجاتقان ئوت - ئاتەشلىرى، ئەڭ رەزىل، ئەڭ ئىپلاس ۋاستىلەر بىلەن ئۆچۈرۈپ تاشلاندى ۋە 1913 - يىلى 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ھاقارەتلىك «چاررۇسىيە - چىرا كېلىشىمى» قەشقەردە رەسمىي ئىمزالاندى. جۇڭگو ھۆكۈمىتى كېلىشىم ماددىلىرىغا بىنائەن چاررۇسىيە ھۆكۈمىتىگە ئۆلگۈچىلەرنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرى ئۈچۈن 69 مىڭ سەر كۈمۈش تۆلەم تۆلىدى. تاڭ يۈەنجۇڭغا ئېغىر جەرىمانە قويۇلدى. سۈپۈرگە ئاخۇن، شۇن گاۋشىڭ باشلىق 30 نەچچە نەپەر بىگۇناھ پۇقرا ۋە چېرىكلەرگە تۆت يىللىقتىن 14 يىللىققىچە قاماق جازاسى بېرىلدى. ئەمما، جىنايىتى چېكىدىن ئاشقان سېيىت ھاجى بولسا ھېچ دەخلىسىز ھالدا ئۆز ئۆۋىسىغا قايتىپ كەتتى. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا سېيىت ھاجى ئەنجاندا يەنە كۆپ ئەسكىلىكلەرنى قىلغاچقا، باشقىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.

ھومىيىپ، مەردانىلىك بىلەن: «مەنمۇ سوتنىڭ ئادىل ھۆكۈم چىقىرىشىنى تەلەپ قىلىمەن. سوكوروۋ توپا مەھەللىسى بىلەن توغرىقئىبىغىلىنىڭ ئارىلىقىنى ئۆلچىسۇن» دېگەن تەلەپنى قويدى. «بۇ ئارىلىقنى ئۆلچەيمەن دەپ ئاۋارە بولۇشنىڭ ھاجىتى يوق. بۇ ئىككى جاينىڭ ئارىلىقى 12 پوتەي ئىكەنلىكىنى مەن ئوبدان بىلىمەن. بۇ ئىككى جاي جۇڭگو زېمىنى، بۆسۈپ كىردى ـ كىرمىدى دېگەن گەپ مەۋجۇت ئەمەس. سېيىت ھاجى رۇسىيە پۇقراسى بولغاچقا، ئۇ رۇسىيىنىڭ ئەنجان ۋىلايىتىدىن جۇڭگونىڭ چىرا كەنتىگە ئۇسۇپ كىرىپ زوراۋانلىق قىلدى. مېنىڭچە ئۆلچەشكە توغرا كەلسە ئەنجان بىلەن چىرا كەنتى ئارىلىقىنى ئۆلچىگەن تۈزۈك! ئۇ چىرىغا كېلىپ نۇرغۇن يەرلىرىمىزنى، سۇ مەنبەلىرىمىزنى يولسىزلارچە ئىگىلىۋالدى. ھۆكۈمەتكە باج ـ سېلىق تۆلىمىدى. ئاتا ـ بوۋىسىدىن تارتىپ چىرىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن پۇقرالارنى مەجبۇرىي ھالدا ئەنجان پۇقراسى قىلىپ دەپتىرىگە يېزىۋالدى. ئۇنىمىغان، گېپىگە كىرمىگەن كىشىلەرنى قاتتىق جازالىدى. ئۆز ئالدىغا قورال ـ ياراغ ساقلاپ، قاراقچىلارچە بىز جۇڭگولۇقلارنى ئۆلتۈردى. سېيىت ھاجى شۇ چاغدىكى ۋەقەدە بىرىنچى بولۇپ ئوق چىقىرىپ، جۇڭگو پۇقراسى جۇ شۇتاڭنى ئۆلتۈردى. مېنىڭچە ئۆلۈم جازاسى بېرىدىغان كىشى مەن سۇپۇرگە ياكى باشقا بىر جۇڭگو پۇقراسى بولماستىن، دەل سېيىت ھاجىنىڭ ئۆزى...» دېدى.

پاكىت، دەلىل ـ ئىسپاتلار ئالدىدا ھەقىقەتنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىش مۇمكىن بولمىدى. سۇپۇرگە ئاخۇننىڭ ئادالەتلىك شىكايەت ساداسى بارلىق سوت ئەھلىنى ھەيران قالدۇرغاندىن باشقا، سېيىت ھاجىنىڭ جىنايى قىلمىشلىرىنى ئاشكارىلاپ، سوكوروۋ ۋە ئۇنىڭ غالچىلىرىنى ئىبغىز ئاچتۇرمىدى. سوكوروۋنىڭ تىلى تۇتۇلغان بولسىمۇ، سوتقا نارازىلىق بىلدۈرۈپ: «سۇپۇرگە قاتارلىقلارنى ئۆزۈم سوتلايمەن، ئۇلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىمەن» دەپ جاقىرىدى. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي كونسۇلستۋادا مۆكتۈرۈپ قويۇلغان سېيىت ھاجىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ يالغان ـ ياۋىداق بولسىمۇ قەشقەر شەھىرىدە سۆز چۆچەك پەيدا قىلدۇرۇپ، تۈرلۈك گۇرۇنسىز تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا چىقارماقچى بولدى. ئەسكەر كۆپەيتىپ سوتچىلارغا بېسىم ئىشلەتتى. شۇ چاغدا سوتقا قاتناشقان بىرمۇنچە يەرلىك جۇڭگو ئەمەلدارلىرى خەلقنىڭ چاررۇسىيىگە قارشى ئوتتەك قىزغىن كۈرەشلىرىنىڭ رىغبىتى، سۇپۇرگە ئاخۇننىڭ قەيسەرانە كۈرەش قىلىش روھىنىڭ

رەھمەت غوجا ئۆمۈر بويى ئىشلەپ، كېيىنكى كۈنلەردە تۇرمۇشى بىر ئاز ياخشىلىنىپ، ئازراق تېرىلغۇ يەر ۋە باغ - ئورمانلىق بولۇپ قالىدۇ. سوپۇرگە ئاخۇنمۇ ئۆز زامانىسىغا يارىشا مەلۇم دىنىي ساۋاتقا ئىگە بولىدۇ. ئۇ زېھنى ئۆتكۈر، ئەقىل - ئىدرىكى ئۇرغۇپ تۇرغان بالا بولغاچقا، ھەقەمسايىلىرى ئارىسىدا ھۆرمەتكە ئېرىشىدۇ. 20 يېشىدا ئاتىسى رەھمەت غوجا ئۆلۈپ كېتىدۇ.

باشپاناھسىز قالغان سوپۇرگە ئاخۇن ئۆز تۇرمۇشىنىڭ غېمىنى يەيدۇ. ئاتىسىدىن قالغان مال - بىساتلارمۇ بارا - بارا تۈگەشكە باشلايدۇ. سوپۇرگە ئاخۇن ئاخىر كەنت ئىچىدىكى تۆت - بەش ئەل-ئاغىنىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ كەنت ياقىسىغا تور سېلىپ قارچۇغا تۇتۇپ، ئۇنى كۆندۈرۈپ جاڭگالغا كىرىپ ئۇچار قۇش ۋە ھايۋانلارنى ئوۋلاپ، قىسماق قۇرۇپ ئوۋچىلىق قىلىپ تۇرمۇشىنى قامداش بىلەن بىرگە يېتىم - يېسىر، ئاجىزلارغا بۇ غەنىيمەتلىرىدىن خەير - ئېھسان قىلىدۇ. بۇ كۈنلەردە ئېغىر قۇرغاقچىلىق ئاپىتى بولۇپ زىرائەتلەر قۇرۇپ كەتكەچكە، كېيىنكى چاغلاردا باي بولغان، ھاجى بولغان دوستلىرىدىن، يېقىن كىشىلىرىدىن چاۋار ھاجى، مۇسائاخۇن، مەمەتيۈسۈپ ھاجى، ئالماس ھاجى، غوجمەھەممەتھاجى، قۇربان ھاجى، مەھەممەتھاجى، توخسۇنباي، توتىغۇجى ھاجى، ئاخۇنبىكام، تۇردى ھاجى، ئەيسا ئاخۇن، غۇجى ئاخۇن، ياقۇپ خەلپەم قاتارلىق كىشىلەر بىلەن بىرلىكتە يۇرت پۇقرالىرىنىڭ خۇدادىن سۇ تەلەپ قىلىش ئادىتى بويىچە كوچا - كوچىلاردىن ئوت تىلەپ زارا - خەتمە ئۆتكۈزۈپ، قان قىلىپ، قۇرئان ئوقۇپ ئابىنىڭ راۋانىغا (سۇنىڭ راۋان بولۇشىغا)، نەرخى - ناۋانىڭ ئەرزانىغا (ئەرزان بولۇشىغا)، يۇرت كاتتىلىرى - ئەمەلدارلارنىڭ ئىنساپىغا، پۇقرالارنىڭ تىنچ - ئامانلىقىغا دۇئا - تىلاۋەت قىلىدۇ، مانا مۇشۇنداق بىر قاتار ئىشلار بىلەن بۇ يېتىم، يالغۇز، يۆلەنچۈكسىز، نامرات ئوغۇل بارا - بارا كەنتتىكىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشىدۇ.

1895 -، 1896 - يىللىرى ئەتراپىدا كوئېنلۈن تاغلىرىدىن دەرىجىدىن تاشقىرى كەلكۈن كېلىدۇ، يامغۇرمۇ ئۇدا بىرنەچچە ۋاقىت توختىماي ياغىدۇ. شۇنىڭ بىلەن چىرا زېمىنىدا كەلكۈن ئاپىتى يۈز بېرىپ نۇرغۇن دېھقانلارنىڭ ئۆي - بىساتى، يەر - زېمىنى ۋەيران بولۇپ سېرىق كەنتتە «سېرىق يار»، كاڭكال كەنتتە «يامانىياز»، جايئېرىق كەنتتە «جەيىيۇنيار» (جەيھۇنيارمۇ دېيىلىدۇ) قاتارلىق چوڭ يارلار پەيدا بولىدۇ ھەمدە پاختىلىق

# سوپۇرگە ئاخۇننىڭ ھاياتى توغرىسىدا تىلغا ئېلىنمىغان ئىشلار

سوپۇرگە ئاخۇن ئۆز نۆۋىتىدە سادىر پالۋان، نوزۇگۇم، تۆمۈر خەلىپە ... قاتارلىق مىللىي قەھرىمانلار بىلەن بىرقاتاردا تۇرىدىغان تارىخىي شەخس. ئۇنىڭ بىر پۈتۈن ئۆمۈر تارىخىي چىرا دىيارىنىڭ 1870-، 1930 - يىللاردىكى تەبىئىي - ئىجتىمائىي مۇھىتى، خەلقىنىڭ تەقدىرى بىلەن زىچ باغلانغان.

سوپۇرگە ئاخۇن 1874 - يىلى چىرا يېزىسى توپا كەنتىدە دۇنياغا كەلگەن. دادىسىنىڭ ئىسمى رەھمەت غوجا (رەھمەتكاممۇ دېيىلىدۇ)، ئانىسىنىڭ ئىسمى بۇۋى غوجا (بۇۋەيكاممۇ دېيىلىدۇ)، سوپۇرگە ئاخۇننىڭ پاتەمخان ئىسىملىك بىر ئاچىسى بولۇپ، سوپۇرگە ئاخۇن قەشقەرگە سوراققا ئېلىپ كېتىلگەندە، ئىنىسىنى كۆرۈپ كېلىش ئۈچۈن قەشقەرگە بېرىپ ئاغرىپ قېلىپ شۇ يەردە ئۆلۈپ كەتكەنلىكى مەلۇم.

سوپۇرگە ئاخۇننىڭ دادىسى رەھمەت غوجا — بولبولۋاي، بوللەكۋاي دېگەن ئىككى بىر تۇغقاننىڭ بىرىنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكى مەلۇم (رەھمەت غوجىنىڭ دادىسى بولبولۋايمۇ، بوللەكۋايمۇ ئېنىق ئايرىش مۇمكىن بولمىدى). بولبولۋاي، بوللەكۋاي دېگەن بۇ كىشىلەر تەرىقەت يولىنى تۇتقان، نەزىمچى ئادەملەر بولۇپ، تىلەمچىلىك قىلىپ تۇرمۇشىنى قامداپ كەلگەنىكەن. بۇ كىشىلەر ياشىغان مەزگىلدىكى شىنجاڭ رايونى ئاپپاق غوجىنىڭ قورچاق ھۆكۈمرانلىقىدا بولۇپ، ھەممە جاي سوپا - ئىشانلارنىڭ زۇلۇمىدا، جاھالەت ئىچىدە قالغان دەۋر ئىدى. 1863 -، 1864 - يىللىرى ئەتراپىدا نەقشىبەندىيە تەرىقەتچىلىرىنىڭ پىرى دەپ ئاتالغان ئاپپاق غوجىنىڭ كىچىك ئوغلى خوجا ئىسھاقى ۋەلىنىڭ نەۋرىسى ۋە ئوغلى دانىيال غوجا، غوجا ئابدۇللا ئىشان قاتارلىقلار ئىلچى ھەم چىرىغ كېلىپ مۇرت توپلىغان (چىرا يېزىسى يار بويى كەنتىدىكى «ئىشان غوجام» دېگەن مازار ھەم بۇ ئەتراپتىكى كىشىلەرنىڭ ۋەيرانە تۇرمۇشى شۇ چاغدىكى ۋەقەلەرنىڭ شاھىدىدۇر)، شۇ سەۋەبلىك بۇ چاغلارد تەرىقەتچىلىك يولىغا مېڭىش ۋە ئۇنىڭغا مايىل بولۇش ئومۇمىي ئىجتىمائىي ھادىسە ئىدى.

سوپۇرگە ئاخۇن 10 ياشقا كىرگەندە ئانىسى ئۆلۈپ كېتىدۇ

ئورۇنلاشتۇرىدۇ. مەدىكاسقا قۇربان ھاجىم دېگەن كىشىنى ئولتۇرغۇزىدۇ.
سوپۇرگە ئاخۇننىڭ باش بولۇپ ئەقىل كۆرسىتىشى بىلەن ئۈزلەشتۈرۈلگەن — كېڭەيتىلگەن بۇ مۇنبەت يەرلەردىن چىققان مەھسۇلاتلارنى 10 يىلغا يېقىن دوستلىرىغا بېرىپ، ئۇلارنىڭ ھەج قىلىشىغا ئىمكان يارىتىدۇ (سوپۇرگە ئاخۇنمۇ دوستلىرى بىلەن ھەجگە بېرىشنى نىيەت قىلغان بولسىمۇ، سېيىت ھاجى چىرىغا كېلىپ مۇشتۇمزورلۇق قىلىشقا باشلىغاندىن كېيىن بۇ ئادەم بىلەن تۇتۇشۇپ قېلىپ بۇ نىيىتى ئەمەلگە ئاشمايدۇ). يېتىم - يېسىرلارغا، ئاجىزلارغا خەير - ئېھسان قىلىدۇ.
مانا مۇشۇنداق بىرقاتار ئىشلار بىلەن سوپۇرگە ئاخۇن يۇرت ئىچىدىكى مويسىپىتلارنىڭ قايىللىقىغا ئېرىشىدۇ. ياش نوچىلار، ئاجىزلار، ئىشسىز قالغان دېھقان بالىلىرى ئۇنى پاناھ تارتىدىغان، مەسلىھەت سورايدىغان بولىدۇ. ئۇ سوپۇرگە بېگىم، سوپۇرگە غوجام، موللا سوپۇرگە دېگەنگە ئوخشاش ناملار بىلەن يۇرت ئىچىدىكى بەگ-بايلار، ياپى - بەيشاڭلار، قازى - قۇززات، ئەلەم - مۇفتى، ئىشان-سوپىلار ئىچىدىمۇ تونۇلۇشقا باشلايدۇ.
ئىككى - ئۈچ يىللىق كەلكۈن ئاپىتىدىن كېيىن يەنە بوران ئاپىتى باشلىنىپ، كۆچمە قۇم كەنت زېمىنلىرىنى يالماپ يۇتۇشقا باشلايدۇ. كىشىلەر ئارىسىدا «ئۇزۇنغا قالماي توپىنى قۇم باسىدىكەن» دېگەن سۆزلەر تارىلىدۇ. سوپۇرگە ئاخۇن باشلىق كىشىلەر بۇ مەزگىلدە جىگدە، تېرەك، ئۈجمە، توغراق تىكىدۇ. مۇشۇ مەزگىللەردە باش ئۈجمە، توپا، كاڭكال كەنتلىرىگە تىكىلگەن تېرەك، ئۈجمە، توغراقلاردىن ئاۋلىراخۇن گۇمبەزنىڭ ھويلىسىدىكى ئىككى تۈپ تېرەك، ھاشىماخۇن شەيخۇلئىسلامنىڭ تېرىكى، ئەھمەد ئاخۇننىڭ (دۆلەت كومىسسارى ئىسمائىل ئەھمەدنىڭ ئاتىسى) ھويلىسىدىكى تېرەك ئەخلەت قارىمنىڭ ئۆيى ئالدىدىكى تېرەك، شالتاق مەسچىتنىڭ تېرىكى، ھاشىم قاسىمنىڭ تېرىكى، توختاخۇن شالتاقنىڭ تېرىكى، قۇربان ھاجىمنىڭ تېرىكى، خەلپەتلەڭگەردىكى تېرەك، شىكچى يەردىكى تېرەك، يۇسۇپ ئاخۇن بۆزچىنىڭ تېرىكى، جەيپۇن ياردىكى تېرەكلەر، چىرا - خوتەن كونا يولىنىڭ ياقىسىدىكى تېرەكلەر، شالتاقسايدىكى 100 مودىن ئوشۇقراق يەرنى ئىگىلىگەن 10 مىڭ تۈپتىن ئوشۇقراق توغراقلىق، ئىككى تۈپ تېرەك دېگەن جايدىن 300 مېتىردەك يىراقلىقتىكى توختىكام بودەكنىڭ ئۈجمىلىكى

ئۆستەڭ، ئىقىن ئۆستەڭ، ئىلەڭ ئۆستەڭلەرمۇ بۇ كەلكۈندە ۋەيران بولىدۇ. ئىشان غوجا مازىرىنىڭ ئايىغىدىكى قايغاچ، دەپسەن دېگەن جايلاردىكى كۆلىمى كەڭ بولغان «تېتىيلىق» (ئاسارئەتىقىلەر چىقىدىغان جايلارنى يەرلىك كىشىلەر تېتىيلىق دەپ ئاتايدۇ) مۇ بۇ كەلكۈن ئاپىتىدە تېخىمۇ ئېغىر ۋەيران بولۇپ «قايغاچ يار» دېگەن يار پەيدا بولىدۇ.

سوپۇرگە ئاخۇن بۇ مەزگىللەردە ئىلگىرى بىللە ئۇۋچىلىق قىلىپ، سۇ تەلەپ قىلىپ يۇرگەن يۇقىرىدا ئىسمى تىلغا ئېلىنغان ئەل ـ ئاغىنىلىرى بىلەن بىللە بۇ كەلكۈندىن پايدىلىنىپ توپا كەنتىنىڭ ئاياغ تەرىپىدىكى قۇملۇقنى ئېقىتىپ شۇ يىلى 50 مو يەر ئېچىپ ئۆجمە، تال سېلىپ بېدە، تېرىق تېرىيدۇ. كېيىنكى يىلى يەنىلا سۇ كەڭرى بولۇپ سوپۇرگە ئاخۇن دوستلىرى، نامرات دېھقان باللىرىنى ئەگەشتۈرۈپ يۈرۈپ بىرنەچچە يۈز مو يەر ئېچىپ دەرەخ سېلىپ ئاشلىق تېرىيدۇ. يەردىن چىققان مەھسۇلاتلارنى ئاجىزلارغا خەير ـ ئېھسان دەپ بەرسە، يۇرت كاتتىلىرىغا تۆھپە ـ سوۋغات دەپ بېرىپ، كەلكۈن سۈيىنى يەنىمۇ كەڭرى ئىشلىتىشكە ئىمكان يارىتىدۇ. ئۈچىنچى يىلى مەدىكاس دېگەن جايدىن (هازىرقى ئاپتونوم رايونلۇق پەنلەر ئاكادېمىيىسى قارىمىقىدىكى چىرا يېزىسى توپا ـ قۇم تىزگىنلەش پونكىتى ئەتراپى) 200 مو بىنام يەر ئېچىپ ئاشلىق تېرىيدۇ. 1901 ـ يىلىدىكى كەلكۈندە ئىسلام ئاخۇن دېگەن كىشى ئادەم ياللاپ مەدىكاس دېگەن جاينىڭ ئاياغ تەرىپىدىن 1000 مو يەر ئېچىپ ئىگىلىۋالىدۇ. سوپۇرگە ئاخۇن دوستلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ جەگىدۆڭ، چىلەكدۆڭ، سوكىدۆڭ، تېرىمپوتاي، سېغىزلىق، خەلپەت لەڭگەر، قۇمباغ دېگەن جايلارنى ئېچىپ بىنام يەر بەرپا قىلىدۇ. بۇ يەرلەر كېيىن ئۇنىڭ دوستلىرىدىن مۇھەممەتيۇسۇپ هاجى باشقۇرغان يەر، چاۋارهاجىمنىڭ توغراقلىقى، ئىككى تۇپ تېرەك، كەنجىبىكامنىڭ يېرى... دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتىلىدۇ. سوپۇرگە ئاخۇن باشلىق كىشىلەر شۇ يىلى تېرىغان ئاشلىق، مايلىقلارنى خوتەنگە قەدەر ئاپىرىپ ساتىدۇ. سوكىدۆڭگە بۇغداي، قوناق ئامبىرى سېلىپ ئەيسا ئاخۇن دېگەن كىشىنى ئامبارچى قىلىپ بەلگىلەيدۇ. قۇمباغ دېگەن جايغا مەڭلىك ئاخۇن دېگەن كىشىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ ئايۋان ـ ساراي، تۆگىخانا، ئاتخانا، چىلانخانا (ئاتلارنى دەم ئالدۇرىدىغان، شامالدىتىدىغان جاي) سالدۇرىدۇ. كۆل كولىتىدۇ. سېغىزلىقتا نىياز ئاخۇن دېگەن كىشىنى

كېيمەي يۇرگەنلەرنى كۆرسە: «سىلە توپىلىقىنىڭ، چىرىلىقىنىڭ نومۇسىنى كەلتۈرمەي ئادەمدەك كىيىنىپ يۈرۈڭلار» دەيدىكەن. بولۇپمۇ سۇپۇرگە ئاخۇن قەشقەرگە بېرىپ خېلى ئىشلارنى كۆرۈپ، ئۆزى بىلەن ئۆزگىلەرنىڭ ياشاش ئېڭى، تۇرمۇشىنى چۈشەنگەندىن كېيىن بۇنداق گەپلەرنى تېخىمۇ كۆپرەك دەيدىغان بولغانىكەن. بۇنداق كىشىلەرگە مەسلىھەت كۆرسىتىدىكەن، ھەر جەھەتتىن يۆلەيدىكەن. ئۇ بەزىدە سوپا - ئىشانلارنىڭ ھەلقە - سۆھبەتلىرىگە بار ئىشتىياقى بىلەن قاتناشسا، بەزىدە ئەلنەغمە سورۇنلىرىنى تۈزۈپمۇ قويىدىكەن. روزا - نامازنى تەرك ئەتمەيدىغان تەقۋادار ئادەمكەن. ئۇ 25 ياشقا كىرگەندە بىرىنچى قېتىم ئۆيلەنگەنىكەن.

1912 - يىلى 6 - ئايدا چىرا ۋەقەسى بولۇپ، شۇ يىلى 8 - ئايدا سۇپۇرگە ئاخۇن باشلىق 1-، 2-، 3- دەرىجىلىك «گۇناھكارلار» دەپ بېكىتىلگەن 178 نەپەر كىشى قەشقەرگە ئېلىپ كېلىنىدۇ. بۇ كىشىلەرنىڭ ئۇرۇق - تۇغقان، خوتەن - بالىلىرى، ئەل - ئاغىينىلىرى... قاتارلىق بولۇپ 500 دىن ئوشۇق ئادەم قەشقەر شەھىرىگە يىغىلىدۇ. سوراقتا كېرىيىدىن باشلاپ قارا شەھەرگىچە بولغان جايلارنىڭ 18 دوتەي، تىتەيلىرى، ئامبال - ئەمەلدارلىرى بولۇپ خاقان تەرەپ (جۇڭگو تەرەپ) ۋەكىلى سۈپىتىدە 50 نەپەردىن ئوشۇق ئادەم قاتنىشىدۇ. سوراق قەشقەر قۇم دەرۋازىسى تۈڭگان يامۇلىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ ۋە دولقۇنسىمان ھالدا بىرنەچچە ئايغا سوزۇلىدۇ. ئاخىرى قەشقەر ھۆكۈمىتى سۇپۇرگە ئاخۇن باشلىق 17 نەپەر كىشىنى ئېلىپ قېلىپ، قالغانلارنى چىرىغا كېتىشكە بۇيرۇق قىلىدۇ.

قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان 17 نەپەر كىشى — سۇپۇرگە ئاخۇن، قۇربان ھاجىم كۆرەك، ئيساق ئاقۇڭبېشى، كېرەمئاخۇن تايلاق، مەمەتشېرىپ بەگ تۇلۇم، توختاخۇن تاغاق، مەمەتشېرىپ خەلپەم، مەمەتسەيداخۇن دوغابەگ، يۈسۈپ ھاجىم خوندەك، رۇستەمباي پادىچى، ھامۇتھاجىم ئەستە، كېرەم ھاجىم پالڭ، ئابدۇرېشىت ھاجىم تەلپەكساز، مەمەت ھاجىم تارشا، ئىمىناجىم چەكمەن، ئىسمائىل ھاجىم كاللەك، زۇمرەت غوجىكام قاتارلىقلار بولۇپ ئۇلارنىڭ يۇقىرىسىغا 14 يىللىقتىن، تۆۋىنىگە تۆت يىللىققا قەدەر قاماق جازاسى بېرىلىدۇ. ھەر قېتىملىق سوراقتا بۇ 17 نەپەر كىشى يالاڭباشتاق ئېلىپ كىرىلىپ، خىش ئۈستىدە تىزلاندۇرۇپ ئولتۇرغۇزۇلۇپ ئېلىپ بېرىلىدۇ. سوراق جەريانىدا سۇپۇرگە ئاخۇن

قاتارلىقلار كېيىنكى چاغلاردىكى ھەر خىل ھەرىكەتلەردە كېسىلىپ، قۇرۇپ ۋەيران بولغانغا قەدەر، شۇ چاغدىكى تارىخنى كىشىلەرنىڭ ئېسىگە سېلىپ كەلدى ۋە ئۇلارنىڭ ئاز بىر قىسمى ھازىرمۇ بار.

سوپۇرگە ئاخۇن توپا، كاڭكال، باشئۇجمە قاتارلىق كەنتلەرگە بېرىلىدىغان سۇ نۆۋىتىنى ھەرگىزمۇ بوشقا ئۆتكۈزۈۋەتمەيتتى ھەمدە ھەر خىل ئاماللار بىلەن سۇنى كۆپرەك ئېلىشقا تىرىشاتتى. ئۇ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ خۇدەۋەدىكام، نىياز ئاخۇن چىلىم، كەنجىبىكام، بارات ئاخۇن، تاشتۆمۈر ئاخۇن، قۇناخۇن ياغ، قاسىم ئۆچكە، يۇسۇپ ئاخۇن بۆزچى، ھېنىپەيكام، قۇربان ئاخۇن شالتاق، توختاخۇن قوچقار قاتارلىق كىشىلەرنى شۇ چاغدىكى يەرلىك ھۆكۈمەتتىن رۇخسەت ئېلىپ سۇنى ھەقسىز ئىشلىتىدىغان، ئالۋان-سېلىق تۆلىمەيدىغان، ھاشار ـ مەدىكارغا بارمايدىغان قىلىپ قۇم ـ بوران ئېغىز يدىكى يەرلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇپ زېمىننى قوغدىغانىدى.

ئەمدى ئۆز نۆۋىتىدە سوپۇرگە ئاخۇننىڭ پورترېتى، مىجەز ـ خۇلقى، تۇرمۇشى ھەققىدە توختىلىپ ئۆتەيلى. سوپۇرگە ئاخۇن ئۆسكىلەڭ، ئۇستىخانلىق، بۇغداي ئۆڭ، قوي كۆزلىرى كۆلۈپ تۇرىدىغان، يۇزى سەل سوزۇنچاق، ساقال ـ بۇرۇتىنى ئانچە ئۆستۇرمەي چىرايىغا ماس ھالدا ياراشتۇرۇپ قويىدىغان ئادەم ئىدى. كۆپرەك كىيىدىغان كىيىمى تۇلكە تەلپەك، قىلىچ ياقىلىق تون ئىدى. گەپ ـ سۆزلىرى يېقىملىق بولۇپ «دەرقەمنىڭ ئۆزىدە»، «ماقىما» (ماقۇلمۇ دېگەن مەنىدە) دېگەن سۆزلەرنى كۆپ ئىشلىتىدىكەن. ئۇنىڭ ئەڭ ئۆچ ئادىمى چاچ ـ ساقىلىنى ئالدۇرمىغان، كىيىملىرى پاسكىنا، يەرگە ئىشلىمىگەن، بىرەر ھالال كەسىپ بىلەن شۇغۇللانماي لاغايلاپ يۇرىدىغان ئادەملەر ئىكەن. بۇنداقلارنىڭ بەزىلىرىگە نەسىھەت قىلىپ يول كۆرسىتىدىكەن، بەزىلىرىنى ئانچە ـ مۇنچە ئەدەبلەپمۇ قويىدىكەن. كىيىم ـ كېچەك، پۇل ـ پىچەك، ئاش ـ ئوزۇق بېرىدىكەن. ئۇ ياز كۇنلىرىنىڭ بىرىدە جۇۋا كىيىپ يۇرگەن روزىكام ئوجۇن دېگەن كىشىنى كۆرۈپ «سەن يەرگە نېمىشقا ئىشلىمەيسەن؟ نېمىشقا ئادەمدەك يۇرمەيسەن؟» دەپ بىر نەچچىنى ئۇرغاندىن كېيىن جۇۋىسىنى سالدۇرۇۋېتىپ، ئۆيىدىن كىيىم ئەپچىقىپ كىيگۈزۈپ قويغانىكەن. ئۇ زامانلاردا بەزى كىشىلەر ناچار خاملاردا (بۆزلەردە) ئىشتان ـ كۆڭلەك كىيىپ يۇرۇشكە ئادەتلىنىپ قالغان بولۇپ، سوپۇرگە ئاخۇن بۇنداق كىيىم كېيگەنلەرنى، ئۇستىخانلىرىنى كۆرسىتىپ، كىيىملىرىنى ياماپ

ھاجىم كۆرەك قاتارلىقلار قەشقەردە ئۆيلىنىدۇ. بۇلاردىن قۇناجىمنىڭلا بالىسى بولمايدۇ).

چارپادىشاھ كونسۇلى بۇ ھۆكۈمگە قايىل بولمايدۇ. قەشقەر ھۆكۈمىتىگە تەھدىت سالىدۇ. ياڭتۇلۇڭ باشلىق تەرەپتىكىلەر مۇئۇلارنىڭ يولسىز تەلىپىگە يول قويمايدۇ. ھەر ئىككىلا تەرەپتىن ئەسكەر كۆپىيىپ جىددىي ھالەت شەكىللىنىدۇ. ئاخىر يۈەن شىكەي ھۆكۈمىتىنىڭ تىز پۈكۈشى بىلەن چار پادىشاھ كونسۇلىغا 69 مىڭ سەر (بەزىلەر 70 مىڭ سەر دەيدۇ) كۈمۈش تۆلەم تۆلەش شەرتى بىلەن بۇ ماجىرا بېسىققان بولىدۇ. بىر قىسىم ئەمەلدارلار ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىنىدۇ. ئاخىرقى بۇ يولسىز ھۆكۈمنى ئاڭلىغان سۇپۇرگە ئاخۇن رۇسىيە كونسۇلىغا قاراپ مەردانىلىك بىلەن: «پۇلنى ئالسا بۇ يەردىن چىقىپ كەتسۇن، ئەگەر بۇ يەردە تۇرىمەن دېسە پۇلنى قويسۇن» دەيدۇ. بۇ گەپنى ئۇققان رۇسىيە كونسۇلىنىڭ قولى غەزەپتىن تىترەپ زاكۇن تايىقى يەرگە چۈشۈپ كېتىدۇ. چىرا خەلقى ئۆز بېشىغا كەلگەن بۇ پۇلنى «قەشقەر پۇلى، قەشقەر سېلىقى» دەپ ئاتىشىدۇ.

ئالدىنقى ۋە كېيىنكى «گۇناھكارلار» قەشقەردىن قايتىپ كەلگۈچە بولغان ئارىلىقتا ھەرقايسى كەنتلەردىن بۇلارنىڭ ئارقا سەپ ئىشنى مەسئۇل بولۇپ ئىشلىگەن ئاساسلىق كىشىلەر — مەمەتيۇسۇپكام دوك، كېپەكباي چوناق، سۇلايمان ئاخۇن دوغا بەگ، ئەيساق بودەك، ئاخۇن تارشا، ئابدۇللا ھاجىم، ئاخۇنباي ئۇلا، قاسىماخۇن خوراز، ئەكرەم ئاخۇن، توختىئاخۇن پاك، ئىسلام ئاخۇن خوجۇن، يۇسۇپ ئاخۇن پاچاق قاتارلىقلار بولۇپ، بۇلاردىن توغرىقئېغىللىق يىكچىلىك ھۈنىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئىسلامكام خوجۇن، يۇسۇپ ئاخۇن پاچاق دېگەن كىشى بەش - ئالتە ئېشەككە باققال سېۋىتى ئارتىپ ئۆزۈم قاچىلاپ كۆرۈنۈشتە باققاللىق قىلغان بولۇپ، ئېشەك مۈلىلىرىنىڭ ئارىسىغا پۇل تىقىپ 21 كۈن يول يۈرۈپ قەشقەرگە چىقىپ، يۇرتداشلىرىنىڭ مېھر - مۇھەببىتىنى ئۇلارغا يەتكۈزۈپ تۇرىدۇ.

سۇپۇرگە ئاخۇن باشلىق 17 نەپەر كىشى 1918 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا ئاندىن چىرىغا كېلىدۇ. سۇپۇرگە ئاخۇن چىرىغا كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەي تۇنجى ئايالىنىڭ خېتىنى بېرىۋېتىپ، قەشقەردە بىرگە ھەپىسدە ياتقان ھەم نازارەتتە تۇرغان جايئىبرىقلىق كېرەم ھاجى پاڭنىڭ قىزى ھېيۋىخان ھاجى دېگەننى ئەمرىگە ئالىدۇ.

ئۆزىنىڭ ھەر جەھەتتىن يېتىشكەن، پىشقان تالانتىنى نامايان قىلىدۇ.

ئەڭ ئاخىرقى سوراقتا قاراسپەچلەر (گىلاۋخۇيچىلار) باشلىقى ياڭتوڭ (ئەسلى ئىسمى ياڭ زەنشۇي) دېگەن كىشى قاتنىشىدۇ. ئاخىرقى ئىككى كۇنلۇك ھەل قىلغۇچ سوراقتا سوپۇرگە ئاخۇن تېخىمۇ مەردانىلىك بىلەن سۆزلەپ ئەيىبلىگۈچىلەرنى، دەۋاگەرلەرنى كۆپ قېتىم مات قىلىدۇ. ئاتالمىش «ئاقپاشىشا پۇقراسى» دەپ ئاتالغانلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىسىنىڭ چىرىلىق ئىكەنلىكىگە بىر ـ بىرلەپ پاكىت كەلتۇرىدۇ ھەم سېيىت ھاجىنىڭ چىرىلىقلارنىڭ ئارىسىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىپ ئادەم ئۆلۈشكە سەۋەبچى بولغان ھەقىقىي جىنايەتچى ئىكەنلىكىنى پاكىتلار بىلەن ئىسپاتلايدۇ. كىشىلەر ئېغىزىدا ياڭتوڭ، ياڭتوڭلۇڭ دەپ ئاتالغان بۇ ئەمەلدار ئاخىرى تۆۋەندىكىدەك خۇلاسە چىقىرىدۇ:

بىرىنچى، سېيىت ھاجى ئەنجاندىن ئۆزىدىن باشقا بىرمۇ ئادەمنى چىرىغا يۆتكەپ ئەكەلمىگەن، چىرا پۇقرالىرىنى ئىككىگە بۆلۈپ يالغان ئەنجان پۇقراسى پەيدا قىلىپ بۇ ۋەقەنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەبچى بولغان.

ئىككىنچى، سېيىت ھاجى يۇقىرى دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىدىن بىسوراق بىر ياقا يۇرتقا بېرىپ، پۇقرالارنىڭ ياۋاشلىقىدىن پايدىلىنىپ، يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئىشلىرىنى قالايمىقانلاشتۇرغان.

ئۈچىنچى، يۇقىرىقىدەك سەۋەبلەرگە ئاساسەن، سوپۇرگە باشچىلىقىدىكى چىرىلىقلار ۋە شۇڭ گاۋشىڭ باشچىلىقىدىكى چېرىكلەر بىرلىكتە ئامال بولماي ئۇرۇش قىلىپ ئادەم ئۆلۈش، يارىلىنىش بولدى. ئۆلگەنلەرمۇ، ئۆلتۈرگەنلەرمۇ چىرىلىق بولۇپ، يەرلىك خەلققە نىسبەتەن بىز بۇنى ئېغىر كۆرمەيمىز. شۇنداقتىمۇ ئادەم ئۆلدى، بىز بۇنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىمىز.

تۆتىنچى، سوپۇرگە باشلىق 17 نەپەر كىشى قەشقەر دائىرىسىدىن چىقىپ كەتمەسلىك، ماجىرا تۇغدۇرماسلىق، مۇۋاپىق كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىپ تۇرمۇشىنى قامداش، قايتىپ كەتكەن (چىرىغا كەتكەنلەرنى دېمەكچى)، ئەنجان پۇقراسى بولغانلارنى سۈرۈشتۈرمەسلىك، دېگەن مەزمۇندا ھۆكۈم چىقىرىدۇ (بۇ يەردە نازارەت ئاستىدا تۇرغان 17 نەپەر كىشى ئىچىدە مەمەتسەيداخۇن دوفا بەگ، كېرەم ھاجىم پالڭ، ئابدۇرېشىت ئاخۇن تەلپەكساز، قۇربان

ئاخۇندىن مەسلىھەت سورىغان بولۇپ ئۇنىڭ سارىيىغا بارىدۇ (ۋەقەنىڭ جەريانىدىن قارىغاندا سۇپۇرگە ئاخۇننىڭ بۇ ئىشتىن ئالدىنئالا خەۋىرى بولسا كېرەك). سۇپۇرگە ئاخۇن ۋاڭ دارىننىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ «چىرا بازىرىنىڭ ئورنى ئۆزگەرسە بولمايدۇ. ئەگەر ئۆزگەرتىدىغان ئىش بولسا پەيشەنبە بازار تۇپىدا، يەنى چىرا - خوتەن يولى بويىدا بولسۇن» دەيدۇ. ئامبال سۇپۇرگە ئاخۇننىڭ بۇ جاۋابىنى ئاڭلاپ بەكلا چېچىلىدۇ. قولىنى ئۇنىڭغا شىلتىپ (چىناپ) ئەزۋەيلەپ سۆزلەيدۇ. ئاخىر ئەيۋەشكە كەلتۈرەلمەي جىلە بولۇپ سارايدىن قايتىپ چىقىۋېتىپ يۈزىگە تۈكۈرىدۇ. سۇپۇرگە ئاخۇن بۇ ھاقارەتكە چىدىماي، ئۆز ئادەملىرىنىڭ، بايلارنىڭ توسۇشىغا قارىماي ئامبال يارىدەمچىسىنى چالا - پۇچۇق بىرنى تېپىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئادەم «سۇپۇرگە چىرا ئامبال يارىدەمچىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى» دېگەن مەزمۇندا قەشقەرگە «قاناتلىق خەت» سالىدۇ (قاناتلىق خەت دېگەن قانداق بولىدۇ، ياكى بۇ يەرلىك كىشىلەرنىڭ ئاتالغۇسىمۇ ئۇقالمىدۇق). شۇنىڭ بىلەن سۇپۇرگە ئاخۇن كېرىيىگە ئېلىپ مېڭىلىدۇ. غەزەپلەنگەن سۇپۇرگە ئاخۇن چېرىكلەرنى يېنىغا يولاتمايدۇ. ئۇنى ھىمايە قىلىدىغان كىشىلەر مەپىنىڭ ئىككى تەرىپىدە مېڭىپ كېرىيىگە بارىدۇ (بۇ ۋەقەلەر 1920 -، 1921 - يىللارغا توغرا كېلىدۇ).

سۇپۇرگە ئاخۇن كېرىيىگە بېرىپ ئەھۋال ئېنىقلىنىپ بولغۇچە ھەپسە ھېسابىدا نازارەت ئاستىدا تۇرىدۇ. ئارىلىقتا كىچىك ۋاڭ دارىننىڭ ھېلىقى خېتىدىكى مەلۇماتقا ئاساسەن يۇقىرىدىن سۇپۇرگە ئاخۇننى قەتلى قىلىش ھەققىدە يارلىق كېلىدۇ. كىچىك ۋاڭ دارىن ئەھۋالنىڭ چاتاقلىقىنى بىلىپ «چىرا ئامبال يارىدەمچىسى ئۆلمىدى» دېگەن مەزمۇندا يۇقىرىغا يەنە خەت سالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قەشقەردىن بۇ ئامبال يارىدەمچىسىنى چاقىرتىپ بۇيرۇق كېلىدۇ. كىچىك ۋاڭ دارىن قەشقەرگە قاراپ يولغا چىقىپ قاغىلىققا بارغاندا، ئۆز جىنايىتىدىن قورقۇپ زەھەر ئىچىپ ئۆلۈۋاپتۇ دېگەن گەپلەر تارقىلىدۇ (بۇ ئىشلار 1923 - يىللارغا توغرا كېلىدۇ).

سۇپۇرگە ئاخۇن چىرىغا قايتىپ كېلىدۇ. ھاياتىدا پەقەت خاتالاشمايدىغان، ھېسسىياتى تۇراقلىق، ھەممىگە ئادىل باھا بېرىدىغان، ھەرقانداق ئىشنى ئەپۇ قىلىدىغان بەندە ئالەم ئاپىرىدە بولغاندىن بېرى دۇنياغا يارالمىغاچ، سۇپۇرگە ئاخۇنمۇ بەزى ئىشلاردا، گەپ - سۆزلەردە كەتكۈزۈپ قويغانمۇ ياكى باشقىلارنىڭ ئۇنىڭ نام-ئاتىقىغا چىدىماسلىقى، كۆرەلمەسلىكى، يامۇلدىكىلەرنىڭ پىتنە -

سوپۇرگە ئاخۇن بۇ مەزگىللەردە ئۆز ئىگىلىكىنى تېخىمۇ روناق تاپقۇزۇشنى چىڭ تۇتقان بولۇپ، بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئۆي - ئىمارەتلىرى زىلچا - گىلەملەر بىلەن، ئېغىللىرى چارۋا بىلەن، ساتلىرى بۇغداي- قوناق بىلەن توشقانىدى. قومباغدا 50 مولۇق، سېغىزلىقتا 100 مولۇق، مەدىكاستا 200 مولۇق. چىلەكدۆڭدە 550 مولۇق، سۆكە دۆڭدە 1000 مولۇق، جەگە دۆڭدە 500 مولۇق، تېرىم پۇتايدا 1000 مولۇق يەر زېمىنغە ئىگە ئىدى (كېيىنكى چاغلاردا قوم بېسىپ كەتكەن بۇ زېمىنلارنىڭ مەلۇم قىسمى يېقىنقى يىللاردىن بېرى قايتا ئۆزلەشتۈرۈلۈپ قوم - مۇداپىئە ئورمىنى، بىنەم يەر بەرپا قىلىنىدى ۋە بەرپا قىلىنماقتا) . ئۇ بۇ يىللاردا تېخىمۇ غەيرەت قىلىپ قولىلۇقغا ئېچكىرىلەپ كىرىپ يەر ئېچىشقا كىرىشىدۇ. تېرىغان ئاشلىق ۋە مايلىقلارنى لوپ، خوتەن، قاراقاش، كېرىيە قاتارلىق جايلارغا قەدەر ئاپىرىپ ساتىدۇ. قوغۇن - تاۋۇزلارنى قومغا كۆمۈپ قويۇپ 5 - ئايغا قەدەر بازارغا ئەكىرىپ ئادەم قويۇپ تىلىپ ساتىدۇ. سوپۇرگە ئاخۇننىڭ ئاساسلىق ئادەملىرىدىن قۇربان ھاجىم غوجىدار، تۇردى ھاجىم، ئەيسا ئاخۇن دېگەنلەر ئامبارچى ئىدى.

سوپۇرگە ئاخۇن بۇ يىللاردا چىرىدا ئامبال ياردەمچىسى بولۇپ تۇرغان كىچىك ۋاڭ دارىن دېگەن ئادەم بىلەن قەدىر ئەھۋال ئۆتىدۇ. ئەمەلگە دالالەت قىلىنىشىمۇ رەت قىلىدۇ. بىراق ۋاڭ دارىن ئالۋان- ياساقنى تېخىمۇ كۆپەيتىدۇ. ھەر خىل باج - سېلىقلارنى ئۆزى كەلگەن ۋاقىتتىن باشلاپ ئەمەس، بەلكى ئالدىنقى دارىن ۋاقتىدىن باشلاپ ئالىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئادەمنىڭ خۇي - پەيلى ئوسالراق بولغاچقا، باشقىلارنىڭ مەسلىھەتىنى ئانچە ئاڭلىمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن سوپۇرگە ئاخۇن توپىلىق ۋە باشقا كەنتلەردىكى 1000 دىن ئوشۇق كىشىنى باشلاپ، ئۆزى بورىنى ئوتتۇرىدىن تېشىپ بوينىغا ئېسىپ يامۇلغا كىرىدۇ. ئامبال نېمە ئىشلىقىنى ئاڭقىرالماي ئەرۋاھى ئۇچۇپ سەيناغا چىققاندا، سوپۇرگە ئاخۇن ئاتتىن چۈشۈپ جامائەتنىڭ ئالدىدا ئامبالغا قاراپ تىزلىنىپ تۇرۇپ پۇقرالارنىڭ بېشىغا كەلگەن ئالۋان- ياساقلارنىڭ كۆپلۈكى ھەققىدە شىكايەت قىلىدۇ. دارىن سوپۇرگە ئاخۇننىڭ سۆزلىرىگە تازا ئېنىق جاۋاب بەرمەي گەپ يورغىلىتىپ ئۇلارنى يولغا سالىدۇ سوپۇرگە ئاخۇننىڭ ئادەتتىكى ئادەم ئەمەسلىكىنى چۈشىنىپ ئۇنىڭدىن ھەم ئېھتىيات قىلىدۇ، ھەم نازارەت قىلىدۇ. بىر كۈنى كىچىك ۋاڭ دارىن چىرا بازىرىنىڭ دۈشەنبە، پەيشەنبە بازارلىرىنى ئۆزگەرتىش توغرۇلۇق سوپۇرگە

چوڭىيىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ئادەملىرىنى بۇ يەردىن ئېلىپ كېتىدۇ. شۇ كۈنى كېچىسى ئەخمەتتوختاخۇن دېگەن بۇ كىشى سۇپۇرگە ئاخۇنىنىڭ ئۆيىنى چۆرگىلەپ كېچىچە قوشاق توۋلاپ چىقىدۇ. سۇپۇرگە ئاخۇن دەسلەپتە سۈكۈت قىلىدۇ. كېيىن غەزەپلىنىپ مەھرەملىرىگە قاراپ: «ئۆلتۈرىۋەت، ئىگىسى مەن» دەيدۇ. بىر دەملىك ۋارقىراش - جارقىراش، گۈلدۈر - گۇلۇپلەردىن كېيىن غوۋغا بىردىنلا بېسىقىدۇ. ئەخمەتتوختاخۇنغا ئۆز ئادەملىرىنىڭ تايىقى تەگدىمۇ ياكى سۇپۇرگە ئاخۇن تەرەپتىكىلەرنىڭمۇ ئىشقىلىپ گۆرەن تومۇرىغا تەگكەن تاياق بىلەن جان ئۈزىدۇ. سۇپۇرگە ئاخۇن بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ئۆز - ئۆزىنى باغلاپ يول بويى: «موللا سۇپۇرگە ئادەم ئۆلتۈردى» دەپ توۋلاپ ئوغرىق ئۆستەڭ كۆۋرۈككە كەلگەندە، ئۇنى تۇتۇش ئۈچۈن ماڭدۇرۇلغان يايلار بىلەن ئۇچرىشىپ يامۇلغا ئېلىپ كىرىلىدۇ (بۇ ئىشنى يامۇل ئالدىنئالا پىلانلىغان ياكى خەۋىرى بولسا كېرەك) ۋە ئۇنىڭغا دەرھال كويزا - كىشەن سېلىنىپ، بېشىنى تۆمۈر بىلەن هايۋاننى نوقتىلىغاندەك نوقتىلاپ، كېرىيىگە ئېلىپ مېڭىلىدۇ. پوندۇر دېگەن جايغا كەلگەندە يول ئۈستىگە سۇپۇرگە ئاخۇنىنىڭ سەككىز ئايلىق بولغان ئوغلى مەتكېرەم ئېلىپ چىقىلىدۇ. سۇپۇرگە ئاخۇن بوينىنى قايسى تەرەپكە ئەگسە شۇ تەرەپتىكى مۇسكۇلغا پېتىپ ئازابلايدىغان مۇدىر چاقلىرى، مىخلىرى بار كىشەن بولغاچقا ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ ماڭغانلار بالىنى لىۋىگە ئاپىرىدۇ. سۇپۇرگە ئاخۇن ئاغرىق ئازابىغا چىداپ ئېگىلىپ تۇرۇپ بالىنى سۆيىدۇ ۋە ئۆزىگە ھەمراھ بولغانلاردىن ھەسرىتكام دېگەن كىشىگە: «ھەسرىتكا، يانچۇقۇمدىن تىللا ئېلىپ بالىنىڭ چېكىسىگە قويۇڭ» دەيدۇ، ھەسرىتكام دېگەن كىشى تىللا ئېلىپ بالىنىڭ چېكىسىگە قويىدۇ. بالىنى ئېلىپ چىققۇچىغا پۇل بېرىدۇ. مەتكېرىماخۇن دېگەن بۇ بالا كېيىن شەنلى (ناھىيە ئىچىدىكى) مەكتەپتە ئوقۇپ ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى قارىمىقىدىكى مەكتەپلەردە مۇئەللىم، كويەن (بۆلۈم ئەزاسى) بولىدۇ. 1945- يىلى زاتىل كېسىلى بىلەن 17 كۈن ئاغرىپ ئالەمدىن ئۆتىدۇ.

سۇپۇرگە ئاخۇن كېرىيىگە بارغاندىن كېيىن ئايرىم بىر كامىردا ياتىدۇ. ھەسرىتكام دېگەن كىشى دائىم ۋە باشقا ئۈچتىن ئادەم ئالتە ئايدىن نۆۋەت بىلەن ئۇنىڭ تۇرمۇشىدىن خەۋەر ئالىدۇ. 1930 - يىلى ئەتىيازدىن باشلاپ ئۇنىڭ سۈيدۈكى توختىۋېلىپ ھەر خىل چارە - ئامالالار قىلىنغان بولسىمۇ كار قىلماي، بارا - بارا ئەۋرىتى ئىششىپ

پاساتقا ئۇرۇغ سېلىشى سەۋەبىدىنمۇ ئىشقىلىپ بۇ يىللاردا ئۇنىڭ ئۇستىدىكى ئۆسەك گەپلەر كۆپىيىپ قالىدۇ. بەزى كىشىلەر: «سوپۇرگە قەلەندەرنىڭ ئاتا ـ بوۋىسى قېقىلىپ ـ سوقۇلۇپ يۇرۇپ، بۇ يەردە ماكانلىشىپ قالغان قەلەندەرلەر ئىدى (سوپۇرگە ئاخۇننىڭ لەقىمى قەلەندەر ئىدى). ئەمدى سوپۇرگە قەلەندەر جاھانغا پاتماي قالدى» دېسە، يەنە بەزى ئادەملەر: «سوپۇرگە ئاخۇننىڭ مۇددىئاسىمۇ يۇرت سوراش، سېيىت ھاجىنىڭكىمۇ شۇنداق ئىدى. بۇ ئادەم ھە دېسە جېدەل، پاراكەندىچىلىك تېرىپ جاھانغا سىغماي قالدى» دەيدۇ.

ئۇ بۇ مەزگىللەردە خۇددى سېيىت ھاجى ۋەقەسى بولۇشتىن ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردىكىدەك كۈن ـ كۈنلەپ، كېچە ـ كېچىلەپ جەينامازدا ئولتۇرۇپ خىيال سۇرىدىغان، قۇرئان ۋە ئۆزى ياخشى كۆرگەن كىتابلارنى ئوقۇيدىغان، كەمسۆز، ئويچان بەزىدە ئانچىكىم ئىشلارغا چېچىلىدىغان بولۇپ قالىدۇ.

سوپۇرگە ئاخۇن بۇ كۈنلەردە بىر تەرەپتىن ئۆز يەرلىرىنى كۆزلەپ، يەنە بىر تەرەپتىن «توپىنى قۇم بېسىپ كەتسە ئامبال يامۇلىمۇ تۇگىشىدۇ» دەپ قاراپ، توپا، كاڭكال، باش ئۇجمە قاتارلىق كەنتلەرگە تەقسىملەنگەن 14 سەر سۇنى (شۇ چاغدىكى ئۆلچەم بىرلىكى) باشقا كەنتلەرگە قارىغاندا كۆپرەك ئىبلىشتا چىڭ تۇرۇپ 18 سەرگە يەتكۈزىدۇ. بۇ ئىشمۇ ئۇنىڭ ئۇستىدىن گەپ تاپىدىغان بەزى ئادەملەرنىڭ يەنە بىر دەسمايىسى بولۇپ قالىدۇ. يولىنى توسۇش، يوچۇن ئادەملەرنىڭ كېچىسى ئۆيىنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىش ئىشلىرى ئىزچىل داۋاملىشىپ كېلىدۇ. سوپۇرگە ئاخۇن بۇ كىشىلەرنىڭ كىملىكىنى بىلسىمۇ ئۇلارغا يەنىلا سۇكۇت قىلىدۇ.

1925 ـ يىلى كۈز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە سوپۇرگە ئاخۇن ئۆز يەرلىرىنى ئايلىنىپ كېتىۋېتىپ، زىرائەتلىرىدە ئوتلاۋاتقان بىر توپ قويلارنى چالما ئېتىپ ھەيدىۋېتىدۇ. ئۆزىگە چىش بىلەپ يۇرگەن چاكسا جەمەتىدىن بولغان، ئىلگىرى سوپۇرگە ئاخۇن ھەققىدىكى ھاقارەتلىك قوشاقلارنى توۋلاپ، يولىنى توسۇپ يۇرگەن ئەخمەتتوختاخۇن دېگەن ئادەم «قويلارنى نېمىشقا ئۇرىسەن؟» دەپ سوپۇرگە ئاخۇننىڭ ياقىسىغا ئېسىلىپ تىل ـ ھاقارەتكە كۆمۈۋېتىدۇ. سوپۇرگە ئاخۇن ئامال قىلالماي ئەخمەتتوختاخۇننى يەرگە چۆرۈۋېتىپ تاشلايدۇ. ئۇ ئورنىدىن تۇرالماي ياتقاندا ئەخمەتتوختاخۇننىڭ ئاكىسى مەتتوختاخۇن چاكسا بۇ يەرگە يېتىپ كېلىدۇ. ئارىلىقتا سوپۇرگە ئاخۇننىڭ ئادەملىرىمۇ يېتىپ كېلىدۇ. سوپۇرگە ئاخۇن جېدەلنىڭ

مەمەت ئابدۇللا بەگ ھاجى

# چىڭ يۈەنچىڭ — چىڭ دارىننىڭ خوتەندە ھۆكۈمرانلىق قىلغان يەتتە يىلى

ئاپتوردىن:

*قايسىبىر يىلى خوتەن شەھەرلىك سىياسىي كېڭەش تارىخىي ماتېرىياللار كومىتېتى يىغىن چاقىرىپ، مەن دېمەكلىك كەچمىش شاھىدلارنى رىغبەتلەندۈرۈپ، خوتەننىڭ يېقىنقى زامان تارىخىغا ئائىت چوڭ ئىش - ۋەقەلەردىن بىلىدىغانلىرىمىزنى يېزىپ چىقىشىمىزنى تەۋسىيە قىلدى. جۈملىدىن كەمىنە مۇسەننىپ مەمەتئابلا بەگ ھاجىغا چىڭ يۈمن چىڭ (ئاۋام بۇ شەخسنى «چىڭ دارىن «دەپ ئاتايدۇ) خۇسۇسىدا ئىزدىنىپ بېقىشنى ئېيتتى ... چىڭ دارىن (ئەسلىمىمىزنىڭ كېيىنكى ۋاراقلىرىدىمۇ شۇنداق دەپ يېزىلىدۇ) خوتەن، قاراقاش تەۋەلىكىدە يەتتە يىل ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەنىدى. ۋاقىتنىڭ تولىمۇ يىراق مۇساپىسىگە تەئەللۇق بۇ كىشى (ئۇ مىلادىنىڭ 1914 - يىلىدىن 1921 - يىللىرىغىچە ھوقۇق تۇتقان) ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا دائىر ئىشلارنى كۆڭۈل ئەلگىكىدە تاسقاپ، بىر قاتار ۋەقەلەرنى ۋە بۇ ۋەقەلەرگە چېتىشلىق شەخسلەرنى ئەسلەپ يازغان بولسامۇ، يىللارنىڭ ئۆزىراپ بېرىشى، يېشىمنىڭ ئەسىرلىك مەنزىلگە يېقىنلاپ، ئەقىل - ئىقتىدارىمنىڭ قېرىلىق غۇۋارىدا خىرەلىشىپ بېرىشى تۈپەيلىدىن مۇشۇنچىلىك ئەسلىيەلىدىم. ۋەقەشۇنىلىس تەڭ دېمەتلىك بۇرادەرلىرىمىزنىڭ بۇ يازمىلار ئىچىدە سادىر قىلىنغان خاتا - سەھۋەنلىرىمگە ئەپۇ نەزەرى بىلەن قاراپ تۈزىتىپ بېرىشىگە ئىمانىم كامىل، ئىنشائاللا... !*

## ئومۇمى بايان

1911 - يىلى سۇلاڭ جۇڭسەن ئەپەندى قوزغىغان شىنخەي ئىنقىلابى غەلىبە قىلىپ جۇڭخۇا مىنگو يېڭى دەۋرى باشلاندى. چىڭ سۇلالىسىگە ئىتائەتمەن يەرلىك ئەمەلدارلار جۇڭخۇا مىنگونى ئېتىراپ قىلىپ، بۇنىڭ ئىسپاتى سۈپىتىدە ئۇزۇن ئۆرۈمە چاچلىرىنى كېسىپ، ئوتۇغاتلىق قالپاق ۋە كەشتىلىك كىيىم - چاپانلىرىنى سېلىپ تاشلاپ، «خەنتەي»، «پوتەي»، «دۇدۇ» ... قاتارلىق ئەمەل- مەنسەپ ناملىرىنى «جاڭ جۇڭ»، «تىتەي»، «شەتەي»،

كېتىپ، شۇ يىلىنىڭ 9 ـ ئايلىرىدا 56 يېشىدا ۋاپات بولىدۇ. جەسىتى كېرىيە قاتتىق كۆنلۈك (جاي ئىسمى) دىكى تۇرسۇنئاخۇن سوپپۇنچى دېگەننىڭ ئۆيىدە يۇيۇپ ـ تارىلىپ دەپنە قىلىنىدۇ.

(بۇ ماقالە، «چىرا تارىخ ماتېرىياللىرى» دىكى مۇھەممەتجان ئىسمائىل، ئاۋۇت قارىم، ماخمۇت سىدىقلارنىڭ ئىككى پارچە ماقالىسىنى بىرلەشتۈرۈش ئاساسىدا قايتا تۈزۈلۈپ، يېڭىدىن ماۋزۇ قويۇلدى).



(بۇ يول يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ ئاياغ ئېقىنىدىكى تەۋەككۇل، ئىسلامئاباد يېزىلىرىدىن باشلىنىپ، تارىم دەريا ئېقىنىنى بويلاپ، تەكلىماكان چۆللۈكىنى كېسىپ ئۆتۈپ، ئاقسۇنىڭ ئاۋات قاتارلىق ناھىيىلىرىگىچە تۇتىشىدىغان قەدىمكى كارۋان يولى بولۇپ، خوتەننىڭ ئازادلىقتىن بۇرۇنقى ئاساسلىق پىيادىلەر يولى ئىدى)، باي نەزەر ۋە توختى نەزەر ئىسىملىك ئىككى يول توسقۇچى تەرىپىدىن كونترول قىلىنىۋېلىنغاچقا، خوتەن قەرىدىن ماڭىدىغان يولۇچىلار ئۈزۈلۈپ قالغانىدى. توختى نەزەر بىلەن باي نەزەرنىڭ شېرىكلىرى بۇ يولدىن ئۆتكەن سودا كارۋانلىرىنى بۇلاپ - تالاپ، بىگۇناھ ئادەملەرنى ئۆلتۈرۈپ ئەندىشە پەيدا قىلغاچقا تەۋەككۇل، ئىسلامئاباد يېزىلىرىنىڭ پۇقرالىرىمۇ پاراكەندىچىلىك ئىچىدە ياشايتتى. ئاۋۋالقى يەرلىك ھۆكۈمران دائىرىلەر ئۇلارنىڭ بۇلاڭچىلىقىنى چەكلىيەلمىگەنىدى.

چىلاق دارىن بۇ ئىككى يول توسقۇچىنىڭ ئەھۋالىدىن قىلىنغان دەرد - شىكايەتتىن ۋاقىپلانغاندىن كېيىن مەخسۇس ئادەملەرنى تەيىنلەپ ۋە سوۋغا - سالام تەييارلاپ ئۇلارنىڭ قېشىغا كىرگۈزدى. ئەگەر بۇ ئىشتىن قول ئۈزۈپ، قورال - ياراغلىرىنى تاپشۇرۇپ تۆۋە قىلىدىغان بولسا، بۇرۇنقى ئىشلىرى سۈرۈشتە قىلىنمايدۇ. ئەمەل-مەنسەپ بېرىلىدۇ، دەپ گەپ ئېيتىپ بەردى.

باي نەزەر بىلەن توختى نەزەر چىلاق دارىن كىرگۈزگەن بۇ ئەلچىلەرنى سۆز - توقاي قىلىپ ھەيدەپ چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن غەزەپلەنگەن چىلاق دارىن لەڭزە (ئەسكىرىي قىسىملار تۇرۇشلۇق جاينى شۇنداق دەيتتى) دىن قوراللىق چېرىكلەرنى كىرگۈزۈپ كۆپ قېتىملىق جەڭ - جاھاتلار بىلەن يەڭدى ۋە يول توسقۇچى كىشىلەرنى تۇتۇپ - باغلاپ خوتەنگە ئالدۇرۇپ چىقىپ، سوراق ئارقىلىق ئىقرارىغا كەلتۈردى ۋە باي نەزەر بىلەن توختى نەزەرنى قەپەسكە سېلىپ سازايى قىلدى. ئۆلتۈرۈپ، كاللىسىنى يېڭىشەھەر سېپىلىنىڭ تۆمۈر دەرۋازىسىغا ئېسىپ ئەل - يۇرتقا ئىبرەت قىلدى. بۇ ھەقتە ئەينى زاماندا ناھايىتى كۆپ قوشاقلار تارقالغان بولۇپ، تۆۋەندىكى ئىككى كۇپلېتى ھازىرمۇ ئېسىمدە:

*باي نەزەر، توختى نەزەر،*
*تۇتۇلماسمىز دېگەنمۇ؟*
*قاراپ باقماي جاھانغا،*
*شۇنداق پوقنى يېگەنمۇ؟*

«دوتەي» ، «شەنجاڭ» ... غا ئۆزگەرتكەن بولسىمۇ، كونا چىلڭ سۇلالىسى ۋاقتىدىكى ئەمەلدارلار يەڭگۈشلەنمىگەنلىكتىن، جۇڭخۇا مىنگونىڭ ئىسمى بار، ئەمما جىسمى يوق بىر ۋەزىيەت شەكىللەنگەنىدى.

1914 - يىلى چىلڭ دارىن شەنجاڭلىق ئەمەلگە تەيىنلىنىپ خوتەنگە يېتىپ كەلدى. بۇ مەزگىلدە قاراقاش تىبخى رەسمىي ناھىيە قىلىپ قۇرۇلمىغان بولۇپ، خوتەننىڭ مىلڭ بەگلىكى تەۋەسىدە ئىدى. بۇ تەۋەلىكنى خوتەنلىك روزى مۇھەممەت بەگ، قاراقاشلىق مەھەممەتئېلى گۇڭنىڭ ئوغلى ئەپروزى بەگلەر باشقۇراتتى. ئىلچى جەمئىي تۆت بەگلىك بولۇپ، كوچالىق تۆرە بەگ، خوتەنلىك توختى بەگ مۇزاي، سۇلايمان بەگ، قاراقاشلىق باھاۋۇدۇن بەگلەر مىلڭ بېگى ئىدى. يەنە ھەر بىر «مىلڭ بەگ» لەرنىڭ «ئارقا مىلڭ بەگ» لىرى بولۇپ، بۇلار ئورۇنباسار (مۇئاۋىن بەگ) ھېسابلىناتتى.

چىلڭ دارىن خوتەنگە كېلىپ ئەمەل تامغىسىنى ئالغاندىن كېيىن بۇ يۇرتتىكى بارلىق ئەمەلدارلارنى يىغىپ كۆرەك قىلىپ، ئالدىدىن بىر - بىرلەپ ئۆتكۈزدى ۋە بۇنىڭ ھېسابىغا «كۆرەك پۇلى» ئالدى. ئاندىن كېيىن پۈتكۈل ئاۋام پۇقرالارنى يىغىپ، چىلڭ سۇلالىسىنىڭ ئاغدۇرۇلغانلىقىنى، جۇڭخۇا مىنگونىڭ قۇرۇلغانلىقىنى بىلدۈردى. باشتا قەيت قىلىنغاندەك چىلڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن ۋەزىپىگە تەيىن قىلىنغان يەرلىك بەگ، ئەمەلدارلارنىڭ ئارقا تەرىپىدە ساڭگىلاپ تۇرىدىغان ئايالچە ئۇزۇن چاچ، يان تەرەپتىن ئىزمىلىنىدىغان «ماگازا» ناملىق پەرىجە چاپان، ئوتتۇغاتلىق قالپاق (بۇ خىل باش كىيىمنى بىرىنچى دەرىجىلىكتىن بەشىنچى دەرىجىلىككىچە ئەمەل تۇتقان بەگلەر كىيىشەتتى) قاتارلىقلارنى مەنئى قىلدى ۋە بۇرۇنقى ئامباللار سىرتقا چىققاندا، كىرگەندە ئىشلىتىلىدىغان توققۇز پاي پو (زەمبىرەك) نى ئىككى پايغا قىسقارتىش، كاناي - دۇمباق چېلىپ ھەيۋە كۆرسىتىدىغان ئىشلارنى قايتىلىماسلىق توغرىسىدا پەرمان چۈشۈردى؛ مانا شۇ كۈندىن ئېتىبارەن چىلڭ دارىننىڭ خوتەندىكى يەتتە يىللىق ھۆكۈمرانلىقى باشلاندى.

## «خوتەن قەرى» دەپ ئاتالغان ئاقسۇ يولىنىڭ ئىنجىتىلىشى

چىلڭ دارىن كېلىشتىن ئىلگىرى خوتەن قەرى ــ ئاقسۇ يولىدا

قېلىشتىن بەكمۇ قورقاتتى. زەي قامچا بىلەن ئۇرۇلغانلار تاياق زەربى ئىچىگە ئۆتۈپ كەتكەنلىكتىن بەش - ئالتە ئاي يېتىپ ئۆلۈپ كېتىشەتتى.

چىلك دارىن ئوغرىغا شەپقەتسىز ئىدى، قىلچە رەھىم قىلمايتتى. قولىغا چۈشكەن ئوغرىنى قاتتىق تەپتىش قىلىپ ئىقرار قىلدۇرغاندىن كېيىن 500 دىن 1000 غىچە توقماقلاپ ھوشۇقىنى چاقتۇراتتى. ئەگەر ئىككىنچى قېتىم تۇتۇلۇپ قالسا، چەپ پۇتىنىڭ پىيىنى قىرقىپ تاشلايتتى. ئۇنداقلار ئۆمۈر بويى مەجرۇھ بولۇپ، ھاسا تاياقنىڭ ياردىمىدە ئاران ماڭالايدىغان بولۇپ قالاتتى.

ئىجتىمائىي جىنايەتچى دەپ قارالغانلارنىڭ ھالى ئوغرىلارنىڭكىدىن قېلىشمايتتى. ئۇلارغا بىر يىلدىن ئۈچ يىلغىچە تۆمۈر تاقاق سېلىش جازاسى بېرىلەتتى. بۇمۇ ئىنتايىن قاباھەت جازا بولۇپ، ئاۋام بۇ خىل جازادىن بەكمۇ قورقاتتى. يوتىغا ئۇرۇلىدىغان يەنە بىر خىل جازالاش ئۇسۇلى بولۇپ، چىلك دارىننىڭ نەزەرىدە بۇ «يەڭگىل جازا» ھېسابلىناتتى. جازالانغۇچى يەرگە دۈم ياتقۇزۇلغاندىن كېيىن چىلك دارىن «دا!» (ئۇر مەنىسىدە) دەپ ۋارقىرىغان ھامان جازا ئىجرا قىلغۇچى بىر تەرەپتىن ئۇرۇپ، يەنە بىر تەرەپتىن ساناشقا باشلايتتى. ھەر 100 تاياق ئۇرۇلغاندا بىر قېتىم توختاپ چىلك دارىنغا قارايتتى. چىلك دارىن شىرە ئۈستىدىكى پەرمان تاختىسىنى تاراقشىتىپ «يەنە ئۇر!» دېسە، يەنە 100 نى ئۇراتتى... يوتىغا ئۇرۇش قېتىم سانى 500 دىن 1000 گىچە بولاتتى. ئاندىن كېيىن ئۇرۇلغۇچىنى يامۇلنىڭ ئالدىغا سۆرەپ چىقىپ، زەنجىرلەپ باغلاپ ئۆتكەن - كەچكەنلەرگە ئىبرەت قىلدۇراتتى. بەزىلەرنىڭ يوتا گۆشى سېسىپ كېتىدىغان ئىشلارمۇ بار ئىدى.

چىلك دارىننىڭ سوراق ھەيۋىسى بەكمۇ سۈرلۈك، جازالاش ئۇسۇلى قاباھەت ۋە ئېغىر بولغاچقا، بىرەر گۇناھقا چېتىلىپ ئۇنىڭ ئالدىغا كىرىپ قېلىشتىن ھەممە ئادەم قورقاتتى. شۇڭا چىلك دارىن خوتەنگە ھۆكۈمران بولۇپ، بىر - ئىككى يىلدا ئېتىز ئۈستىدە قەپقالغان كەتمەن، تاغار، چىش - بۇققۇسا قاتارلىقلارنى بىر كىم ئالمايدىغان، پۇقرالار ئىشىكلىرىگە قۇلۇپ سالماي ئۇيان - بۇيان بېرىپ - كېلىدىغان، يۇرت ئىچى ئوغرى - يالغاننىڭ ۋەھىمىسىنى يېمەيدىغان ۋەزىيەت شەكىللەنگەنىدى.

چىلك دارىننىڭ يۇرت باشقۇرۇش، يۇرتنى تىنجىتىش جەھەتتىكى قاتتىق قوللۇق سىياسىتى يۇرت ئەمەلدارلىرىدىن تارتىپ بەگ،

*ئاقسۇ يولىدا كارۋاننى،*
*توغراقلىقتا سويدۇڭمۇ؟*
*ئەمدى بېشىڭ كېسىلدى،*
*ئاق يامبۇغا تويدۇڭمۇ؟ ! ...*

چىڭ دارىن خوتەنگە كېلىپ خوتەن قەرى — ئاقسۇ كارۋان يولىنى راۋانلاشتۇرۇش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئەل ئارىسىدىكى ئابرۇيىنى تىكلىدى.

## چىڭ دارىنىڭ سوراق قىلىش ھەيۋىسى

چىڭ دارىنىڭ سوراقخانىسى ناھايىتى سۈرلۈك، سوراق قىلىش ئۇسۇلى ھەيۋەتلىك ئىدى. سوراق شىرەسى قىزىل تاۋار بىلەن يۆگىلىپ، شىرە ئۈستىگە موي (چۇپۇر) قەلەم، قىزىل رەڭ چىلانغان دۇۋەت، ھەيۋە كۆرسىتىش ئۈچۈن شىرە ئۈستىگە ئۇرۇپ تۇرىدىغان نەرسىلىرى بار ئىدى.

چىڭ دارىن سوراق ئۈستىلىگە كېلىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن دەۋاگەر بىلەن جاۋابكار ئېلىپ كىرىلىپ تىزلاندۇرۇلاتتى ۋە تەلپىكى ئېلىۋېتىلەتتى. شۇ چاغدا ئۇزۇنىسىغا سەپ تارتىپ تىزىلغان 120 نەپەر بەنشاڭ (چاكار) ئىككى تەرەپتە تۇرۇپ قاتتىق ئاۋاز بىلەن «ھۆۋەي! ...» دەپ سوزۇپ ۋارقىرىشاتتى. «ھۆۋەي!» ئاۋازى دەۋاگەرلەرنى ھوشىدىن كەتكۈدەك بىئارام قىلغاچقا، ھەر قانچە يۈرەكلىك ئادەم بولسىمۇ تەرلەپ كېتەتتى.

سوراق تەرتىپى بويىچە، ئاۋۋال گەپ سورىماي تۇرۇپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا جازا قوراللىرى تاشلىناتتى. بۇ قوراللار: ئادەمنى سولاپ ئۆلتۈرىدىغان قەپەس، تۆمۈر چوماق، ھوشۇقىنى چاقىدىغان توقماق، ئۈچىسىغا ئۇرىدىغان زەي قامچا، يوتىسىغا ئۇرىدىغان شاپالداق، ئۈچ قىرلىق تاياق، ئالىقانغا ئۇرىدىغان دەررە، پەي قىرقىيدىغان تىغ، يۈز - پېشانىسىگە كۆيدۈرۈپ باسىدىغان تامغا، خەت چېكىدىغان يىڭنە-ئەسۋاب قاتارلىقلار ئىدى.

ئوغرى جىنايەتچىلەرنىڭ يۈز - پېشانىسىگە «ئوغرى» دېگەن خەتنى باساتتى. بۇ خەت پەقەت چىقىپ كەتمەيتتى. كىشىلەر ئۇنداق نىشانلىقلارنى كۆرگەن ھامان ھوشيارلىشاتتى. شۇڭا ھەر قانداق كىشى «ئوغرى» دېگەن ئاتاقتا قېلىپ يۈزىگە خەت چېكىلىپ

كىشىلەرمۇ بار ئىدى. ئۇلارنىڭ بىرى مىيزەك موللا دېيىلەتتى. بۇ موللا جودە قىلىش، رەدنامە ئوقۇش، «ئۆچ - ئامراق قىلىش» كارامىتى بىلەن داڭ چىقارغانىدى، يەنە بىرىنىڭ ئىسمى توختى يۇسۇپ موللام بولۇپ، كەسپى رامىمال، شىشخالچى ئىدى. يەنە قاسىم پىرىخون، چىراغچى نىياز جىننىلىغ ... دېگەندەك ئالدامچىلارمۇ بار ئىدى ...

چىلىڭ دارىن نەسىردىن موللا ھەققىدىكى گەپ - سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇنى ۋە ئۇنىڭ چاپان كۆتۈرگۈچىلىرىنى يامۇلغا يالاپ كەلتۈرۈپ، ئۇلار بىلەن بىر مۇددەت سۆھبەت ۋە سىناق، تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، «نەپەسى ئوت، سۇق دەپ ئادەم ئۆلتۈرەلەيدۇ» غان نەسىردىن موللامنىڭ ئۇچىغا چىققان قەستلىگۈچى ئىكەنلىكىنى، مەخپىي ئۇسۇل بىلەن كىشىلەرگە سېھىيا (بىر خىل زەھەرلىك دورا) بېرىپ جېنىغا زامىن بولغانلىقىنى تەھقىقلەپ، يۇقىرىغا يوللاپ، تەستىق كەلگەن كۈنى بۇ بىر توپ ئالدامچى، مۇرتەدلەرنىڭ قارا چىراغ، كىگىز كىتاب، شىشخال، غىبجەكلىرىنى بويۇنلىرىغا ئاسقۇزۇپ، نەسىردىن موللىنى ئۇلارنىڭ ئالدىدىلا ئېتىپ، جازانى ئىجرا قىلدى. قالغانلارنى بىر نەچچە كۈنگىچە سازايى- ئىبرەت قىلىپ يامۇل ئالدىدىكى تۈۋرۈككە باغلاپ قويىدى. بۇ ئىبرەتنىڭ سۈرى بىلەن تاكى چىلىڭ دارىن خوتەندىن كەتكۈچە بولغان ئارىلىقتا بۇ خىل تائىپىدىكى كىشىلەر ئاشكارا سورۇنلاردا بۇ خىل پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا جۈرئەت قىلالمىغانىدى ...

## چىلىڭ دارىنىنىڭ يالغان تېۋىپ مەھمۇدخاننى ئەدەبلەپ، داۋالاش - ئەملەش ئىشلىرىنى رەتكە سېلىشى

شۇ زامانلاردا خوتەننىڭ شەھەر، يېزا - سەھرالىرىدا يالغان تېۋىپلار كۆپىيىپ كەتكەن بولۇپ، بۇ يالغان تېۋىپلار ئېگىز خادىنىڭ ئۇچىغا خام - خەسلەرگە يېزىلغان خەتلەرنى ئېسىپ «مەن ئۇنداق ئۇستا تېۋىپ، مۇنداق ئېسىل دورىلىرىم بار» دەپ ئۆزلىرىنى ماختاپ، ساختا دورىلار بىلەن بىمارلارنىڭ پۇللىرىنى ئېلىۋالاتتى.

بىر كۈنى سوپا كەنتلىك (سوپا - ھازىرقى خوتەن ناھىيىسىنىڭ خانئېرىق يېزا تەۋەسىدە) ئېلى ئاخۇن پاڭ دېگەن كىشى بازاردا كېتىپ بارسا، يورۇڭقاش تامئېغىل كەنتلىك مەھمۇدخان ئىسىملىك «تېۋىپ» ئۇنى چاقىرىپ «ئاڭلىسام سىزنىڭ قولىقىڭىز پاڭ ئىكەن،

مىراپ، يۈز بېشى، ئونبېشى ھەتتا باجگىرلارغىچە ھەممىسىنى ئۇ بەلگىلەپ بەرگەن مىزان بويىچە ئىش بېجىرىشكە كۆنۈكتۈرگەن، ئۇ ئۆزى شەخسەن يۇرتمۇ يۇرت، يېزىمۇ يېزا كېزىپ، تەكشۈرۈپ يۈرۈپ توختامدىن ئارتۇق باج پۇلى، ئاشلىق - غەللە يىغقان باجگىرلارنى، ئاۋامنى خىلمۇ خىل شەكىل بىلەن ھەقسىز ئىشقا سالغانلارنى رەھىمسىز جازالاپ، پۇقرالارنىڭ ئوشۇق تۆلىگەن ھەققىياتىنى قايتۇرغۇزۇپ بەرگەنىدى. ئۇ، يۇرتتىكى ئاۋاپ - ساختىپەز، لۈكچەك، قىمارۋاز، نەشىكەش، ھاراق - مەيزاپ ئىچىپ بۇزۇقچىلىق قىلىدىغان «نوچام» لارنىمۇ بوش قويۇۋەتمەيتتى. ئەگەر بىرەر ئۆي، يۇرت - مەھەللىدە كىمكى يامان ئىش قىلسا، چىڭ دارىن چەكلىگەن ناچارلىقلار بىلەن شۇغۇللانسا، بۇ ئىشنى شۇ ئۆي ئىگىسى ياكى يۇرت پۇقرالىرى ۋاقتىدا مەلۇم قىلماي يوشۇرسا، بۇنىڭ ھېساب - كىتابىنى پۈتۈن يۇرتتىن ئېلىپ، ھەممە ئادەمنى يامۇلغا سولاپ تەڭ جازاغا تارتاتتى، تۇۋا قىلدۇراتتى. شۇڭا ھەممە ئادەم بىر - بىرىگە جاۋابكار، «كۆز - قۇلاق» بولۇشقا، ھەتتا ئۆزىنىڭ قېرىندىشى، جىگەر پارىسى بولسىمۇ ئۇنىڭ جىنايىتىنى مەلۇم قىلىشقا مەجبۇر ئىدى... چىڭ دارىن مۇشۇ خىل سىياسىتى ئارقىلىق ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەپ شەھەر، يېزا - سەھرالارنىڭ تىنچلىقىنى ساقلاپ، ئەل ئۈستىدىكى نازارىتىنى كۈچەيتكەنىدى...

## چىڭ دارىننىڭ نەسىردىن موللىغا ئۆلۈم جازاسى بېرىپ، يۇرتتىكى ئالدامچىلارنى يۈرەكزادە قىلىشى

شۇ زامانلاردا جاھالەت، خۇراپات، ئالدامچىلىق ئەۋج ئالغانىدى. نەسىردىن موللا ئەنە شۇ ئالدامچىلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئەل ئىچىدە «نەسىردىن موللام كاتتا كارامەت ئىگىسى، ناۋادا ئۇ بىرلا «سۇف!»، دەپ دۇئايى بەد قىلسا ئادەم تىن تارتماي ئۆلىدۇ» دېگەن گەپلەر كەڭ تارقالغانىدى. ئەمەلىيەتتە بولسا، ئۇ ئۇچىغا چىققان مۇرتەد، ئالدامچى بولۇپ، پۇلى بار، چىرايلىق قىزى بار ئادەملەرنىڭ پېيىگە چۈشۈپ، ھىيلە - مىكىر بىلەن ئۇلارنىڭ جېنىغا قەست قىلغاندىن كېيىن پۇل-مۈلكىنى، قىز بالىلىرىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزەتتى...

نەسىردىن موللام دېگەننىڭ پەرىجىسىنى كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭ يامان ئىشلىرىغا يانتاياق بولۇپ ئالدايدىغان يەنە بىر گۇرۇھ

تاپسۇن» دەپ، ھېچقايسىسى بوش كەلمەپتۇ.
چىلىڭ دارىن گاھ يۇمشاق سۆزلەپ، گاھ ھەيۋە كۆرسىتىپ يۈرۈپ ئاخىرى مەھمۇدخاننىڭ قارا ئۇجمە ۋاسالغۇسىنى تالقانلاپ، كىشىلەرگە دورا دەپ ساتىدىغان يالغان تېۋىپ، راست ئالدامچى ئىكەنلىكىنى تەھقىقلەپ چىقىپتۇ...
چىلىڭ دارىن ئىلى پاڭنىڭ ھەققىياتىنى تىرىلدۈرۈپ ئېلىپ بەرگەندىن كېيىن مەھمۇدخان دېگەننى تاياققا بېسىپ، لوتسىغا 1000 كالتەك ئۇرغۇزغاندىن كېيىن زەنجىرلەپ باغلاپ يامۇل ئالدىدا ئىبرەت قىلدۇردى. مۇشۇ دەۋرا ئىشىنى باشلىنىش قىلغان چىلىڭ دارىن پۈتكۈل يۇرتتىكى «مەن تېۋىپ، ھۆكۈما» دەپ يۈرگەنلەرنىڭ بارچىسىنى يىغىپ، ئۇلارنىڭ تېۋىپلىق تارىخى، دورىلىرىنىڭ ساختا - ساختا ئەمەسلىكى، راست ياكى يالغان تېۋىپلىقى ... قاتارلىقلارنى يۇرت - جامائەتتىن تەپتىشلەپ ھەم ئىمتىھان ئېلىپ بولغاندىن كېيىن بىلىمدار، كەسىپ ئىگىسى دەپ ئېتىراپ قىلىنغان مۇھەممەتنىياز ھاجىم قاتارلىق يەتتە كىشىدىن باشقا كىشىلەرنىڭ تومۇر تۇتۇپ، دورا بېرىپ، كېسەل كۆرۈشىنى چەكلىدى ۋە خەقنى ئالداپ يالغان تېۋىپچىلىق قىلىدىغانلارنىڭ ھەممىسىدىن تۆۋەننامە - تىلخەت ئالدى. شۇڭا تاكى چىلىڭ دارىن خوتەندىن كەتكۈچە يۇقىرىقى يەتتە ھەكىمدىن بۆلەك ئادەملەر تېبابەتچىلىك قىلىشقا پېتىنالمىغاندى...

## چىلىڭ دارىننىڭ سۇلايمان ئەلەم بىلەن داۋۇت دامولامنىڭ دەۋاسىنى بىر تەرەپ قىلىشى

داۋۇت دامولام ئىلچىنىڭ ئاقتاش كەنتىدىن ئىدى. ئۇ خوتەن، قەشقەر، بۇخارا قاتارلىق جايلاردا 38 يىل ئىلىم تەھسىل قىلىپ، شۇ زامانىنىڭ ئىلىم - ئارىفلىرىدىن بولۇپ قايتقاندا قەشقەر ئۆلىمالىرى ئۇنى پەشكەش - ھۆرمەت بىلەن كۇتۇۋېلىپ، مۇشۇ يەردە تۇرۇپ قېلىڭ دېسە ئۇنىماي، مەن ئۆگەنگەنلىرىمنى ئۆز يۇرتۇمنىڭ تالىپلىرىغا ئۆگىتەي دەپ قايتىپ كەلگەن، ئەمما داۋۇت دامولام كەمبەغەل كىشى بولغاچقا، ئەينى چاغدىكى خوتەن مەھكىمە شەرئىنىڭ كاتتىسى بولمىش سۇلايمان ئەلەم ھۇزۇرىدىكى سالامغا قۇرۇق قول- سوۋغاتسىز بېرىپ قالدۇ. سۇلايمان ئەلەم ئۇنىڭغا نەزەر- ئىلتىپات قىلمايدۇ. خېلى ۋاقىت ئۆتۈپ كېتىدۇ، ئەمما داۋۇت دامولامغا تالىپ ئوقۇتقۇدەك بىرەر مەدرىسە بېرىلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئىلىم -

ناۋادا بىر سائەت ئىچىدە ئۇنى ساقايتىپ قويسام نېمە بېرىسىز؟» دەپتۇ. «جېنىم پىدا، — دەپتۇ ئېلى پاڭ خۇرسەندىچىلىكتە، — ئەگەر قۇلىقىم ئېچىلىدىغان ئىش بولسا جېنىمدىن باشقىسىنى بېرەي!» شۇنداق قىلىپ ئۇلار يىگىرمە بەش سەر ئاق تەڭگىگە پۈتۈشۈپتۇ ۋە بۇ تەڭگىلەرنى نەق تۆلەپ، تاپشۇرۇپ ئاپتۇ.

ئەسلىدە مەھمۇدخان دېگىنى ھۆكۈما - تىۋىپ بولماستىن، بەلكى زامان رەپتارىغا كىرىۋالغان ئالدامچى ئىكەن. ئۇ ئېلى ئاخۇننىڭ قول-ئىلكىدە بار پاڭ ئادەملىكىنى بىلىۋالغانلىقتىن، ئۇنى ئەخمەق قىلىپ پۇل ئۇندۇرۇۋېلىش غەرىزىدە يۈرگىلى خېلى چاغ بولغانىكەن... مەھمۇدخان يىگىرمە بەش سەر ئاق تەڭگىنى قولغا چۈشۈرگەندىن كېيىن ئېلى پاڭنىڭ ئىككى قۇلىقىنىڭ تۆشۈكىگە ئاق پاختىنى چىڭقاپ، بىر مەسچىتنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپ «تاكى نامازشامغا ئەزان چىللىغۇچە قولىڭىز بىلەن ئىككى قۇلاق ئۈستىدىن مەھكەم بېسىپ تۇرۇڭ. ئەزان ئاۋازى چىققاندا پاختىلارنى ئېلىۋەتسىڭىز ئاڭلايدىغان بولىسىز!» دەپ كۆرسەتمە بېرىپتۇ. ئېلى پاڭ ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە، نامازشامغا ئەزان چىققاندا پاختىلارنى ئېلىۋېتىپتۇ، ئەمما پاڭلىقى ئوڭشالماپتۇ. مەھمۇدخان ئولتۇرغان جايغا بېرىپتۇ، ئەمما ئۇنى ئۇچرىتالماپتۇ. ئېلى پاڭ 25 سەر كۈمۈشنىڭ دەردى، ئەخمەق قىلىنغانلىقىنىڭ ئىچ پۇشۇقىدا يىغلاپ - قاقشاپ ئۆيىگە چىقىپتۇ. سۇيا كەنتىدىكىلەر بۇ ھادىسىنى ئاڭلاپ «بىر بىچارىنى، بىر پاڭ ئادەمنى مۇنداقمۇ گوللاش بارمۇ؟» دەپ غەزەپلىنىپتۇ. ئەتىسىدىن باشلاپ تاكى ئۈچ ئاي مىقدارى بازارمۇ بازار بېرىپ مەھمۇدخاننى ئىزدىگەن بولسىمۇ تاپالماپتۇ.

ئېلى ئاخۇن پاڭ بىر بازار كۈنى سەيشەنبە بازاردىن (بۇ بازار ھەر ھەپتىنىڭ ئىككىنچى كۈنى قىزىيدىغان بولغاچقا شۇنداق ئاتىلاتتى، ئورنى خوتەن باغچى بازىرىدا) مەھمۇدخاننى دورا پۇرۇشلۇق يايمىسى ئالدىدا تۇتۇۋېلىپ «پۇلۇمنى قايتۇرۇپ بەر!» دېسە، مەھمۇدخان «سەن ساراڭمۇ، مەن سېنى تونۇمايمەن، باشقا بىرىگە ئوخشىتىپ قاپسەن» دەپ تۇرۇۋاپتۇ.

چىڭ دارىننىڭ يۇرت ئىچىدىكى ناھەق ئىشلارنى تىڭ - تىڭلاشقا قويغان ئادىمى ھۆسىيىن بەگ بۇ ئەھۋاللارنى يامۇلغا مەلۇم قىلغاچقا، چىڭ دارىن بۇ ئىككىيلەننى سوراقخانىغا يالاپ كەپتۇ. ئېلى پاڭ «ئۇ مېنى داۋالايمەن دەپ ئالداپ يىگىرمە بەش سەر كۈمۈش تەڭگەمنى ئېلىۋالدى» دېسە، مەھمۇدخان «بۇنداق ئىش يوق، گۇۋاھچى بولسا

كىرىلىدۇ ۋە يۈكۈندۈرۈلۈپ، سەللىلىرى ئېلىپ تاشلانغان ھالدا سوراققا تارتىلىدۇ.

چىلەڭ دارىنىڭ «سەن ئادەم باشلاپ بېرىپ مۇدەررىس ئاخۇنلارنى قوغلاپ چىقىرىپ، مەدرىسىنى تارتىۋاپسەن، سېنى كىم مۇشۇنداق قىل دەپ بۇيرىدى؟» دېگەن سوئالىغا داۋۇد داموللام تەمتىرىمەي: «رەسۇلىللا بۇيرىغان!» دەپ جاۋاپ بېرىدۇ. «رەسۇلىللا كىم؟ ئۇ قانداق بۇيرىغان؟» دېسە، «رەسۇلىللا دېگەن خۇدانىڭ ئەلچىسى، بىز مۇسۇلمانلارنىڭ پەيغەمبىرى، ئۇ ئوقۇپ موللا - ئالىم بولۇپ، ئۆگەنگەن ئىلىمىڭلارنى مەدرىسىدە تالىپلارغا ئۆگىتىڭلار، دېگەن، مەدرىسىنى بىنا قىلغان، ۋەخپە - ئەۋقاپ تەيىن ئەتكەنلەرنىڭ مۇددىئاسى بىلەن سۇلايمان ئەلەمنىڭ قىلغانلىرى ماس ئەمەس!» دەپ، بولغان - ئەتكەن ئىشلارنى بىر - بىرلەپ چىلەڭ دارىنغا شىكايەت قىلىدۇ...

## چىلەڭ دارىنىڭ يەكەنلىك روزى موللىنىڭ خوتۇن دەۋاسىنى بىر تەرەپ قىلغانلىقى

روزى موللا ياش ئايالى گۈلچارىخاننى ئەگەشتۈرۈپ، تىرىكچىلىك ئىزدەپ خوتەننىڭ گۇچان دەرۋازا مەھەللىسىگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقىنىغا يىگىرمە كۈن بولا - بولماي، ئايالى ئۆيدىن يوقاپ كېتىپ، ئۇنىڭ مۇشۇ مەھەللىلىك ماخمۇت ئاخۇن دېگەن بىرىنىڭ بۇزۇپ ئۆيىگە يوشۇرۇپ ساقلىغانلىقىنى بىلدى. روزى موللا ئەرز-ھال ئېيتىپ، چىلەڭ دارىنىڭ باشپاناھ بولۇشىنى، ئايالى گۈلچارىخاننى ماخمۇتنىڭ ئىلكىدىن ئاجرىتىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلدى.

چىلەڭ دارىن ئادەم ئەۋەتىپ بۇ ئۈچەيلەننى سوراققا ئېلىپ كېلىپ، گۈلچارىخاندىن: «راستىڭنى ئېيت، سەن كىمنىڭ خوتۇنى؟» دەپ سورىسا، گۈلچارىخان: «مەن ماخمۇت ئاخۇننىڭ ئەمرىدىكى ئايال» دەپ تۇرىۋالدى. روزى موللا بولسا: «بۇ ئايال مېنىڭ» دېسە، ماخمۇت ئاخۇن: «گۈلچارىخاننى مەن ئالغان» دېدى. چىلەڭ دارىن بۇ ئايالنىڭ زادى كىمگە تەۋەلىكىنى ئىسپات قىلىش ئۈچۈن گۇۋاھچىنى تەلەپ قىلىۋىدى، روزى موللا: «مەن يەكەنلىك مۇساپىر، گۇۋاھچىلىرىم يەكەندە بار، ئەمما بۇ يەردە يوق» دەپ ئېيتتى. ماخمۇت ئاخۇن: «مەن بۇ ئايالنى قەشقەر پەيزاۋاتتىن ئېلىپ

بىلىمدىكى كامالىتىدىن خەۋەردار كىشىلەر بالىلىرىنى ئۇنىڭ قولىغا تاپشۇرىدۇ، ئاش - تامىقىدىن خەۋەر تاپىدۇ. تالىپلار كۆپىيىپ بارغانسېرى ئۇنىڭ ئۆيى بالا ئوقۇتۇشقا تارچىلىق قىلىدۇ.

بىر كۈنى داۋۇت داموللام سۇلايمان ئەلەمگە ئەلچى قويۇپ ئۆز تىلىكىنى ئىزھار قىلسا، سۇلايمان ئەلەم «ئۇ بۇخارادا ئوقۇغان جەدىدى موللا ئىكەن، ئۇنىڭغا مەدرىسە زايە كېتىدۇ، ئۇنى بۇ ماكاندىن ھەيدەپ چىقارماق كېرەك» دەيدۇ. بۇ ئۇچۇرنى ئاڭلىغان داۋۇت داموللام بەكمۇ رەنجىيدۇ. خوتەندە تۇرۇۋېرىشكە شارائىت يار بەرمىسە، قەشقەرگە كېتەي دېسە تالىپلىرى ماقۇل كەلمىسە، قانداق قىلغۇلۇق؟ داۋۇت داموللامنىڭ بېشى قاتىدۇ.

بىر قېتىم ئۇ ئالتۇنلۇق مازىرىغا بېرىپ (بۇ مازار ھازىرقى ۋىلايەتلىك سىياسىي مەكتەپ جايلاشقان ئورۇندا بولۇپ، شائىر زەلىلىنىڭ قەبرىسى مۇشۇ مازاردا ئىدى. 1966 - يىلىدىكى چېقىش، بۇزۇش مەزگىلىدە خارابىلىككە ئايلانغان)، بۇ يەردە تۆت مەدرىسىنىڭ بىكار - تالىپسىز تۇرغانلىقىنى، سۇلايمان ئەلەم ئەجدادلىرىنىڭ قەبرىزارلىقىغا دۇئا - تەكبىر ئوقۇيدىغان بىكار تەلەپ موللىلارنىڭ مەدرىستە باياشات كۈن كەچۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ...

ئۇ كېچىچە ئويلاپ بىر ئەپلىك چارە تاپىدۇ - دە، تالىپلىرىنى باشلاپ ئالتۇنلۇق مازاردىكى مەدرىسىنىڭ بىرىگە كىرىپ: «رەسۇلىللا بېشارەت بېرىپ بۇ مەدرىسىنى ماڭا بۇيرىدى، مەدرىسىنى بىكارلاپ بېرىڭلار!» دەيدۇ. مەدرىسىنى بېسىپ ياتقان ئاخۇنلار گاڭگىراپ قېلىپ «سۇلايمان ئەلەمدىن سورايلى» دېيىشىگە، «رەسۇلىللانىڭ دېگىنى ھېسابمۇ ياكى سۇلايمان ئەلەمنىڭمۇ، قايسى چوڭ؟» دەپ قايتا سوئال قويىدۇ، موللىلار ھېچنېمە دېيەلمەيدۇ. ئۇنىڭغىچە تالىپلار چاپان - چارا، خورجۇن - قاچىلارنى ھۇجرىلارغا جايلاشتۇرۇپ، موللىلارنى ھەيدەپ چىقىرىدۇ. بۇ خەۋەر سۇلايمان ئەلەمنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ ناھايىتى دەرغەزەپ بولىدۇ ۋە شەيخۇلئىسلاملىرىنى بۇيرۇپ «داۋۇد داموللا دېگەننى راسا بىر ئەدەبلەپ، مەدرىسىدىن ھەيدەپ چىقىرىڭلار!» دەپ ئورۇنلاشتۇرىدۇ. ئەلەمنىڭ مەسلىھەتچىلىرى ئۇنى نىيىتىدىن يېنىشقا، مەسىلىنى چىڭ دارىنىنىڭ قولى بىلەن ھەل قىلىشقا، شۇنداق قىلغاندا خەتىرىدىن پايدىسى كۆپ بولىدىغانلىقىغا ئىشەندۈرىدۇ.

سۇلايمان ئەلەم داۋۇد داموللام ئۈستىدىن چىڭ دارىنغا ئەرز سۇنىدۇ. شۇنداق قىلىپ بۇ ئىككىيلەن يامۇل سوراقخانىسىغا ئېلىپ

بەرمەيدۇ (نىكاھدىن ئاجراتمايدۇ)، دېدى، بىر مۇددەت ئەھۋالىدىن خەۋەر ئالدىم ۋە ئۆيۈمگە ئەكىرىۋالدىم. روزى موللا خوتۇننى ئىزدەپ تاپالمىسا يەكەنگە كېتەر دېسەم، شەرىئەتكە ئەرز قىلدى، شەرىئەت ئۆلىمالىرى گۇۋاھچى تاپالمىسا ھەم قەسەم ئىچەلمىسە بۇ ئايالنى ساڭا بۇيرۇپ بېرىلمىز، دېگەنتى، مانا ئەمدى جانابلىرىنىڭ ئالىقىنىغا چۈشۈپ قالدۇق» دېدى.

چىڭ دارىن بۇ ئۈچ كىشىدىن ئەھۋال ئۇقۇپ، روزى موللىنىڭ دەۋاسىنى تەپتىشلەپ بولغاندىن كېيىن، مەھكىمە شەرئىدىكى بەش ئاخۇننى نەقمەيدانغا ھازىر قىلىپ روزى موللىنىڭ قەسەم ھەققىنى بېرەلمىگەنلىكى تۈپەيلى مۇشۇ كۆڭگچە ئايالنى ماخمۇت ئاخۇننىڭ ئىگىلىۋالغانلىقىنى، بۇنداق قىلىشنىڭ شەرىئەتكىمۇ، سىياسەتكىمۇ مۇخالىپلىقىنى ئېيتتى. ئاندىن كېيىن مۇشۇنداق ئىش قايتىلاپ يۈز بەرسە قاتتىق تەدبىر قوللىنىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

چىڭ دارىن گۇلچارىخاننى روزى موللىدىن ئاجراتتۇرۇپ، ئىلچى شەھىرىنىڭ مىڭ بېگىگە ئامانەتكە تاپشۇرۇپ، تۇرمۇشى ياخشى، تەڭ دېمەتلىك ئەرگە تالالىق قىلىشنى بۇيرىغاندىن كېيىن خەقنىڭ ئۆيىنى بۇزۇپ، ئاياللارنى يولدىن چىقارغان گۇناھى ئۈچۈن ماخمۇتنى 250 تاياق ئۇرۇپ يامۇل ئالدىدا سازايى قىلدى.

## چىڭ دارىننىڭ يۇرۇڭقاش ۋە قاراقاش دەريا بويىدا بازار - سەيلە بەرپا قىلغانلىقى

1916 - يىلى يۇرۇڭقاش دەرياسىغا غايەت ئۇلۇغ كەلكۈن كېلىپ ئىلچى دەريا ئېغىزىنى بۆسكەن سۇ، ئارال كەنتىدىن تاكى ئىگەرچى كەنتىگىچە بولغان ئارىلىقتىكى نۇرغۇنلىغان تېرىلغۇ يەر، باغ، ئۆي-جايلارنى ئېقىتىپ كېتىپ خەلققە بەك كۆپ زىيان بولدى (ئىلچى دەرياسى — يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ بىر تارماق ئېقىنى بولۇپ، ھازىرقى ئارال كەنتىنىڭ باش قىسمى ئارقىلىق يۇرۇڭقاشتىن ئايرىلىپ ئېقىپ، كوئېنلۇن سۇ ئامبىرى، قۇرۇق مېۋە - چېۋە كارخانىسى، ناھىيىلىك ئاپتوموبىل ترانسپورت شىركىتى... قاتارلىق جايلارنىڭ ئورنى بىلەن ئۆتۈپ ئىگەرچى، ھېلىم ئاتام دېگەن جايغا كەلگەندە يەنە يۇرۇڭقاش دەرياسىغا قوشۇلۇپ كېتىدىغان پەسىللىك دەريا ئىدى. ئۇ 1958 - يىللىرىغىچە مەۋجۇت ئىدى. كېيىن سۇ

كەلگەن، ئۇزاق بولمىدى» دەپ جاۋاب بەردى. چىڭ دارىن روزى موللىدىن: «خوتۇن سىنىڭ بولسا نېمىشقا مەھكىمە شەرئىگە بېرىپ قازىلاردىن پەتىۋا ئالمايسەن؟» دەپ سورىۋىدى، «ئۇ يەرگىمۇ باردىم، ئاخۇنلىرىم قەسەمدىن ئۆتۈشكە بۇيرىدى، قەسەم ھەققــى ئۈچۈن يىگىرمە تۆت سەر تەڭگە كېتىدىكەن، مەن بۇ پۇلنى تۆلەشكە ئاجىز كەلگەچكە، ئايالىم ماخمۇتنىڭ ئۆيىدە تۇردى» دېدى روزى موللا يىغلاپ.

چىڭ دارىن بۇ چىگىش دەۋانى سوراقتا بىر تەرەپ قىلىشنىڭ تەسلىكىنى ئويلاپ، گۈلچارىخاننى ئىچكەركى ئۆيگە چاقىرىپ كىرىپ: «ئۇچاقتىكى چوڭ چۆگۈننىڭ سۈيىنى ئېلىپ كەلگىن، قولۇمنى يۇيىمەن» دېۋىدى، ئايال كۆنۈككەن ئادىتى بويىچە سۇنى تەڭشەپ، چەپ قولىغا قۇيۇپ بېقىپ، ئاندىن چىڭ دارىننىڭ قېشىغا كەلدى. «بۇ، تاھارەت سۈيى تەڭشەپ كۆنگەن ئايالنىڭ قارىغاندا، چوقۇم موللىنىڭ خوتۇنى ئىكەن» دەپ جەزم قىلدى ۋە سورىدى: «سېنى خوتەنگە قايسى پەسىلدە ئېلىپكەلگەن؟» گۈلچارىخان «قوناق ئېلىم پەسلىدە» دەپ جاۋاب بەردى. چىڭ دارىن ماخمۇت ئاخۇننى باشقا بىر ئۆيگە چاقىرتىپ: «سەن بۇ خوتۇننى خوتەنگە قايسى پەسـىلدە ئېلىپكەلگەن؟» دەپ سورىۋىدى، ماخمۇت: «خامان ۋاقتىدا» ، دەپ جاۋاب بەردى. مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن روزى موللىدىن سورىغاندا ئۇ «قوناق ئېلىم پەسلىدە» دېدى ...

چىڭ دارىن داتاڭ (سوراقخانا) غا چىقىپ، گەپ سورىمايلا گۈلچارىخاننىڭ ئالىقىنىغا 200 تاياق ئۇرغۇزغاندىن كېيىن: «سەن روزى موللىنىڭ خوتۇنى تۇرۇقلۇق، يەنە نېمىشقا ماخمۇتنىڭ ئۆيىگە بېرىۋېلىپ، مەن ئۇنىڭ ئايالى دەيسەن؟ راست گەپ قىل!» دەپ سىياسەت قىلىۋىدى، گۈلچارىخان: «راستىنى ئېيتسام، مەن روزى موللامنىڭ نىكاھىدىكى خوتۇن، ئەمما مەن ئۇنىڭغا دادامنىــڭ مەجبۇرلىشى بىلەن تەگكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ قېرى ئادەم ھەم قول-ئىلكىدە يوق بولغاچ مېنىڭ كۆڭلۈمنى خوش قىلالمىدى، داۋاملىق ئاچلىق، خاپىلىق ئىچىدە قىينالدىم. ماخمۇت ئاخۇن بولسا ياش ھەم بالىق كىشى، (قول - ئىلكىدە بار ئادەم - ئا) شۇڭا ياش ئۆمرۈم بىكار كەتمىسۇن دەپ، ئۇنىڭ گېپىگە كىرىپ، ئۆيىگە بېكىنىۋالدىم» دېدى. ماخمۇت ئاخۇنمۇ راست گەپنى قىلىپ: «بۇ ئايال ياش ھەم ئۇز ئىكەن، بىر كۆرۈپلا كۆزۈمگە ئىسسىق كۆرۈنۈپ قالدى. مەن ئۇنىڭغا، ئاجرىشىڭ، بىر ئۆيدە بولايلى دېسەم، روزى موللا خېتىمنى

سالىدىغان ھەم كىچىك، ھەم يەڭگىل تۈلۈمنى كىيمە گورنىغا دەسسىتىشنى تەشەببۇس قىلدى. بۇنىڭ بىلەن يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ قاتنىشى بىر قەدەر راۋانلاشتى.

* * *

قاراقاش دەرياسىدىن ئايرىلىپ چىققىپ تايتاق، يۇرۇشكە، تۇنۇن، سىرىغ ئۆي، قۇم چاقار... قاتارلىق يېزا - كەنتلەرنى تاكى خانئېرىق، سىرىغىز، جاغلىغا، چاتاق تەرەپلەرگىچە ئاقىدىغان بىر تارماق دەريانىڭ ئىسمىنى «بورانچى دەرياسى» دەيدۇ. ھەر يىلقى كەلكۈن پەسلىدە بورانچى دەرياسىدىكى بەڭۋاش سۇ دەريا ياقىسىدىكى مەھەللە - كەنتلەرنىڭ تېرىلغۇ يەرلىرىنى، باغ - ۋارانلىرىنى، كىشىلەرنىڭ ئۆي - جايلىرىنى ئېقىتىپ كېتەتتى. چىڭ دارىن كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇشنى مەقسەت قىلىپ، تايتاق كەنتىدە كاتتا بازار پەيدا قىلدۇردى. شا توسالالا يېزىسىنىڭ مىڭ بېگى يۇسۇپ بەگنى بۇ ئىشقا مەسئۇل قىلىپ ئەۋەتتى. ئۇ يەرگە مەسچىت، جامە، مەدرىسە ۋە يولنىڭ ئىككى قاسنىقىغا 500 دىن ئارتۇق دۇكان سالدۇرۇپ چوڭ بىر رەستە - بازار ئاپىرىدە ئەتكەندى. بۇ بازار ھەر دۈشەنبە كۈنى قىزىيتتى. قاراقاش، خوتەن تەۋەسىدىن بازارچىلار يىغىلاتتى. «تايتاق بازىرى» دەپ داڭقى چىققانىدى...

* * *

چىڭ دارىن تايتاق بازىرىنى قىزىتىپ، بۇ بازارنىڭ ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە بېرىپ يۈرۈپ، شۇ يەرلىك دېھقاننىڭ قىزى مايىسخان دېگەنگە كۆزى چۈشىدۇ ۋە ئۇنى خوتۇنلۇققا سورىتىدۇ. چىڭ دارىننىڭ ھەيۋىسى — ھوقۇقى ئالدىدا ئامالسىز قالغان مايىسخان نائىلاج «دارىننىڭ ئايالى» بولىدۇ. چىڭ دارىن بۇ ئايالغا تايتاق بازىرىدىن ھويلا - ئىمارەت قىلدۇرۇپ بېرىپ، چوڭ كۆل كولىتىپ ۋە كۆل بويىغا مەسچىت بىنا قىلدۇرۇپ بېرىدۇ... تايتاق پۇقرالىرىنىڭ ۋە مايىسخاننىڭ دادىسىنىڭ نەپرەتلىنىپ قىلغان شىكايەتلىك ئەرزىنى ياڭ زېڭشىن تەستىقلاپ چۈشۈرگەندىن كېيىن چىڭ دارىن ئۇنى قويۇۋېتىدۇ.

قۇرۇلۇشى، يەر رەتلەش ئەمگەكلىرى جەريانىدا تىندۇرۇۋېتىلدى. ئىلچى دەرياسىنىڭ ئىلگىرىكى ئېقىنى كونېنلۇن سۇ ئامبىرى ئىچىد قالدى، بىر قىسمى شاللىق ۋە ئاھالىلەر ئولتۇراق رايونىغا ئايلىنىپ كەتتى ـ ت ). بۇ قېتىمقى كەلكۈن ناھايىتى مۇشەققەتتى تىزگىنلەنگەندىن كېيىن چىڭ دارىن دەريا بويىدا ھەر كەلكۈن پەسلىدە ( 7 ـ ئاينىڭ بېشىدىن 10 ـ ئايدىكى سۇ تارتىلىش ئارىلىقى ) بازار قىزىتىش، دەريا بويى سەيلىسى قىلىشنى ئورۇنلاشتۇردى. مۇشۇ ئۇسۇل ئارقىلىق دەريا بويىدىن ئادەم ئۆكسۈمەيدىغان، پەۋقۇلئاددە كەلكۈن كېلىپ قالغاندا ھاشارچى ئىزدەپ يۈرمەيدىغان ھالەتنى شەكىللەندۈرگەنىدى.

شۇنداق قىلىپ، چىڭ دارىننىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ھەر بىر بەگلىكتىن 100 دىن جەمئىي 1000 ئادەم يۇرۇڭقاش دەرياسى بويىدا مۇقىم تۇرىدىغان، ھەر چارشەنبە كۈنى بازار قىزىيدىغان، ھەر بىر يېزا بەگلىرى كاتتا بارگاھ تىكىپ دەريا بويىدا ياتىدىغان بولدى. يۈزلەپ ھۈنەرۋەن ـ ھۆپپىگەرلەر بۇ جايغا دۇكان ـ يايما تەييارلىدى. چېلىشىش، ئىت تالاشتۇرۇش، خوراز سوقۇشتۇرۇش، مەدداھ ـ ۋايىزلىق قىلىش قاتارلىق ئەينى زاماننىڭ مەنىۋى سورۇنى ھازىرلاندى. دەسلەپتە مەجبۇرىي ھەيدەپ كېلىنگەن سەيلىچى ـ بازارچىلار چىڭ دارىننىڭ ھەر چارشەنبە دەريا بويىغا چىقىپ كۆزدىن كەچۈرۈشىنى قوبۇل قىلغان بولسا، بارا ـ بارا ئادەتلىنىپ، ئۆزلۈكىدىن كېلىدىغان، چارشەنبىدىن باشقا كۈنلەردىمۇ مىڭلاپ ئادەم يىغىلىدىغان بولدى. ھەتتا يىراق كېرىيە، چىرا قاتارلىق ناھىيە-لەردىنمۇ سەيلىگە ئادەم كېلىپ ـ كېتىپ تۇردى. ئۇ ھەپتىدىن ـ بۇ ھەپتىگىچە نەغمە ـ ناۋا، ئۇسسۇل ـ ناخشىنىڭ ئاۋازى ئۈزۈلمىدى ...

شۇ چاغلاردا خوتەن — ئىلچى بىلەن لوپ — يۇرۇڭقاش تەرەپ-لەرنىڭ قاتنىشى ئۈزۈك بولۇپ، ئىككى قاتناشتىكىلەر كېمە قاتنىشىنىڭ ياردىمىگە تايىناتتى. ئەمما، كەلكۈن سۈيى دەھشەتلىك بولغاچقا، يۇرۇڭقاش تەرەپتىن سالغان كېمە ئىگەرچىدىن، خوتەن شەھىرى تەرەپتىن سېلىنغان كېمە جىيا، گىجى ئەتراپىدىن قۇرۇقلۇققا چىقىپ، كىشىلەر يۈك ـ تاقلىرىنى بەش ـ ئالتە كىلومېتىر كېلىدىغان ئاشۇنچە يىراق جايدىن يۈدۈپ كېلىشكە مەجبۇر ئىدى. چىڭ دارىن قوي، ئۆچكە تېرىسىگە يەل توشقۇزۇپ شادىلىق كارۋانقا باغلاپ سۇغ

مۇشۇ مەكتەپتە ئوقۇپ خەنزۇچە تەربىيە كۆرگەنلەر ئىدى.
چىلەك دارىن كىشىلەرنىڭ دىنىي ھېسسىياتىنى نەزەردە تۇتۇپ مەزكۇر «شۆتالىڭ» لارغا ھەر كۈنى ئىككى سائەت دىنىي تەلىم - تەربىيە دەرسىنى ئورۇنلاشتۇرغان ۋە سەدۇللا ھاجىم دېگەننى ئوقۇتقۇچى قىلىپ تەيىنلىگەنىدى ... ئۇ كۈن ئارىلاپ «شۆتالىڭ» مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى تەپتىشلەپ، ئوقۇشى ئىلگىرى باسقانلارنى رىغبەتلەندۇرۇپ، مۇكاپاتلاپ تۇراتتى...

* * *

چىلەك دارىن خوتەن - ئىلچى شەھىرىدە ئالتە دانە بۇتخانا ياساتتى. شورباغدىكىسى (ھازىرقى خوتەن شەھەرلىك ھۆكۈمەت خىزمەت بىناسى بىلەن يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ ئورنىغا توغرا كېلىدۇ) كاتتا بۇتخانا ھېسابلىناتتى. دادىسىنىڭ بۇتىنى (ھەيكىلىنى) ئىلچى دەرياسى بويىغا سالدۇرغان. زىنىنەتلىك بۇتخانىغا بولسا ئەجدادلىرىنىڭ بۇتىنى (ھەيكىلىنى) تۇرغۇزغانىدى. مەزكۇر بۇتلارنى ياساپ جابدۇپ، يىلدا بىر نۆۋەت جوغا سېلىپ كۆتۈرۈپ، شەھەر ئايلاندۇراتتى.
ئۇنىڭدىن باشقا ھېيتگاھ دەرۋازىدا (ھازىرقى خوتەن ناھىيىلىك ئىككىنچى ئوتتۇرا مەكتەپ ئورنىدا) «دامياۋ» بۇتخانىسى، سىپىل (ھازىرقى خوتەن ھەربىي رايون) ئىچىدە «بىلەڭ فالڭ مياۋ» بۇتخانىسى، ھازىرقى ۋىلايەتلىك بىناكارلىق شىركىتىنىڭ ئالدىدا «خۇشىلڭ مياۋ» بۇتخانىسى، يورۇڭقاش دەرياسى بويىدا «يۇۋالڭ مياۋ» بۇتخانىسى بار ئىدى. يۇقىرىقى ئالتە بۇتخانىدىن خەۋەر ئالدىغان شەيخ ۋە مۇلازىملارنىڭ تۇرمۇش تەسەررۇپاتى ئۈچۈن ئاقتاش يېزىسى تەۋەسىدىن 200 مو يەر ئاجرىتىپ بەرگەنىدى.

## چىلەڭ دارىننىڭ يۇرت باشقۇرۇش چارىسى

چىلەڭ دارىن خوتەنگە ھۆكۈمرانلىق قىلىشتىن ئىلگىرى قاراقاش بىلەن خوتەن بىر گەۋدە بولۇپ، قاراقاش خوتەن تەۋەلىكىدىكى مىلڭ بەگلىك ئىدى. راخمان موللا ۋەقەسىدىن كېيىن چىلەڭ دارىن خوتەن بىلەن قاراقاشنى ئايرىم - ئايرىم ناھىيە قىلىپ قۇرۇش خۇسۇسىدا يۇقىرىغا مەلۇمات يوللاپ تەستىقلاتقاندىن كېيىن ئۇ يەرگە 1917 -

## چىڭ دارىن خوتەندە بىنا قىلدۇرغان بۇتخانا، مەكتەپلەر

چىڭ دارىن تايتاق بازىرىنى (ھازىرقى خوتەن ناھىيە باغچى بازىرى تەۋەلىكىدە) قىزىتىمەن دەپ ئۇ يەرگە بىر جامە-مەسچىت ۋە مەدرىسە بىنا قىلدۇرغان (مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا ئۆرىۋېتىلدى). ئۇ يەنە شەھەر سىپىلى ئىچىگە بىر مەسچىت سالدۇرۇپ، سىپىل ئىچىدىكى مۇسۇلمانلار (ئاساسلىقى چېرىك - ئەسكەرلەر ۋە باشقا خادىملار) نىڭ ناماز ئوقۇشىغا شارائىت ياراتقانىدى. يەنە ئۇنىڭ نامى بىلەن «چىڭ دارىن مەسچىتى» دەپ ئاتالغان بورزان، پايناپ (باغچى يېزىسى تەۋەسىدە) مەسچىتلىرىنى بىنا قىلدۇرغانىدى.

* * *

چىڭ دارىن زامانىسىغىچە «شۆتاڭ» دەپ ئاتىلىدىغان بىر سىنىپلىق خەنزۇچە ئوقۇتۇش مەكتىپى بولۇپ، بۇ مەكتەپكە كىشىلەر بالىلىرىنى ھەرگىزمۇ ئۆز ئىختىيارەن بەرمەيتتى. شۆتاڭ مەكتەپكە بارىدىغان ئوقۇغۇچىلار ھەر بىر يۇرت - بەگلىكلەرگە ئالۋان قاتارىدا تېڭىلاتتى. پۇلدار - باي كىشىلەر نامرات، يېتىم - يېسىرلارنىڭ بالىلىرىنى پۇلغا سېتىۋېلىپ ئۆز بالىلىرىنىڭ ئورنىغا ئەۋەتىشەتتى. شۆتاڭغا كىرىپ قېلىش گويا دوزاخ — تۈرمىگە كىرىپ قېلىش بىلەن باراۋەر دەپ قارىلاتتى.

چىڭ دارىن ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزگەن چاغدا گاۋجى شۆتاڭ (ئالىي مەكتەپ) ۋە سۇجى (چۇجى بولسا كېرەك - ت) شۆتاڭ دەپ ئىككى پەرقىگە ئايرىپ ئوقۇتىدىغان خەنزۇچە مۇكەممەل مەكتەپ قۇردى ۋە يۇرت ئەمەلدارلىرىغا ۋەز ئېيتىپ: «سىلەر بالىلىرىڭلارنى ئىختىيارلىق بىلەن بۇ مەكتەپتە ئوقۇتساڭلار گاۋجى شۆتاڭ، تۈگەتكەنلەرنى ئۇرۇمچىگە ئەۋەتىمەن، ئۇ يەردىن كويەن (بۆلۈم خادىمى)، كوجاڭ (بۆلۈم باشلىقى)، شەنجاڭ (ھاكىم) بەلكى دوتەي بولۇپ قايتىدۇ. قابىلىيەتلىك بولۇپ يېتىشسە ئۆز يۇرتۇڭلارنى ئۆز ئىچىڭلاردىن چىققانلار باشقۇرىدۇ...»، دېدى ۋە تۈركۈملەپ ئوقۇغۇچى ئالدى. بۇلاردىن نۇرى مۇھەممەت (خەنزۇچە ئىسمى خادۇن باڭ)، مىيزەخمەت (مىي جە)، ئابابەكرى بەگ (ياڭ جىن جى)، روزى مۇھەممەت (نەن شۆسەن)، سالى (سالەي پۇ ...) قاتارلىقلار

پارچە يەرنىڭ تېرىلماي ئاق تاشلىنىپ قالغانلىقىنى كۆرىدۇ - دە، سەپىرىنى توختىتىپ، يۈز بېشىنى تاپتۇرۇپ كېلىدۇ ۋە خەلقنى ئاق قالغان ئېتىز ئۈستىگە جەم قىلىدۇ. چىڭ دارىن ئاۋامغا قاراپ:

— سۆيۈملۈكلىرىم، جايىدا ئىچەلىدىڭلارمۇ؟ — دەپ سورايدۇ.

— جايىدا ئىچتۇق! — دەپ چۇرقىرىشىدۇ خەلق.

— ئۇنداق بولسا، — دەيدۇ چىڭ دارىن، — مانا بۇ ئۈچ - تۆت مو كەلگۈدەك يەر تېرىلماي ئاق تاشلىنىپ قاپتۇغۇ، بۇ كىمنىڭ يېرى؟

توپ ئارىسىدىن ھەيۋىخان ئىسىملىك بىر موماي چىقىپ، «بۇ مېنىڭ يېرىم، ئۆزۈم تۇل، بالام ياكى قېرىندىشىم يوق، شۇ تۈپەيلى سۆرەش - تېرىشقا ئاجىز كەلدىم» دەيدۇ.

— يەرنى تېرىماپسىز، ئەمدى نېمە يەپ تىرىكچىلىك قىلىسىز؟

ئايال كۆزىگە لىققىدە ياش ئېلىپ قاراپ تۇرىدۇ. چىڭ دارىن ئالدىنقى يىلى يەرنى ئىنىسىنىڭ تېرىپ بەرگەنلىكى، ھۆكۈمەتكە غەللە قويغانلىقى، سۇ ھەققى تاپشۇرغانلىقى...نى ئېنىقلاپ بولغاندىن كېيىن يىغىلغانلاردىن «بۇ يەر تېرىلسا قانچىلىك بۇغداي، قوناق چىقار ئىدى؟ » دەپ سورايدۇ. «ئوتتۇز چارەك بۇغداي، قىرىق چارەك قوناق چىقىدۇ» دەپ جاۋاب بېرىدۇ ئادەملەر.

چىڭ دارىن مىراپنى ئالدىغا چىللاپ: «بۇ مەزلۇمنىڭ يېرى نېمىشقا ئاق قالدى، راستىڭنى ئېيت! » دەپ ھەيۋە قىلىدۇ. مىراپ سۇ يېتىشتۈرەلمىگەنلىكىنى بويىنىغا ئالىدۇ. «ئۆزۈڭگە، دوست - بۇرادەرلىرىڭگە، كۈچى بارلارغا يېتىشكەن سۇ مۇشۇ بىچارە تۇل خوتۇننىڭ يېرىگە كەلگەندە يېتىشمىدىمۇ؟ » دەيدۇ. ئاندىن يۈز بېشىنى چاقىرىپ: «بۇ ئايالنىڭ يېرى نېمىشقا تېرىلمىدى؟» دەپ سورايدۇ. يۈز بېشى: «ئۆزى تۇل، بالا - چاقىسى يوق، كۈچى بولمىغاچقا تېرىيالمىدى» دەيدۇ. «سەن ئادەم ئەمەسمۇ؟ سېنى بۇ يۇرتقا نېمىشقا يۈز بېشى قىلغان، پۇقرالار غەللە قويغانسكەن، ئۇلارنىڭ غېمىدە بولمىقىڭ لازىم ئەمەسمۇ؟ ئادىمى بولمىسا ئادەم تەيىنلەپ يېرىنى تېرىتقۇزۇپ بەرمىگەنلىكىڭ چوڭ گۇناھ! » — چىڭ دارىن شۇنداق سىياسەت يۈرگۈزگەندىن كېيىن مىراپ بىلەن يۈز بېشىنى يۇرتنىڭ كۆز ئالدىدا 500 دىن تاياق بىلەن جازالاپ، بۇ تۇل خوتۇن ئالدىنقى يىلى ئالغان سان بويىچە 30 چارەك بۇغداي، 40چارەك قوناقنى بۇ ئىككى يۇرت ئەمەلدارىدىن تۆلەتكۈزىدۇ ھەم

يىلى ئايرىم ھاكىم بەلگىلەندى.
چىلك دارىن خوتەننى باشقۇرۇش ئۈچۈن ئون بەگلىككە ئايرىدى. بۇ بەگلىكلەر تۆۋەندىكىچە بولغانىدى:
شەھەر ـ مىڭى مۇھەممەتنىياز بەگ زەرگەرنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى. قالغان يېزىلارنى 500 دىن ئايرىدى. مەسىلەن، شالڭ توسالال (يۇقىرى توسالال) نى توختى بەگ مۇزاي باشقۇراتتى. شىيا توسالال (تۆۋەن توسالال) نى يۇسۇپ بەگ باشقۇراتتى. شالڭ بورزاننى موللا بەگ باشقۇراتتى. شىيا بورزاننى روزى مۇھەممەت بەگ باشقۇراتتى. شالڭ سۇپانى ئابدۇللا بەگ باشقۇراتتى. شىيا سۇپانى ئىبراھىم بەگ باشقۇراتتى. خانئېرىقنى قايىدىن بەگ باشقۇراتتى. تاغ رايونىنى غوجەخمەت بەگ باشقۇراتتى.
يېزا ـ كەنتلەر 500 دىن تۈتۈن بويىچە باشقۇرغۇچى بەگلەرگە ئايرىپ بېرىلگەندىن باشقا، يەنە سۇ باشقۇرغۇچى مىراپ بەگلەر، كۆكبېشى ـ داققاللار سۇغا مەسئۇل قىلىندى. يۇرت ئامانلىقىنى قوغداشقا پاششاپ بەگلەر ۋە ئۆلارنىڭ قول ئاستىدا ساقچىلار تەيىنلەندى. مەھەللىلەرگە يۈز بېشى، ئونبېشى دەيدىغان ئەمەل بىلەن باشقۇرغۇچىلار بېكىتىلدى ...
چىلك دارىنىنىڭ 80 نەپەر ئاتلىق بەنشالڭ (دورغا) سى بولۇپ، بۇلارنى سان بەنتۇر دېگەن كىشى باشقۇراتتى. چىلك دارىن قول ئاستىدىكى ئەمەلدار ـ بەگلەرنى ناھايىتى چىلك تۇتاتتى. ئۇلارنىڭ يۈرۈش ـ تۇرۇشىنى، قىلمىش ـ ئەتمىشىنى ئىگىلەپ، چىلك دارىنغا ۋاقتى ـ ۋاقتىدا خەۋەر قىلىپ تۇرىدىغان مەخپىي خادىم ـ قولاقچىلىرىمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. ئۇ ئۆزىمۇ داۋاملىق يېزا ـ كەنتلەرنى ئارىلاپ ئاۋامدىن بىۋاستە ئەھۋال ئىگىلەيتتى. تۆۋەنگە بارغاندا ھەشەم تۈزمەيتتى. پەقەت بىر تىلماچ (تەرجىمان)، بىر ئاشپەز، بىر ئات باقار ۋە تۆت نەپەر ئاتلىق مۇھاپىزەتچىسىنى ئەگەشتۈرۈپ «بىر كونا زاۋادا بولسا، ئەتىسى ياۋادا» پەيدا بولاتتى. ئاددىي پۇقرالارنىڭ ئۆيىدە چۈشكۈن بولۇپ، يۇرت خەلقىنى يىغىپ زىرائەتنىڭ ئۆسۈشى، سۇنىڭ مۇۋاپىق تەقسىملەنگەن ـ تەقسىملىمگەنلىكى، ئەمەلدار ـ يۈز بېشىلارنىڭ يۇرتنى قانداق باشقۇرۇۋاتقانلىقى، دەرد ـ شىكايەتنىڭ بار ـ يوقلۇقى ... توغرىسىدا ئەلنىڭ ئىنكاسىنى ئاڭلايتتى. نەقمەيداندا ئىش بېجىرىشكە ماھىر ئىدى.
بىر قېتىم ئۇ ئىلچىدىن قاراقاشقا كېتىۋېتىپ قۇما چاقار (ھازىرقى خوتەن ناھىيە خانئېرىق يېزىسى تەۋەسىدە) كەنتىدە بىر

ئۆتكۈزۈلەتتى. ئۇ قاراقاش ۋە ئىلچىنىڭ ھەممە بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىدىكى ئاتارمەن-چاپارمەن، بەگ-ئەمەلدار، يۈز بېشىلارغا قىزىل باغاق يازاتتى. زىياپەتكە چاقىرىلغانلارنىڭ ئالدى 100 سەردىن باشلاپ، كەينى بەش-ئون سەرگىچە كۈمۈش پۇل ئېلىپ كېلىپ «ئادەمگەرچىلىك پۇلى» نى تاپشۇرۇۋېلىشقا مەسئۇل كىشىلەرنىڭ دەپتىرىگە تىزىملىتاتتى. رەسمىيەت جايىدا بېجىرىلگەندىن كېيىن مېھماننىڭ مەيدىسىگە ئاچا قۇيرۇق پەتتە قادىلاتتى. شۇ چاغدىلا باغ ئىچىگە كىرىپ زىياپەتكە داخىل بولالايتتى. بۇ يەردە يەپ-ئىچىشتىن تارتىپ، ئويۇن-تاماشا، ساز-مەشرەپكىچە ھەممە مەئىشەت ھازىر ئىدى. يۇرت ئىچىدە چىلىك دارىنىنىڭ زىياپىتىگە قاتناشقانلىق گۇۋاھلىقى ھېسابىدىكى بۇ ئاچىماق پەتتە ئالالىغانلار ئۆزىنى قالتىس پەخىرلىك ھېس قىلاتتى. ئۇلارنىڭ ئابرۇيىمۇ يۇقىرىلايتتى. شۇڭا تۇغۇلغان كۈن زىياپىتىگە تەكلىپ قىلىنمىغانلار ئەندىشىگە چۈشسە، زىياپەتكە قاتنىشالىغانلار مەيدىسىدىكى پەتتىنى كۆز-كۆز قىلىپ، يۈزلۈك بولۇۋېلىپ، كىبىرى-ئۈستۈنلۈك پەيدا قىلاتتى. ئاشۇ بىر قېتىملىق زىياپەتتىنلا مىڭلاپ كۈمۈش تەڭگە، ئالتۇن-يامبۇ ئۈندۈرۈۋالاتتى.

**قەغەزچىلىك كىرىمى:** ئۇ شورباغدا كاتتا قەغەزچىلىك كارخانىسى ماڭدۇرغانىدى. بۇ كارخانىدا 50 – 60 ئۇستىكار قەغەز قۇياتتى. «چىلىك دارىنىنىڭ كارخانىسىغا لازىم» دېسە، كىشىلەر قورقۇپ ئىلكىدە بار ئۈجمە قوۋزىقىنى ئۇلارغا ئەرزان باھادا سېتىپ بېرەتتى. شۇ ئۇسۇل بىلەن يىلىغا نەچچە يۈز توپ خام قەغەز قۇيدۇرۇپ سېتىپ، پۇلىنى ئالاتتى.

**بۆز-ماتاچىلىق كىرىمى:** چىلىك دارىن شەخسىي نامىدا بۆز-ماتا توقۇش كارخانىسى ماڭدۇرغانىدى. بۇ كارخانىدا 100 توقۇمىچى بار ئىدى. توقۇلغان ماتا-خام، سەگەز، پۇتا...قاتارلىقلارنى تايلاپ، ئايمۇ ئاي ئۆرۈمچى تەرەپكە يولغا سېلىپ تۇراتتى. بۇنىڭ سېتىلغان پۇلى چىلىك دارىنىنىڭ شەخسىي خەزىنىسىگە كىرەتتى.

**گىلەم-زىلچا كىرىمى:** ئۇنىڭ 50 دۇكانلىق زىلچا-گىلەم توقۇش كارخانىسى بار ئىدى، 50 ئۆيلۈك خالۋاپ چىلىك دارىن ئۈچۈن گىلەم توقۇيتتى. بۇ گىلەملەر ئايمۇ ئاي كارۋانچىلار ئارقىلىق سىرتقا توشۇپ سېتىلاتتى.

**ئوسما-نىل كىرىمى:** چىلىك دارىن ناۋاغ كەنتىدە (خوتەن شەھەر ئىلچى يېزىسى تەۋەسىدە بولۇپ، ھازىرمۇ شۇ نام بىلەن

تۇگمەندە ئۇن قىلىپ تارتقۇزۇپ ھەيۋىخانىنىڭ ساندۇقىغا قويۇپ بەرگۈزىدۇ ...

قۇما چاقارلىق ھەيۋىخان دېگەن تۇل مەزلۇمنىڭ ۋەقەسى پۈتۈن يۇرتقا تارىلىپ ئىبرەت بولغاچقا، تاكى چىڭ دارىن يۇرتتىن يۆتكىلىپ كەتكۈچە بولغان ئارىلىقتا مىراپ ـ كۆكبېشىلار مەلىگە سۇ ئېچىش نۆۋىتى كەلسە، ئالدى بىلەن قىرى ـ چۆرى، تۇل مەزلۇملارنىڭ يېرىنى نۆۋەتتىن بۇرۇن سۇغىرىپ بېرىدىغان، يۇز بېشىلارمۇ ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقۇشۇپ — دىققەتتە تۇرىدىغان ۋەزىيەت شەكىللەنگەنىدى ...

## چىڭ دارىنىنىڭ ئۆزىگە پۇل تېپىش ئۇسۇلى

**تۇگمەن كىرىمى:** چىڭ دارىن پۇقرالارنىڭ يېرىك دانىنى يۇمشىتىپ يېيىشتىكى تۇگمەن قىيىنچىلىقىنى ۋە تۇگمەن قۇرۇپ ساتسا تاپاۋىتىنىڭ كۆپ بولىدىغانلىقىنى كۆزلەپ، قاراقاشنىڭ ياۋا دېگەن يېرىدە خەلقنىڭ سۈيىدە تۆت تاش تۇگمەن چۆرۈتكۈزۈپ، ھەر تاش تۇگمەننى 100 يامبۇدىن جەمئىي 400 يامبۇغا ساتقانىدى؛ لاسكۈي بىلەن سەيشەمبازار (ھازىرقى باغچى يېزىسى شۇنداق ئاتىلاتتى) ئارىلىقىدىكى يار ئېچىگە ئون تاش تۇگمەن چۆرۈتكۈزۈپ، ھەر تاش تۇگمەننى 50 يامبۇدىن جەمئىي 500 يامبۇغا ساتقانىدى. (بۇ تۇگمەن ھازىرمۇ چۆرگىلەيدۇ. ئۇنى يۇرت خەلقى «ئون تاش تۇگمەن» دەپ ئاتىشىدۇ.)

**يايلاق كىرىمى:** چىڭ دارىن بەگ ـ بايلار ئارىسىدىكى ئىقتىسادىي ماجىرانى ئۆزى شەخسىي سوراپ، ئۇلارنى مۇرەسسەگە كەلتۇرۇپ قويغانلىق بەدىلىگىمۇ پۇل ئۇندۇرۇۋالاتتى. ئۇ بىر قېتىم قاراقاش زاۋا يېزىسىدىكى ئىسمايىل خان غوجا بىلەن گوما ـ دۇۋالىغ پولات ھاجىنىڭ ئارىسىدىكى يايلاق دەۋاسىنى ياراشتۇرۇپ قويغان ھەققىگە 500 يامبۇ دەۋا ھەققى ئالغانىدى؛ ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئۇنىڭ ھەر خىل پۇل تېپىش ئۇسۇلى بار ئىدى. مەسىلەن، غەللە، باج ... قاتارلىق ئىجتىمائىي كىرىمدىن باشقا ھەر يىلى ئىككى نۆۋەت ئەجدادلىرىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى ئۆتكۈزۈش نامى بىلەن يۇرت كاتتىلىرىغا باغاق تارقىتىپ زىياپەت ئۆتكۈزۈش يولى بىلەن پۇل ئۇندۇرۇۋالاتتى.

**تۇغۇلغان كۈن زىياپەت كىرىمى:** بۇ خىل زىياپەت باغدا

## چىلاڭ دارىنىنىڭ باھانى ئىزچىل مۇقىملاشتۇرغانلىقى

چىلاڭ دارىن سودىگەر، تىجارەتچى - ھەتتالارنىڭ مال باھاسىنى ئۆزى خالىغانچە ئۆستۈرۈپ بازارنى قالايمىقان قىلماسلىقى ھەم يۇقرالارنىڭ ئىقتىسادىي زىيانغا ئۇچراپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن بىر قاتار باھا باشقۇرۇش مۇئەسسەسەلىرىنى تۇرغۇزغانىدى. سودىگەرلەرنىڭ شاگىرۇتى ئىمىن ھاجىم دېگەننى پۈتۈن ئىشلارغا نازارەتچىلىككە بەلگىلەپ، تۆۋەندىكى تەرەپلەرگە دىققەت قىلىشقا بۇيرىدى:

پۈتۈن سودا - تىجارەت، ئېلىم - سېتىملارنى 14 قىسىمغا بۆلۈپ، ھەر بىر قىسىم سودىغا بىردىن مىرزا - كاتىپنى ئىگە قىلدى. كىم مەسئۇل بولغان ئىشتىن مەسىلە كۆرۈلسە ئاشۇ كىشىنى قاتتىق تەپتىش قىلدى.

چەت ئەلدىن ياكى ئىچكىرى جۇڭگودىن ھەتتا قەشقەر تەرەپلەردىن چولاڭ سودىگەرلەر يۆتكەپ كەلگەن ھەر قانداق مالنى ئاۋال تۇرى بويىچە تىزىملاپ دەپتەرگە ئالغۇزدى. ئۇنىڭ ئەسلى باھاسىنى ئېنىقلاپ، كىرا، باج ۋە باشقا ئىجتىمائىي چىقىملىرىنى ھېسابقا كىرگۈزۈپ نورمال باھا بېكىتتى. بۇنىڭ بىلەن سودىگەرلەرمۇ نارازى بولمىدى، ئىستېمالچىلارمۇ زىيانغا ئۇچرىمىدى.

توپ ئېلىپ پارچىلاپ ساتىدىغان ھەتتالارغىمۇ ئوتتۇرا باھا توختىتىپ بېرىپ، پارچە سېتىش ئارقىلىق ئالىدىغان پايدىسىنى مۇقىملاشتۇرۇپ بەردى.

چەرچىن - ئۇششاق مال، خام ماللارنى باشقۇرۇشتا باھانى تېخىمۇ تىزگىنلىدى.

پىششىقلاپ ئىشلەنگەن يېمەك - ئىچمەك، گۆش - تائاملارنىڭ مىقدارى، تەننەرخى قاتارلىقلارنىمۇ ھەر كۈنى تەكشۈرگۈزدى.

چىلاڭ دارىن باھاغا مەسئۇل ئون نەقىپ بەگ بەلگىلەپ، ئىككى نەقىپ بەگنى شەھەرنىڭ نەرخى - ناۋاسىغا، سەككىز نەقىپ بەگنى سەككىز يېزا بازىرىنىڭ نەرخى - ناۋاسىغا مەسئۇل قىلدى.

ئاشپەز، ناۋاي، كاۋاپچى ... قاتارلىقلارنىڭ جىڭ - تارازىلىرىنىڭ ئادىل - ئادىل ئەمەسلىكى، خام يېمەكلىكنى پىششىقلاپ سېتىش جەريانىدىكى ئەسلى تەننەرخ بىلەن ئەمەلىي باھا پەرقىنى ھېسابلاپ نان، گۆش، كاۋاپ ... لارغا «جىڭى مانچە پۇل، دانىسى مانچە پۇل بولىدۇ» دەپ مۇقىم باھا تۇرغۇزدى. ئەگەر كىمكى جىڭ-

ئاتىلىدۇ) 80 مولۇق بىر باغ بىنا قىلدۇرۇپ ئەتراپىنى ئىھاتىلىگەنىدى. بۇ باغقا ئوسما تېرىتىپ، ئوسمىنى ئورىغاندىن كېيىن پىششىقلاپ ئىشلەپ نىل (بىر خىل بوياق ماتېرىيالى) چىقىرىپ ساتتۇرۇپ نۇرغۇن كىرىم قىلاتتى.

شېكەر قىيامى كىرىمى: ئۇ ناۋاغدىكى بىغى ئىچىگە شېكەر قونىقى تېرىتىپ، شېكەر ئىشلەپچىقىرىمەن دېگەن بولسىمۇ، شېكەر چىقىرالماي، سۈيۈق قىيامىدىن ھەر تۈرلۈك مۇراببا سالدۇرۇپ، يۇرت بايلىرىنىڭ ئۆيىگە تارقىتىپ، بازار - بازارلاردا سېتىپ نۇرغۇن تاپاۋەت قىلغانىدى.

مەن يامۇلدىكى تۇرسۇن بېگىمنىڭ ئۆز ئېغىزىدىن «چىلەك دارىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 15 مىڭ سەر تەڭگىدىن ئاشىدۇ» دېگەن سۆزىنى ئاڭلىغانىدىم...

## چىلەك دارىنىڭ «ئاجايىپخانا» بەرپا قىلدۇرغانلىقى

چىلەك دارىن شورۋاغ يېزىسىدا (ھازىرقى شورۋاغ كەنت بىغى ئورنىدا) بىر باغ ئەھيا قىلىپ، بۇ باغقا خوتەندە بارلىكى ھەر خىل مېۋىلىك ۋە مېۋىسىز دەرەخلەرنى سالدۇرۇپ كۆكلەتكەندىن باشقا، يەنە چىنار قاتارلىق زىنىنەت دەرەخلىرىنى، ھەر خىل گۈل نۇسخىلىرىنى يۆتكەپ كېلىپ، باغ ئىچىنى ناھايىتى گۈزەل قىلغانىدى. كېيىنكى يىلى ئۇ ئىككى مو كەلگۈدەك بىر كۆل چاپتۇرۇپ، كۆلگە ئىچكىرىدىن لەنخۇا گۈلى ئەكەلدۇرۇپ سالدۇردى. ھەر خىل ئۆي قۇشلىرى، ياۋايى - ئەتىۋار قۇشلار، چارپايلاردىن ئېيىق، بۆرە، ئەسرۇ، شىر، بۇغا، ئۇنىڭدىن باشقا تۈلكە، مايمۇن، مارال، كېيىك، مولۇن، قۇلان، ياۋا تۆگە...قاتارلىقلارنى يەنە قارچۇغا، لاچىن، شۇڭقار، قۇرغۇي، ھاڭغىرت، ئۇقا، قىرغاۋۇل، كەكلىك، ئۇلا، چۇمچۇق، شاتۇتى، توز ۋە ئاجايىپ رەڭدار قۇشقاچ، پاختەك، چوڭ خوراز... قاتارلىقلارنى پەيدا قىلدى. خوتەنلىكلەر بۇ باغنى ئىستىراھەت قىلغىلى ھەم ھايۋانات، قۇشلارنى كۆرگىلى يىراق- يىراقلاردىن كەلدى. گۈزەل ۋە ساپ ھاۋالىق باغ ۋە «ئاجايىپخانا «يىلبويى قىزىپ تۇردى. بۇ يەرنىڭ كىرىمىمۇ چىلەك دارىنىڭ بايلىقىنى كۆپەيتىۋەتتى.

# ماخوسەننىڭ خوتەندىكى زوراۋانلىقى ۋە مەغلۇبىيىتى

1934 - يىلى 4 - ئايدا شىڭ شىسەي تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغان ماجۇڭيىڭ قوشۇنلىرى قەشقەر، خوتەن تەرەپلەرگە كېلىپ بۆلۈنمە ھاكىمىيەت قۇرۇشنى پىلانلىدى ھەمدە قەشقەر يېڭىشەھەرنى ئىگىلىدى. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلىنىڭ كېلىشتۈرۈشى بىلەن مارالۋېشى، قاغىلىق، گۇما، خوتەن، لوپ، كېرىيە، چەرچەن، پىچان قاتارلىق توققۇز ناھىيە ماجۇڭيىڭنىڭ 36 - دىۋىزىيىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولىدۇ، دەپ بەلگىلەندى.

ماجۇڭيىڭ ماخوسەننى ئىككى ئاتلىق ئەسكەر، بىر توپچى قىسىملار دىۋىزىيىسىنى باشلاپ خوتەنگە يۈرۈش قىلىشقا بۇيرۇق قىلدى. بۇ قوشۇن 1934 - يىلى 6 - ئاينىڭ 13 - كۈنى تاڭ سەھەردە قاراقاشنىڭ زاۋا يېزىسىغا يېتىپ كەلدى. ئۇلار ناھايىتى تېزلىكتە يۇقىرىقى ناھىيە-رايونلارنى ئىگىلىگەندىن كېيىن قوشۇننى توققۇز ئاتلىق ئەسكەر بىرىگادىسى، ئىككى پىيادە ئەسكەرلەر بىرىگادىسى، تۆت بىۋاسىتە پولك قىلىپ تەشكىللەپ، ماخوسەننى بىرىنچى مۇئاۋىن دىۋىزىيە باشلىقى، ماشىشۇن بىلەن ياڭ جىڭجۇڭنى مۇئاۋىن دىۋىزىيە باشلىقى قىلىپ تەيىنلىدى. خوتەن خەلقىنىڭ دوزاخ ئازابى كۈنلىرى يەنە باشلاندى. قولىدا ھوقۇق، ئىمتىياز ۋە تۆمۈرنىڭ سۇنۇقىمۇ بولمىغان بىگۇناھ خەلق قاتمۇقات زۇلۇم ئۇستىگە يەنە زامان - زامانلاردىن بېرى كۆرمىگەن ۋەھشىيلىكلەرنى كۆردى. سەۋەبسىز كاللا كېسىش، زىندانغا تاشلاش، ئوت قويۇپ خانىۋەيران قىلىش، بۇلاپ - تالاش خەلقنى ھالىدىن كەتكۈزدى. خەلق زۇلۇم-كۈلپەت، ئازاب - ئوقۇبەت ئىچىدە قان يىغلىدى. تۇل خوتۇن، يېتىم - يېسىرلار كۈندىن - كۈنگە كۆپەيدى. ھەممە يەرنى يىغا - زار، قان ھىدى قاپلىدى. تالاي ياشلار ئاتا - ئانا، ئىسسىق ماكانىنى تاشلاپ، چۆل - باياۋانلاردا سەرگەردان بولۇپ كەتتى. تالاي كىشىلەرنىڭ

سەرنى كەم تۇتسا، ناننى چوڭ ـ كىچىك ياقسا، ئاۋامنى ساختا قىلسا بۇنداق ئادەملەرنى بوينىغا جىڭ ـ تارازىنى، گۆش، نانلىرىنى ئېسىپ سازايى ـ ئىبرەت قىلدۇرغاچقا، بازار باھاسى مۇقىملىشىپ، نەرخى-ناۋا بىر خىل تەرىزدە تۇردى؛ بۇلا ئەمەس، ھەتتا خوتەندىكى سەرراپ، زەرگەرلەرنى قاتتىق تىزگىنلەپ جەۋاھىر، ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرنى قەتئىي مۇقىم باھادا تۇتتى.

(«يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ 1989 ـ يىللىق 4 ـ سانىدىن ئېلىندى)

## ۋېيساگوم مەڭگۈ تېشى

ۋېيساگوم (585 — 658) تاڭ سۇلالىسىنىڭ سەركەردىسى. ئۇدۇن (قەدىمكى خوتەن) لىكلەرنىڭ پۇشتى بولۇپ، ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسىدە تۇغۇلغان. لى شىمىنىڭ ھوقۇق تارتىشىلىشىغا زور كۈچ چىقارغان. شۇڭا لەشكىرى ساھىب، تۇتۇقبەگلىك مەنسىپكە تەيىنلەنگەن. خەنزۇچە ھۆرمەت نامى «يۈچى جىڭدى 迟敬德» دەپ ئاتالغان.

ۋېيساگوم ۋاپات بولۇپ بىر يىل بولغاندا يەنى 659 ـ يىلى جىڭزۇڭ خاننىڭ ئەمرى بىلەن ئۇنىڭغا ئاتاپ بىر مەڭگۈ تاش ئورنىتىلغان. تاشنىڭ مەتنى خەنزۇچە خەتنىڭ كەيشۇ شەكلى بىلەن 41 قۇر قىلىپ، ھەر قۇرىغا 78 دىن خەت ئويۇلغان. مەڭگۈ تاشنىڭ ئۈستۈنكى تەرىپىدە ۋېيساگوم نامىغا ئاتاپ تىكلەنگەن مەڭگۈ تاش ئىكەنلىكى ھەققىدە خەنزۇچە 16 خەت بار. مەڭگۈ تاشنىڭ مەتنى، ئاساسەن ئۆچۈپ كېتەيلا دەپ قالغان. ھازىر500 دەك خەتنى تونۇپ ئوقۇغىلى بولىدۇ. بۇ مەڭگۈ تاش ھازىر شەنشى (陕西) ئۆلكىسىنىڭ لىچۈەن ناھىيىسىدىكى تاڭ سۇلالىسىنىڭ خان جەممەتى قەبرىستانلىقىدا ساقلىنىۋاتىدۇ.

— ئۆمەرجان نۇرى تەييارلىغان.

بىلەن شۇغۇللانغۇچى تىجارەتچىلەردىن يىغىۋېلىنىدىغان راسخوت بولۇپ، ئاساسەن پۇل بىلەن بېجىرىلىدۇ.
3) ئۆشرە — مۇسۇلمانچىلىق قائىدىسى بويىچە تاپقان پايدا ياكى ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتنىڭ ئوندىن بىر قىسمىنى تاپشۇرۇش (ئۆشرە — ئاجىز - ئورۇق، مېيىپ، يېتىم - يېسىرلارغا بېرىلىدىغان ھەق بولسىمۇ، ماخوسەن قوشۇنلىرى بۇنىمۇ سېلىق قاتارىدا يىغىۋالغان).
4) چۆرۈمە ئاشلىق — ئىگىلىگەن يەرنىڭ ئاز - كۆپلۈكىگە قاراپ كېلىدىغان كۇندىلىك چۆرۈمە ئاشلىق بولۇپ، قوشۇن ئاتلىرىنىڭ بوغۇزى ئۈچۈن ئىشلىتىلەتتى.
5) ئەسكەرلەرنىڭ تەمىناتى ئۈچۈن گۆرۈچ، بۇغداي، كەندىر (بۇنى كۇندىلىك يىغىۋالىدۇ).
6) قوشۇن ئاتلىرى ئۈچۈن ئارپا، كېپەك، پىچان، سامان.
7) ماخوسەن قوشۇنلىرىنىڭ ئۆز تورمۇشى ئۈچۈن كۇندىلىك ئوتۇن.
8) ئەسكەرلەرنىڭ كىيىم-كېچەكى ئۈچۈن خام، تالىما، بۆز، چەكمەن، پاختا يىپ ...
9) ئۆزلىرىنىڭ ئاياغ كىيىملىرى، جەڭ ئاتلىرىنىڭ جابدۇقلىرى ئۈچۈن كۆن، خۇرۇم، چەم، تېرە، تاسما قاتارلىقلار.
10) ياتاق خۇرجۇنى قىلىش ئۈچۈن يۇڭ يىپ، بۆز يىپ سېلىق قويغان. يەنى ھەر بىر ئەسكەرگە بىردىن مەروزى گىلەم (زىلچا) خۇرجۇن تەييارلانغان. بۇنى توقۇشقا گىلەمچى، خالۋاپلارنى يىغىۋالغان.
11) تۆمۈر، مىس، چۆيۈن، قوغۇشۇن، قەلەي، تۇچ، پولات سېلىقى قويۇپ، ئاتلىرى ئۈچۈن يۇگەن، تاقا ياساتقان، ئۇنىڭدىن سىرت قىلىچ، كۆكەي، مىشەك، بومبا ياساشقا ئىشلەتكەن.
12) ئادەم ۋە ئات - ئۇلاغلىرىنى باغلاش، ئادەملەرنى ئېسىش ئۈچۈن ئارغامچا، چىگە.
13) ئەسكەرلىرىگە ئاشلىق، ئاتلىرىغا سامان، بوغاز توشۇش ئۈچۈن تاغار، خۇرجۇن، خالتا قاتارلىقلار.
14) يېيىش ۋە مىنىش، يۈك توشۇش ئۈچۈن ئات (بۇ ئاتلار ھەر قايسى ليەنلەردىكى قىرى، كېسەلمەن، كۆچىدىن قالغان ئورۇق ئاتلارنىڭ ئورنىغا ئالماشتۇرۇلىدىغان بولغانلىقتىن، رىڭى ئېنىق،

جەسىتى قاغا - قۇزغۇنلارغا يەم بولدى. خەلق، چىش تىرنىقىغىچە قوراللانغان ماخۇسەن قوشۇنلىرىنىڭ قىرغىن قىلىشى، يەنە بىر تەرەپتىن يەرلىك بەگ - دورغىلارنىڭ قاتمۇقات ئېكسپىلاتاتسىيىسى ئاستىدا ۋەيران بولۇپ، خوتەن رايونى بىر مەھەل چۆلدەرەپ قالدى.

ئاشۇ قىسقىغىنا قاباھەتلىك يىللاردىكى ۋەقەلەردىن تۆۋەندىكىلەرنى بايان قىلىمىز:

## 1. خەلق ئۈستىدىكى ئالۋان-سېلىقلار

ماخوسەن قوشۇنلىرى خوتەنگە كەلگەندىن كېيىن ھەممە يەرنى ئەنسىزچىلىك، ئۆلۈم ۋەھىمىسى قاپلاپ كەتتى. كىشىلەر قورقۇپ كۈندۈزلىرى تالا-تۈزگە چىقالماس، بازارچىلار، تىجارەتچىلەر يۈرەكلىك سودا-سېتىق قىلالماس بولۇپ قالدى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ماخوسەن قوشۇنلىرى يەرلىك بەگلەرنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن بارلىق ھۈنەر ئىگىلىرىنى، خەلقنىڭ قولىدىكى خام - تالىما، بۆز چەكمەنلەرنى① يىغدۇردى. خام - تالىما، بۆز چەكمەنلەرنى نىل رەڭدە بويىتىپ، ماخوسەن قوشۇنلىرىنىڭ كىيىمى ۋە ئاتلىرىنىڭ تۆش تارتقۇلىرىنى (كەڭلىكى 30 سانتىمېتر، قېلىنلىقى سەككىز قات قىلىپ سېرىلغان) تىكتۈردى. بارلىق تۆمۈرچىلەرنى يىغىپ، ئاتلار ئۈچۈن تاقا، ئۈزەڭگە، ھالقا ياساتتى. بۇ چاغدا ھۈنەرۋەنلەر بارلىق دەسمايە، كىرىمىدىن ئايرىلىپ، ئاققا چىقىپ كەتتى. قوشۇن ئاتلىرى رەڭ ئايرىمىسى بويىچە ھەر قايسى لېيەنلەرگە بۆلۈنگەنلىكى ئۈچۈن، ئاتلارغا لازىملىق ئىگەر-جابدۇق، قوشتان، قوشقۇن، يۈگەنلەرنىڭ ئوخشاش بولۇشى تەلەپ قىلىناتتى. بۇنداق مىساللار كۆپ.

تۆۋەندىكىلەر ماخوسەن قوشۇنلىرى خەلققە قويغان ئالۋان - سېيىسىنىڭ تۈرلىرى:

1) غەزەللە — يەرگە قويۇلىدىغان ئاساسلىق باج بولۇپ، بۇ ئاساسەن ئاشلىق بىلەن بېجىرىلىدۇ.

2) باج — تۈرلۈك ھۈنەر - سانائەت، ئېلىم - سېتىم ئىشلىرى

---

① بۆز چەكمەن - ئاياللار يىپنى ناھايىتى ئىنچىكە ئىگىرىپ، ئىككىنى بىر ئورۇش تولاپ بولغاندىن كېيىن يەنە ئورۇش قىلىپ، ئاقىغىنىمۇ تولاغ قىلىپ تالايدۇ، بۇنچىلەر كەڭلىكى 50-60 سانتىمېتر قىلىپ توقۇيدۇ، بۇ ھازىرقى خادانى، دىكاغا ئوخشاش ناھايىتى چىلاق، پەتلىك، سۇپەتلىك رەخت بولىدۇ. بۇنى ئەينى چاغدا بايلارلا ئىستېمال قىلالايتتى.

ئىشلەتكەن:
خارات، سۇۋاقچى، سەيپۇڭ (ماشىنىچى)، كىگىزچى، جۇۋىچى، موزدۇز، تۆمۈرچى، ساتىراش، ئاشپەز، ناۋاي، مىسكەر، بوزچى، بوياقچى، تورچى، ئاتقۇچى، بورىچى، كۆن ساندۇقچى، خالۋاپ، تەلپەكساز، ساراچ، نوقتىچى، سوپۇنچى، سىۋەتچى، ئىگەرچى، يىكچى، ئاياق-قوشۇقچى، زەگەر، توقامچى، زەيچى، ئەلگەكچى، شاخارچى، قەغەزچى، ياغنوچى، قازانچى، تاشچى، تۈگمەنچى، تۇزچى، خەيجاڭ، پوتىچى (بەلگە باغلايدىغان پوتا)، گىلەمچى، يىپەكچى، شايىچى قاتارلىق ھۈنەرۋەنلەرنى يىغىپ، يىللاپ ھەقسىز ئىشلەتكەن. ماخوسەن قوشۇنلىرى يۇقىرىقى ئالۋان - سېلىقنى ۋاقتىدا بىرەلمىگەن پۇقرالارنى، مەھسۇلات سان - سۈپىتى ئۆلچەمگە يەتمىگەن قول - ھۈنەرۋەنلەرنى خۇددى قاسساپ قوينى ئاسقاندەك ئېسىپ ئۇرغان، 10 - 20 ئادەمنى قاتارسىغا ئېسىۋېتىپ، چوڭلۇقى كەتمەن سېپىدەك ھۆل تاياقنى بىر كىچە - كۈندۈز سۇغا چىلاپ قويۇپ، ئاسقانلارنى نۆۋەت بىلەن قاتتىق ئۇرۇپ، زەخىملەندۈرگەن، تاياق زەربىسىدىن پۇت - قولى لەختە - لەختە چىقىلغان نۇرغۇن ھۈنەرۋەنلەرنى زەمبىل بىلەن ئېلىپ چىقىپ كەتكەن. بۇنداقلارنىڭ بەزىلىرى ئۆمۈرۋايەت ناكار بولۇپ، تۇرمۇشىنى قامدىيالماي، ئالەمدىن ئۆتكەن.

مەسىلەن، چىرا ناھىيە بازىرىدا ئولتۇرۇشلۇق بىر ھۈنەرۋەن نەزەربەنت ئاستىدا بىر نەچچە ئاي ئىشلىگەن بولسىمۇ، خوتۇن - بالاچاقىلىرىدىن ئايرىلىپ قاتتىق ئازابلانغان. ئائىلىسى نامرات، باللىرى ئۇششاق، ئايالى ئىككى قات بولغانلىقتىن، بالا - چاقىسىنى بالىلىرى ئۇششاق، ئايالى ئىككى قات بولغانلىقتىن، بالا - چاقىسىنى كۆرۈۋېلىشنى ئىلتىماس قىلغان. ماخوسەن ئەمەلدارلىرى ئۇنىڭ بۇ ئىلتىماسىنى ماقۇل كۆرۈش ئۇياقتا تۇرسۇن، تاياق - توقماقنى، تىل- ھاقارەتنى كۆپەيتكەن، ئاشلىق نورمىسىنى قىسقان، ھەتتا باشقا قول ھۈنەرۋەنلەر ئىشتىن بوشىغاندىمۇ، تىنماي ئىشلەشكە مەجبۇرلانغان. ئاخىر ئۇ خوتۇنىنىڭ يەڭگىش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى ئاڭلاپ، نېمە بولسا بولسۇن، خوتۇنۇم بىلەن باللارنى كۆرۈۋالاي دېگەن نىيەت بىلەن ئۇستىخانىدىن قاچقان. بۇنىڭ بىلەن ئەسكەرلەرنىڭ بىر بېنى ئۇنى قوغلاپ ئۆيىدىن تۇتقان. ئۇ «ئايالىم يەڭگىش ئالدىدا تۇرۇپتۇ، بىر نەچچە كۈن ئۆيۈمدە ھۈنەر قىلغاچ، ئۇنى كۈتۈۋالسام»، بالا تۇغۇلسا يۈزىنى كۆرۈۋېلىپلا ئۇستىخانىغا

ئاختا قىلىنغان، ياش ئات بولۇش تەلەپ قىلىنغان)، كالا، تۆگە - تايلاق، قوي، ئۆچكە، ئېشەك، قېچىر قاتارلىقلار.

15) ماخوسەن قوشۇنلىرى ئۆزى يېيىش ئۈچۈن قوي، توخۇ، ئۆردەك، كەپتەر، باچكا، تۇخۇ توخۇمى ۋە ئۆردەك تۇخۇمى.

16) تۇرمۇشتا لازىمەت قىلىش ئۈچۈن چىنە، قاچا، لىگەن، پەتنۇس، چەينەك، چۆمۈچ، قوشۇق (كويزا)، مەش-كاناي.

17) خېمىر يۇغۇرۇش ۋە سەي توغراش ئۈچۈن كاساڭ، دۇشە، ئاياق قاتارلىقلار.

18) ئاتلىرىنى جابدۇشقا ئىگەر، يۈگەن، پۇشتاڭ، نوقتا، ئۈزەڭگە ياساشقا كېتەرلىك ماتېرىيال ۋە ئۇستا ساراچلارنى يىغقان.

19) ئاتلىرىنى سەمىرىتىشكە پىت، ئايالللارنىڭ چېچى، كىرپە گۆشى، توخۇ تۇخۇمى، قارا چاي (قارا چاينى خىشلىرى بىلەن چولڭ قازانغا تاشلاپ، قاپقارا تارتقۇنى چىقىرىپ، سوۋۇتۇپ، ئاتلىرىنى سۇغىراتتى). ھەممىدىن قەبىھ بولغىنى، ئاتلارغا ئادەم گۆشىنى چاناپ، كېپەك ئېلىشتۇرۇپ بېرىش ئىدى. بۇنداق قىلغاندا، بىرىنچىدىن ئاتلار تېز سەمىرەتتى؛ ئىككىنچىدىن، ئاتلارنىڭ پىسخىكىسىدىمۇ ئۆزگىرىش بولۇپ، جەڭ ئاتلىرى خۇددى ئىگىسىگە ئوخشاشلا ياۋۇز، جەڭدىن قايتمايدىغان، ئادەم قېنىنى پۇرىغان ھامان ئۆزىنى ئاتىدىغان قەبىھ ھايۋانغا ئايلىناتتى.

20) ئاياغ كىيىمى تىكىش ۋە ئات - ئۇلاغلىرىغا سايمان تەييارلاش ئۈچۈن جىگدە يىلىمى، ئۆرۈك يىلىمى، مولغوي يىغقان.

21) جوۋا قىلىپ كىيىش، ياقىلىق، تۇماق ئۈچۈن مولۇن، سۇلەيسۇن، داۋغان، تۈلكە قاتارلىق چۆل ھايۋانلىرىنىڭ تېرىسى.

بىر كۈندە دېھقانلاردىن يىغىۋالىدىغان ئالۋان - ياساقنىڭ تۈرى ھەتتا 36 خىلدىن ئاشقانىدى. يۇقىرىقى ئالۋان - سەيسىلەردىن سىرت، ماخوسەن قوشۇنلىرى تۈرلۈك ھۈنەرۋەنلەرنى تۇتۇپ، مەجبۇرىي ئىشقا سېلىش ئارقىلىق ئازابلايتتى. ھۈنەرۋەنلەر ئايلاپ، يىللاپ ئائىلە، بالا - چاقىلىرىدىن ئايرىلىپ ئىشلەيتتى. ئۇلار ئاش-تاماقسىز، قىيىن - قىستاق، تاياق - توقماق ئاستىدا زۇلۇمدىن بىزار بولۇپ، «ئۆز ھۈنىرىمىز ئۆزىمىزگە دۈشمەن بولدى» دېيىشكەن. بۇلاردىن بىرمۇنچىلىرى يۇرتنى تاشلاپ، يىراق يۇرتلارغا قېچىپ كېتىشكەن. ماخوسەن قوشۇنلىرى ئۆزلىرىگە جىددىي كېرەكلىك بولغان تۆۋەندىكى تۈرلەردىكى ھۈنەرۋەنلەرنى تۇتقۇن قىلىپ

قوشۇنلىرى ئۇچۇن جان تىكىپ ئىشلەش ئارقىلىق، ئۆزىنى قۇتقۇزۇپ قېلىشنى مەقسەت قىلاتتى. بۇ مەقسەت پەقەت بىگۇناھ خەلقنىڭ قان-يېشى بەدىلىگىلا ئىمكان تاپاتتى. بۇلار ھەر قايسى يېزا - كەنتلەر، بازار ئاھالىسىدىن غەللە - پاراق يىغىپ، ماخوسەن قوشۇنلىرىغا يەتكۈزۈپ بېرەتتى ھەم ئارىلىقتىن ئۆزىمۇ پايدا ئالاتتى. مەسىلەن، ئۇلار لىيەنجاڭلارنىڭ بۇيرۇقى دېگەن نام ئاستىدا، ھەر بىر ئۆيگە 100 جىڭدىن سامان، ياكى پىچان، تۇخۇم، گۆش ياكى قوناق ئالۋان قوياتتى. يىغىپ بولغاندىن كېيىن ماخوسەن قوشۇنلىرىغا تاپشۇرۇش ھېسابىغا، ئۆزلىرىمۇ نەپ ئالاتتى. ماخوسەن قوشۇنلىرى «بۇ نەرسىلەر ئازكەن دېسە، پۇقرالار بەرمىدى ياكى تولۇق تاپشۇرمىدى» دەپ، گۇناھنى يەنىلا خەلققە ئارتىپ قوياتتى.

پۇقرالار ئالۋان - سەيسىنىڭ كۆپلۈكىدىن ياشاشقا ئامالسىز قالغان. بولۇپمۇ دېھقانلار، سودا - سانائەتچىلەرنىڭ كۈنى ئېغىرلاشقانىدى. ئالدىدا ئۇلارنىڭ قولىدا بار ئاشلىق، مال - مۈلۈكلەرنىڭ ھەممىسىنى ماخوسەن قوشۇنلىرى بۇلاپ تۈگەتكەن. ئېشىپ قالغانلىرىنىمۇ دورغىلار ئالۋان - سەيسە قويۇپ ئېلىپ كەتكەن. كىشىلەر كەندىر، كۈنجۈرىنى سوقۇپ، يۇمشىتىپ، كېپەككە ئوخشاش بىر خىل ھالەتكە كەلتۈرگەن. يېرىم چارەك قوناق ئۇنى تاپالىسا، ئۇنىڭغا يېرىم چارەك كۈنجۈر ئارىلاشتۇرۇپ، شۇنىڭدا نان يېقىپ يېگەن. بۇنداق ناننىمۇ تاپالمىغانلار يېگەن، تاپالمىغانلار ياز كۈنلىرى ئۈجمە تۈۋىدە كۆمۈلۈپ قالغان قارا ئۈجمە، قاغا جىگدىسىنى تاتىلاپ يېگەن. كېپەك، چامغۇر، كاۋا، كۈنجۈرلەرنى كۆزىگە سۈرتۈپ يېگەن. ھەتتا بەزى تۇل خوتۇنلار ماخوسەن قوشۇنلىرىنىڭ ئاتلىرى ماڭغان يوللاردىكى، مەشق مەيدانلىرىدىكى تېزەكلەرنى تېرىپ، ئات تېزىكى ئارىسىدىن پۈتۈن چىققان قوناقنى ئىلغىۋېلىپ، يۇيۇپ، پىشۇرۇپ يېگەن. مۇشۇ مەزگىللەردە نۇرغۇن كىشىلەر ۋە نارەسىدە باللار ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كەتكەن، قۇرۇپ قاقشالغا ئايلىنىپ قالغان مەزلۇم ئانىلار بەدىنىدە سۈت بولمىغانلىقتىن، باللارنىڭ ئېغىزىغا ئەمچەك سېلىشتىن قورققان. بازار، رەستىلەردە ئادەم يوق، ھەممە نەرسىنى ماخوسەن قوشۇنلىرى بۇلاپ تۈگەتكەن، ھەممە يەرنى دەشتى - قىيامەتنىڭ سۈرلۈك ۋەھىمىسى قاپلىغان، بازار، ئۆي - ماكانلار قارا قۇيۇننىڭ ماكانىغا ئايلانغانىدى. ئالۋان - ياساق، بۇلاڭ - تالاڭ دەستىدىن قول - ئىلكى

قايتسام» دەپ، قايتا - قايتا يىغلىغان. بىراق، ئۇلارنىڭ بەنجىگى قىلىچنى قىنىدىن سۇغۇرۇپ ئېلىپ، ئايالىنىڭ قورسىقىنى يېرىۋەتكەن. ئىككى قات ئايالىنىڭ قورسىقىدىكى ئۇچەي - باغرى ۋە تۇغۇلۇش ئالدىدا تۇرغان بوۋاق يەرگە چۈشكەن، نەتىجىدە، ئانا - بالا ھەر ئىككىلىسى دۇنيا بىلەن ۋىدالاشقان. ئالۋان - سەيسىگە تۇتۇلغان بىگۇناھ ئۇستىنىڭ بېشىغا كەلگەن بۇ مۇسىبەت، بۇ زۇلۇم، بۇ قان- ياشلىق تارىخ ھەققەتەن كىشىنى ئېچىندۇرىدۇ. خەلق ئالۋان - سېلىق ھەققىدە مۇنداق نەزمە قوشقان:

*زۇلۇم قىلدى رەھىم قىلماي يول باشلا دەپ لەڭگەرگىچە،*
*ئات سېلىپ، قوغلاپ ئۇرۇپ شۇنداق كېچە تاڭ ئاتقۇچە.*
*ئۆشرە دەپ ئالدى يىغىپ، بۇغداي، قوناق، پۇرچاققىچە،*
*ئالدى يەنە قويماي چالا، قازان - چۆمۈچ قاپاققىچە.*
*تىبرە - كۆرپە، كۆن - خورۇم نوقتا ئەتكىلى موزدوزغىچە،*
*شال - ياغاچ، بورا يىغىپ، ئۆي ئەتكىلى خاراتقىچە.*
...............
*دوبەن پاشىشا كىشى بۇيرۇپ، ئىنزدەپ يۈرۈپ چارلىدى.*
*غېرىبلىقتا ئۆلگەنلەردىن نەچچە ئادەم ئەدىدى.*
...............

خەلق ئالۋان - سېلىق تۆلەشتە، پەقەت ماخوسەن قوشۇنلىرىنىڭ دەھشەتلىك ئېزىشىگە ئۇچراپلا قالماي، يەرلىك بەگ - ئەمەلدارلارنىڭمۇ قاتمۇقات زۇلمىغا ئۇچرايتتى. بولۇپمۇ دورغىلار، قان سۈمۈرگۈچى زۇلۇككە ئوخشاش خەلقنى زار قاقشىتاتتى. ئەينى چاغدا ياشلار ئىچىدىكى ئىككى خىل كىشىلەرلا ماخوسەن قوشۇنلىرىغا ئەسكەرلىككە تۇتۇلمايتتى. بىرى، ماخوسەن قوشۇنلىرى ئاچقان شۆتاڭ مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى. ئۇلار ياش، قاۋۇل بولسىمۇ بازارلاردا ئوقۇغۇچىلىق سالاھىيىتى بىلەن ئەركىن يۈرۈۋېرەتتى. يەنە بىرى دورغىلار. بۇلار ئاساسەن لۈزۇڭلارغا پۇل، ئالتۇن - كۈمۈش بېرىپ دورغا بولۇۋالاتتى. چۈنكى بۇلارمۇ ئەسكەرلىككە تۇتۇلۇشتىن قۇتۇلۇپ قالاتتى. ۋاھالەنكى، مەيلى ئوقۇغۇچىلار بولسۇن، ياكى دورغىلار بولسۇن ئۇلارنىڭ ئاساسلىقى بەگ - ئەمەلدارلار، يۇرت چوڭلىرى، زېمىندار، بايلارنىڭ بالىلىرى بولغانلىقتىن، ماخوسەن

يۈز بېشىغا بېرىدۇ. بۇ چاغدا يۈز بېشى زىيادە تۇتقان باللارنى قويۇپ بېرىدۇ. قالغان 60 ئەسكەرنى شائخيۇغا ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ. باللىرى باغلانغان ئاتا - ئانىلار ئامالسىز قالىدۇ. يۇرت - مەھەللە ئىچى قىيا- چىياغا تولىدۇ. بېشى چۈشكەن، يۈزىدە قان يوق، باغلانغان ياشلارنى جالالاتلار ئالدىغا سېلىپ ماڭغاندا، نۇرغۇن ئاتا - ئانىلار ئايلىنىپ، هوشىدىن كەتكەن. شائخيۇ سارىيىغا يالاپ مېڭىلغان باللىرىنى كۆرگەن بەزى ئاتا - ئانىلار بۇ دەھشەتلىك مەنزىرىدىن سارالڭ بولغان، «ئاھ، بالام» دەپ يىقىلىپ قالغان يېرىدە قېتىپ، نەپەستىن قالغان. بەگنىڭ قاماقخانىسىغا سولانغان ياشلارنىڭ كېلىدىن غىزا ئۆتمىگەن، ئۇيقۇدىن، خاتىرجەملىكتىن مەھرۇم بولغان، ئەركىنلىك، ئازادلىقنىڭ نېمىلىكىنى پەقەت شۇ چاغدىلا چۈشىنىپ يەتكەن.

مەسىلەن، ماخوسەن قوشۇنلىرىنىڭ 7 - بىرىگادىسى چېرىغا كەلگەندە پەقەت ئەسكەر، ئەمەلدار، ئاخۇن، مەتە، ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىدىن بولۇپ 2000 ئادەملا بار ئىدى. ئۇلار چىرىغا كېلىپلا 15 ياشتىن 40 ياشقىچە بولغان ياشلارنى تۇتۇپ، ئەسكىري سانىنى بىر ھەسسە كۆپەيتتى. ئۇلار ئۇچرىغانلا ياشلارنى تۇتاتتى، چاچ - ساقىلىنى چۈشۈرۈپ، كىيىم - كېچەكنى سالدۇرۇۋېتىپ، ئەسكەرچە كىيىندۇرەتتى. ئۇلار شىڭلىسىنى يۇدۇپ ماڭاتتى. ھەر بىر ئەسكەرنىڭ يېنىدا تۆمۈرچىلەر سوققان قىلىچ بار ئىدى. بۇ قىلىچنىڭ كاللىسى تەرىپى كەپكۈرىباش، سېپى تەرەپ ئىنچىكە بولۇپ، قېپى بار ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ھەر بىر ئەسكەردە ئىككىدىن گىرانات، بىر مىلتىق بار ئىدى. ياشلارنى ئەسكەرلىككە تۇتۇپ، ماخوسەن ئەسكەرلىرىنىڭ كىيىمىنى كىيدۈرگەندىن كېيىن ھەر قانداق ئادەم ئۆزىنىڭ بالىسىنىمۇ تونۇيالمايتتى. يېڭى ئەسكەرلەر رەتلىنىپ بولغاندىن كېيىن ھەر قايسى لىيەنلەرگە بۆلۈۋېتىلەتتى.

شۇ يىللىرى نۇرغۇن ياشلار ئەسكەرلىككە تۇتۇلۇپ قالماسلىق ئۈچۈن يەر ئاستى گەمىلەردە، ساندۇقلاردا ۋە ئۆڭكۈرلەردە يوشۇرۇنۇپ كۈن ئۆتكۈزدى. نۇرغۇنلىرى چۆل - باياۋانلارغا، توغراقلىقلارغا، تاغ - قاپتاللارغا قېچىپ كەتتى. ئىمكانىيەت تاپالىغانلىرى ياقا يۇرتلارغا قېچىپ بېرىپ جېنىنى قۇتقۇزدى. چۈنكى ئەسكەرلىككە تۇتۇلغانلار خورلىنىپ، ھەر خىل كېسەل ۋە تاياق، زۇلۇم دەستىدىن ھەر كۈنى دېگۈدەك بىرنەچچىسى ئۆلۈپ كېتەتتى ياكى ئۆمۈرلۈك مېيىپ بولۇپ قالاتتى.

ئۆزۈنراق كىشىلەر مال ـ مۈلۈك، ئۆي ـ بىساتىدىن، زېمىندارلار يەرلىرىدىن ئايرىلسا، نامرات، يۆلەنچۈكى يوق ئاجىز پۇقرالار، تۇل خوتۇن، يېتىم ـ يېسىرلار، غېرىب ـ غۇرۋالار ئالۋان ـ سەيسىنى ۋاقتىدا تۆلىيەلمەي ئىسسىق جېنىنى سېلىپ بېرىشكە مەجبۇر بولغان.

## 2. خەلقتىن ئەسكەر تۇتۇش

ئەسكەر تۇتۇش ماخوسەنىنىڭ خەلققە زۇلۇم سېلىش، مال ـ مۈلۈك، ئالتۇن ـ كۈمۈش بۇلاشتىكى يەنە بىر ۋەھشىيىتى. ئەسكەر ئېلىشتا، ئاۋۋال سىجاڭ ياكى لۈيجاڭدىن يەرلىك بەگلەرگە بۇيرۇق چۈشۈرۈلىدۇ. بىر باسقۇچتا، بىر يېزا ياكى بىر ناھىيىدىن 1000 ئەسكەر ئېلىش ئۇقتۇرۇلىدۇ. بىر يېزىدا بەش شاڭيۇ ياكى بەش بەگ بولسا، ھەر بىرىگە 200 دىن ئەسكەر تەقسىملىنىدۇ. لېكىن، ھاكىم بەگ ياكى يېزا بېگى يۇقىرىدىن چۈشۈرۈلگەن مىڭ ئەسكەرگە يەنە مىڭنى قوشۇپ، ھەر بىر شاڭيۇغا 400 دىن ئەسكەر ئېلىش يارلىقى چۈشۈرىدۇ ۋە شاڭيۇلارغا بەرگەن بۇيرۇقتا: «سىزگە 400 ئەسكەر تەقسىملىدىم، 200 نەپىرى كەمبەغەللەردىن، 200 نەپىرى بايلاردىن ئېلىنسۇن» دەپ يازىدۇ. بۇيرۇقنى بۇنداق يېزىشتىكى مەقسەت، كەمبەغەللەردىن ئېلىنىدىغان 200 ئەسكەر ئاساسىي ئەسكەر بولۇپ، باي ئائىلىلەردىن تۇتۇلىدىغان 200 ئەسكەر بايلىق يىغىشنى مەقسەت قىلىدۇ. يەنى، بايلارنىڭ باللىرى لۈيبۇ ياكى يامۇلغا 5 ـ 6 كۈن سولاپ قويۇلۇپ، ئاتا ـ ئانىسىدىن پارا ئېلىنغاندىن كېيىن بىر ـ بىرلەپ قويۇپ بېرىلىدۇ.

رايونغا يامۇلنىڭ بۇيرۇقى چاقماق تېزلىكىدە يېتىپ كېلىدۇ. شاڭيۇ ئۆز تەۋەسىدىكى 400 ئەسكەرنى ئون بېشى، يۈز بېشىلارغا چاچىدۇ. ھەر بىر ئون بېشى، يۈز بېشىغا 40 تىن ئەسكەر تەقسىملىنىدىغان بولسا، 60 ئەسكەر تۇتۇشقا بۇيرۇق قىلىدۇ. يۈز بېشى يەنە 20 نى قوشۇپ 80 نەپەر ياشنى ئەسكەرلىككە تۇتىدۇ. تۇتۇلغان ياشلارنى قول ـ پۇتىنى باغلاپ، بىر مۇزلۇق ئۆيگە سولايدۇ. نەتىجىدە بىر يۈز بېشىنىڭ تەۋەسىدە 80 ئائىلىنىڭ بېشىغا قايغۇ ـ ئەلەم چۈشىدۇ. ئاتا ـ ئانىلار «ئاھ بالام، ۋاي بالام!» دەپ يىغلىشىپ، ياخشى مال، ياخشى قوي، گىلەم، ئالتۇن-كۈمۈشلەرنى

خورلۇق ئىلىپ كەلدى. مەسىلەن:
چىرا گولاخمالىق ئىدرىس هاجىم يالغۇز بالا بولۇپ، بەش قېتىم ئەسكەرلىككە تۇتۇلغان. ئۇنىڭ دادىسى باي، پۇلدار بولغاچقا ئالتۇن-كۈمۈش تۆلەپ قۇتقۇزۇۋالغان. كېيىن ئالتۇن - كۈمۈش، يەر، مال-مۈلۈكلەر قۇرۇقدىلىش هالىتىگە بېرىپ قالغاندا، يۇرتنى تاشلاپ چىقىپ كەتمەكچى بولغان. يەنى ئۆيدىكى ئالتە جان ئادەمدىن ئۈچ ئادەمگە هەرەمگە بېرىش رەسمىيىتى بېجىرىپ (ئەلچەتتە بۇمۇ ماخوسەن قوشۇنلىرىغا نۇرغۇن پارە بەرگەندىن كېيىن رۇخسەت ئالالىغان) بېرىلگەن. ئات - ئۇلاغلارغا ساندۇقلارنى ئارتىپ، ئىدرىس هاجىم قاتارلىق ئۈچ كىشىنى ساندۇققا سولاپ، قېچىپ كەتكەن. تاكى گۇمىنىڭ سانجۇ دېگەن يېرىگىچە ئۈچ كىشى ساندۇقتا يوشۇرۇنغان. بۇ ئارىدا ئۇلار ئەمەلدار گاۋسىلىڭغا ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ 15 تۇياق يارام ئات، 15 ـ 20 مىڭ يۈەن قىممىتىدە مال - مۈلۈك، ئالتۇن-كۈمۈش پارە بېرىپمۇ، يەنىلا «ئەسكەر تۇتۇش» ئاسارىتىدىن قۇتۇلالمىغان. 14 ئاي بولغاندا، ئۇلار هەرەمدىن قايتتى. ئۇلار يولغا چىققاندا پۇل بولغاچقا، ئات - ئۇلاغلىرى بىلەن بىمالال يول يۈرەلىگەن، تۇرمۇشىنىمۇ قەدىر ئەھۋال ئورۇنلاشتۇرغان، كېلىشتە، كەشمىردىن توپتوغرا 61 كۈندە خوتەنگە يېتىپ كەلگەن. چۈنكى بۇ چاغدا نە قاتناش، نە ئات - ئۇلاغ يوق، يەيدىغىنى، ئىچىدىغىنى، كىيىدىغىنى تۈگەپ، پەقەت ئالتە جانلا ئامان قالغان. تىلەپ يەيلى دېسە، نە كەنت، ئۆي، ئادەم يوق، قاقىر چۆللۈكتە تىلىگۈدەك هېچنەرسە يوق. دەسلىپىدە ئەمدىلا 15 ياشقا كىرگەن ئىدرىس هاجىمنىڭ پاقالچەكلىرى ئىششىپ، ماڭالماي قالغان، كېيىن تېڭىۋېتىلگەنلىكى ئۈچۈن، 18 ئايلىق كەشمىر ۋە هەرەم سەپىرىدە پىيادە مېڭىشقا كۆنۈپ قالغان.

## 3. خەلقتىن تۇتقان ئەسكەرلەرنى مەشققە سېلىپ، جازالاش ئۇسۇللىرى

سانسىزلىغان ياشلارنىڭ بېشىغا كەلگەن هەربىي مەشق كىشىنىڭ ئەقلىگە سىغمايدىغان پاجىئەدىن ئىبارەت ئىدى. ماخوسەن قوشۇنلىرى قوللانغان مەشق ئۇسۇللىرى ئادەملەرنى هالاكەت دېڭىزىغا غەرق قىلىدىغان دولقۇن بولۇپ، بۇ خىل دولقۇن خەتەرلىك، قوپال،

نۇرغۇن ياشلار ئاتا - ئانىسىنى مەڭگۈ كۆرەلمەيتتى. ئەسكەرلىككە تۇتۇلغان باللارنى قاتار قىلىپ سىرتقا ئېلىپ چىقاتتى. بۇلار چىققاندا شېئىر ئوقۇپ ماڭاتتى. بازار رەستىدىن ئۆتكەندە، ئاتا- ئانىلىرى ئۇلارنى تونۇيالمايتتى. چۈنكى ھەممىسى ئوخشاش كىيىم، ئوخشاش قورال - ياراغ بىلەن چىقاتتى. سەپنىڭ ئالدىدا لىيەنجاڭ ماڭاتتى. ئوتتۇرىدا ۋە ئاخىرىدا بىردىن پەيجاڭ ماڭاتتى. ئون بەنجاڭ سەپنىڭ ئىككى ياقىسىدا ئارغامچا توساقتەك قورشاپ ماڭاتتى. ئەسكەرلەر تۆتتىن بىر رەت بولۇپ تىزىلاتتى. يېڭى ئەسكەرلەرنىڭ ساراي (لەڭزە) دەرۋازىسىدىن كىرىپ كېتىشى بار، قايتىپ چىقىشى يوق ئىدى. ساراي دەرۋازىسىدا ئىككى ئەسكەر كېچە - كۈندۈز پوست تۇراتتى. پوست ھەر ئىككى سائەتتە بىر قېتىم ئالمىشاتتى. سارايىنىڭ ئۆگزىسىدىمۇ بىر نەچچە يەردە پوست قويۇلغان، سارايىنىڭ ئالدى - كەينى، يان تەرەپلىرىدە ئايلانما پوست بار ئىدى. مۇبادا بىرەر ئەسكەر قاچىدىكەن، شۇئان ئۆلتۈرۈلەتتى.

ماخوسەن قوشۇنلىرى مەجبۇرىي ئەسكەر ئېلىش تۈزۈمىنى قاتتىق يۈرگۈزۈۋاتقان ئاشۇ كۈنلەردە، خەلق ئارىسىدا «ياشلار ئىچىدىكى توي قىلمىغان يىگىت - قىزلارنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ كېتىدىكەن، ئەگەر توي قىلغان بولسا، ئوغۇللارنى ئېلىپ كەتسىمۇ، قىزلارنى ئېلىپ كەتمەيدىكەن» دېگەن سۆز تارقىلىپ، ھەممە ئادەم يەتتە ياشتىن يۇقىرى قىز - ئوغۇللىرىنىڭ تويىنى ئۆتكۈزگەن، توي مەخپىي ۋە ئاددىيلا بولۇپ، پەقەت قولۇم - قوشنا، يېقىن تۇغقانلاردىن 7 - 8 كىشىنى يىغىپلا، نىكاھ قىلغان. بۇ ئىش ۋىلايەت تەۋەسىدە ئومۇملىشقا ئايلىنىپ، قىز ئىگىلىرى تەشەببۇسكار ئورۇنغا ئۆتۈپ، خېرىدار بولۇپ، ئوغۇل تەرەپنىڭ ئۆيىگە بارغان. بۇ قورقۇنچلۇق غەم - ئەندىشە، ۋەھىمىلىك كۈنلەرنى خەلق ئاممىسى «بالا غەلۋىسى» دەپ ئاتاشقان. شۇنداقتىمۇ ئوغۇللارنىڭ 15 تىن 40 ياشقىچە بولغانلىرىنى مەيلى ئۇ توي قىلسۇن ياكى قىلمىسۇن باغلاپ، تۇتۇپ كەتكەن. باشقا توي قىلغانلىرىمۇ يوشۇرۇنۇپ، پاسارلىقتىن چىقالمىغان.

ماخوسەن ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ئازاب - ئوقۇبەت چەكتىن ئاشتى. مەجبۇرىي ئەسكەر تۇتۇش ياش باللارغا نۇرغۇن پاجىئەلەرنى ئېلىپ كېلىپلا قالماي، ياشانغان ئەرلەر، ئاياللار ۋە ئېغىزىدىن سۈت پۇراپ تۇرىدىغان كىچىك باللارغىمۇ زور غەم - ئەندىشە، قاتتىق

قىلىچنى ئاجايىپ - غارايىپ، ئەقىل قوبۇل قىلالمايدىغان ئۇسۇلدا بىشىدىن ئايلاندۇراتتى. بۇ ۋاقىتتا، ئەتراپتىكى يىگىت ئەسكەرلەر غۇجمەكلىشىپ تۇرغانلىقتىن، ئۇنىڭ قىلىچى بۇنىڭغا، بۇنىڭكى ئۇنىڭغا تېگىپ، زەخىم يەيتتى. كىم زەخىملەنسە قىلىچنى ياخشى ئويناتمىغان ھېسابلىنىپ، 500 دەررە يەيتتى.

4) سىپىلگە چىقىش مەشقى. 200 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا بىر سېپىل ياسالغان بولۇپ، ئۇنىڭ بىر تەرىپى يەردىن ئېگىزگىچە پەقەت تاختايدىن ياسالغان، ئۇستىدىن ئاستىغا بىر ئارغامچا ساڭگىلاپ تۇراتتى. يىگىت ئەسكەرلەر ئاشۇ ئارغامچىغا ئېسىلىپ، سېپىل ئۇستىگە چىقاتتى. پۇتى تېيىلىپ كەتسە، ئالىقىنى سۇرۇلۇپ، قولى ئارغامچىدىن ئاجراپ كەتسە ياكى سېپىل ئۇستىگە چىقالمىسا، ئوخشاشلا 500 دەررە يەيتتى.

5) ئېگىزگە سەكرەش مەشقى. ئەسكەر ئىككى مېتىر ئېگىزلىكتىكى بىر تامدىن پۇتىنى تەگكۈزمەي ئۇياندىن بۇيانغا سەكرەيتتى. ئەگەر پۇتى تامغا تېگىپ قالسا ياكى سەكرىيەلمىسە 500 دەررە يەيتتى (بۇ خىل سەكرەشتە 100 ئەسكەرنىڭ 99 ى دەررە يەيتتى).

6) يىراققا سەكرەش مەشقى. بەش مېتىر كەڭلىكتە ئاكوپ كولاپ، ئىچىگە سۇ چىلاپ، يىگىت ئەسكەرلەرنى ئۇياقتىن بۇياققا سەكرىتەتتى. مۇبادا ئاتلاپ ئۆتۈپ كېتەلمەي قالسا، تېگىدىكى 10 مېتىر چوڭقۇرلۇققا شۇڭغۇپ ئۆلەتتى. ئۆلۈكنى ۋاقتىدا سۇزۇپ تۇرمىسا، قۇدۇقتىن سۇ تېشىپ كەتكەچكە ھەر كۈنى ئۆلگەنلەرنى بىر يانغا كۆمۈپ، ئۇستىدە ئەسكەرلەر مەشق ئوينايتتى (بۇ خىل ئۇسۇل خوتەن شەھەر ئىچىدە قوللىنىلغان).

7) ئۇزۇنغا يۈگۈرۈش. ئەسكەرلەر ھەر كۈنى تاڭ سەھەردىن تاكى ئاش ۋاقتىغىچە تۆت سائەت مىقدارى توختىماي يۈگرەيتتى. تېنى ئاجىزلار ئارقىدا قالسا، لېيەنجاڭ ئۇنىڭ كاللىسىنى ئالاتتى، شۇنداق بولغاچقا ھەر كۈنى پو - پو مەيدانىدا 3، 4 ئەسكەرنىڭ بېشى ۋە تېنى قانغا مىلىنىپ ياتاتتى. يۈگۈرۈپ، دېمى كېسىلگەن ئەسكەرلەر ئۆلۈكلەر ئەتراپىدا مەشق ئوينايتتى.

8) ئات چاپتۇرۇش مەشقى. بۇنىڭدا ئات ئۇستىدە ئۆرە تۇرۇپ ئات چاپتۇرۇپ كېتىۋېتىپ، مىلتىق ئاتقۇزاتتى. ئاتتىن يىقىلسا لېيەنجاڭ كاللىسىنى ئېلىشقا تەييار تۇراتتى.

مۇدھىش بولغانلىقى ئۈستىگە، ھەر بىر ياشنىڭ ئىچىنىشلىق تەقدىرىگە باغلانغان. ماھىيەتتە ئۇ ھەربىي مەشق بولماستىن، ياشلارغا ھالاكەت يولىنى تېگىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى، خالاس.

تۆۋەندە ئۇلار قوللانغان ھەربىي مەشق ئۇسۇللىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز:

1) گاڭزا ئويۇنى. بۇنىڭدا ئېگىزلىكى ئۈچ مېتر، كەڭلىكى بىر مېتر كېلىدىغان ئىككى تۈۋرۈككە بىر بالداقنى توغرا ئورنىتىپ، شۇ بالداققا يىگىگە ئەسكەرلەر ئېسىلىپ، 10 قېتىم ئالدىغا، 10 قېتىم كەينىگە موللاق ئاتىدۇ. بۇنداق ئۆرۈلۈشنىڭ ئورۇش قىلىش بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق ئىدى. ئۇ پەقەت ئەسكەرلەرنى قىيناشقا قىلىدىغان باھانە بولۇپ، نۇرغۇن ياش بالىلار ئۆرۈلۈۋاتقاندا قولى بالداقتىن ئاجراپ كېتىپ، بېشچىلا يىقىلىپ، بويىنى سۇناتتى. ساق قالغانلىرىنى «ياخشى ئۆرۈلمىدىڭ!» دەپ 100 - 200 نى ئۇرۇپ، ئۆلتۈرەتتى. قول ئاجراپ كەتسە، يىقىلىپ ئۆلىدىغانلىقىنى بىلگەن خەلق بالىلىرى ياخشى ئويناشقا قانچە كۈچىسىمۇ، بەربىر يىقىلىپ ئۆلۈشلەردىن خالىي بولالمىغانىدى.

2) مۇنار ئويۇنى (مەرىش رولى ئويۇنى دەپمۇ ئاتىلىدۇ). بۇنىڭدا 20 مېتر ئېگىزلىكتە بىر مۇنار ياسىلىپ شۇ مۇنار ئۈستىگە ئەسكەرنى چىقىرىپ، مۇنار لېۋىدە ئىككى ئەسكەر ئالىقان بىلەن يەرنى تىرەپ، پۇتون گەۋدىسىنى كۆتۈرۈپ، بېشى ئاستىن، پۇتى ئۈستۈن ھالەتتە بىر سائەت ئەتراپىدا تۇراتتى. ئاندىن شۇ 20 مېتر ئېگىزلىكتىن ئۆزىنى يەرگە تاشلايتتى. مۇنار ئاستىدا ھۆل قۇم دۆۋىلەنگەن بولۇپ، مۇنار ئۈستىدىن سەكرىگەن ئەسكەر پۇتى بىلەن ئۆرە چۈشسە، دەردىنى ئۆزى بىلىپ، ئورنىدىن تۇرالايتتى. ئىككى پۇتىدىن بۆلەك قايسى بىر ئەزاسى بالدۇر چۈشسە، ئورنىدىن تۇرالمايتتى. بېشى بالدۇر چۈشكەنلەر بويىنى سۇنۇپ تىن تارتماي ئۆلەتتى. يېنى چۈشكەنلەر قوۋۇرغىسى سۇنۇپ، چالا ئۆلۈك بولۇپ قالاتتى. بۇنداقلارنى ماخوسەن ئەمەلدارلىرى: «نېمە ئۈچۈن پۇتۇڭدا تىك چۈشمەيسەن!» دەپ دۇمبالايتتى نەتىجىدە ئۇمۇ ئۆلۈمگە مەھكۇم بولاتتى.

3) قىلىچ ئويۇنى. ئەسكەر ئىتتىك قىلىچنى مەيدانىغا ئېلىپ چىقىپ، بىر ئوڭغا، بىر سولغا، تېز ئايلاندۇراتتى (بىر قولدا). ئەگەر ياخشى ئايلاندۇرالمىسا تاياق يەيتتى. ئاندىن بىر دەم

بازىرىدىكى لەڭزىلەردىن قېچىپ چېپىلىپ كەتكەن ئەسكەرلەرنىڭ سانى 300 گە يېتىدۇ.

بىرەر ئەسكەرنىڭ قاچقانلىقى سېزىلگەن ھامان بەنجاڭ بىرىگادا شتاۋىغا خەۋەر قىلاتتى (بۇنىڭدىن سىرت جان ساقلاشنىڭ كويىغا كىرگەنلەرمۇ ھەر بىر بەندە تېپىلاتتى، ئۇلار ھامان «قولاق» بولۇپ ماخوسەن قوشۇنلىرى ئۈچۈن خىزمەت كۆرسىتەتتى). شۇئان 5، 6 سولدات قوراللىنىپ، ئاتلىق قوغلاپ چىقاتتى. قاچقان ئەسكەر چىققان پېتى بىرەر پىنھان جايغا ياكى ئادەمىزات يوق چۆل - جەزىرىگە كېتىۋالسا جېنى ئامان قالاتتى (بۇنداقلار ناھايىتى ئاز ئىدى). قاچقانلارنىڭ كۆپىنچىسى سامانلىقتا، كارىۋات ئاستىغا، تونۇرنىڭ ئىچىگە، ئۆگزە ياكى ئەمىلەرگە، ئات ئوقۇرىغا يوشۇرۇنغانلىقتىن، ماخوسەن قوشۇنلىرى ئۇلارنى ھېچ كۈچىمەيلا تېپىۋالاتتى - دە، باغلاپ، بىرىگادا شتابىغا ئېلىپ كېلەتتى. بۇنىڭ بىلەن بىرىگادا شتابىدىن ئورۇس كارنىيى (تولغىما كارناي) چېلىنغان ھامان، قوشۇن جايلاشقان 10 لەڭزىدىن 10 كارناي تەڭلا چېلىناتتى. بۇ خىل كارناي ئاۋازى خەلقنىڭ ئېچىغا چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن. بولۇپ ھەر قېتىم مۇشۇنداق كارناي چېلىنسا، بىر نەچچە ياشنىڭ كاللىسى ئېلىنىدىغانلىقىنى ئۇلار بەش قولدەك بىلىپ كەتكەنىدى. ھەر قايسى لەڭزىدىكى ئەسكەرلەر تىزىلىپ، پوپوغا يۈگۈرگەن پېتى بىرىگادا شتابىغا يىغىلاتتى. جازا مەيدانى شۇ يەردە بولۇپ، چېپىلىدىغان ئەسكەرلەرنى مۇشۇ يەردە چاپاتتى. بۇنىڭدىكى مەقسەت، ئەسكەرلەرگە ئىبرەت قىلىش، قېچىشنىڭ ئاقىۋىتىنى بىلدۈرۈش ئىدى. تۇتۇلغان ئەسكەرنىڭ قولى باغلاقلىق، كىيىملىـــرى سالدۇرۇلۇپ، يېرىم يالىڭاچ قىلىۋېتىلگەن. چاچلىق سولداتلار مايكا، كۇسارچان ھالدا پىرقىراپ، مەش ئويناپ چىقاتتى، چېپىلىدىغان ئەسكەر قانچە بولسا سولداتتىن شۇنچىسى قىلىچ ئوينىتىپ چىقاتتى. ئاندىن قىلىچ بىلەن ئارقا - ئارقىدىن بىر قانچىنى چاپايتتى.

قەشقەرلىك روزاخۇن دېگەن بىر بالا ئەسكەرلىككە تۇتۇلۇپ، خوتەنگە كېلىپ قالغان. دادىسى كىچىك چېغىدىلا ئۆلۈپ كېتىپ، ئۇنى ئانىسى بېقىپ چوڭ قىلغانىكەن. ئانىسى بىر قانچە قېتىم كەلگەن بولسىمۇ، روزاخۇن بىلەن كۆرۈشەلمەي قايتىپ كېتىپتۇ. ئاخىر بۇ بالا «ئانامنى كۆرۈپ كېلىمەن» دەپ قاچقان بولسىمۇ، يىراققا بارمايلا سولداتلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قاپتۇ. كېيىن سوچاڭ

9) ئات قوغلاش مەشقى. بۇنىڭدا چېپىپ كېتىۋاتقان ئاتنىڭ ئارقىسىدىن پىيادە قوغلاپ يېتىشىپ، ئوڭدىن مىنىپ سولدىن چۈشۈش، سولدىن مىنىپ ئوڭدىن چۈشۈش تەلەپ قىلىناتتى. ئومۇمەن ئادەم ئات بىلەن تەڭ يۈگۈرۈشى شەرت بولۇپ، ئەگەر ئاتنىڭ ئارقىسىدىن يېتىشەلمىسە ياكى توسۇپ قالالمىسا 500 دەررە بىلەن ھاياتىدىن ئايرىلاتتى.

10) ئات ئۈستى مەشقى. ئەسكەر بىر پۇتىنى ئىگەرگە ئىلىپ، گەۋدىسىنى يەرگە ساڭگىلىتىپ ئات چاپتۇراتتى. ئەگەر پۇتى ئۈزەڭگىدىن ئاجراپلا كەتسە ھاياتىدىن ئايرىلاتتى. چۈنكى، بۇنداق ئەسكەرگىمۇ 500 تاياق ياكى لېيەنجاڭنىڭ قانلىق قىلىچى تەييار ئىدى.

بۇ خىل مەشقلەر كۈنىگە ئۈچ قېتىم ئېلىپ بېرىلاتتى. ھەر كۈنى بىر نەچچە ئەسكەر مەشق داۋامىدا ھالاك بولاتتى. ئەسكەرلەر ئۆلۈپ، مېيىپ بولۇپ ئازلىغانسىرى، يەنە خەلقتىن ئەسكەر تۇتۇپ، تولۇقلىناتتى.

## 4. قاچقان ئەسكەرلەرنىڭ پاجىئەلىك ئاقىۋىتى

ماخوسەن قوشۇنلىرى ئادەملا ئەمەس، ئاتلارنىمۇ تولۇق كۆندۈرگەنىدى. ئات كۆندۈرۈشتىمۇ ناھايىتى قەبىھ ئۇسۇل قوللىناتتى. بىر لىيەن ئەسكەرنىڭ مىنىدىغان ئېتىنى كۆندۈرۈشتە بىر تال موما ياغىچىنى ئايلاندۇرۇپ، ئاتلارنى تەكشى قەدەم بېسىشقا كۆندۈرەتتى. «يات!» دېگەن بۇيرۇق چۈشۈشى بىلەن تەڭ، 100 ئات تەڭلا يېتىشاتتى. ئات ئۈستىدىكى ئەسكەر ئاتنىڭ يايلىسىدىن مىلتىقنى تەڭلەپ، ئۇرۇش ھالىتىدە تۇراتتى. يەنە بىر بۇيرۇق بىلەن ئاتلارنىڭ ھەممىسى تەڭلا ئورنىدىن تۇراتتى، ياندا تۇرغان ئەسكەر چەبدەسرەك بولۇپ، ئىگەرنىڭ ھالقىسىنى تۇتۇۋالمىسا، مىنەلمەيتتى. مەشققە كۆنمىگەن ئاتنىمۇ قاتتىق ئۇراتتى.

ئاتمۇ بۇ زۇلۇمغا باش ئەگكەن، ئىش كۆرمىگەن دېھقان باللىرى قانداقمۇ چىداپ ئۆتسۇن؟ ئەسكەرلەر زۇلۇمغا چىدىماي قاچسا ياكى ماخوسەن قوشۇنلىرىنىڭ بىرەر ئېغىز يامان گېپىنى قىلىپ قويسا «پاخا!» دېگەن بۇيرۇق بىلەن ئۇنداق ئەسكەرنى ياتقۇزۇپ، كالتەك بىلەن لوتىسىغا شور سوققاندەك سوقۇپ ئۇراتتى. مۇشۇنداق قىلىپ، نەچچە ئون ئەسكەرنىڭ پاچىقىنى چېقىۋەتكەنىدى. پەقەتلا چىر

200 گە يېتىدۇ. ماخوسەن قوشۇنلىرىنىڭ ئادەم گۆشىنى ئاتقا چاناپ بېرىشتەك ۋەھشىي قىلمىشى ئاتلارنى تېخىمۇ قاتتىق تەربىيىلەشنى مەقسەت قىلغان. ئاتلارغا ئادەم قېنى ئىچكۈزسە ياكى ئادەم گۆشى يېگۈزسە، جەڭدە ئاتلارنىڭ قېنى قايناپ، ۋەھشىيلىكى، ياۋايىلىقى ھەسسىلەپ كۈچىيىدىكەن. ئادەمدىن قورقمايدىكەن، ئەكسىچە، ئادەمگە گويا ۋەھشىي ھايۋاندەك تاشلىنىدىكەن. بۇنىڭدىن شۇنى قىياس قىلىش مۇمكىنكى، ماخوسەن قوشۇنلىرىنىڭ ۋەھشىيىتى، ئىنسان قېلىپىدىن چىققان قوپال خاراكتېرى ئۇلار يېتىشتۇرگەن ھايۋانلارغىمۇ سىڭىپ كەتكەن.

## 5. سەبىيلەر ۋە قىز-ئاياللارغا سالغان زۇلمى

ماخوسەن قوشۇنلىرىدىكى ئەمەلدارلارنىڭ كۆپچىلىكى ئائىلە تەۋەلىرىنى ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى بىرگە ئەگەشتۇرۇپ كەلگەن بولۇپ، ئۇلار ناھىيە، شەھەرلەردە خەلقنىڭ بىر قەدەر ياخشىراق بولغان ئۆيلىرىگە زورلۇق بىلەن ئورۇنلىشىۋالاتتى. ئۇلارغا ھېچقانداق نارازىلىق قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇلار خەلقنىڭ ئۆيلىرىدە زورلۇق بىلەن ئولتۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئۆي تازىلاش، ئېغىل تازىلاش، ئۇلاغلىرىنى سۇغىرىش ئوت - بېدە توغراش، ئوتۇن يېرىش، نەرسە-كېرەك توشۇش قاتارلىق ئائىلە ئەمگەكلىرىگە كوچىدا كېتىۋاتقان ئادەملەرنى مەيلى ئۇ ئەر - ئايال، ياش - قېرى بولسۇن تۇتۇپ كىرىپ كۈن بويى ئىشقا سالغاندىن تاشقىرى، ھەتتا ئىشنى ئوبدان قىلالمىدىڭ دەپ ئۇراتتى. ئەگەردە تۇتۇۋالغاندا نارازىلىق قىلىپ قارشىلىق قىلسا ياكى قېچىپ كېتىشكە ئۇرۇنسا، رەھىم قىلماي ئازابلايتتى.

ماخوسەن قوشۇنلىرى 15 ياشتىن يۇقىرى بولغان ياشلارنى مەجبۇرىي ئەسكەرلىككە تۇتقاننىڭ سىرتىدا، 15 ياشتىن تۆۋەن، 8 - 9 ياشتىن يۇقىرى ئۆسمۈر بالىلارنى پەيجاڭدىن يۇقىرى (پەيجاڭ بۇنىڭ ئىچىدە) ھەربىيلەر ۋە كويەندىن يۇقىرى مەمۇرىي ئەمەلدارلارنىڭ چايچىلىق خىزمىتىگە تۇتۇۋېلىپ (بۇلار «گاۋا» دەپ ئاتىلاتتى) ھەربىي كىيىم كەيگۈزۈپ شەخسىي خىزمىتىگە سالاتتى. يۇقىرى دەرىجىلىكلەر ئۈز دەرىجىسى بويىچە بىر قانچىنى ئىشلىتەتتى. ئۇ بالىلارنى كۈنبويى تۈرلۈك پارچە - پۇرات ئىشلارغا

دېگەن يەردە ئۇنى باغلاپ، پۈتۈن ئەسكەرلەرنىڭ ئالدىدا چاپتى. چېپىش بۇيرۇقى چۈشۈرۈلگەندە، جاللات «شا» دېگىنىچە، ئۇنىڭ بوينىغا بىر قىلىچ سالدى، بۇ چاغدا بويۇننىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىلا كېسىلگەن، يەنە بىرنى سالغاندا ئۈچتىن ئىككى قىسمى كېسىلگەن، ئۈچىنچى قىلىچنى ئۇرغاندا بويۇننىڭ سۆڭەك قىسمى كېسىلگەن، قالغان قىسمىنى ئالدى تەرەپتىن بوغۇزلاپ، بوينىنى ئۈزۈپ تاشلىغان. ھېلىقى بالىنىڭ كاللىسى ئۈزۈلۈپ بولغاندا، ئاغزى ماكىلداپ ئېچىلىپ، قۇلاقلىرى مىدىرلاپ، پۇت - قوللىرى بىر ئاز تىترەپ، ئاندىن جان ئۈزگەن.

يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك، ئەسكەرلىكتىن قېچىشنىڭ بىردىنبىر سەۋەبى ھەربىي مەشقنىڭ قەبىھلىكىدىن ئىدى. مەشقنى ياخشى قىلالمىغان، كۈچ - قۇۋۋىتى، تەن قابىلىيىتى تولۇق يېتىلمىگەن ئەسكەرلەرنى قاتتىق ئۇراتتى، تاياققا بەرداشلىق بېرەلمىگەن ياش بالىلار، ئاۋۋال «جان تىلەي، قان تىلەي، خۇدانىڭ ھەققى، سىلىنىڭ ھەققى...» دەپ يالۋۇراتتى. كەينىگە قايرىلغان قولى بارا - بارا قارىداپ، سەزمەس بولۇپ قالاتتى. بۇنداق تاياق زەربىسىدىن ئۆلگەنلەر ناھايىتى كۆپ، دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرگەن ئەسكەرلەرنىڭ جەسىتى 2 - 3 كۈن ئېسىقلىق تۇراتتى. ئاندىن مۇساپىر زاراتكاھلىقىغا ئېپكېلىپ، ئورا كولاپ، چامغۇر كۆمگەندەكلا كۆمۈۋېتەتتى.

ماخوسەن قوشۇنلىرىنىڭ ۋەھشىيلىكىنى سۆزلەپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. 93 ياشلىق تۇرسۇننىياز ئاكىنىڭ ئەسلىشىچە، ئەسكەرلىكتىن قاچقانلارنى قىلىچ بىلەن چېپىپ ئۆلتۈرۈش ئۇ چاغدا ئۆلۈمنىڭ ئەڭ ئاسىنى ھېسابلىناتتى. دارغا ئېسىش، قىيناپ ئۆلتۈرۈشتىن باشقا، جادۇغا بېسىپ، چاناپ، كېپەككە قوشۇپ ئاتلارغا بېرەتتى. تۇرسۇننىياز ئاخۇننىڭ ئىككى تۇغقان بىر ئىنىسى بولۇپ، ماخوسەن قوشۇنىغا ئەسكەرلىككە تۇتۇلغانىكەن، ئۇنىڭ بېشى يارا بولغانلىقتىن، ئۇنى «بېشىڭ سېسىق پۇرايدىكەن!» دەپ، ئاۋۋال بېشىنىڭ تېرىسىنى تەتۈر سويۇپتۇ، ئاندىن بىر چىنە لازىنى قان تەپچىرەپ تۇرغان باشقا چېچىپتۇ، ئارقىدىن جادۇغا بېسىپ، جەسىتىنى ئاتقا يېگۈزۈپتۇ (بۇ ۋەقەنى سۆزلىگۈچى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن).

يەنە شۇنداق جادۇغا بېسىپ، ئاتقا يېگۈزگەنلەر پەقەت چىرىندىلا

(يۇرۇڭقاش دەرياسى بىلەن قاراقاش دەرياسىنىڭ قوشۇلۇش ئورنى) دېگەن جايدا يەنە بىر گازارما قۇرۇپ بىر ۋىزۋوت ئەسكەر تۇرغۇزدى. ئۈچ گازارمىدىكى ئەسكەرنىڭ سانى 50 نەپەردىن ئاشاتتى. ئاران 6ـ5 مىڭدەك نوپۇسى، 12 مىڭ مو تېرىلغۇ يېرى بار ئىككى كىچىك يېزىدا بۇنچىۋىلا ئەسكەرنىڭ تۇرۇشى ۋە توختىماي ماددىي ئەشيا توپلىشى بۇ يۇرت خەلقىگە ئېغىر بالايىئاپەت ئېلىپ كەلدى. ئالۋان ـ ياساقنىڭ تۇرى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان، بېرىپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان دەرىجىگە يەتتى. ئۇ چاغدا 30 مو يەر بىر كەتمەننىڭ يەر ھېسابلىناتتى. ماخوسەن قوشۇنلىرى ھەر بىر كەتمەن يەرگە بىردىن ئەسكەر ئالۋان قويدى. بىر ئەسكەرنى 800 سەر كۈمۈش ھېسابلىدى. ماخوسەن ئەسكەرلىرى كۈندە دېگۈدەك قوراللىق كېلىپ، دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرىنى ئاختۇرۇپ، كىشىلەرنى ئۇرۇپ، باغلاپ، ئېسىپ قىينايتتى. بەگ، يۈز بېشى دېگەنلەرنى، ھەتتا ئەلەم، مۆيتى، قازىلارنىمۇ ئۇراتتى. تېخىمۇ ئەسەبىيلىشىپ ئاياللارنى ئاياغ ئاستى قىلاتتى. دېھقانلارنىڭ بارلىق تاپقان ـ تەرگىنىنى ماخوسەن ئەسكەرلىرىنىڭ بۇلاڭ ـ تالىڭىغا كېتىپ، كىيەك، كۆنجىرا قاتارلىقلارنى يېيىشكە مەجبۇر بولغان. ياشلار ئەسكەرلىككە تۇتۇلۇپ قېلىشتىن قورقۇپ، چۆل ـ جاڭگاللاردا يوشۇرۇنۇشقا مەجبۇر بولغان. ئومۇمەن، ئاشۇ يىللاردا تەۋەككۇل، ئىسلامئاباد خەلقى ئاچلىق ۋە تاياق ـ توقماق دەستىدىن نورمال كۈن ئۆتكۈزۈشكە ئامالسىز قالدى. نۇرغۇن كىشى يۇرت ـ ماكانىنى تاشلاپ ئاقسۇ، كۇچار تەرەپكە كېتىپ قالدى. لېكىن، بۇ چىقىش يولى ئەمەس ئىدى. «زۇلۇم قانچە بولسا، قارشىلىق شۇنچە بولىدۇ» دېيىلىدۇ كىتابلاردا. زۇلۇمغا، خورلۇققا چىدىمىغان تەۋەككۇل خەلقى ئاخىرى قوزغىلىپ ماخوسەن ئەسكەرلىرىگە قارشىلىق كۆرسەتتى. ئۇلار شاكىر ئاخۇن كۆك، ئابدىراخمان جىگدەك، ساۋۇر بوۋا، ئېلى ھاجى، مەتنىياز داخان، غوجەخمەت ئاخۇن غارال، مۇھەممەت چاناق قاتارلىق چېلىشچى ياشلارنىڭ تەشكىللىشى بىلەن 1935ـ يىلى 6ـ ئاينىڭ 6ـ كۈنى (پەيشەنبە) كېچىدە تەۋەككۇل ئازنا بازاردا تۇرۇشلۇق ماخوسەن ئەسكەرلىرىگە ھۇجۇم قىلدى. ماخوسەننىڭ ئىككى ئەسكىرى ئۆلتۈرۈلدى. تۆت ئەسكىرى ئەسىر ئېلىندى. ئۈچ ئەسكەر قېچىپ كەتتى. قوزغالغان ئامما دەرھال (تاڭ ئېتىشتىن ئىلگىرى) ئىسلامئاباتقا ئۆتۈپ، ئۇ يەردىكى ماخوسەن ئەسكەرلىرىگە ھۇجۇم

سالغاننىڭ سىرتىدا، ئاخشاملىرى پۇت - قول، بەدەنلىرىنى تۇتقىلى سالاتتى. ئەگەردە قىلغان ئىشلىرى كۆڭلىگە ياقمىسا ئۇراتتى. بەزى ئادەملەر ئوغۇل بالىلىرىنى بۇنداق زۇلۇمغا تۇتۇلۇپ قېلىشىدىن قاچۇرۇپ قىز بالىچە كىيىم كىيدۇرۈپ قويىدىغان ئەھۋالمۇ بولغان.

ماخۇسەن قوشۇنلىرىنىڭ ئەمەلدارلىرى كۆزىگە چىرايلىق كۆرۈنگەن خوتۇن - قىزلارغا باسقۇنچىلىق قىلىپ نومۇسىغا تېگەتتى. خەلق ئۆيلىرىگە ئورۇنلىشىۋالغان ئەمەلدارلار شۇ ئائىلىدە ياكى شۇ مەھەللىدە كۆزىگە چىرايلىق كۆرۈنگەن خوتۇن - قىزلارغا ھەر خىل ۋاستىلەر بىلەن باسقۇنچىلىق قىلاتتى.

مەسىلەن، چىرىدىكى 7 - بىرىگادا لۇيجاڭنىڭ جىڭ پۇگەن ۋە پۇگەن جۇرىن دەپ ئىككى مەھرىمى بار ئىدى. تۆمۈر ئاخۇن چاتاقنىڭ نىكاھىدا تۇرۇپ، ئۆلۈپ كەتكەن روزىخان سۇندۇكنى جىڭ پۇگەن مەجبۇرىي ئەمرىگە ئېلىۋېلىپ داۋۇت قارىھاجىمنىڭ ھويلىسىدا بىر ئۆي تۇتۇپ بېرىپ، شۇ يەردە ساقلىدى. جىڭ پۇگەن قاچقان ۋاقتىدا ئۇ ئايال چىرىدا قېپقالدى.

چىرا ناھىيىسىنىڭ ھازىرقى توخۇ بازىرىدا ××× ئىسىملىك بىر ئايال ئۇلارنىڭ قانداق ئاچچىقىنى كەلتۈرگىنى نامەلۇم، چەن لېنجاڭ بىر لېن ( 150 ) ئەسكەرنى باشلاپ كېلىپ، نۆۋەت بىلەن باسقۇنچىلىق قىلدۇرغان. بۇ ئايال كۆپ ئۆتمەي، كېسەل بىلەن قازا تاپقان.

## 6. تەۋەككۇل ھەم قاراڭغۇ تاغ ۋەقەسى

خوتەن شەھىرىدىن شىمالغا قاراپ، يۇرۇڭقاش دەرياسىنى بويلاپ 96 كىلومېتىر ماڭغاندا، تەكلىماكاننىڭ ئىچكىرىسىدىكى تەۋەككۇل دېگەن يېزىغا بارغىلى بولىدۇ. تەۋەككۇل يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ شەرقى تەرىپىگە جايلاشقان. دەريانىڭ غەربى تەرىپىدە ئىسلامئاباب دېگەن يېزا بار. ئىككى يېزا دەريا ئارقىلىق ئايرىلىپ تۇرىدۇ.

1934- يىلى كۈزدە ماخوسەن قوشۇنلىرى، ئاقسۇ تەرەپتىن كېلىدىغان خەۋپنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن تەۋەككۇل ۋە ئىسلامئاباتتا ئايرىم - ئايرىم ئىككى گازارما قۇرۇپ ئىككى بەن ئەسكەر تۇرغۇزدى. (ئۇ چاغدا تەۋەككۇل لوپ ناھىيىسىگە، ئىسلامئاباب ئىلچى ناھىيىسىگە قارايتتى). ئىسلامئاباتنىڭ ئايىغىدىكى قوشلاش

باشلىدى. ئىككى كۈن ئىچىدە 800 دىن ئارتۇقراق ئادەم تۇتۇلدى. ماخوسەن ئەسكەرلىرى تاھىر بەگنى «زىيۋازىنى سەن ئايرىغىن» دەپ بۇيرىدى. تاھىر بەگ ھەر بىر ئادەمنىڭ ئىسمىنى، لەقىمىنى سوراپ، چىرايىغا قاراپ: «ماۋۇ زىيۋازى»، «ماۋۇ ئاخۇن» دەپ ئايرىپ چىقتى. ئىگە - چاقىسى يوق، ئاجىز - بىچارىلەرنى «زىيۋازى» غا؛ جەددى - جەمەتلىك، ئىگە - چاقىلىق كىشىلەرنى «ئاخۇنغا» ئايرىدى. چۈنكى نەق سورۇندا قوزغىلاڭغا قاتناشقانلار بولمىغانلىقتىن، تاھىر بەگمۇ ئىلاجىسىز قالغانىدى. شۇنداق قىلىپ «ھالۋىنى ھېكىم، تاياقنى يېتىم يېدى». 96 ئادەم «زىيۋازى» دەپ ئايرىلىپ قاتار تۇرغۇزۇلۇپ، بىر بۇيرۇق بىلەنلا ھەممىسى چېپىپ تاشلاندى. قانلار سۇدەك ئاقتى. تەۋەككۇل ئاسمىنىنى ئاھ - پەرياد قاپلىدى. كېيىنكى ئىككى كۈندە ھەر كۈنى 12 نەپەردىن يەنە 24 ئادەم ئۆلتۈرۈلدى. تۇتۇلغان يېرىدە يەككە ئۆلتۈرۈلگەنلەر 13 ئادەم ئىدى. تۇتۇلغانلاردىن يەنە نىياز كالتەك قاتارلىق 12 ئادەمنى خوتەنگە يالاپ ئاچىقىپ ئۆلتۈردى. تەۋەككۇلدىن 145 نەپەر، ئىسلامئاباتتىن 64 نەپەر، جەمئىي 209 ئادەم ناھەق ئۆلتۈرۈلدى. خوتەنگە يالاپ ئاچىقىپ كەتكەنلەرگە يولدىن تۇتۇلغانلارنى قوشۇپ جەمئىي 36 ئادەمنى خوتەن شەھىرىنىڭ «سۇ دەرۋازىسى» نىڭ شەرقىدىكى، «سوچالىڭ» دا چېپىپ ئۆلتۈرگەنلىكى مەلۇم (مەرھۇم مۇھەممەتئىمىن توختىنىڭ «خوتەن تارىخىدىن ئەسلىمە» دېگەن كىتابىغا قارالسۇن).

بۇ قېتىمقى قىرغىنچىلىقنىڭ كومېدىيىلىك يېرى شۇكى: ماخوسەن باندىتلىرى ئۆزلىرى قىلغان قىرغىنچىلىقنى قانۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئاخۇنلارنى پەتىۋا چىقىرىپ بېرىشكە بۇيرىدى. تەۋەككۇلدا ئۆلتۈرۈلگەن 198 نەپەر ئادەمنى ئۆلتۈرۈشكە لوپلۇق مەمتىلى داموللام «ئۆزىنىڭ پادىشاھىغا يانغان ياغىيلارغا پادىشاھ ئۆلۈم ھۆكۈم قىلسا بولىدۇ» دەپ پەتىۋا چىقىرىپ بەردى. خوتەنگە يالاپ ئېپچىقىلىپ ئۆلتۈرۈلگەن 36 ئادەمگىمۇ باشقا مولىلارنىڭ پەتىۋا چىقىرىپ بەرگەنلىكى مەلۇم. ئۆزىنىڭ بىر جېنىنى ساقلاش ئۈچۈن يۈزلىگەن ئادەملەرنىڭ ئۆلۈمىگە پەتىۋا چىقىرىپ بەرگەن مۇنداق نائەھلى مولىلارنى نېمە دەيمىز؟ ئۆزىنىڭ بەگلىك ئورنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن بىگۇناھ ئادەملەرنى «زىيۋازى» ۋە «ئاخۇن» دەپ ئايرىپ بەرگەن تاھىر بەگنىڭ قىلىقى نېمىگە ھېساب؟ ئۇ مۇناپىقمۇ-ئەمەسمۇ؟

قىلدى. ئۇ يەردىمۇ ماخوسەننىڭ ئىككى ئەسكىرى ئۆلتۈرۈلدى. قالغانلىرى قېچىپ كەتتى. بۇ قېتىمقى قوزغىلىشقا قاتناشقان ئامما دەسلەپتە 400 نەپەردەك بولسىمۇ، ئەتىسى تاڭ ئاتقاندا 2000 دىن ئېشىپ كەتتى. خورلانغان خەلق ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي، ئەسىر ئېلىنغان ئەسكەرلەرگە تاشلىنىپ، ئۇلارنىڭ ئېغىز - بۇرنىغا سامان، پىچان، پاسارلارنى تىقىپ «سەن تويمىغان پىچان - سامان مۇشۇ، تويمۇۋال» دەپ پۇخادىن چىقتى.

ئەمما بۇ يىراق چۆلدىكى يالغۇز يېزا خەلقىنىڭ يەككە - يېگانە ھەرىكىتى ئىدى. باشقا يۇرتلارنىڭ ئاۋاز قوشۇشىغا ئېرىشەلمىگەنىدى. كىچىككىنە بىر يېزا خەلقى 8000 كىشىلىك مۇنتىزىم ئەسكىرى بولغان ماخوسەنگە قانداقمۇ تەڭ كېلەلىسۇن؟

قېچىپ چىققان ئەسكەرلەرنىڭ دوكىلاتىدىن تەۋەككۇل، ئىسلامئاباتلاردا قوزغىلاڭ بولغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان ماخوسەننىڭ خوتەندە تۇرۇشلۇق قىسىملىرىنىڭ بىرىگادا كوماندىرى ئاخۇن لۇيجاڭ تەۋەككۇل ۋە ئىسلامئاباتقا «تەۋەككۇللۇقلارنىڭ ئەرلىرى پۈتۈنلەي ئۆلتۈرۈلسۇن» دېگەن بۇيرۇق بىلەن ئىككى روتا ئەسكەر ئەۋەتتى. تەۋەككۇلغا ماڭغان روتا يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ شەرقى بىلەن، ئىسلامئاباتقا ماڭغان روتا يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ غەربى قىرغىقى بىلەن ئىلگىرىلىدى ۋە 6- ئاينىڭ 9- كۈنى (شەنبە) تەۋەككۇل ئىسلامئاباتلارغا يېتىپ باردى. ئۇلارنى تەۋەككۇلنىڭ بېگى تاھىر بەگ بىلەن ئىسلامئاباتنىڭ بېگى قاسىم بەگ كۈتۈۋالدى. بۇ چاغدا تاياق-توقماق ۋە قىزغىنلىققا تايىنىپلا قوزغالغان قوزغىلاڭچىلار مۇنتىزىم ئارمىيىگە تەڭ كېلەلمەسلىكىنى بىلىپ تارقىلىپ كەتتى. كۆپلىرى ئاقسۇغا قاچتى. قالغانلىرى چۆلدىكى توغراقلىقلارغا يوشۇرۇنۇۋالدى. يېزىدا پەقەت قېرىلار، ئاياللار ۋە باللارلا قالغانىدى. ماخوسەننىڭ ئەسكەرلىرى يېتىپ كېلىپ تاھىر بەگ بىلەن قاسىم بەگنى «زىيۋازى (ئوغرى) نى تاپ» دەپ قىستاشقا باشلىدى. تاھىر بەگنى چەمبەرچاس قىلىپ باغلاپ قىيىندى. تاھىر بەگ: «ھەر بىر كەنتتىن ئىككىدىن ئادەم تۇتۇپ، شۇلارنى ئىقرار قىلدۇرۇپ، قوزغىلاڭغا قاتناشقانلارنى تاپايلى» دەپ ئەقىل كۆرسەتتى. بۇنىڭ بىلەن تاھىر بەگ باغلاقتىن بوشىتىلدى ۋە 12 كەنتتىن 24 ئادەم تۇتۇلدى. ماخوسەن ئەسكەرلىرى ئۇلارنى ئالدىغا سېلىپ كەنتمۇكەنت، ئۆيمۇئۆي ئاختۇرۇپ، 16 ياشتىن 60 ياشقىچە بولغان ئەرلەرنى تۇتۇشقا

يارددەملەشكەنلەرنى جازالايمىز، پاش قىلىپ تۈتۈپ بەرگەنلەرنى مۇكاپاتلايمىز، دېگەنلەردىن ئىبارەت ئىدى. بۇ تەشۋىق ۋەرەقىلىرى دۇبەن شېڭ شىسەي، رەئىس خوجىنىياز هاجى دېگەن نام بىلەن يېزىلغانىدى. ماخوسەن قوشۇنلىرى ئۆزىنىڭ ئەجىلى توشۇپ قالغانلىقىنى بىلىپ، خوددى غالجىر ئىتتەك قېچىشقا باشلىدى. ئاردىن كۆپ ۋاقىت ئۆتمەيلا يېڭىشەهەر ھاۋا بوشلۇقىدا ئوت يالقۇنلىرى كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئىدارە-جەمئىيەت ۋە باشقا ھەر مىللەت خەلقلىرى زىچ ئولتۇراقلاشقان، سودىگەرلەرنىڭ دۇكانلىرى، ئاشپۇزۇل-ناۋايخانىلار زىچ جايلاشقان، ئۆز زامانىسىدە ناھايىتى چىرايلىق، رەتلىك رەستە كوچىلىرى بولغان يېڭىشەھەر ئىچى ئۈچ كېچە - كۈندۈز توختىماي كۆيدى. پەقەت ئەتراپىدىكى سېپىل تامدىن باشقا ھېچ نەرسە قالماي تۈپتۈز بىر قاقاسلىققا ئايلاندى. شەرقىي شىمال تەرىپىدىكى ئاشلىق ئامبىرى كۆيمەي ساق قالدى. ئۇنىڭ ساقلىنىپ قېلىشىغا باشقا ئۆي - ئىمارەتلەرگە تۇتاش بولمىغانلىقى سەۋەب بولدى. يەنە بىر تەرەپتىن مۇھەممەت شېرىپ مۇپتى، ھوشۇر نىياز مۇپتى ئاخۇنۇم قاتارلىق بىر نەچچە يۇرت ئاخۇنلىرى شەرقىي تۆمۈر دەرۋازا ئالدىغا چىقىپ ئامىنغا: «ئاشلىققا تەگمەڭلار، ئاشلىقنى ساقلاپ قالايلى، بىز سىلەرگە دۇئا قىلىپ رەخمەت ئوقۇيلى، چۈنكى كېلىدىغان ھۆكۈمەتنىڭمۇ ئەسكەرلىرى بار، ئۇلارغىمۇ ئاشلىق كېرەك. ئامبارغا يېقىن ئوتلارنى ئۆچۈرۈپ ئاشلىقنى مۇھاپىزەت قىلايلى» دەپ نەسىھەت قىلدى، شەھەردە بىر كېچە - كۈندۈز بۇلاڭ - تالاڭ بولدى. ماخوسەننىڭ كارخانىلىرىدىكى مىڭلىغان قول ھۈنەرۋەنلەرمۇ ئۆز كارخانىلىرىدىن قولىغا چىققاننى ئېلىپ ئۆز مەھەللىلىرىگە قېچىپ تارقاپ كېتىشتى. نەچچە ئاي ھەتتا يىل بويى ئائىلىسىگە بارالماي تۇرمىدىكى مەھبۇسلاردەك كۈن كەچۈرگەن ھۈنەرۋەنلەر بىراقلا ئازادلىققا چىقتى. خەلقنىڭ مال - مۈلكىنىڭ توشۇپ بولالمىغان بىر قىسمى كۆيۈپ كەتتى، ياكى ئولجىغا كەتتى. ماخوسەن قوشۇنلىرى بولسا، كۈندۈزى يېزا - قىشلاقلارغا تارقىلىپ يوشۇرۇنۇۋېلىپ، كېچىسى پەيدا بولۇپ خەلقنى (بايلارنى) بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ ئالتۇن، كۈمۈچ، پۇل (مال، يىپەك قاتارلىق يەڭگىل پۇللۇق ماللارنى) توپلاپ چەرچەن يولى بىلەن قېچىشقا باشلىدى.

شەھەر بولسا بەش كۈن ھۆكۈمەتسىز قالدى. بۇ چاغدا شەرىئەت

يۇقىرىقى قىرغىننىڭ قان ئىزلىرى تېخى قۇرىماي تۇرۇپلا قاراڭغۇ تاغدا تاغنىڭ ئەمەلدار بېگى خوجا ماخمۇت بەگ دېگەن كىشى، تاغدىكى چارۋىچى خەلقلەر بىر جىنازا نامىزىغا توپلانغاندا قوي، قوتاز ۋە نەقپۇل قاتارلىق ئالۋان تۆلەيسىلەر دەپ خەلقنى قىستايدۇ. ئاقتۇرسۇن موللا قاتارلىق ئادەملەر بىز جايلاپ بېرەيلى، ۋاقىتنى سەل- پەل ئۇزارتىپ بەرسىلە، دەپ تەلەپ قىلىدۇ. بەگ بولسا خەلقنىڭ تەلىپىگە قۇلاق سالماي، خەلقلەرنى ھاقارەتلەپ زورلۇق قىلىدۇ. ئىككى تەرەپ سۆز تالىشىپ جېدەللىشىدۇ. نەتىجىدە ئاقتۇرسۇن موللا باش بولۇپ بەگنى باغلاپ قويىدۇ. بۇ ئەھۋال ماخوسەنگە ئاڭلانغاندا، بۇ يەرگىمۇ ئەسكەر چىقىرىپ 130 ئائىلىگە ئىگە قاراڭغۇ تاغ كەنتىدە ۋەھشىيلەرچە قىرغىنچىلىق قىلىپ، ئاقتۇرسۇن موللا قاتارلىق يەتتە كىشىنى تۇتۇپ خوتەنگە ئەپكېلىدۇ. بۇ ئادەملەرنى ھازىرقى «گۇلۋاغ سودا مەركىزى» ئورنىدىكى كونا مال بازىرى دېگەن مەيداندا ئېتىپ ئۆلتۈرىدۇ. مەزكۇر يەتتە ئادەمنىڭ كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ يالىڭاچلاپ قولىنى ئارقىغا باغلاپ جازا مەيدانىغا كەلتۈرۈپ يۈكۈندۈرۈپ ئولتۇرغۇزىدۇ. ئۇلارنىڭ دۈمبىسى چاقپىلەك شەكلىدە داغلانغان بولۇپ، تۆمۈرنى قىزىتىپ ياققان ئورۇنلار قارىداپ كەتكەن. بۇ ئېچىنىشلىق ئەھۋالنى كۆرگەنلەر ھېلىمۇ ھايات. قاراڭغۇ تاغ ۋەقەسىمۇ ئەنە شۇنداق پاجىئەلىك ئاياغلاشقانىدى.

## 7. ماخوسەن قوشۇنلىرىنىڭ خوتەندىكى ئاخىرقى بۇلاڭ - تالىڭى ھەم مەغلۇبىيىتى

1937 - يىلى 10 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا خوتەن ئاسمىنىدا ئۈج ئايروپىلان پەيدا بولدى. بۇ ئايروپىلانلار بىر ئاز پەسلەپ ئۈچۈپ شەھەر ئەتراپىنى بىر قانچە قېتىم ئايلانغاندىن كېيىن يەنە يۇقىرى ئۆرلەپ، ماخوسەن قوشۇنلىرى جايلاشقان ئورۇنلارغا بىر قانچە بومب تاشلاپ كېتىپ قالدى. شۇ نۆۋەتتە يەنە بىر مۇنچە تەشۋىق ۋەرەقىلىرىمۇ تاشلىغانىدى. تەشۋىق ۋەرەقىلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئۇيغۇرچە بولۇپ، مەزمۇنى: ماخوسەن ئەسكەرلىرىنى ئۆيۈڭلەرد ساقلىماڭلار. نەرسە - كېرەك بەرمەڭلار ۋە ساتماڭلار، ئۇلارنى يوشۇرغان، ئوزۇق - تۈلۈك بىلەن تەمىنلىگەن ۋە يول كۆرسىتى

كەلگەن قىرغىز ئەسكەرلەرگە لازىملىق نەرسىلەرنى تەقلەپ بېرىشكە ئورۇنلاشتۇرغان. 6- رايون ئىشخانىسىدىكىلەر خوتەن، قاراقاش، لوپ قاتارلىق ناھىيە بازارلىرىغا بېرىپ، ماخوسەن تارقاتقان پۇلغا قىممەت باھادا كۈنىگە 100 جىڭ ئەتراپىدا كالا يېغى، 100 سىۋەت ئەتراپىدا تۇخۇم، 2ـ3 يۈز جىڭ ئەتراپىدا ئالما ئەكىلىپ بېرىپ تۇرغان.

ئارقىدىنلا چىڭ تەنپەييەن (ئەسلى ئىسمى جىڭ يۇجۇن) ئىسىملىك ماخوسەن ۋاقتىدا خوتەنگە ئەۋەتىلگەن كىشىنى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيلىقىغا بېكىتكەن، يەنە شۇنىڭ بىلەن بىللە خوتەنگە كەلگەن لىيۇ فامىلىلىك (ئەسلى ئىسمى يۇيىلىڭ) كىشىنى خوتەن ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىغا تەيىنلەپ ھەر قايسى ناھىيىلەرگىمۇ ھاكىم ئەۋەتكەن. ماشىڭگوينى سىجاڭلىققا بېكىتكەن. ئارىلىقتىن 1ـ2 ئاي ئۆتمەي سىجاڭ ماشىڭگوي، مۇئاۋىن سىجاڭ ماشۇن، چىڭ سىلىڭ، ۋاڭ سىلىڭ قاتارلىق 27 كىشىنى ساۋچاڭدا مەجلىس بار، دەپ ئېپكېلىپ، ئايروپىلانغا سېلىپ ئۈرۈمچىگە ئېپكەتكەن. بۇلار خوتەنگە قايتىپ كەلمىگەن. بۇ ھەقتە «شىنجاڭ تارىخي ماتېرىياللىرى» نىڭ 6 - توپلىمىدىكى جۇدوڭجياۋ يازغان «شېڭ شىسەينىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقى» دېگەن ماقالىسىنىڭ 73 - بېتىدە مۇنداق كۆرسىتىلگەن: «خوتەن ۋالىيسى جىڭ لىجۇەن باشلىق ھەر ساھە خەلقلىرىدىن 300 دىن ئارتۇق ئادەمنى قولغا ئېلىپ ئۈرۈمچىگە ئەپكەلدى. بۇلار شېڭ شىسەينىڭ ئۈرۈمچىدىكى تۈرمىلىرىدە تۈگەشكەن. خوتەندە ئەسىرگە چۈشكەن ماخوسەن قوشۇنلىرىنىڭ پەيجاڭدىن يۇقىرى دەرىجىدىكى ھەربىي ئەمەلدارلىرى بىلەن كۆپ ساندىكى ئەسكەرلىرىنى روسلار ۋە قىرغىز پولكى ئەسكەرلىرى ماشىنىلارغا بېسىپ قاراقاش ناھىيىسىنىڭ زاۋا دېگەن يېرىگە ئاپىرىپ، سىم بىلەن بوغۇپ توك قويۇپ بېرىپ ئۆلتۈرۈپ، قۇمغا كۆمۈپ تاشلىغان» .

1937 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، شېڭ شىسەي قوشۇنلىرى ماخوسەن قوشۇنلىرى ۋە يەرلىكتىن تۇتقان ئادەملەرنىڭ قولىدىن يىغىۋالغان ئالتۇن - كۈمۈش قاتارلىق مۇھىم نەرسىلەرنى ئالتە چاقلىق، 15 تونىلىق ماشىنىغا قاچىلاپ، خوتەن رايونىدىن ئەپكەتكەن. 1938 - يىلى 3 - ئايغا كەلگەندە پۈتۈن خوتەن ۋىلايىتى دائىرىسىدىكى ماخوسەن قوشۇنلىرىنىڭ قولىدىن يىغىۋالغان مىلتىق،

مەھكىمىسىنىڭ ئاخۇنلىرى شەھەرنىڭ بەزى ئىنتىزامىنى، مەسىلەن، يەرلىك لۈكچەكلەرنىڭ بۇلاڭچىلىقىدىن ساقلىنىش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلەپ شەھەر ئامانلىقىنى ساقلاپ قالدى. ھەر كۈنى خوتەننىڭ ھاۋا بوشلۇقىدا ئايروپىلان پەيدا بولۇپ، شەرققە قاراپ ئۇچۇپ ماخوسەننىڭ قاچقۇن قوشۇنلىرىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ، پىلىموتقا تۇتۇپ، كەچتە قايتىپ كېلىپ تۇردى. ئون نەچچە كۈن مۇشۇنداق قوغلاپ يوقىتىش نەتىجىسىدە ماخوسەن قوشۇنلىرى تارمار قىلىندى. يېڭى ھۆكۈمەت كېلىدۇ دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ ئاخۇنۇملارنىڭ باشچىلىقىدا شەھەر خەلقى ۋە ئوقۇغۇچىلار شورۋاغ يولىغا قارشى ئالغىلى چىقتى. ئالدىدا تانكا قىسىمىنىڭ 20 زەرەھلى ئاپتوموبىلى، ئارقىدىن 40 ئاپتوموبىللىق قىسىم (بۇلارنىڭ ھەممىسى رۇس ئەسكەرلەر)، ئاخىردا ئاتلىق قىسىم (قىرغىز ئەسكەرلەر) كېلىپ، ھازىرقى خوتەن شەھىرى كوئېنلۇن باغچىسىنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى قەدىمىي چوڭ مەيدانغا چۈشۈپ چېدىر تىكىپ ئورۇنلاشتى.

## 8. شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتىنىڭ خوتەننى ئىشغال قىلىشى

شېڭ شىسەي ئەسكەرلىرى ماخوسەننىڭ قاچقان ئەسكەرلىرىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ، لوپ بىلەن چىرا ناھىيىسىنىڭ ئارىلىقىغا جايلاشقان بەشتوغراقنىڭ سېپىي دېگەن سايدا ھاۋادىن ئايروپىلان بىلەن، يەردە پىلىموت بىلەن ئوققا تۇتۇپ كېرىيە، نىيە، چەرچەن ناھىيىلىرىگە قەدەر قوغلاپ بېرىپ تۆت مىڭغا يېقىن ئادەمنى ئۆلتۈرگەن. پەقەت مىڭغا يېقىن تۇڭگان ئەسكىرى شىزاڭ ئارقىلىق ھىندىستانغا قېچىپ كەتكەن. يەنە ئاز ساندىكىلىرى چەرچەن ئارقىلىق دۇڭخۇاڭغا قېچىپ كەتكەن.

شېڭ شىسەي ئەسكەرلىرى خوتەن شەھىرىنى ۋە باشقا ناھىيىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن شۇ ۋاقىتتىكى خوتەن ناھىيىسىنىڭ قورچاق خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئۇختۇرۇش چىقىرىپ، باللىماستىكى 6- رايون ئىشخانىسىنى ئەسلى ئورنىدىن باللىماستىكى ماۋت بەگنىڭ ئۆيىگە يۆتكەپ كېلىپ، باللىماستىقا چۈشكەن شېڭ شىسەي ئەسكەرلىرى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىدىن

خوتەن ناھىيىسىنىڭ بېگى يۇسۇپ بەگ، بالىسى ئوبۇلقاسىم بەگ، قۇربان بەگ قاتارلىق بەگلەرگە ئالتە ئاي ئىچىدە 200 خارەت (ياغاچچى) بىلەن 250 ئېغىزدىن ئارتۇق ئۆينى سېلىپ پۇتكۇزۇپ بولۇشقا بۇيرۇق قىلىغان. بۇنىڭ بىلەن بۇ بەگلەر خوتەن ناھىيىسىنىڭ سۇپا قاتارلىق جايلىرىدىن 200 دىن ئارتۇق خارەتنى يىغىپ ئىشقا كىرىشىپ بەلگىلەنگەن ۋاقىتتىن بۇرۇن پۇتكۇزۇپ ئۆتكۇزۇپ بەرگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن ھازىرقى خوتەن ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ ئورنىغا ئورۇنلاشقان «بىيەنجا دۇي» نىڭ ئىچىگە 50 نەچچە ئېغىز ئۆي سېلىشنى بەلگىلەنگەن. بۇنى كارىدورلۇق قىلىپ سېلىپ پۇتكۇزۇپ بەرگەن.

شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتىنىڭ خوتەندىكى بۇ قان ئىچەر قول چوماقلىرى 1938 - يىلى 3 - ئايدىن باشلاپ مەخپىي ئادەم تۇتۇش، ئۆلارنىڭ مال - مۈلكىنى بۇلاش، بولۇپمۇ ئالتۇن - كۈمۈشلىرىنى مۇسادىرە قىلىش، ئۆلتۈرۈش قاتارلىق ئىشلارنى ئېلىپ بارغان. ئۇلارنىڭ تۇتقان ئادەملىرى خوتەندە ئازراق نامى چىققان بايلار، سودىگەرلەر، دىنىي ساھەدىكىلەر ۋە ئەمەلدارلاردىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمىنى تۈرمىلەردە ئۆلتۈرۈپ، ئۆلۈكىنىمۇ بالا - چاقىلىرىغا بەرمەي كۆمۈپ تاشلىغان؛ يەنە بىر قىسمىنى ماشىنا بىلەن ئېپچىقىپ، قاراقاش ناھىيىسى بىلەن گۇما ناھىيىسىنىڭ ئارىلىقىدىكى زاۋا، قومات پاششىم قاتارلىق جايلارغا ئاپىرىپ سىم بىلەن بوغۇپ ئۆلتۈرۈپ، ئۇستىدىن ياغ چېچىپ ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋەتكەن؛ يەنە بىر قىسمىنى لوپ ناھىيىسى بىلەن چىرا ناھىيىسىنىڭ ئارىلىقىدىكى چۆلنىڭ دول يېزىسى تەرەپتىكى سايغا ئاپىرىپ يەنىلا سىم بىلەن بوغۇپ ئۆلتۈرۈپ، ئوت قويۇپ كۆيدۈرىۋەتكەن. مەسىلەن، خوتەن ناھىيىسىدىن توختاخۇن باي، خۇدا بەردى باي، قادىراخۇن باي، ئەخمەت خەلپىتاجىم، مەتشىرىپ مۇپتاخۇنۇم، ئەخمەت مۇپتاخۇنۇم، مەخسۇتخان مەخسۇم، سىيدۇللا ھاجىم، غۇلام قادىرخان ھاجىم، قۇربان مۇپتى، يۇسۇپ بەگ؛ قاغىلىق ناھىيىسىدىن ئوسمان بەگ، سىيدىنسا ئەپەندىم، مەگسۇرخان ھاجىم، كىبرەم ھاجىم، مەتكىبرەم ھاجىم؛ چىرىيە ناھىيىسىدىن مەتشىرىپ ئەلەم ئاخۇنۇم، سىلىم ئەلىماخۇنۇم، پاسار بەگ، غوجەخمەت بەگ، تاشپۇلات شەنجاڭ، توختاخۇن شەنجاڭ؛ لوپ ناھىيىسىدىن قاسىم بەگ پاتاڭ، مەتسىيت بەگ، قۇربانىياز ھاجىم؛

ئوق - دورا، زىلچە - گىلەم، خۇرجۇن - قاچا، كىيىم - كېچەك قاتارلىق ھەممە نەرسىلەرنى بالىماستىكى جىرىملىق دېگەن جايغا توپلىغان. بۇلاردىن ئات، قوي، ئۆچكە قاتارلىق 500 دىن ئارتۇق تىرىك چارۋىنى يەرلىكتىن ئادەم قوشماي قىرغىزلار ئۆزلىرى ھەيدەپ خوتەن رايونىدىن ئەپكەتكەن. قالغان ھەر خىل نەرسىلەرنى تەخمىنەن 10 مو كېلىدىغان يەرگە دۆۋىلەپ ئۈستىگە ياغ چېچىپ ئوت قويۇپ بەرگەن. بۇ نەرسىلەر شۇ جايدا ئۈچ كېچە - كۈندۈز كۆيگەن. بۇ جەرياندا بالىماسنى ناھايىتى قاتتىق باشقۇرغان. ھەتتا يولدىن ئۆتكەن كىشىلەر قاراپ سالسا ئۇلارنىمۇ ئۆلتۈرگەن. 1938 - يىلى 3 - ئايدىن كېيىن خوتەن شەھىرىدە «نىساۋىيىيۋەنخۇي» دېگەن تەشكىلى ئاپپارات قۇرۇلۇپ گوداباڭ دېگەن كىشىنى ئۇنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلىگەن.

1938 - يىلى كۈزگە كەلگەندە قەشقەردىن مەۋلانوپ تۈەنجاڭ باشچىلىقىدىكى بىر پولك قىرغىز ئەسكەرلىرى ئەسلىدىكى پولكنىڭ ئورنىغا كەلگەن. ئۇلار ھازىرقى خوتەن ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ ئورنىدىكى خۇدا بەردى ئەرمى دېگەن باينىڭ ئۆيىگە چۈشۈپ، ئۆزلىرىنى «چېگرا ساقلاش ئەترىتى» يەنى بيەنجادۈي دەپ ئاتاپ ئىش ئېلىپ بېرىشقا باشلىغان.

مەۋلانوپ باشچىلىقىدىكى «چېگرا ساقلاش ئەترىتى»، ئابدىراززاق باشچىلىقىدىكى گۇڭئەنجۈي خادىملىرىنىڭ بىر قىسمى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلىرىدىن كەلگەن كىشىلەر بولۇپ، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ھەر قايسى ناھىيىلىرىدىكى گۇڭئەنجۈيلەرگە جۇجاڭ، كېجاڭ بولغانلارمۇ بۇلار بىلەن بىللە كەلگەنلەردىن بولغان. مەسىلەن، ۋىلايەتلىك گۇڭئەنجۈينىڭ جۈيجاڭى بولغان ئىلى زادى (تاجىك)، ئېزىز (تاتار)، چىرىيە ناھىيىلىك گۇڭئەنجۈيگە جۈيجاڭ بولغان يولداشۇۋ (ئۆزبېك)، كېرىيە ناھىيىلىك گۇڭئەنجۈيگە جۈيجاڭ بولغان ساۋۇت (ئۇيغۇر)، قاغىلىق ناھىيىلىك گۇڭئەنجۈيگە جۈيجاڭ بولغان دانقىرات (قىرغىز) لاردىن ئىبارەت. ئۇلار ئالدى بىلەن خوتەن شەھىرىنىڭ شەرقى تەرىپىگە جايلاشقان «ساۋچاڭ»غا چۈشۈپ بىر قانچە ئاي تۇرغاندىن كېيىن ھازىرقى خوتەن ناھىيىلىك پارتكوم بىلەن ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئورۇنلاشقان ئۈچ قەۋەت بىنانىڭ ئورنىدا ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنى قۇرغان. بۇ ئىدارىنىڭ قۇرۇلۇشىدا ئەينى ۋاقىتتىكى

جاپپار ئەمەت

# تېچلىق بىتىم مەزگىلىدىن ئازادلىق ھارپىسىغىچە خوتەندە بولۇپ ئۆتكەن ئىشلار

1946 - يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتى تەرەپ بىلەن گومىنداڭ ئوتتۇرىسىدا 11 ماددىلىق تېچلىق بىتىم ئىمزالانغاندىن كېيىن، 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلدى. بىتىم بويىچە گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتىنى ۋە مىللىي ئارمىيىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولدى؛ تۇرمىدىكى بارلىق سىياسىي مەھبۇسلار ئازات قىلىندى؛ گومىنداڭ دائىرىلىرى خەلقنىڭ دېموكراتىك ھوقۇقلىرىنى سۆز - مەتبۇئات ئەركىنلىكى، تەشكىلاتلارغا ئۇيۇشۇش، يىغىن ئۆتكۈزۈش، نامايىش قىلىش، ئولتۇراقلىشىش ۋە كۆچۈش ھوقۇقلىرىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولدى. بۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى قوراللىق كۈچ ئارقىلىق ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىنى گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن ئازات قىلغاندىن كېيىن سىياسىي جەھەتتە قازانغان يەنە بىر چوڭ غەلىبە ئىدى. غەلىبە خەۋىرى تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىغا تېزلىكتە تارقىلىپ، خەلققە زور ئىلھام ۋە ئىشەنچ بېغىشلىدى. خۇددى كەلكۈن سۇ ھەممە جاينى قاپلىغاندەك، خەلقنىڭ گومىنداڭغا قارشى غەزەپ - نەپرىتى، ئازادلىق ۋە ئەركىنلىك يولىدىكى ئىنتىلىشلىرى بارغانسېرى يۇقىرى ئۆرلەپ، ئىنقىلابنىڭ ئوت - يالقۇنلىرى ھەممە جاينى قاپلىدى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ئاچقان يول ۋە ئۇنىڭ تەجرىبىلىرى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە ئۇيۇشقان كۈچنىڭ تەڭداشسىز ئىكەنلىكىنى تونۇتقانىدى. شۇڭا بىتىمدىن كېيىن شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا گومىنداڭغا قارشى ئىنقىلابىي تەشكىلاتلار ۋە قارشىلىق كۆرسىتىش گۇرۇپپىلىرى ئارقا - ئارقىدىن بارلىققا

كىرىيە ناھىيىسىدىن يۇسۇپ بەگ شاما، دۆلەتنىياز بەگ، سۇپا بەگ؛ قاراقاش ناھىيىسىدىن بارتاخۇن داموللام، سىيتاجىم دېھقان؛ نىيە ناھىيىسىدىن ياقۇپ ھاجىم قاتارلىقلار بولارنىڭ تىپىك مىسالىدۇر.

(بۇ ماقالە، «چىرا تارىخ ماتېرىياللىرى» 1- توپلامدىكى ئالىمجان رەجەپ، سالى غوجىلارنىڭ «ماخوسەن قوشۇنلىرىنىڭ زوراۋانلىقىغا دائىر ئەسلىمىلەر» ناملىق ماقالىسى؛ مەرھۇم مۇھەممەتئىمىن توختىنىڭ «خوتەن تارىخىدىن ئەسلىمە» ناملىق كىتابىدىكى مۇناسىۋەتلىك بايانلار؛ دۆلەت غوجىۋىللانىڭ «تەۋەككۇل ۋەقەسى» ناملىق ماقالىسى؛ مەمتىمىن شېرىپنىڭ «خوتەن سىفەن جۇمنكى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1984- يىللىق 2- سانىغا بېسىلغان ماقالىسىنىڭ بىر قىسىم بايانلىرى بىرلەشتۈرۈلۈپ تۈزۈلدى).



گۇرۇپپىلىرى بولمىسىمۇ، لېكىن بۇ تەشكىلات ھەر قايسى ناھىيىلەردىكى ئىلغار ياشلار ۋە دېموكراتىك ئىدىيىدىكى كىشىلەر بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت ئورناتقانىدى. سايلام مەزگىلىدە ياشلار تەشكىلاتى كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ھەر ساھە خەلقلىرىنى ئويغىتىپ ۋە ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، سايلام غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشنى ئۆزىنىڭ مەركىزىي ۋەزىپىسى قىلغانىدى. شۇڭا سايلامنىڭ بېشىدىلا خوتەن، قاراقاش، لوپ، كېرىيە قاتارلىق ناھىيىلەردە ئىلغار كۈچلەر ئۈستۈنلۈك قازىنىپ، سايلامغا يېتەكچىلىك قىلىش ئۈچۈن قۇرۇلغان «سايلام ھەيئىتى» ئىچىدە ئاساسىي سالماقنى ئىگىلىدى. خوتەن ناھىيىسىدىكى سايلام تەييارلىق ھەيئىتى قارمىقىدا قۇرۇلغان سايلام تەشۋىقات گۇرۇپپىسىدىكى 160 نەچچە كىشى ئىچىدە ياشلار تەشكىلاتىنىڭ ئەزالىرى ئاساسىي گەۋدە بولغاندىن تاشقىرى، شىبلى شىسەي ۋاقتىدا شىنجاڭ دارىلفۇنۇنى، ئۇرۇمچى دارىلمۇئەللىمىن، مەدەنىيەت كادىرلىرى كۇرسى قاتارلىق مەكتەپلەردە ئوقۇغان، ئوتتۇرا- باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان ئەينى ۋاقىتتا چېن تەنچۇ، ماۋزېمىن قاتارلىق كوممۇنىستنىڭ پارتىيە ئەزالىرىنىڭ تەربىيىسىدە ئىلغار ئىدىيىنى قوبۇل قىلغان زىيالىيلار كۆپچىلىكنى ئىگىلەيتتى. «سايلام خەۋەرلىرى» گېزىتىنى مەن ۋە زۇنۇن رۇستەم بىرلىكتە چىقىرىشقا كىرىشتۇق.

سايلام تەشۋىقات گۇرۇپپىسى بارغانلا يېرىدە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسىنى ئاممىغا يەتكۈزدى. تېچلىق بىتىمىنى تەشۋىق قىلدى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ خەلق ئۈستىدىكى زۇلمىنى، بەگ - بوجاڭلارنىڭ زوراۋانلىقىنى دادىل پاش قىلدى. خەلقنى بۇ قېتىمقى سايلامدا يەنە زۇلۇم - كۈلپەتكە ئۇچراپ قالماسلىق ئۈچۈن كۆزى ئېچىلغان ياخشى كىشىلەرنى ھاكىمىيەت بېشىغا سايلاشقا چاقىردى. سايلام تەشۋىقاتى مەزگىلىدە شەھەردىن يېزىغا قەدەر كەڭ ئەمگەكچى خەلق زور كۆلەمدە كۆتۈرۈلۈپ، گومىنداڭغا قارشى نارازىلىق ئاۋازلىرى تېخىمۇ ياڭرىدى. پۈتۈن ۋىلايەتنىڭ كۈچ سېلىشتۇرمىسىدا ئىلغار، دېموكراتىك كۈچلەر ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولۇپ، گومىنداڭنىڭ مەمۇرىي ئورۇنلىرى ۋە ئەمەلدارلىرى پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالدى. سايلام رەسمىي باشلانغاندا خوتەن ناھىيىسىنىڭ سايلام نەتىجىسى گومىنداڭچىلارنى تېخىمۇ ئالاقزادە قىلىۋەتتى. چۈنكى بۇ ناھىيىدە يېزىلاردىن سايلانغان 360 نەپەر ۋەكىل ئارىسىدا ئىلغار كۈچلەر ئۈچتىن ئىككى قىسمىدىن كۆپرەكنى تەشكىل قىلغان

كېلىشكە باشلىدى. جۈملىدىن، ئۈچ ۋىلايەت خەلقىنىڭ غەلىبىسىدىن ئىلھاملانغان خوتەن ياشلىرىمۇ «ئىنقىلابچى ياشلار تەشكىلاتى» نى قۇرۇپ، ئويغانغان كۈچلەرنىڭ يېڭى ئىتتىپاقلىقىنى نامايان قىلدى.

تېچلىق بىتىمىنىڭ بىر ماددىسىدا: «شىنجاڭ خەلقىگە ئۆزى ئىشەنگەن يەرلىك زاتلاردىن مەمۇرىي ئەمەلدارلارنى سايلاش ھوقۇقى بېرىلىدۇ، ناھىيىلەردە كېڭەش ھەيئەتلىرىنى خەلق بىۋاسىتە سايلاپ چىقىدۇ، كېڭەش ھەيئىتى ھاكىملارنى سايلاپ چىقىدۇ»، دەپ بەلگىلەنگەنىدى. بۇ بەلگىلىمىگە ئاساسەن، شۇ يىلى كۈزدە شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئومۇمىي سايلام باشلىنىپ كەتتى. سايلامدا گومىنداڭ ئەكسىيەتچى دائىرىلىرى بارلىق چارە - ئاماللار بىلەن ئۆزىنىڭ كونا ئەمەلدارلىرىنىڭ ئورۇن ۋە ھوقۇقىنى ساقلاپ قېلىشقا، ھېچ بولمىغاندا ئۆز يالاقچىلىرىنى، يەرلىك مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنى ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىرىشقا تىرىشاتتى. ئويغانغان خەلق ئاممىسى بولسا گومىنداڭنىڭ زالىم، قانخور، پارىخور، خىيانەتچى ئەمەلدارلىرىنى ۋە گومىنداڭپەرەس ئۇنسۇرلارنى مەنسەپتىن قالدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا ئادىل، خەلقپەرۋەر، ۋىجدانلىق كىشىلەرنى ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىرىشقا تىرىشاتتى. شۇڭا بۇ قېتىمقى سايلام ئەمەلىيەتتە ئىنقىلابىي كۈچلەر بىلەن ئەكسىيەتچى كۈچلەر ئوتتۇرىسىدىكى بىر مەيدان چوڭ سىياسىي كۈرەش ئىدى.

خوتەن ۋىلايىتىنىڭ سايلام خىزمىتى 1946 - يىلى 11 - ئايدا باشلاندى. خوتەننىڭ سايلام ئىشلىرىغا نازارەت قىلىش ئۈچۈن مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا (شۇ ۋاقىتتا تەمىرات نازارىتىنىڭ نازىرى ئىدى، كېيىن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتە مۇئاۋىن رەئىس بولغان، ئازادلىق ھارپىسىدا چەت ئەلگە چىقىپ كەتكەن)، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپتىن ئىمىن مەخسۇم باشچىلىقىدا بىر قانچە كىشىلەر كەلگەنىدى. سايلامنىڭ بېشىدىلا «ئىنقىلابچى ياشلار تەشكىلاتى» گومىنداڭغا قارشى كۈچلەرنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇ تەشكىلاتنىڭ پائالىيىتىنى شۇ چاغدىكى ئاممىۋى تەشكىلاتلاردىن ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى، سودا - سانائەتچىلەر ئۇيۇشمىسى، «خوتەن گېزىتى» ئىدارىسى، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ئىدارىسى، دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى، چايخانا مەكتەپ قاتارلىق ئورۇن ۋە ئاممىۋى تەشكىلاتلار، مەدەنىي - مائارىپ ئورۇنلىرىنىڭ ئاساسىي مەسئۇللىرى ۋە مۇتلەق كۆپچىلىك ئىشچى - خىزمەتچىلەر، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار، شەھەر ئاھالىلىرى قوللايتتى. ياشلار تەشكىلاتىنىڭ ھەر قايسى ناھىيىلەردە

سىلىنىۋەتتى. ئۇزاق ئۆتمەي خوتەن ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى ئابدىقادىر ھەسەن قولغا ئېلىندى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا گومىنداڭنىڭ خوتەندە تۇرۇشلۇق 8 - پولكى شەھەر ئىچىدە ھەربىي ھالەت ئېلان قىلىپ، شەھەر بىلەن يېزىلار ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىنى چەكلىدى. ناماز شامدىن كېيىن ئۆيدىن سىرتقا چىقىشنى مەنئى قىلدى. قاراقاش ناھىيىسىدە قانۇنسىز «تەكشۈرۈش پونكىتى» قۇرۇپ، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ باشقا ۋىلايەتلەر بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزۈپ تاشلىدى. سىرتتىن خوتەنگە كەلگەن ياكى خوتەندىن سىرتقا چىقماقچى بولغانلارنى قاراقاش ناھىيىسىدە تۇتۇۋېلىپ مال - مۈلكىنى بۇلىدى، بەزىلىرىنى ئۇرۇپ جاراھەتلەندۈردى ياكى قولغا ئالدى. جۈملىدىن سايلام ۋاقتىدا تەشۋىقات ئىشلىرىغا ئاكتىپ قاتناشقان پېشقەدەم ئارتىست ۋە ئوقۇتقۇچى مەرھۇم ئەمەت ئۆمەر قەشقەرگە تۇغقان يوقلاشقا ماڭغاندا، قاراقاشتا تۇتۇۋېلىپ قاتتىق ئۇردى ۋە مال - مۈلكىنى بۇلىۋالدى.

گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى يەنە خەلقنىڭ دىنىي ھېسسىياتىدىن پايدىلىنىپ، «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى كوممۇنىستلار قوزغىغان، ئۇلار غەلىبە قىلسا دىنىنى يوقىتىدۇ، مەسچىتلەرنى چاقىدۇ» دەپ ئىغۋا تارقىتىپ، ئىنقىلابىي كۈچلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا بۆلگۈنچىلىك سالدى. كىمكى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى ھىمايە قىلغان، سايلامدا خەلق تەرىپىدە تۇرغان بولسا، ئۇنى «كوممۇنىست»، «قىزىل پاچاق»، «دەھرى» دەپ ئاتىدى. شۇ قېتىمقى سايلام تەشۋىقاتىدا ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئالدىنقى قاتاردا تۇرغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن بوغۇپ باش ئەگدۈرۈش مەقسىتىدە «يۇقىرىدىن پۇل كەلمىدى» دېگەن باھانە بىلەن (ئۇ چاغدا ھەر دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ مائاش سوممىسى بىۋاستە ئۈرۈمچىدىن ئەۋەتىلەتتى) بىر قانچە ئايغىچە مائاش تارقىتىشنى توختىتىپ قويدى. مۇنداق ئەھۋالدا «ئىنقىلابچى ياشلار تەشكىلاتى» ئۈرۈمچىگە مەخپىي ئادەم ئەۋەتىش ئارقىلىق گومىنداڭ دائىرىلىرىنىڭ زوراۋانلىقىنى شىكايەت قىلغاندىن تاشقىرى، ھەر ساھەدىكىلەرنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، نارازىلىق ئەرزلىرىنى يازدۇرۇپ ئۈرۈمچىگە ئەۋەتتى.

1947 - يىل 4 - ئاينىڭ 12 - كۈنى غەربىي - شىمال مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى، قوشۇمچە ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت رەئىسى ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق كىشىلەر خوتەنگە كەلدى.

ئۈرۈمچىدىن كەلگەن بۇ كىشىلەر بىلەن بولۇپمۇ ئەخمەتجان

بولسا، ناھىيىلىك كېڭەش ھەيئىتىنىڭ سايلىمىدا 25 نەپەر كېڭەش ئەزاسى ئارىسىدا ئىلغار كۈچلەر 21 ئورۇننى ئىگىلەپ، خوتەندىكى ياشلار تەشكىلاتىنىڭ يېتەكچىسى ئابدۇقادىر ھەسەن (80- يىللاردا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم سابىق مەسلىھەتچىلەر كومىتېتى ئەزاسى بولغانىدى) ناھىيىنىڭ ھاكىملىقىغا سايلانغانىدى.

سايلامدا ئۈزۈل - كېسىل مەغلۇپ بولۇش ئالدىدا تۇرغان گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ھەربىي ۋە ساقچى ژاندارمىلىرىنى، كونا ئەمەلدارلىرىنى ئىشقا سېلىپ، ئۆزلىرى ئىگىلەپ تۇرغان ھوقۇققا تايىنىپ، خەلققە قارشى يېڭى زوراۋانلىق باشلىدى. ئۇلار خوتەن ناھىيىسىنىڭ سايلىمىدا پۈتۈنلەي مەغلۇپ بولغاچقا، «يۇقىرىدىن تەستىق كەلمىدى» دېگەننى باھانە قىلىپ، يېڭى سايلانغان ھاكىمغا تامغىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى رەت قىلدى. قاراقاش ناھىيىسىدە بىر توپ ئىشپىيونلار ۋە لۈكچەكلەرنى قوزغاپ، ئابدىخالىق ساقى، نەسىردىن سىدىق، مەمتىمىن توختى قاتارلىق ياشلارنى ئۇرۇپ جاراھەتلەندۈردى ۋە قانۇنسىز ھالدا قولغا ئالدى. كېرىيە ناھىيىسىدە ئىمىن تۇرسۇن (ئاتاقلىق ئەدىب، تەرجىمان، تىلشۇناس) نى «ياقا يۇرتلۇق» دەپ چەتكە قاقتى. ھەر قايسى ناھىيىلەردە ھەربىي ھالەت ئېلان قىلىپ، قوراللىق تەھدىت سالدى. ئىرادىلىك كىشىلەرنى باستۇردى، ئىرادىسىز كىشىلەرنى سېتىۋالدى. بۇ ئارقىلىق سايلامغا زور دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، خەلقنىڭ ئۆزى خالىغان كىشىلەرنى سايلىۋېلىشىغا يول قويمىدى. شۇڭا خوتەننىڭ سايلام مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن شۇ مەزگىلدە قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ سايلام خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىشقا كەلگەن سەيپىدىن ئەزىزى، يەكەن ۋىلايىتىگە كەلگەن بۇرھان شەھىدى 12 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى خوتەنگە كەلدى. گومىنداڭچىلار قاراقاشتا قولغا ئېلىنغان ياشلارنى تۈرمىدىن بوشىتىشقا مەجبۇر بولدى. خوتەن ناھىيىسىنىڭ سايلىمىنى ئېتىراپ قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ تامغىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە ماقۇل بولدى. ئەمما، سايلامغا نازارەت قىلىشقا كەلگەنلەر خوتەندىن قايتقان كۈننىڭ ئەتىسىدىن باشلاپلا تېخىمۇ غالجىرلىشىپ ئىنقىلابىي ياشلارنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن كىشىلىرىنى بىر - بىرلەپ قولغا ئېلىش ئۈچۈن پىلان تۈزۈشكە كىرىشتى. بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان «ياشلار تەشكىلاتى» ئىمىن ئىسلام (خوتەن دارىلمۇئەللىمىنىنىڭ ئەينى چاغدىكى مۇدىرى)، ئابدىخالىق ساقى، يۈسۈپ سەئىدى (شۇ چاغدىكى «خوتەن گېزىتى» ئىدارىسىنىڭ باش مۇھەررىرى) قاتارلىق كىشىلەرنى قوغداپ قېلىش يۈزىسىدىن ئۈرۈمچى ۋە قەشقەرگە يولغا

كارخانىسىغا چىقىپ ئىشچىلارنى يوقلىدى. بارغانلا يېرىدە خەلقنىڭ ئەرز - شىكايەتلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇلارنىڭ قەيسەر روھىنى مەدھىيىلىدى، ئۇلارغا ئىلھام ۋە مەدەت بەردى.

ئۈرۈمچىدىن كەلگەن باشلىقلارنىڭ قاتنىشىشى بىلەن خوتەندە يىغىن ئاچماقچى بولغاندا، ئالدىن خەۋەر تاپقان گومىنداڭ دائىرىلىرى يەرلىك ئەكسىيەتچى كۈچلەر بىلەن بىرلىشىپ يېڭى بىر كومېدىيە ئوينىدى. ئۇلار ئاتارمەن - چاپارمەنلىرىنى يېزا - يېزىلارغا ئەۋەتىپ، رايون - يېزىلاردىكى ھاكىمىيەت ئورۇنلىرىنىڭ ئۆز قولىدا ئىكەنلىكىدىن پايدىلىنىپ، بىر نەچچە ئون مىڭ چوماق ياسىتىپ، دېھقانلارنى چوماق كۆتۈرۈپ شەھەرگە كىرىشكە ۋە «نامايىش قىلىش» قا زورلىدى. يىغىن كۈنى كىشىلەر توپى ئىلچى بازىرىنىڭ سىرتىدىكى «راۋاق» دەپ ئاتىلىدىغان تەنتەربىيە مەيدانىغا قاراپ ئاقماقتا ئىدى. چوماقلىرىنى قارا رەڭدە بويىغان «نامايىشچىلار» ئۆچتىن سەپ بولۇپ، يېڭى بازاردىن شەھەرگە قاراپ ماڭدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا پۇقراچە كىيىنگەن گومىنداڭ ئەسكەرلىرى، ساقچى ئىشپىيونلىرى بار ئىدى. سەپنىڭ ئالدىدا قازاندەك سەللىسىنى لەپىلدەتكەن ئەخمەتتوختى ئەلەم، قوللىرىغا قامچا تۇتقان قازى بەگ، ئىمىن بەگلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئاتارمەن - چاپارمەنلىرى ئاتلىق كېلىۋاتاتتى. ئۇلار قامچىلىرىنى ئىشقا سېلىپ دېھقانلارنى «يوقالسۇن كوممۇنىستلار» ، «يوقالسۇن ئۈچ ۋىلايەت ئوغرىلىرى» ، «يوقالسۇن ئەخمەتجان» ، «خوتەننىڭ سايلىمىنى ئېتىراپ قىلمايمىز» دېگەندەك ئەكسىيەتچى شوئارلارنى توۋلاشقا زورلايتتى. «نامايىشچىلار» ئارىسىغا يوشۇرۇنغان لۈكچەكلەر يول بويى ئالدىغا ئۇچرىغانلىكى ئىلغار كىشىلەرنى ئۇرۇپ جاراھەتلەندۈردى. جۈملىدىن شۇ كۈنى ياشلار تەشكىلاتىنىڭ مەسئۇللىرىدىن بىرى ۋە خوتەن ناھىيىلىك سودا - سانائەتچىلەر ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى ئابلىز خۆيجاڭ، ئىلغار سودىگەر مۆھەممەدىن ھاجى قاتارلىق بىر قانچە كىشى ئېغىر يارىلاندى. ئەكسىيەتچى كۈچلەر بۈگۈنكى نامايىشنىڭ ھەيۋىسىگە تايىنىپ، خەلق كۈچلىرىنى بېسىپ چۈشمەكچى ئىدى.

30 مىڭ كىشىلىك چوڭ يىغىن باشلاندى. يىغىن مەيدانىمۇ ئىككىگە بۆلۈنگەن بولۇپ، يىغىن سەھنىسىنىڭ ئالدىنى «نامايىشچىلار قوشۇنى» ئىگىلىگەنىدى. بىتىمنى ھىمايە قىلغۇچى كۈچلەر يىغىن مەيدانىنىڭ سول تەرىپىدە قىستىلىشىپ ئولتۇرۇشاتتى، كۆرۈنۈشتە «نامايىشچىلار» كۆپ سانلىق، بىز «ئاز

قاسىمى بىلەن خەلق ئاممىسىنىڭ ئۇچرىشىشىنى چەكلەش ئۈچۈن، گومىنداڭ ئەكسىيەتچى دائىرىلىرى «قوغداش» نامى بىلەن ھەربىي ۋە ساقچى ئىشپىيونلىرىنى ئىشقا سېلىپ ئەخمەتجان قاسىمى ئورۇنلاشقان ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ ئەتراپىنى قاتتىق كونترول قىلدى. كىچىككىنە ئىلچى بازىرى (خوتەن شەھەر رايونى) ئىككى چوڭ بۆلەككە بۆلۈندى. گۈلباغنى مەركەز قىلغان ھالدا يېڭىشەھەر رايونى گومىنداڭچىلارنىڭ كونتروللۇقىدا بولۇپ، قورچاق 8 - پولك سېپىل ئۈستىگە ئەسكەر چىقىرىپ، پىلىموت، توپ، زەمبىرەكلەرنى تىكلەپ ھەيۋە قىلسا، پۇقراچە كىيىنگەن ئەسكەر ۋە ساقچى ژاندارمىلىرى بىر توپ لۈكچەكلەرنى ئارقىسىغا سېلىپ، خالىغانچە زورلۇق قىلدى؛ كونىشەھەر رايونى ۋە قىزىق دەرۋازىسى ئىلغار كۈچلەرنىڭ كونتروللۇقىدا بولۇپ، شەھەر كوچىسى يېزىدىن كىرگەن دېھقانلار بىلەن تولغانىدى. «ياشىسۇن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى!»، «گومىنداڭنىڭ زوراۋانلىقىغا قارشى تۇرايلى!» دېگەن شوئار سادالىرى ھەر تەرەپتە ياڭرايتتى. شۇ كۈنلەردە خوتەننىڭ قورچاق ۋالىيسى نۇربەگ (خىتتىدېڭبالىڭ) مۇئاۋىن ۋالىي ئەخمەتتوختى ئەلەم، خوتەن ناھىيىسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى روزى مەمەت بەگ (نەن شۇسەن)، ئۇيغۇر ئۇيۇشما مۇئاۋىن رەئىسى تۇرسۇننىياز ھاجىلار خاتەم ھاجى، قازىبەگ، ئىمىن بەگ، ئوبۇلقاسىم بەگ، زىكرۇللا بەگ قاتارلىقلارنى ئىشقا سېلىپ، ئۇلار ئارقىلىق يېزىلاردىن پىچاق، چوماق بىلەن قوراللانغان ئادەملەرنى كۆپلەپ كەلتۈرۈپ، ئىلغار ياشلارنى ۋە ۋىجدانلىق كىشىلەرنى تۇتۇش، ئۇرۇپ - سوقۇش بىلەن شۇغۇللىنىپ، خەلقنىڭ قانۇنىي ھوقۇقىنى كۈچ ئارقىلىق ئاياغ ئاستى قىلماقچى بولدى، لېكىن خەلق كۈچلىرىمۇ بوش كەلمىدى. ئۇلار ئەخمەتجان قاسىمىغا ئەرز-داد قىلىشقا ماڭغاندا، بىر تۈركۈم لۈكچەكلەر يولنى توسۇۋالغانلىقتىن، جىددىي توقۇنۇش يۈز بەردى. خەلق توپى ئەخمەتتوختى ئەلەمنىڭ سەللىسىنى تارتىۋېلىپ، چوڭ پومېشچىك خاتەم ھاجىنى ئۇرۇپ خېمىر قىلىۋەتتى، بەگلەر تەشكىللىگەن لۈكچەكلەر شايكىسىنى سۇر - توقاي قىلىۋەتتى.

ئەنە شۇنداق جىددىي پەيتتە ئەخمەتجان قاسىمى ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ ھەيۋىسىگە پىسەنت قىلماي، ئۇلارنىڭ سۇيىقەست قىلىشىدىن قورقماي، كونىشەھەر رايونىغا بېرىپ ئامما بىلەن بىۋاسىتە يۈز كۆرۈشتى. بىر مۇنچە ئائىلىلەرنى زىيارەت قىلدى. شەھەردىن 8 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى پىلە - ئۈجمىچىلىك

ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى. شۇ كۈنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئۆزلىرى ئويۇشتۇرغان ساختا نامايىش ئارقىلىق ناھايىتى كۆرەڭلەپ كەتكەن بولسىمۇ، مانا ئەمدى ئۇلار سوغا چۈشۈپ كەتكەن مۈشۈكتەك سولىشىپ كەتتى. ئەخمەتجان ئەپەندى ۋە جاڭ جىجوڭ ئەپەندىلەر خوتەندىن قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، ئەكسىيەتچى كۈچلەر تېخىمۇ غالجىرلاشتى. ئۇلار بىزنىڭ ئۇرۇمچىگە ئەرز - داد قىلىشقا ئەۋەتكەن ۋەكىلىمىز ئىمىن ئىسلامنىڭ خوتەنگە قايتىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، يەكەن ۋىلايىتىنىڭ قورچاق ۋالىيسى جوفاڭگاڭ ۋە پاسار بەگلەرگە مەخپىي خەت يېزىپ ئۇنى يەكەندە قولغا ئالدى. ئىمىن ئىسلام ئەسلى خوتەننىڭ تەۋەككۇل رايونىدىن بولۇپ، شىڭ شىسەي ۋاقتىدا شىنجاڭ دارىلفۇنۇنىنى پۈتتۈرگەن، جوڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ تەسىرىدە ماركسىزم - لېنىنىزم ئىدىيىسىنى قوبۇل قىلغان ئىلغار ياش ئىدى (ئازادلىقتىن كېيىن يولداش ئىمىن ئىسلامنىڭ گومىنداڭچىلار تەرىپىدىن يەكەن سېپىلى ئاستىغا تىرىك كۆمۈلگەنلىكى ئېنىقلاندى، ئۇ خوتەن خەلقىنىڭ مۇنەۋۋەر پەرزەنتى بولۇشقا مۇناسىپ).

شۇ يىلى 5 - ئايدا ئەكسىيەتچى كۈچلەر خوتەندىكى ئىلغار كۈچلەرنى ئازايتىش ۋە ئۇلارغا زەربە بېرىش ئۈچۈن «ياقا يۇرتلۇقلار خوتەندىن چىقىپ كەتسۇن» دېگەن ئەكسىيەتچى شوئارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، چەت ۋىلايەتلەردىن كېلىپ خوتەندە خىزمەت قىلىۋاتقان ئىلغار ياشلاردىن سىيىت توختى، مۇھەممەت خۇداۋەردى، ئەزىمىتى، ئابدۇرۇسۇل قاتارلىق 50 نەچچە كىشىنى خىزمەتتىن بوشىتىپ، مەجبۇرىي ھالدا ئۆز يۇرتىغا ھەيدىدى.

1947 - يىلى 5 - ئايدا گومىنداڭ دائىرىلىرى تېچلىق بىتىمگە خىلاپ ھالدا، ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىنىڭ رازىلىقىنى ئالماي تورۇپلا، مەسئۇت سەبىرىنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت رەئىسى قىلىپ بەلگىلىدى. بۇ ئىشتىن ئىلگىرى ۋە كېيىن بولۇپ، يۇقىرى - تۆۋەن ماسلىشىپ ھەر قايسى جايلاردا ئۆز ئالدىغا سايلام ئۆتكۈزۈپ، ئەكسىيەتچىلىكتە ئۇچىغا چىققان بىر ئوچۇم غالچىلىرىنى تەختكە چىقاردى. جۈملىدىن جىن شۇرېن ۋاقتىدا خەنزۇچە مەكتەپتە (شۆتاڭدا) ئوقۇغان روزىمەممەت بەگ (نەن شۇسەن) نى خوتەن ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىغا؛ ئوبۇلقاسىم بەگنى ناھىيىلىك كېڭەش ھەيئىتىنىڭ باشلىقلىقىغا سايلىدى؛ قاراقاش ناھىيىسىدە مەتقۇۋان پازىل؛ لوپ ناھىيىسىدە ئاخۇن زاكىر ئىسمايىل خان؛ چىرىيە ناھىيىسىدە چوڭ

سانلىق» بولساقمۇ، لېكىن يېزىلاردىن مەجبۇرىي ھەيدەپ كېلىنگەن دېھقانلارنىڭ قەلبى بىزگە مايىل ئىدى. گومىنداڭچىلار خەلقنى «ئەخمەق، دۆت»، «بىز نېمىگە زورلىساق شۇنى قىلىشقا مەجبۇر» دەپ ئويلىغاچقا، ئۇلار ناھايىتى مەغرۇر ئىدى.

ئالدى بىلەن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە ۋاكالىتەن جاڭ جىڭجۇڭ ئەپەندى سۆزگە چىقىپ، گومىنداڭ دېموكراتىيىسىنى سۆزلەپ، «ھۆكۈمەت سايلام مەسىلىسىنى چوقۇم كەڭ خەلقنىڭ ئاۋاز بېرىشىگە ئاساسەن ھەل قىلىدىغانلىقىنى» ئېلان قىلدى. ئارقىدىن تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى مەسئۇت سەبىرى ئاۋاز بېرىشنىڭ باشلانغانلىقىنى جاكارلاپ: «ئاۋۋال، ئىلگىرىكى سايلام كۆچكە ئىگە دېگۈچىلەر قول كۆتۈرۈڭلار» دېدى. مەيداندا بىر نەچچە مىڭ قول ئېگىز كۆتۈرۈلدى. بۇ قوللار ئىچىدە يېزىدىن مەجبۇرىي ھەيدەپ كىرىلگەن دېھقانلارنىڭ قولى ھەممىدىن كۆپ ئىدى. «قولۇڭنى تاشلا» دېگەن ۋارقىراشلار بىلەن تەڭ بەگ، بوجاڭلارنىڭ قامچىلىرى ۋە لۈكچەكلەرنىڭ چوماقلىرى دېھقانلارنىڭ بېشىغا چۈشۈشكە باشلىدى. لېكىن، شۇنچە كۆپ قوللارنى بىر ئوچۇم كىشىلەرنىڭ زوراۋانلىقى قانداقمۇ پەسكە چۈشۈرەلىسۇن! «سايلامنى كۆچكە ئىگە ئەمەس دېگۈچىلەر قول كۆتۈرۈڭلار!» دېگەن ئاۋاز ئاڭلانغاندا، خۇددى ساسلىقتا ئۈنگەن شالاڭ جىگدىدەك، ئۇ يەردە بىر قول، بۇ يەردە بىر قول كۆتۈرۈلدى. بۇلار ئاساسەن كونا ئەمەلدارلار، بەگ، بوجاڭلار ۋە «نامايىشچىلار» ئىچىگە يوشۇرۇنغان ئەسكەرلەر، لۈكچەكلەر، يەر ئىگىلىرى ئىدى. مەيدان ئىچى مەسخىرە كۈلكىلىرى بىلەن تولدى.

— جاپاكەش خوتەن خەلقى! — دېدى ئەخمەتجان قاسىمى سۆزگە چىقىپ، ئۇنىڭ ئاۋازى گۈلدۈرمامىدەك ياڭراپ، خەلق قەلبىنى ھاياجانغا سالدى، — سىلەر تارىختا ئەڭ كۆپ ئېزىلگەن خەلق، نامراتلىق دەردىنى ئەڭ كۆپ تارتقان خەلق، شۇڭا سىلەر ھاكىمىيەتنىڭ توغرا، ئادىل، خەلقپەرۋەر كىشىلەرنىڭ قولىدا بولۇشىغا بەكمۇ موھتاج، بىز ئۆتكەنكى سايلامنى ھىمايە قىلىپ، ئاسمانغا كۆتۈرۈلگەن قوللارنىڭ كۆپلۈكىدىن سىلەرنىڭ قەلبىڭلارنى چۈشەندۇق، جاڭ جىڭجۇڭ ئەپەندىنىڭ سۆزىنى تەكرارلاپ، — ھۆكۈمەت سايلام مەسىلىسىنى چوقۇم سىلەرنىڭ ئاۋازىڭلار بويىچە ھەل قىلىدۇ!

ئۇنىڭ ئاخىرقى سۆزى جاڭ جىڭجۇڭ ئەپەندىنى تېخىمۇ ئېغىر

بولۇپ، «قاراقاش دەرۋازىسى» تەرەپتىكى «سىـــرە خوجام» مازىرىنىڭ ئۇدۇلىدا ئىدى. تۇرمىدە «جىگبىيشى» دەپ ئاتىلىدىغان ئۇچ ئېغىزلىق تار كامېر ۋە بىر ئېغىزلىق چوڭ ئۆي بولۇپ، ئالدى تەرىپى چوشقا قوتىنى جايلاشقان باغ ئىدى. 18 - كۈنى ئەتىگەندە 26 كىشىنى تالىلاپ ھېلىقى «جىگبىيشى» گە ئەكىلىپ قاماشتى. تۈرمە تار، كۈن ئىسسىق، قورساق ئاچ بولغانلىقى ئۈچۈن ھەددىدىن زىيادە قىينىلاتتۇق. قامالغاننىڭ 3 - كۈنى پولكنىڭ مۇئاۋىن كوماندىرى ۋاڭ ئىشىكنى ئاچقۇزۇپ، ئۈچ كامېردىكى 26 كىشىنى بىر جايغا يىغدى. «سەنلەر بىزگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، بىـــزنـــى ئۆلتۈرمەكچى بولۇشساڭمۇ، — دېدى ئۇ ۋارقىراپ، — لېكىن بىز سەنلەرگە تاماق بېرىشنى لايىق تاپتۇق». شۇنىڭدىن باشلاپ كۈنىگە ئىككى قېتىم تاماق بېرىدىغان بولدى. ھەر قېتىمدا 100 گىراملىقتىن ئىككى جىڭموما ۋە بىر ساپلىقتىن قايناقسۇ بېرەتتى، ئەتىگەندە ۋە كەچتە ئىككى قېتىم تەرەتكە ئېلىپ چىقىدىغان بولدى.

10 - ئاينىڭ باشلىرى 8 - پولك بىزنى بىر - بىرلەپ سوراق قىلىشقا باشلىدى. ئالدى بىلەن «خەۋپلىك ئۇنسۇر» دەپ ئاتالغان 26 كىشى سوراققا تارتىلدى. سوراقنى پولكنىڭ مۇئاۋىن كوماندىرلىرى ۋاڭ ۋە ليۇلار قىلدى. گومىنداڭنىڭ بىزنى قارىلايدىغان ھېچقانداق دەلىل - ئىسپاتى يوق ئىدى. پەقەت ئۇلارنىڭ ئالدىنئالا تۈزۈۋالغان 10 نەچچە سوئالى بولۇپ: «تەشكىلاتنىڭ نامـــى نېمە؟ قاچان قۇرۇلغان، باشلىقى كىم؟ ئاساسلىق كىشىلىرى كىم؟ سېنىـــڭ ۋەزىپەڭ نېمە؟ قاچان قوزغالماقچى بولغان؟» دېگەنلەردىن ئىبارەت ئىدى. ئىقرار قىلمىغانلارغا بۇ سوئاللارنىڭ جاۋابىنى ئۆزى ئېيتىپ بېرەتتى. ئەگەر ئەيىبكار بۇ جاۋابنى رەت قىلسا مۇزلۇق ئۆيگە سولاپ ئاچ قالدۇرۇش، ئالىقانغا ئۈچ قىرلىق تاياق بىلەن ئۇرۇش، قولنى ئارقىغا قىلىپ ئېسىپ قويۇش، ھاۋا تاپان قىلىپ ئېسىپ قويۇش، تىرنىقىغا مىق قېقىش قاتارلىق فاشىستىك ۋاستىلەر بىلەن ئازابلاشقا ئۆچرايتتى. ئىرادىسى ئاجىزلاردىن بىرى «قورالنى سوۋېت ئىتتىپاقى ئايروپىلان ئارقىلىق تەكلىماكان چۆلىگە تاشلاپ بەرمەكچى ئىدى» دەپ ئىقرار قىلغانىكەن. كېيىن بۇ جاۋاب ھەممە كىشىنى ئىقرار قىلدۇرۇشنىڭ بىر مەزمۇنى بولۇپ قالدى. تۈرمىدە ياتقانلار ئارىسىدا «ئىنقىلابچى ياشلار تەشكىلاتى» نىڭ ئەزالىرىدىن بىر قانچە كىشى بولساقمۇ، لېكىن ھېچكىم بۇ تەشكىلاتنىڭ سىرىنى دۈشمەنگە پاش قىلىپ قويمىدى. ئۇلارنىڭ قىيىن - قىستاق ئارقىلىق ئىگە بولغىنى

ئاخۇن؛ نىيە ناھىيىسىدە ئابدۇۋاقى قاتارلىق كىشىلەر ھاكىملىقىغا بەلگىلەندى. بۇلارنىڭ ھەممىسى گومىنداڭچى خوجايىنلار قايىقىغا يېتىلىسە شۇياققا چاپاتتى، خەلقنىڭ غەم - قايغۇسى ئۇخلىسىمۇ چۈشىگىمۇ كىرمەيتتى.

گومىنداڭ ئەكسىيەتچى دائىرىلىرى تېچلىق بىتىمگە خىلاپلىق قىلىپ، زورلۇق - زورۋانلىقنى كۈچەيتكەنسېرى خەلقنىڭ قارشىلىقى شۇنچە ئۇلغايدى. 1947 - يىلى 7 - ئايدا تورپان، پىچان، توقسۇن دېھقانلىرى گومىنداڭغا قارشى قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈردى. بۇنىڭدىن قورقۇپ كەتكەن گومىنداڭ ئەكسىيەتچى دائىرىلىرى تورپان خەلقى ئۈستىدىن ۋەھشىيلەرچە قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈپلا قالماي، شىنجاڭ بويىچە كەڭ كۆلەمدە ئاق تېررورلۇق يۈرگۈزۈپ، ئىنقىلابىي كۈچلەرنى ۋە ئىلغار ئىدىيىدىكى كىشىلەرنى باستۇردى. شۇ يىلى 7 - ئاينىڭ 17 - كۈنى (ھىجرىيە كالىندارى بويىچە رامزان ئېيى ئىدى) بىر كۈننىڭ ئىچىدىلا خوتەن ناھىيىسىدە 86 ئادەمنى قولغا ئالدى. قاراقاش، كېرىيە، گۇما، لوپ قاتارلىق ناھىيىلەردىمۇ 150 دىن ئارتۇق كىشى قاماققا ئېلىندى. گومىنداڭ ساقچىلىرى شۇ قېتىمقى قولغا ئېلىشتا قولىدا تۆمۈرنىڭ سۇنۇقى بولمىغان ھوشۇر ئەيسانى كېرىيىدىن خوتەنگە ئەكىلىۋېتىپ، يۇرۇڭقاش دەرياسىغا كەلگەندە «قارشىلىق كۆرسەتتى» دېگەن باھانە بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈردى. ئەمدىلا 24 ياشقا كىرگەن بۇ يىگىت خوتەن ۋىلايىتى بويىچە ئاتاقلىق ئىسكىرىپكا چېلىش ماھىرى، ئون مىڭ مېتىرلىق يۈگۈرۈشنىڭ چېمپىيونى ئىدى. ئۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى تەشۋىق قىلغانلىقى ئۈچۈن 1945 - يىلى مەن بىلەن قولغا ئېلىنىپ، تېچلىق بىتىمدىن كېيىن تۈرمىدىن چىققانىدى. ئۇ جەڭگەرلىك يىگىت بولغاچقا، گومىنداڭ ساقچى - ژاندارمىلىرىنىڭ دېھقانلارنى بوزەك قىلىش، ئاياللارغا زورلۇق قىلىش قاتارلىق جىنايەتلىرىنى ئۇچراتقاندا بىر قانچە قېتىم ساقچىلار بىلەن ئېلىشىپ ئۇلارنىڭ ئەدىپىنى بەرگەنىدى. بىتىم مەزگىلىدە ئۇ ئۆزىنىڭ جاراڭلىق ئىسكىرىپكىسى ۋە ياڭراق ناخشىلىرى بىلەن خەلقنى ئويغىتىش ئىشلىرىدا زور تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنىدى.

خوتەن ناھىيىسىدە قولغا ئېلىنغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى شۇ كېچىسى بىر پەي ئەسكەرنىڭ قوراللىق ھەيۋىسى ئىچىدە گومىنداڭ 8 - پولكىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. بىز قامالغان تۈرمە خوتەن سېپىلى ئىچىدىكى ھەربىي گازارمىنىڭ يېنىغا جايلاشقان

يىلاننىڭ قۇيرۇقى ھەرىكەتتىن توختىمىغاندەك، ئەكسىلئىنقىلابىي ھەرىكىتىنى توختاتمىغانىدى. 1948 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئۆتكۈزۈلگەن ۋالىي سايلىمىدا روزى مەمەت بەگ (نەن شۈسەن) ۋالىيلىققا، ۋاڭ جاۋجى مۇئاۋىن ۋالىيلىققا سايلانغاندىن كېيىن ئۇلار تېخىمۇ كۆرەڭلەپ كەتتى. ۋاڭ جاۋجى گومىنداڭ «جۇڭخۇتۇڭ سىستېمىسى» نىڭ ئىشپىيونى بولۇپ، ھەم جاھىل، ھەم ھىيلىگەر ئىدى، روزى مەمەت بەگ گەرچە ۋالىي بولسىمۇ، ئۇنىڭ تىزگىنى ۋاڭ جاۋجىنىڭ قولىدا ئىدى. ۋاڭ جاۋجىنىڭ پىلانلىشى بىلەن 1949 - يىلى 6 - ئايدا خوتەندە «ياشلارنىڭ جەمئىيەتكە خىزمەت قىلىش ئىدارىسى» (قىسقارتىلغان ئىسمى ياشلار جەمئىيىتى) قۇرۇلدى. بۇ ئورۇننىڭ كونكرېت خىزمىتى ياشلار ئارىسىدا گومىنداڭ تەشۋىقاتىنى ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت بولۇپ، ھەر 15 كۈندە بىر قېتىم «پەننىي مۇزاكىرە يىغىنى» دېگەن نام بىلەن دوكلات يىغىنى ئۆتكۈزۈلەتتى. 8 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئۆتكۈزۈلگەن بىرىنچى قېتىملىق يىغىنىدا 8 - پولك كوماندىرى لۇ گۇاڭيۈەن ۋەزىيەت ھەققىدە دوكلات بېرىپ، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ «غەلىبە» قىلىشىدىن ئىبارەت سەپسەتىنى بازارغا سالدى. ئۇ: «گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئامېرىكىدەك كۈچلۈك ئارقا تېرەككە، سان جەھەتتىن ئۈستۈن بولغان قوراللىق كۈچكە ئىگە. بىز چوقۇم غەلىبە قىلىمىز، كوممۇنىستلار چوقۇم مەغلۇپ بولىدۇ» دەپ كاپشىندى. شۇ يىلى 8 - ئايدا يەكەندىكى 4 - ئاتلىق بىرىگادىنىڭ 7 - پولكىدا پولك كوماندىرى خۇڭ يادۇڭ يېتەكچىلىكىدە بىرىگادا كوماندىرى تاڭ جىڭرەننىڭ ئەسكەرلەرنىڭ ھەربىي تەمىناتىغا خىيانەت قىلىپ، ئۆزىنى بېيىتقانلىقىغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈلگەنىدى. بۇ چاغدا خوتەندە لۇ گۇاڭيۈەن، ۋاڭ جاۋجى قاتارلىق ئەكسىيەتچىلەر كۆرۈنۈشتە «يەكەن ئىسيانىدىن مۇداپىئە كۆرۈش» دېگەننى باھانە قىلىپ، ئەمەلىيەتتە خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىگە قارشىلىق كۆرسىتىش ئۈچۈن ھەر قايسى ناھىيىلەردە «ئۆز - ئۆزىنى قوغداش ئەترىتى» دېگەن بىر نېمىلەرنى تەشكىل قىلىپ، ئۆزىنىڭ قول چوماقلىرىغا ھەربىي تەلىم-تەربىيە ئېلىپ باردى. ئۇلار خوتەندە دارىلمۇئەللىمىن ۋە سانائەت مەكتىپى قاتارلىق ئوتتۇرا دەرىجىلىك مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى بۇ ئەترەتنىڭ تەلىم - تەربىيە ئوبيېكتى قىلماقچى بولسىمۇ، ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىغا ئۇچرىدى.

شۇ يىلى 9 - ئاينىڭ باشلىرىدا خوتەن تېلېگراف ئىدارىسى ۋە

پۇتۇنلەي يالغان جاۋابلار ئىدى، لېكىن ئۇلار مۇشۇنداق ھېچقانداق دەلىل - ئىسپاتى بولمىغان «ئىقرارنامە» لارغا ئاساسەن «خوتەن ۋىلايىتىدە قوراللىق ئىسيان كۆتۈرۈش ئەنزىسى» دېگەن بىر نېمىنى قۇراشتۇرۇپ چىقتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا سىرتتىكى يالاقچىلارنى كۈشكۈرتۈپ «ئىسيانچىلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىش شىكايەتنامە» لىرىنى يازدۇرۇپ، ئەكسىلئىنقىلابىي جامائەت پىكرى توپلىدى. گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل تەشۋىقات كارنىيى بولغان ئۈرۈمچىدە چىقىدىغان «خەلق ئاۋازى» مەجمۇئەسى ۋە باشقا ئەكسىيەتچى گېزىتلەر جايلاردا قولغا ئېلىنغانلارنى «كوممۇنىستلارنىڭ قۇيرۇقى، ئۇلار بېسىقتۇرۇلمىسا، جاھان تىنجىمايدۇ» دەپ يېزىشتى. خوتەندىكى ئىسھاق قاتارلىقلار «تۇرپان ۋەقەسى» دېگەن سەھنە ئەسىرىنى يېزىپ چىقىپ، سەھنىلەردە قويۇش بىلەن گومىنداڭغا قارشى كۈچلەرنى «ئوغرى، بۇلاڭچى، چەت ئەلگە سېتىلغان» قىلىپ كۆرسىتىشتى. لېكىن، خەلق ئامممىسى ئارقا - ئارقىدىن ئۈرۈمچىگە نارازىلىق ئەرزلىرىنى يېزىپ گومىنداڭچىلارنىڭ ھىيلە - نەيرەڭلىرىنى پاش قىلدى ۋە ئۇلارنىڭ جىنايى قىلمىشلىرىغا غەزەپ- نەپرەت ياغدۇردى، تۈرمىدىكىلەرمۇ مەخپىي نارازىلىق ئەرزلىرىنى يېزىپ يۇقىرىغا يوللىدۇق.

شۇ يىلى 11 - ئايدا يۇقىرىدىن ھەربىيلەردىن تەركىب تاپقان بىر ئەنزە تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى خوتەنگە يېتىپ كېلىپ قايتا سوراق باشلىدى. سوراققا يەرلىك ئورۇنلارنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە ناھىيىلىك قورچاق ساقچى ئىدارىسىدىن سادەيىي (ئۇيغۇر)، ناھىيىلىك كېڭەش ھەيئىتىنىڭ باشلىقى ئوبۇلقاسىم بەگلەرمۇ قاتناشتى. مۇتلەق كۆپ قىسىم يولداشلار سوراق ئۈستىدە ئاتالمىش «ئىسيان كۆتۈرۈش ئەنزىسى» نىڭ پۈتۈنلەي يالغانلىقىنى پاش قىلدى. ئىلگىرى قىيىن- قىستاق ئاستىدا ئىقرار قىلغانلارمۇ ئىقرارنامىسىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى. ھېچقانداق دەلىل - ئىسپاتى بولمىغان گومىنداڭ ئەكسىيەتچى دائىرىلىرى 1947 - يىلىنىڭ ئاخىرى، 1948 - يىلىنىڭ 9 - ئايلىرىدا قاماقتىكىلەرنى ئىككى تۈركۈمگە بۆلۈپ، تۈرمىدىن بوشىتىشقا مەجبۇر بولدى.

1949 - يىلى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى غەربىي شىمال رايونىغا قاراپ چوڭ يۈرۈش باشلىدى. گومىنداڭ ئارمىيىسى تەرەپ- تەرەپتە مەغلۇپ بولۇپ، جېنى تۇمشۇقىغا كېلىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن خوتەندىكى ئەكسىيەتچى كۈچلەر خۇددى بېشى ئۈزۈلگەن

ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە تېلېگرامما يوللاپ، ئۇلارنىڭ ھەقىقەتكە قايتقانلىقىنى ئالقىشلىدۇق. شۇ كۈندىن باشلاپ بىزنىڭ تەشۋىقات گۇرۇپپىمىز بازار كۈنلىرىدىن پايدىلىنىپ ۋە يېزىلارغا چىقىپ شىنجاڭنىڭ تېچلىق بىلەن ئازات بولغانلىقىنى ئاممىغا يەتكۈزۈپ، ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ ئىغۋالىرىغا رەددىيە بەردۇق. بىزنىڭ بۇ ھەرىكىتىمىزگە ئوچۇقتىن - ئوچۇق قارشىلىق كۆرسىتىشكە پېتىنالمىغان ئەكسىيەتچى كۈچلەر ئىلغار كۈچلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش ئۈچۈن «خوتەن ئىنقىلابىنى ئالغا سۈرۈش ئۇيۇشمىسى» دېگەن بىر نېمىنى تەشكىل قىلىپ «بىزگە قاتناشقانلار ئازادلىق ئارمىيە كەلگەندىن كېيىن مۇھىم رەھبەرلىك ئورۇنلىرىغا كۆتۈرۈلىدۇ» دەپ تەشۋىق قىلىشتى، ۋاھالەنكى بۇ ئۇيۇشمىنىڭ ئاساسلىق ئۇنسۇرلىرىدىن بىرى ئۆزىنى «پېشقەدەم مائارىپچى» دەپ ئاتىۋالغان لوزىفاڭ؛ بىرى دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىنىڭ مۇدىرى يۈەن گۇ ئىدى. لوزىفاڭ 1945 - يىللىرى خوتەن ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى، 1946 -، 1948 - يىللىرى گومىنداڭ خوتەن ۋىلايەتلىك پىرقىسىنىڭ شۇجىجاڭى، ئۇنىڭدىن كېيىن ۋالىي مەھكىمە مائارىپ باشقارمىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ، ئۇنىڭ ئەكسىيەتچى قىياپىتى ھەممە كىشىگە ئايان ئىدى. ئىمىن ئىسلامنىڭ يەكەندە ئۆلتۈرۈلۈشىدىمۇ ئۇنىڭ قولى بار ئىدى. شۇڭا ئۇلارنىڭ «ئىنقىلابنى ئالغا سۈرۈش ئۇيۇشمىسى» دەسلەپتە بىر قىسىم كىشىلەرنى قايمۇقتۇرالىغان بولسىمۇ، كېيىن ئۇزۇل - كېسىل مەغلۇپ بولدى. ۋەزىيەتنىڭ ئۆزى ئۈچۈن بارغانسېرى قولايسىزلىقىنى ھېس قىلغان ۋاڭ جاۋجى بىر دوملاپلا «تەشۋىقاتچى» بولۇپ، كوممۇنىستىك پارتىيىنى بىزگە چۈشەندۈرمەكچى بولدى.

بىزنىڭ تەشۋىقات ئۆمىكىمىزنىڭ پائالىيىتى بارغانسېرى كۈچەيمەكتە ئىدى. خەلق تۆت كۆزى بىلەن خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ خوتەنگە بالدۇرراق يېتىپ كېلىشىنى كۈتەتتى. ئەنە شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئەزەلدىن بىز بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ كەلگەن شورۋاغلىق مەتتۇردى بەگ بىزگە باشقىلاردىن ئۇققان مەخپىي خەۋەرنى — «ئاخشام لۇگۇاڭيۈەن، ۋاڭ جاۋجى، روزى مەممەت بەگ، نۇر بەگ، قازىبەگ، ئىمىن بەگ قاتارلىق ئەكسىيەتچىلەر 8 - پولكتا مەخپىي يىغىن ئۆتكۈزۈپ تەشۋىقات گۇرۇپپىسىنىڭ ئاساسلىق ئادەملىرىنى سۇيىقەست قىلىپ ئۆلتۈرمەكچى» بولغانلىقىنى، ئازادلىق ئارمىيە كەلگەندە «بۇلار مىللەتچىلەر بولغىنى ئۈچۈن

سانائەت مەكتىپى ئوقۇتقۇچىلىرىدىن ئابدىراخمان پازىل، سەيدىۋاققاس، رىن خىن قاتارلىق يولداشلار خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭ چېگرىسىغا يېقىنلىشىپ قالغانلىقى، گومىنداڭنىڭ ھالاك بولۇش ۋاقتى ئاز قالغانلىقى ئۈستىدە ئۆز ئارا پاراڭ سېلىشقانلىقى ئۈچۈن، مۇنداق خەۋەرلەرنىڭ جەمئىيەتكە تارقىلىپ كېتىشىدىن ئۆلگۈدەك قورققان 8 - پولك ئەتىسىلا ئۇلارنى قولغا ئېلىپ ھەربىي تۈرمىگە قامىدى.

1949 - يىلى 9 - ئاينىڭ 27 - كۈنى شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتقانلىقى ئاللىقاچان تېلېگرامما ئارقىلىق تۆۋەنگە ئۇقتۇرۇلغان بولسىمۇ، لېكىن گومىنداڭنىڭ خوتەندىكى جاھىل مۇرتەتلىرى بۇ خەۋەرنى بىر مەزگىل قامال قىلىۋېلىپ ئاممىغا ئۇقتۇرمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازات بولۇش مەسىلىسى مۇزاكىرە قىلىنىۋاتقاندا، چەت ئەلگە قېچىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىدىن يولغا چىققان مابۇفاڭنىڭ ئادەملىرى ۋە پانتۈركىست تەرەپدارلىرى 9 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا جەنۇبىي شىنجاڭغا توپلانغانىدى، مەمتىمىن بۇغرانىڭ ئايالى ئامىنىخان ھاجى، قۇربان قودايى قاتارلىقلار خوتەنگە كېلىپ، بىر تەرەپتىن كىشىلەرنى چەتكە قېچىشقا قۇتراتسا، يەنە بىر تەرەپتىن: «بىز كۆپ بولسا بىر يىل، بولمىسا ئالتە ئايدىن كېيىن قايتىپ كېلىمىز، كوممۇنىستلار ئۈزۈل-كېسىل مەغلۇپ بولىدۇ» دېگەن ئىغۋالارنى تارقاتتى. گومىنداڭ ئىشپىيونلىرى ۋە بەگ - بوجاڭلارمۇ تەرەپ - تەرەپتە قۇتراپ يۈرۈپ: «كوممۇنىستلار كەلسە دىننى يوقىتىدۇ، ئازادلىق ئارمىيە خوتۇن - قىزلارنى مەجبۇرىي خوتۇنلۇققا ئالىدۇ» دەپ ئىغۋا تارقىتىشتى.

گومىنداڭنىڭ خوتەندىكى جاھىل كۈچلىرىنىڭ ئازادلىق خەۋىرىنى قامال قىلىۋالغانلىقى ۋە ئۈزلۈكسىز ئىغۋا تارقىتىشىغا چىداپ تۇرغىلى بولمايتتى. شۇڭا خوتەندىكى ئىلغار ياشلار خوتەن دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىگە يىغىلىپ، «ئازادلىق ئارمىيىنى كۈتۈۋېلىش تەشۋىقات ئۆمىكى»نى قۇردۇق، بۇ ئۆمەكنىڭ تەشۋىقات چىقىرىشقا ۋاڭ جاۋجى، روزى مەممەت بەگلەر ياردەم بېرىشنى رەت قىلدى. بۇ چاغدا ۋىلايەتلىك باج ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئابلىمىت موللايوپ ئەكسىيەتچى كۈچلەردىن ئالاقىسىنى ئۈزۈپ، بىزنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن تەمىنلىدى. تەشۋىقات ئۆمىكى 10 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تەنتەنىلىك تەبرىك يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازات بولغانلىقىنى تەبرىكلىدۇق،

ناك يىچاك

# قۇربان تولۇم ماۋجۇشىنى كۆردى

1958 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى مۇخبىر خۇفۇ ماۋجۇشىنىڭ قۇربان تولۇمنى قوبۇل قىلغان كۆرۈنۈشىنى سۈرەتكە ئالدى. شۇ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى «خەلق گېزىتى» بۇ سۈرەتنى ۋە دىڭ ۋېن، ۋاڭ لىچىنلار يازغان «قۇربان تولۇم ماۋجۇشىنى كۆردى» دېگەن ئۇچېرىكنى ئېلان قىلدى. بۇنىڭغا ئۇلاپلا خەلق مائارىپ نەشرىياتى بۇ سۈرەت بىلەن ئۇچېرىكنى باشلانغۇچ مەكتەپلەر تىل ـ ئەدەبىيات دەرسلىكىنىڭ 8 ـ قىسمىغا كىرگۈزدى، بۇنىڭ بىلەن قۇربان تولۇم پۈتۈن مەملىكەتكە تونۇلدى.

قۇربان تولۇم ئۇيغۇر. كېرىيە ناھىيە قىزىل بايراق كوممۇنا (ھازىرقى شەنبە بازار) 2 ـ باشقۇرۇش رايونىنىڭ 1 ـ چوڭ ئەترىتىدىن. تەخمىنەن 1883 ـ يىلى تۇغۇلغان. ئۇ كىچىكىدىن تارتىپ باي ـ پومېشچىكلارنىڭ قاتتىق ئېزىشىگە ئۇچرىغان، ئازادلىقتىن كېيىن يېڭى ھاياتقا ئېرىشكەن. 1952 ـ يىلى يەر ئىسلاھاتى مەزگىلىدە ئۇنىڭغا 14 مو يەر، بىر يۇرۇش ئۆي تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن.

1955 ـ يىلى كۈزدە مول ھوسۇل ئالغاندىن كېيىن قۇربان تولۇم 100 جىڭدەك ئۇندا نان ـ توقاچ تەييارلاپ، ئېشەككە مىنىپ بېيجىڭغا بېرىپ ماۋجۇشىنى كۆرۈشكە بەل باغلايدۇ. ناھىيە كادىرلىرى ۋە مەھەللىدىكى ئەل ـ جامائەت ئۇنىڭغا: «بېيجىڭ بەك يىراق، ئېشەككە مىنىپ بېرىپ بولغىلى بولمايدۇ» دەيدۇ. قۇربان تولۇم بىر قانچە قېتىم ئۇزۇق ـ تۈلۈكلىرىنى يۈدۈپ تاشيولغا چىقىپ ماشىنا توسۇپ، شوپۇرلاردىن بېيجىڭغا يەتكۈزۈپ قويۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. شوپۇرلارمۇ ئۇنىڭ ئارزۇسىنى قاندۇرۇشقا ئامالسىز ئىدى.

1957 ـ يىل كۈزدە يولداش ۋاڭ ئېنماۋ كېرىيىگە كەلدى. ئۇ قۇربان تولۇمنىڭ ئۆزى بىلەن كۆرۈشكۈسى بارلىقىنى ئاڭلاپ، ئاتايىتەن ئۇنىڭ ئۆيىگە باردى. يولداش ۋاڭ ئېنماۋ ئۇنى ئوبدان

ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ خوتەنگە كېلىشىگە قارشى تەشۋىقات قىلدى، بۇنىڭدىن غەزەپلەنگەن خەلق ئۇلارنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتتى» دەپ قۇتۇلماقچى بولغانلىقىنى يەتكۈزدى.

بىز شۇ كۈنى كېچىسى دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىگە يىغىلىپ، جىددىي تەييارلىق قىلدۇق ۋە ھوشيارلىق ئىچىدە تاڭ ئاتقۇزدۇق. ئەتىسى ئەتىگەن خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 15 - پولكىنىڭ جاڭ تۇەنجاڭ باشچىلىقىدىكى ئالدىن يۈرۈش قىلىش قىسمى خوتەنگە كەلدى. دېمەك، ئۇلارغا ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شۇ كۈنى خوتەنگە كېلىدىغانلىقى توغرىسىدا خەۋەر قىلىنىغاچقا، ئۆز سۈيىقەستىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىغانىكەن.

12 - ئاينىڭ 22 - كۈنى خوتەن تارىخىدا يېڭى سەھىپە باشلاندى. ھەر مىللەت ئەمگەكچىلىرى خۇشال - خۇراملىقتا چۆمدى. ليۇفاشۇ تۇەنجاڭ، سىياسىي كومىسسار خۇاڭ چىڭ باشچىلىقىدىكى 15 - پولك جەڭچىلىرى تەكلىماكان قۇملۇقىنى كېسىپ ئۆتۈپ، ئاقسۇدىن خوتەنگە كېلىدىغان جاڭگال يولى «خوتەن قېيىسى» ئارقىلىق 20 نەچچە كۈنلۈك يولنى پىيادە بېسىپ خوتەنگە يېتىپ كەلدى. شۇ كۈنى تەشۋىقات ئۆمىكىمىزنىڭ تەشكىللىشى بىلەن 10 مىڭدىن ئارتۇق ھەر مىللەت خەلقى داقا - دۇمباقلارنى ياڭرىتىپ شەھەردىن 10 نەچچە يول يىراقلىقتىكى قوشكۆلگە چىقىپ، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنى كۈتۈۋالدۇق.

ئەتىسى ئېچىلغان ئازادلىق ئارمىيىسىنى قارشى ئېلىش چوڭ يىغىنىدىن كېيىن بىزنىڭ نامايىش قوشۇنىمىز ۋاڭ جاۋجى، روزى مەممەت بەگ، نۇر بەگلەرنى ئۆيىدىن سۆرەپ چىقىپ، كوچا ئايلاندۇرۇپ سازايى قىلىش بىلەن ئارمىيە ئىشتابىغا تاپشۇرۇپ بەردۇق.

مېنىڭ بۇ ئەسلىمىلىرىمنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى خوتەندە بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرەلمەسلىكى تەبىئىي، شۇنداقلا ئارىدىن كۆپ ۋاقىت ئۆتۈپ كەتكەچكە بەزى نۇقسانلاردىن خالىي ئەمەس، شۇڭا باشقا يولداشلارنىڭ تولۇقلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

(«شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» (15) شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1984- يىل 12 - ئاي 1- نەشرىدىن ئېلىندى.)

دەپ جاۋاب بەردى. بېيجىڭدە تۇرۇۋاتقان كۈنلەردە ئۇ يەنە باشقىلارغا يازدۇرۇپ ماۋجۇشىغا ئىككى پارچە خەت تەييارلىدى. ئۇ «خەت قانداق قىلغاندا تېز يېتىپ بارىدۇ؟» دەپ پوچتا خادىملىرىدىن سورىغاندا، پوچتا خادىملىرى: «ئايروپىلاندا ماڭدۇرغان خەت ئەڭ تېز بولىدۇ» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قۇربان تۇلۇم بېيجىڭدە تۇرۇۋېتىپ ماۋجۇشىغا ئايروپىلان ئارقىلىق يەتكۈزۈلىدىغان خەتتىن ئىككى پارچە سېلىپ، ماۋجۇشىنىڭ جەزمەن ۋاقىت چىقىرىپ ئۆزىنى قوبۇل قىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

1958 - يىلى 6 - ئاينىڭ 28 - كۈنى قۇربان تۇلۇم ئۈچۈن ئەڭ بەختلىك كۈن بولدى. ماۋجۇشى ۋە باشقا مەركەز رەھبەرلىرى قۇربان تۇلۇمنى ۋە باشقا بارلىق ۋەكىللەرنى قوبۇل قىلدى ھەمدە خاتىرە ئۈچۈن سۈرەتكە چۈشتى. ماۋجۇشى يەنە سەممىمىي ھالدا «مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى» قۇربان تۇلۇمنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى ۋە ئۇنىڭدىن ھال سورىدى. قۇربان تۇلۇم ماۋجۇشىنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇپ، ئۇزۇنغىچە قويۇۋەتكۈسى كەلمىدى. ئۇ شۇ مەيداندىلا ئۆزىنىڭ سوۋغاتلىرىنى ماۋجۇشىغا تەقدىم قىلىپ، شەرەپلىك ھالدا ماۋجۇشى بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى. فوتو سۈرەت مۇخبىرى خۇفۇ مۇشۇ پەيتتە قىممەتلىك سۈرەتنى تارتتى.

كۆرۈشۈشنىڭ 2 - كۈنى ماۋجۇشى يەنە مەخسۇس ئادەم ئەۋەتىپ، قۇربان تۇلۇمغا ئۇن مېتىر چىپەرقۇت يەتكۈزۈپ بەردى.

قۇربان تۇلۇم بېيجىڭدىن قايتىپ كەلگەن كۈنى چۈشتىن كېيىن چوڭ ئەترەت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ سېكرېتارىنى تېپىپ، ئۆزىگە ئىش ئورۇنلاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. ئويلىمىغان يەردىن سېكرېتار، ئەزالار سىزنى قېرىلار ساناتورىيىسىنىڭ باشلىقلىقىغا سايلىدى دەپ ئۇقتۇرىدۇ. قۇربان تۇلۇم بۇنىڭغا ئۇنىمايدۇ، سېكرېتار ئامالسىز ئۇنى ئورمانچىلىق ئەترىتىگە تەقسىم قىلىدۇ، بۇ يىلى ئۇ يەنە جىرىم تىكىش بويىچە ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ سايلاندى.

1959 - يىلى 1 - ئايدا قۇربان تۇلۇم خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى سالاھىيىتى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق 2 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا قاتناشتى. شۇ يىلى 7 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئۇ شەرەپ بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولۇپ كىردى ھەم 10 - ئايدا بېيجىڭدە دۆلەت بايرىمى مۇراسىمىغا قاتنىشىپ، ماۋجۇشىنى ئىككىنچى قېتىم كۆردى. 1968 - يىلىدىن كېيىن ئۇ ئىلگىرى -

ئىشلەشكە ئىلھاملاندۇردى ھەمدە ئۇنىڭغا: «كېيىنچە پۇرسەت بولسىلا، سىزنى چوقۇم بېيجىڭگە ئەۋەتەيلى» دېدى.

بۇ ئىشتىن كېيىن قۇربان تولۇم ماۋجۇشىغا ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ يەتتە قېتىم خەت يازدى ھەمدە گۈلە - قاق قاتارلىقلارنى ئەۋەتىپ بەردى. ماۋجۇشى ۋە مەركىزىي كومىتېت بەنگۇڭتىڭى ئۇنىڭغا تۆت پارچە خەت يازدى ھەمدە ماۋجۇشىنىڭ سۈرىتىنى ئەۋەتىپ بەردى. قۇربان تولۇم بۇنىڭدىن غايەت زور ئىلھام ئالدى.

1953 - يىلى قۇربان تولۇم ھەمكارلىق گۇرۇپپىسىغا ئاكتىپ قاتنىشىپلا قالماستىن، يەنە ئۆزى ئىشلەپ تاپقان پۇلىغا 12 ساپان سېتىۋېلىپ، ھەمكارلىق گۇرۇپپىسىغا تەقدىم قىلغانىدى. 1954 - يىلى دائىملىق ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى قۇرۇلغاندا، ئۇ يەنە بىر ئۆكۈز سېتىۋېلىپ، ھەمكارلىق گۇرۇپپىسىنىڭ ھەقسىز ئىشلىتىشىگە بەرگەن ھەمدە ئارقىدىنلا كوپېراتىپقا كىرگەن. 1953 - يىلىدىن 1957 - يىلىغىچە بولغان بەش يىل ئىچىدە ئۇ دۆلەتكە جەمئىي 4900 جىڭدىن ئارتۇق ئېشىندى ئاشلىق سېتىپ بەرگەنىدى.

1958 - يىلى 6 - ئايدا خوتەن ۋىلايىتى مۇنەۋۋەر كوپېراتىپ مۇدىرلىرى، تېخنىكلار ۋە ئەمگەك نەمۇنىچىلىرىنى بېيجىڭغا بېرىپ يېزا ئىگىلىك سايمانلىرى كۆرگەزمىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا ئۇيۇشتۇرغاندا، قۇربان تولۇممۇ ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكىگە شەرەپ بىلەن قاتناشتۇرۇلدى. بۇ خۇش خەۋەر يېتىپ كەلگەندىن كېيىن قۇربان تولۇم تەييارلاپ قويغىلى ئۈزۈن بولغان قاق، گۈلە، مېغىز، قۇرۇق ئۈزۈم ۋە ماتا قاتارلىق سوۋغاتلىرىنى ئېلىپ ناھىيىگە تۇنجى بولۇپ يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ قانات چىقىرىپ ئۇچۇپ، ماۋجۇشىنىڭ قېشىغا تېزدىن يېتىپ بارغۇسى كېلەتتى. ئۇ سەپەر ئۈستىدە «بۇ دورەم ماۋجۇشىنى كۆرىدىغان بولدۇم» دېگەن سۆزىنى ئېغىزىدىن چۈشۈرمىدى. پويىز ھەر بىر بېكەتكە كەلگەندە، ئۇ: «ماۋجۇشىنىڭ قېشىغا بېرىشقا يەنە قانچىلىك يول قالدى» دەپ سورايتتى.

بېيجىڭدە ئېكسكۇرسىيىدە بولغان كۈنلەردە، قۇربان تولۇم ماۋجۇشىنىڭ قوبۇل قىلىشى توغرىسىدىكى خەۋەرنى ھەر كۈنى تەشنالىق بىلەن كۈتتى، ئېكسكۇرسىيە ئاخىرلىشاي دەپ قالغان بولسىمۇ، قۇربان تولۇم ئېنىق جاۋابقا ئېرىشەلمىگەچكە، تىت - تىت بولۇپ، بىر قانچە كۈنگىچە كېلىدىن تاماق ئۆتمىدى، كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمىدى، باشقىلار ئۇنىڭدىن ساقىسز بولۇپ قالدىلىمۇ؟ دەپ سورىغاندا، ئۇ: «مېنىڭ كېسىلىم ماۋجۇشىنى كۆرسەم ساقىيىدۇ»

# خوتەن ئوغلانى — ۋاڭ ۋېي

ۋاڭ ۋېي مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى، ئاپتونوم رايون بويىچە مەشھۇر سۇ ئىنشائات مۇتەخەسسىسى بولۇپ، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن پارتىيىمىز تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن بىرىنچى ئەۋلاد زىيالىي ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ خوتەن دەريا ئېقىنلىرىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ باشلىقى، خوتەن ۋىلايەتلىك سۇ ئېلېكتر ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، خوتەن مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى، باش ئىنژېنېرى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

ۋاڭ ۋېي، گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ جىڭيۈەن ناھىيىسىدىن بولۇپ، 1927 - يىلى تۇغۇلغان. 1951 - يىلى غەربىي شىمال يېزا ئىگىلىك ئىنىستىتۇتىنىڭ سۇچىلىق كەسپىنى پۈتتۈرۈپ، ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن شىنجاڭغا كەلگەن. دەسلەپ شىخەنزە ھەربىي بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش مەيدانىدا سۇ ئىشلىرى تېخنىكى بولغان. خىزمەتنى نەتىجىلىك ئىشلىگەچكە، ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىدا ئاپتونوم رايون ۋە مەملىكەت بويىچە يېزا ئىگىلىك سىستېمىسىنىڭ ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولغان. 1956 - يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن. خوتەن ئازاد بولغاندىن كېيىن قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار ئىنتايىن كۆپ ئىدى. سۇچىلىق قۇرۇلۇشى خوتەننىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى چەكلەپ تۇرۇۋاتقان مۇھىم ئامىل بولۇپ، سۇچىلىق تېخنىكلىرىغا جىددىي ئېھتىياجلىق ئىدى. خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ تەلەپ قىلىشى بىلەن 1958 - يىلى ئاپتونوم رايون ۋاڭ ۋېي قاتارلىق بىر قانچە سۇ ئىشلىرى خىزمەتچىلىرىنى خوتەننىڭ سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشلىرىنى پىلانلاشقا ياردەم بېرىش ۋە قۇرۇلۇشقا قاتنىشىشقا ئەۋەتكەن. ئەينى ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ ئۈچ يىلدىن كېيىن شىمالىي شىنجاڭغا قايتىپ كېتىشى قارار قىلىنغان. ئەمما، ئۇلار شۇ ئىشلىگەنچە 30 نەچچە يىل ئىشلەپ، پۈتۈن ئۆمرىنى خوتەنگە بېغىشلىدى. خوتەندىكى 36 دەريا - ئېقىننىڭ ھەممىسىدە ۋاڭ ۋېينىڭ ئىزلىرى قالغان بولۇپ، ئۇ كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ

ئاخىر بولۇپ، ۋىلايەتلىك ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، كېرىيە ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، كېرىيە ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، كېرىيە ناھىيىلىك قىزىل بايراق كوممۇنا ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىدى. 1973 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى بولدى.

1975 - يىلى 1 - ئايدا مەملىكەتلىك 4 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بولۇپ سايلاندى. بىراق، ياشىنىپ قالغانلىقتىن قۇرۇلتايغا قاتنىشالمىدى. 5 - ئاينىڭ 26 - كۈنى كېسەل سەۋەبى بىلەن خوتەندە 92 يېشىدا ۋاپات بولدى.

1993 - يىلى كېرىيە خەلقى ماۋزېدۇڭ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقى، قۇربان تولۇم تۇغۇلغانلىقىنىڭ 110 يىللىقىنى تەبرىكلەپ قۇربان تولۇمنىڭ قەبرىسىنى ئۇنىڭ يۇرتى توغرىغاز يېزىسىدا قاتۇردى. 1996 - يىلى ناھىيە مەركىزىنىڭ غەربىي كىرىش ئېغىزىغا قۇربان تولۇمنىڭ ماۋجۇشى بىلەن كۆرۈشۈۋاتقان ھەيۋەتلىك خاتىرە ھەيكىلىنى قاتۇرۇپ، كېرىيە خەلقىنىڭ ماۋجۇشىغا بولغان چوڭقۇر مېھرى - مۇھەببىتىنى يەنە بىر قېتىم نامايان قىلدى.

(«خوتەن تەزكىرىسى» نىڭ 1993 - يىل 1 - سانىدىن ئېلىندى، نادىر سادىر تەرجىمىسى)



ئىدى. سۇدىن پايدىلىنىش نىسبىتى ئاران ئون نەچچە پىرسەنت ئىدى. خوتەن ۋىلايىتىنىڭ سۇ ئىنشائات قىياپىتىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، ۋاڭ ۋېي يىلمۇ يىل دەريا ئېقىنلىرىنى بويلاپ تەكشۈردى. بولۇپمۇ يىللىق ئېقىن مىقدارى 14 مىليون كۇب مېتىردىن يۇقىرى بولغان 24 دەريا ئېقىنى ۋە ئۇنىڭ تۆۋەن ئېقىنىنى تەپسىلىي، نۇقتىلىق تەكشۈردى. ئۇزاق ئۆتمەيلا ۋىلايەتلىك پارتكومغا خوتەن ۋىلايىتىنىڭ سۇچىلىق قۇرۇلۇشى دوكلاتىنى تاپشۇرۇپ، «سۇ باشلاش بىلەن سۇ ساقلاشنى بىرلەشتۈرۈش، سۇ باشلاش بىلەن سۇ سىڭمەسلەشتۈرۈشنى بىرلەشتۈرۈش، سۇغىرىش ئۇسۇلىنى ياخشىلاش بىلەن يەر تۈزلەشنى بىرلەشتۈرۈش»تىن ئىبارەت سۇچىلىق لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ئەستايىدىل، تەپسىلىي تەكشۈرۈلگەنلىكتىن، ۋىلايەت بويىچە سۇغىرىش رايونلىرىنى ئۆزگەرتىش ۋە سۇدىن پايدىلىنىش نىسبىتىنى ئۆستۈرۈشنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان ئېتىز - ئېرىق سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى قانات يايدۇرۇلدى. ۋاڭ ۋېينىڭ بويى 1.88 مېتىر بولغاچقا پۇتلىرىمۇ ئۇزۇن ئىدى. خوتەنلىكلەر ئۇنىڭ يول مېڭىشقا ماھىرلىقىنى ماختىشاتتى. ئۇ تاغ - داۋانلاردىن ئېشىپ، چۆل - جەزىرىلەرنى كېزىپ، خوتەننىڭ ھەر بىر دەريا - ئېقىنى ۋە يېزا - قىشلاقلىرىنى كېزىپ چىقتى. 1975 - يىلى ئۇ يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىنىڭ ئەھۋالىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن ئائىلىدىكىلەر ۋە خىزمەتداشلىرىنىڭ توسۇشىغا قارىماي، ئۆلچەش ئەسۋابلىرىنى يۈدۈپ، نەچچە مېتىر قېلىن قارلىقلاردىن ئۆتۈپ، مۇز تاغلارنىڭ گۆمۈرۈلۈپ چۈشۈش، قار كۆچۈش خەتىرىگە قارىماي، دېڭىز يۈزىدىن 5000 مېتىر ئېگىز بولغان قارا قۇرۇم تاغلىرىغا چىقتى. 1996 - يىلى ئۇ 61 ياشقا كىرىپ قالغان ۋاڭ ۋېي قاراقاش دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا قۇرۇلىدىغان سۇ ئامبىرىنىڭ ئورنىنى ياخشى تاللاش ئۈچۈن، 4800 مېتىر ئېگىز داۋاندىن ئۆتۈۋاتقاندا تۆتەك ئېلىپ كېتىپ ھوشىدىن كەتتى. ئۇ ھوشىغا كېلىپ قايتا - قايتا تەكشۈرۈپ دەلىللەش ئارقىلىق، ئاخىر سۇ ئامبىرىنىڭ ئورنىنى ئۇلۇغئاتىغا بېكىتىپ، دۆلەتنىڭ نۇقتىلىق سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىغا كىرگۈزدى.

يولداش ۋاڭ ۋېي ھەر ۋاقىت خوتەن خەلقىنى كۆڭلىگە پۈككەن بولۇپ، 33 يىل ئىچىدە خوتەننىڭ سۇ ئىنشائاتى ئۈچۈن يۈرەك قېنىنى سىڭدۈردى. ئۇ خوتەنگە كېلىشتىن بۇرۇن خوتەندە پەقەت ئىككى سۇ ئامبىرىلا بار ئىدى. ئۇنىڭ قاتنىشىشى ۋە رىياسەتچىلىكىدە

شەرەپلىك مەسئۇلىيىتىنى سادىقلىق بىلەن ئادا قىلىپ، ئەينى ۋاقىتتىكى زىيالىيلارنىڭ روھىي قىياپىتىنى نامايان قىلىپ، مۇنەۋۋەر پەن - تېخنىكا خىزمەتچىلىرىنىڭ شانلىق ئوبرازىنى تۇرغۇزدى. يولداش ۋاڭ ۋېي 1991- يىلى 4 - ئاينىڭ 27 - كۈنى راك كېسىلى بىلەن ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇ ھايات ۋاقتىدىلا 1988 - يىلى ۋىلايەتلىك پارتكوم قارار چىقىرىپ، پۈتۈن ۋىلايەتتىكى كومپارتىيە ئەزالىرى ۋە ھەر مىللەت كادىرلىرىنى يولداش ۋاڭ ۋېيدىن ئۆگىنىشكە چاقىردى. ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، 1991 - يىلى 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىلەن خەلق ھۆكۈمىتى «مۇنەۋۋەر پەن - تېخنىكا خىزمەتچىسى يولداش ۋاڭ ۋېيدىن ئۆگىنىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» نى چىقاردى. 1991 - يىلى 5 - ئاينىڭ 2 - كۈنى خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكوم يەنە «ۋىلايەت بويىچە كومپارتىيە ئەزالىرى، ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە كەڭ زىيالىيلار ئارىسىدا ۋاڭ ۋېيدىن ئۆگىنىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا قارار» نى چىقاردى. 1991 - يىلى 11 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق سۇ ئىشلىرى نازارىتى «پۈتۈن ئاپتونوم رايونلۇق سۇ ئىشلىرى سىستېمىسى بويىچە يولداش ۋاڭ ۋېيدىن ئۆگىنىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى قارار» نى چىقاردى.

1990 - يىلى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى جياڭ زېمىن خوتەن بوستانلىقىنى كۆزدىن كەچۈرگەندە، رەت - رەت ئورمان بەلۋاغلىرىنىڭ گىرەلىشىپ، مېۋىلىك باغلارنىڭ ئايىنىپ كەتكەنلىكىنى كۆردى. قۇملۇقتا سۇ بولسىلا بوستانلىق بەرپا قىلغىلى بولىدۇ. ئۇنداقتا سۇ قانداق كەلگەن؟ ئۇ ۋاڭ ۋېينىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن مەردانىلىك بىلەن «سۇ بولغاندىلا ھاياتلىق بولىدۇ، سۇچىلىق قۇرۇلۇشى ناھايىتى مۇھىم» دېدى.

خوتەندىكى 36 دەريا ئېقىنىنىڭ ئومۇمىي ئېقىن مىقدارى 7 مىليارد 300 مىليون كۇب مېتىر بولۇپ، يەنە 1 مىليارد 200 مىليون كۇب مېتىر بۇلاق سۈيى بار. لېكىن، سۇنىڭ پەسىللەرگە ئايرىلىشى ۋە رايون بويىچە تارقىلىشى ئىنتايىن تەكشىسىز بولۇپ %80 دەريا سۈيى ياز ۋە كۈز پەسلىدە كېلىدۇ. سۇغا جىددىي موھتاج بولغان ئەتىياز پەسلىدە سۇ يوق.

XX ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىدىن بۇرۇن، خوتەننىڭ دېھقان-چارۋىچىلىق رايونلىرى ئاساسىي جەھەتتىن ئىپتىدائىي سۇغىرىش شەكلىنى قوللانغاچقا، ھېچ قانداق سۇ ئىنشائاتى ئەسلىھەلىرى يوق

مەھكىمىنىڭ ئارىلىقى ئىككى كىلومېتىر كېلەتتـــى. ئەمما، ئۇ مۇئاۋىن ۋالىي بولسىمۇ، ئىشقا بېرىپ - كېلىشتە ئەزەلدىن پىكاپتا ئولتۇرماي، ھەر كۈنى پىيادە بېرىپ كېلەتتى. ۋاڭ ۋېي روھى خوتەن روھىنىڭ يىغىنچاقلىنىشى، ۋاڭ ۋېي خوتەنگە كەلگەندىن تارتىپ تاكى 1991 - يىلى ۋاپات بولغانغا قەدەر بولغان 33 يىلدا خوتەننىڭ سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا جەمئىي 804 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت سالغان مەبلەغ 274 مىليون يۈەن، يەرلىك غەملىگىنى 530 مىليون يۈەن بولۇپ، ئومۇمىي مەبلەغنىڭ ئۈچتىن ئىككىنى سىنى ئىگىلەيدۇ. ئۇنۇم جەھەتتە ئاپتونوم رايون بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ. ئۇ 30 نەچچە يىللىق جاپالىق كۈرەش قىلىش ئارقىلىق، خوتەننىڭ سۇ ئىنشائاتى ئىشلىرىنى ئاپتونوم رايون بويىچە سۇ ئىنشائاتى سېپىنىڭ بىر بايرىقىغا ئايلاندۇردى. سۇ ئامبىرى ۋە ئېلىشبېشى قۇرۇلۇشلىرىدىن باشقا، ۋىلايەت بويىـچە غول ئۆق، تارماق ئۆستەڭ ۋە ئېرىقتىن 20 مىڭ كىلومېتىـــردىن ئارتۇق ياسىلىپ، سۇدىن پايدىلىنىش نىسبىتى 10 نەچچە پىرسەنتتىن % 44 كە يەتكۈزۈلدى.

نۇرغۇن كىشىلەر ۋاڭ ۋېي خوتەن خەلقىنى دەپ چارچاپ ئۆلۈپ كەتتى دېيىشىدۇ. تەكشۈرۈش ئارقىلىق ساقايماس كېسەللىكى ئېنىقلانغان بولسىمۇ، ئۇ يەنە دوختۇرخانىدا ياتماي، نەچچە قېتىم مەمۇرىي مەھكىمىگە كېلىپ، ئۈلۈغئاتا سۇچىلىق تۇگۈنى قۇرۇلۇشى توغرىسىدىكى يىغىنغا قاتناشتى. ئۇ راك كېسىلىگە گىـــرىپتار بولغاندىن كېيىن شىنجاڭ مېدىتسىنا ئىنىـــستىـــتۇتىنىـــڭ دوختۇرخانىسىغا يۆتكەپ داۋالىتىلدى. ئۇ كېسەلخانـــىدا چوڭقۇر مەنىلىك قىلىپ تۆۋەندىكى شېئىرنى يازدى.

*بۇ جاھاندا ئىشىم ئەجەلدىن كىمىر قاچان قالغان ئامان،*
*ئەلگە ئەزىزدۇر تۆھپە بىرلە ئەلنى دەپ سوققان يۈرەك.*
*تەر تۆكۈپ كەزدىم قىرىق يىل بۇندا كوكېنلۇن باغرىنى،*
*بەخت، ئۈملۈك سۆيى گىنىردەش مەندىكى ئارزۇ - تىلەك.*

ئۇ ۋاپات بولۇشتىن بىر كۈن بۇرۇن ئەيني ۋاقىتتىكى ئـاپتونوم رايـونلۇق پارتكـومىنىڭ شۇجىـــــــى يـولداش سۇڭ خـەنلياڭ دوختـۇرخـانىغا ئۇنى يـوقلاپ كـەلگەندە، ۋاڭ ۋېي كـۆزىگە لىق يـاش ئېلىپ تـۇرۇپ، «ئۈلۈغئاتا قۇرۇلۇشى — خوتەن خەلقىنىڭ

ۋىلايەت بويىچە 58 سۇ ئامبىرى قۇرۇلدى. سۇ ئامبىرى قۇرۇش جەريانىدا ئۇ خوتەن خەلقىنىڭ كۆپ يىللىق تەجرىبىلىرىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، كۆپلىگەن ئادەم كۈچى ۋە مالىيە كۈچىنى تېجەپ قالدى. گوما ناھىيىسىدىكى ياپچان سۇ ئامبىرىدا ئۇنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، شۇ جايدىكى دېھقانلار لاي ئېقىتىپ يەر تۈزلەش ئۇسۇلى ئارقىلىق توغان ياساپ، ئىش ئۈنۈمىنى 20 نەچچە ھەسسە ئاشۇردى.

بۇ ئامبارلارنىڭ قۇرۇلۇشى خوتەننىڭ ئەتىيازدىكى قۇرغاقچىلىق زىددىيىتىنى پەسەيتىشتە مۇھىم رول ئوينىدى. خوتەندىكى ھەر قايسى دەريا سىستېمىلىرىدا ئىلگىرى مۇقىم ئېلىشبېشى بولمىغاچقا، سۇ باشلاش ئىقتىدارى تۆۋەن ئىدى، دېھقانلار دائىم تاش بىلەن قوپۇرۇلغان ئېقىن توسۇش توغانلىرى ئارقىلىق سۇ باشلايتتى ياكى سۇ بۆلەتتى. دېھقان - چارۋىچىلار بەزىدە سۇ تالىشىپ جېدەللىشىپ قالاتتى. ئۇ ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرىنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقى بىلەن خوتەندە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 24 يەردە مەڭگۈلۈك ئېلىشبېشى قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلدى. بولۇپمۇ قاراقاش دەرياسى ۋە يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ ئېلىشبېشى قۇرۇلۇشىدا دۆلىتىمىزدە قوللىنىپ باقمىغان قەۋەتلىك سۇ باشلاش ئۇسۇلى قوللىنىلغان بولۇپ، بۇ قۇرۇلۇش دەريا - دېڭىز ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دەرسلىكىگە كىرگۈزۈلدى ھەمدە ئاپتونوم رايوننىڭ پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرى بويىچە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. قاراقاش دەرياسى ئېلىشبېشى قۇرۇلۇشىنى ئىشلىگەندە، ئەسلى دۆلەت 12 مىليون يۈەن ئاجرىتىپ بەرگەنىدى. ئەگەر ئۇنى باشقا جاينىڭ قۇرۇلۇش قىلىشىغا بەرگەندە، پەقەت ئاساسىي گەۋدە قۇرۇلۇشىغىلا 16 مىليون يۈەن كېتەتتى. مەبلەغنى تېجەپ قېلىش ئۈچۈن، ئۇ باش قوماندانلىقنى ئۈستىگە ئېلىپ، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، خەلق ئىشچىلىرىنى باشلاپ ئۆزى قول سېلىپ ئىشلىدى. ئۇلارغا تېخنىكا ئۆگەتتى. ئاخىرى 8 مىليون يۈەن بىلەن ئاساسىي گەۋدە قۇرۇلۇشىنى تاماملىدى. ئېشىپ قالغان مەبلەغ يانداشما ئەسلىھە ئىشلەشكە ئىشلىتىلدى ھەمدە ئېلىشبېشى قۇرۇلۇشى خوتەننىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى بازىسى ۋە ساياھەت نۇقتىسى قىلىپ قۇرۇپ چىقىلدى. ئەينى ۋاقىتتىكى سۇ ئېلېكتر مىنىستىرى چيەن جېڭيىڭ بۇ قۇرۇلۇشنى كۆرگەندىن كېيىن خۇشاللىق بىلەن: «خوتەندە خوتەن خەلقى ياراتقان مۆجىزىلەرنى كۆردۈم» دېدى. ۋاڭ ۋېينىڭ ئۆيى سۇ ئىدارىسىدە ئىدى، ئۆيى بىلەن مەمۇرىي

# خوتەن چوڭ ئىشلار يىلنامىسى

## جۇ سۇلالىسى، چىن سۇلالىسى دەۋرى

مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى XV ئەسىردىن XX ئەسىرگىچە خوتەن قاشتېشى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كۆپلەپ كىرگۈزۈلدى.

مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى IV ئەسىردىن V ئەسىرگىچە بوستانلىق يىپەك يولى ئېچىلىپ، خوتەن بوستانلىقى يىپەك يولىنىڭ مۇھىم تۈگۈنىگە ئايلاندى.

مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 242 ـ يىلى ئۇدۇن خانلىقى قۇرۇلدى.

## خەن سۇلالىسى دەۋرى

مىلادىيىدىن بۇرۇنقى II ئەسىردە ئۇدۇننىڭ قېلىپلاشقان مۇزىكا- نەغمىلىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كىردى.

خەن ۋۇدىنىڭ يۈەنشۇ 4 ـ يىلىدىن يۈەن دىڭ 2 ـ يىلىغىچە (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 119 ـ يىلىدىن 115 ـ يىلىغىچە) جاڭ چيەن غەربىي يۇرتقا ئىككىنچى قېتىم ئەلچى بولۇپ كەلگەندە، ياردەمچى ئەلچىسىنى مېرەن، ئۇدۇن قاتارلىق جايلارغا ئەۋەتتى.

خەن ۋۇدىنىڭ تەيچۇ بىرىنچى يىلى (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 104 ـ يىلى) سوتىرشانا سانغۇنى لى گۇاڭلى لەشكەر باشلاپ پەرغانىگە ھۇجۇم قىلدى. بېرىش ۋاقتىدا جەنۇب ۋە شىمالدىن ئىبارەت ئىككى يولغا بۆلۈندى. جەنۇبىي يول قوشۇنى ئۇدۇندىن ئۆتتى. لى گۇاڭلى لەشكەر باشلاپ قايتىش يولىدا يەنە بىر قېتىم ئۇدۇن، رۇڭ قاتارلىق جايلاردىن ئۆتتى. ھەمدە رۇڭ شاھزادىسى لەيدەننى چاڭئەنگە ئېلىپ بېرىپ، خەن ۋۇدىنىڭ يېنىدا تۇرغاق بەگلىككە قويدى. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇدۇن خانىمۇ جيەن ئوغلىنى چاڭئەنگە تورغاق بەگلىككە ئەۋەتتى.

خەن شاۋدىنىڭ يۈەن پىڭ بىرىنچى يىلى (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 74 ـ يىلى) كەشمىرلىك مۆتىۋەر راھىب ۋىروجىنا ئۇدۇنغا كېلىپ بۇددا دىنىنى تارقاتتى.

ئۆمىدى، ئەپسۇسلىنارلىقى مەن ئۇنى ئىشلەپ تۈگىتەلمىدىم. مېنىڭ پەقەت بىرلا تەلىپىم بار، مەن خوتەنگە قايتىپ كەتسەم، ئۆلسەممۇ خوتەندە ئۆلەي» دېدى. ئەتىسى ئۇ ئايروپىلان بىلەن خوتەنگە يېنىپ كەلدى. ئايروپىلان خوتەن زېمىنىغا قونغاندا، ئۇ ئايروپىلان ئىشىكىدىن بېشىنى چىقىرىپ خوتەن دىيارىغا چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن قاراپ قاتتىق بىر تىنىدى ـ دە، كۆزىنى مەڭگۈ يۇمدى.

ئۇنىڭ خوتەن خەلقىگە قوشقان تۆھپىسىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن، خوتەن ھەر مىللەت خەلقى ئۇنى ئىلگىرى ئۇ كۆرەش قىلغان قاراقاش دەرياسى ئېلىشىبېشى قۇرۇلۇشى يېنىدا يەرلىككە قويۇپ، قەبرە ياسىدى. قاراقاش ناھىيىسىنىڭ سايباغ يېزىسىدىن بىر دېھقان ئۇنىڭ قەبرىسىنىڭ پەستە قېلىپ نەم تارتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئورۇش ئالدىدا تۇرغان بۇغدىيىنى يۇلۇۋېتىپ 500 توننا توپا يۆتكەپ كېلىپ قەبرە ئورنىنى كۆتۈردى. سۇ ئېلىكتىر تارماقلىرى رەھبەرلىرىنىڭ دېيىشىچە، بۇ دۆلىتىمىز سۇچىلىق خادىملىرى ئۈچۈن سېلىپ بەرگەن تۇنجى قەبرە ئىكەن. ئېلىشبېشىغا كەلگەن كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ قەبرىسىنى يوقلاپ، گۈل تەقدىم قىلىدۇ. يولداش ۋاڭ ۋېينىڭ روھى خوتەن ھەر مىللەت خەلقىنى مەڭگۈ ئالغا بېسىشقا ئىلھاملاندۇرىدۇ.

(خۇگجۇ قەدىمىي ئەسەرلەر نەشرىياتى 2002 ـ يىلى ئاپرېل نەشرى «خوتەننىڭ قىسقىچە تارىخى» ناملىق كىتابتىن ئېلىندى. غەيرەت مۇھەممەتئىمىن، مۇھەممەتئابدۇللا مەتسىدىق، ھەسەنجان مەتنۇرىلار تەرجىمىسى)



ئوتتۇرا تۇزلەڭلىككە قايتىپ كېلىش پەرمانىنى تاپشۇرۇۋېلىپ، ئۇدۇندىن ئۆتكەندە، ئۇدۇن خانى ۋە ئەمەلدار پۇقرالار قاتتىق كۆز يېشى قىلىشىپ، بەنچاۋنىڭ ئوتتۇرا تۇزلەڭلىككە قايتىپ كەتمەسلىكىنى تەلەپ قىلىشتى. بەنچاۋ ئۇدۇندىن خەن سۇلالىسى جاڭدى خانىغا مەكتۇپ يېزىپ، ئۆزىنى داۋاملىق سۇلېنى (قەشقەرنى) ساقلاشقا قالدۇرۇشنى تەلەپ قىلدى ۋە ئىجازەتكە ئېرىشتى.

جاڭدىنىڭ جيەنچۇ 3 - يىلى (مىلادىيە 78 - يىلى) ئۇدۇن قاتارلىق بەگلىكلەر بىر تۈمەندىن ئارتۇق لەشكەر چىقىرىپ، بەنچاۋنىڭ پىشانىنى ئېلىشىغا ياردەملەشتى.

جاڭدىنىڭ يۈەنخې 1 - يىلى (مىلادىيە 84 - يىلى) ئۇدۇن لەشكەر چىقىرىپ بەنچاۋنىڭ يەكەنگە ھۇجۇم قىلىشىغا ياردەملەشتى.

جاڭدىنىڭ يۈەنخې 4 - يىلى (مىلادىيە 87 - يىلى) ئۇدۇن بەگلىكى يەنە بىر قېتىم لەشكەر چىقىرىپ بەنچاۋنىڭ يەكەنگە قايتا ھۇجۇم قىلىشىغا ياردەملەشتى. 5000 دىن ئارتۇق دۈشمەننى ئۆلتۈرۈپ نۇرغۇن ئات، مال - چارۋا، بايلىققا ئىگە بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن يەكەن خانى تەسلىم بولدى. تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي گىرۋىكىدىكى 13 بەگلىك بىردەك ئۇدۇنغا بەيئەت قىلدى.

خېدىنىڭ يۇڭيۈەن 14 - يىلى (مىلادىيە 102 - يىلى) بەنچاۋ ئوتتۇرا تۇزلەڭلىككە قايتىش نىيىتىگە كەلدى. ئۇنىڭ سىڭلىسى بەنشاۋ خېدى خانىغا مەكتۇپ سۇندى. خان بەنچاۋنىڭ قايتىپ كېلىشى توغرۇلۇق يارلىق چۈشۈردى. رېڭ شاڭ لەشكەر باشلاپ ئۇدۇنغا كېلىپ تۇرۇپ قالدى ھەمدە قورۇقچىبەگلىككە تەيىنلەندى.

شۇندىنىڭ يۇڭجيەن 2 - يىلى (مىلادىيە 127 - يىلى) بەن يۇڭ لەشكەر باشلاپ قارا شەھەرگە ھۇجۇم قىلدى ۋە بەيئەت قىلدۇردى. ئۇدۇن قاتارلىق 17 بەگلىك قايتىدىن شەرقىي خەن سۇلالىسىگە قارام بولدى. بەن يۇڭ دورغاپ مەھكىمىسىنى ئۇدۇن پايتەختىگە يۆتكەپ تەسىس قىلدى.

شۇندىنىڭ يۇڭجيەن 4 - يىلى (مىلادىيە 129 - يىلى) ئۇدۇن خانى فاڭچيەن شىڭنى ئۆلتۈرۈپ ئۆز ئوغلىنى خان قىلدى. شۇ يىلى ئۇدۇن خانى ئەلچى ئەۋەتىپ، شۇندى خانىغا ئولپان تاپشۇردى.

شۇندىنىڭ يۇڭجيەن 6 - يىلى (مىلادىيە 131 - يىلى) ئۇدۇن خانى ئوغلىنى سوۋغا - سالاملار بىلەن شەرقىي خەن سۇلالىسىغا ئولپان تاپشۇرۇشقا ئەۋەتتى.

شۇندىنىڭ ياڭ جيا 1 - يىلى (مىلادىيە 132 - يىلى) دۇڭخۋاڭ

خەن شۈەندىنىڭ شىنجۈ 2 ـ يىلى (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 60- يىلى) غەربىي يۇرتتا قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى تەسىس قىلىنىپ جېڭجى تۈنجى قورۇقچىبەگلىككە تەيىنلەندى. ئۇدۇن غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى قارمىقىدىكى 36 بەگلىكنىڭ بىرى بولدى.

خەن ئەيدىنىڭ يۈەنشۇ بىرىنچى يىلى (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 2 ـ يىلى) ئۇدۇن خانىغا خەن سۇلالىسى تەرىپىدىن تامغا ئىنئام قىلىندى.

خەن گۇاڭ ۋۇدىنىڭ جيەنۋۇ جۇڭيۈەن بىرىنچى يىلى (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 56 ـ يىلى) جيەنشۇنىڭ ئاخىرقى يىللىرى يەكەن خانلىقى ئەسكەر چىقىرىپ ئۇدۇنغا ھۇجۇم قىلدى ۋە ئۇنى يۇتۇۋالدى. ئۇدۇن خانى يولىن قارام خانلىق ئورنىغا چۈشۈپ قالدى.

مىڭدىنىڭ يۇڭپىڭ 3 ـ يىلى (مىلادىيىنىڭ 60 ـ يىلى) ئۇدۇن تۆرىسى دۈمۇ يەكەن خانلىقىنىڭ رەھىمسىز ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى قوزغىلىپ، يەكەن خانلىقىنىڭ ئۇدۇنغا ئەۋەتكەن باسقاق سانغۇنى جۈن دېنى قەتلى قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىنلا ئۇدۇن سانغۇنى ھۇمبا خەنزۇلاردىن بولغان خەن رۇڭ بىلەن بىرلىشىپ، دۈمۇنى ئۆلتۈردى، ئاندىن يەكەن قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلىپ ئۇدۇن خانلىق تەختىگە ئولتۇردى.

مىڭدىنىڭ يۇڭپىڭ 4 ـ يىلى (مىلادىيە 61 ـ يىلى) ھۇمبا ئۇدۇن لەشكەرلىرىنى باشلاپ يەكەنگە ھۇجۇم قىلدى. قەلئە ھۇجۇمى داۋامىدا ئۇ ئۆلۈپ كېتىپ، ئاكىسىنىڭ ئوغلى گۇاڭ دې ئۇدۇن خانى بولدى.

مىڭدىنىڭ يۇڭپىڭ 6 ـ يىلى (مىلادىيە 63 ـ يىلى) ھونلار بەش نەپەر سانغۇنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە بەش بەگلىكتىن ئۈچ تۈمەن لەشكەر توپلاپ ئۇدۇننى قورشىۋالدى، ئۇدۇن خانى گۇاڭدې ئەل بولۇشنى تەلەپ قىلدى ھەمدە شاھزادىسىنى بارىمتايلىققا بەردى.

مىڭدىنىڭ يۇڭپىڭ 16 ـ يىلى (مىلادىيە 73 ـ يىلى) بەنچاۋ 36 كىشىنى باشلاپ ئۇدۇنغا كېلىپ، باخشىلارنى ئۆلتۈردى. ئۇدۇن خانى ھونلارنىڭ ئەلچىسىنى ئۆلتۈرۈپ، خەن سۇلالىسىغا بەيئەت قىلدى ھەمدە ئوغلىنى خەن ئوردىسىغا بارىمتايلىققا بەردى.

مىڭدىنىڭ يۇڭپىڭ 17 ـ يىلى (مىلادىيە 74 ـ يىلى) شەرقى خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرتتا يېڭىۋاشتىن قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى تەسىس قىلدى، ئۇدۇن غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە قاراشلىق 55 بەگلىكنىڭ بىرى بولدى.

جاڭ دىنىڭ جيەنچۇ 1 ـ يىلى (مىلادىيە 76 ـ يىلى) بەنچاۋ

يىلى) ، ئۇلۇغ سانغۇن لۈي گۇاڭ كۇسەننى ھۇجۇم بىلەن ئىشغال قىلدى. ئۇدۇن بەگلىكى قاتارلىقلار فۇجيەن خانىغا سوۋغا ئەۋەتتى.
شەرقىي جىن لۇڭئەن 5 - يىلى (مىلادىيە 401 - يىلى) فاشيەن 11 ئادەم بىلەن ئۇدۇنغا يېتىپ كەلدى. ئۇدۇندا ئۈچ ئايدىن ئۇزاق توختاپ بۇت كۆچۈرۈش سەيلىسىنى تاماشا قىلغاندىن كېيىن، مىلادىيە 401 - يىلى ئاپرېلنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۇدۇن پايتەختىدىن غەربكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.
شىمالىي ۋېي تەيپىڭ جىنجۈن 6 - يىلى (مىلادىيە 445 - يىلى) ، شىمالىي ۋېي سۇلالىسى گاۋلياڭ خاننى تاڭغۇتلارنىڭ باشلىقى مولىيانغا جازا يۈرۈشى قىلىشقا ئەۋەتتى. مولىيان مەغلۇپ بولۇپ، غەربكە سەپەر قىلىپ ئۇدۇنغا كەلدى. ئۇدۇن خاننى ئۆلتۈرۈپ، ئوت قويۇپ، ئادەم ئۆلتۈرۈپ، بۇلاڭ - تالاڭ قىلدى.
شىمالىي ۋېي شيەن ۋېندى 4 - يىلى (مىلادىيە 470 - يىلى) كىررورەن ئۇدۇنغا قورشاپ ھۇجۇم قىلدى، ئۇدۇن خانى ئەلچى ئەۋەتىپ شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ خانى شيەن ۋېندىدىن ياردەم سورىدى. بۇ چاغدا شىمالىي ۋېينىڭ خانى شيەن ۋېندى ئۆزىنى قوغدىيالماي قالغاچقا لەشكەر ئەۋەتەلمىدى.
شىمالىي ۋېي شىن گۈي 2 - يىلى (مىلادىيە 519 - يىلى) ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ داڭلىق راھىبى سۇڭ يۈن، خۇي شىڭ قاتارلىقلار نوم ئېلىش ئۈچۈن ئۇدۇنغا كەلدى.
شىمالىي ۋېي ۋېندى داتوڭ 7 - يىلى (مىلادىيە 541 - يىلى) ، ئۇدۇن ئەلچى ئارقىلىق غەربىي ۋېي سۇلالىسىغا قاشتېشىدا ياسالغان بۇت سوۋغا قىلدى.
شىمالىي چۇ سۇلالىسى ۋۇدىنىڭ جيەندى 3 - يىلى (مىلادىيە 574 - يىلى) ئۇدۇن ئەلچى ئارقىلىق ۋۇدى خانىغا داڭلىق ئات تەقدىم قىلدى.

## سۇي سۇلالىسى دەۋرى

سۇي ياڭدى رېن شۇ 1 - يىلى (مىلادىيە 601 - يىلى) ئۇدۇنلۇق رەسسام ۋېيىسارا پىرۇجىنا لوياڭغا بېرىپ رەسساملىق بىلەن شۇغۇللاندى.
سۇي ياڭدى دايې 1 - يىلى (مىلادىيە 605 - يىلى) دۇشمەن، ۋېي جى قاتارلىقلار غەربىي رايونغا ئەلچىلىككە باردى. ئۇدۇن بىلەن

باسقاق بېگى شۈيېۇ قەشقەر ئارقىلىق ئۇدۇنغا يۈرۈش قىلدى. قەشقەر خانى چىن پەن ئىككى تۈمەندىن ئارتۇق ئادەم باشلاپ ئۇدۇنغا ھۇجۇم قىلدى. ئۇدۇن قاتتىق يېڭىلىپ، نەچچە يۈزلىگەن ئەمەلدارلار ئۆلتۈرۈلدى، چىن پەن لەشكەرلىرىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشقا قويۇپ بەرگەنلىكتىن، ئۇدۇن ئىنتايىن ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرىدى.

## ۋېي، جىن، جەنۇب ۋە شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرى

ۋېي ۋىندىنىڭ خۇاڭ چۇ بىرىنچى يىلى (مىلادىيە 220- يىلى)، ئۇدۇن، ئەلچىلەر ئۈمىكى ئەۋەتىپ خەن سۇلالىسىنىڭ شەندى خانىغا سوۋغا - سالام يوللىدى. بۇ چاغدا ساۋپېي شىرىندى خاننى ئەمەلدىن قالدۇرغانىدى. ۋېي سۇلالىسىنىڭ ۋىندى خانى ساۋپېي ئۇدۇن ئەلچىلىرىنى قوبۇل قىلدى.

ۋېي گەنلۇ 5 - يىلى (مىلادىيە 260 - يىلى) ۋېي سۇلالىسىنىڭ راھىبى جۇشىشىڭ يەنچۇدىن غەربكە قاراپ يولغا چىقىپ، چۆل - جەزىرىلەرنى بېسىپ ئۆتۈپ ئۇدۇنغا كېلىپ، ئۇدۇندىن سانسكرىت يېزىقىدا يېزىلغان «ماخا پارى نىرۋانا سۇترا» نى ئالغاندىن كېيىن شاگىرتلىرىنى لوياڭغا ئەۋەتتى، جۇشىشىڭ 80 يېشىدا ئۇدۇندا ئۆلۈپ كەتتى.

چىن ۋۇدى تەيشى 5 - يىلى (مىلادىيە 269 - يىلى) چىن سۇلالىسى ئۇدۇن قاتارلىق بەگلىكلەرنىڭ خانلىرىغا «چىن سۇلالىسىغا پەرماندار ئوغلان»، «ئۇلۇغ كاھبەگ»، «چىن سۇلالىسىغا سادىق بۇيۇك تارخان» دەپ نام بەردى.

جىن تەيكاڭ 6 - يىلى (مىلادىيە 285 - يىلى) جىن سۇلالىسى پادشاھى ياڭ جىڭنى پەرغانىگە ئەلچىلىككە ئەۋەتتى. ئەلچىلەر ئۈمىكى سەپەر ئۈستىدە ئۇدۇن، سۇلېي، پىشامىشان خانلىرىغا نام - ئاتاق ئىنايەت قىلدى.

جىن مىڭدى تەينىڭ 2 - يىلى (مىلادىيە 324 - يىلى) ئۇدۇن خانى ئەلچى ئەۋەتىپ، جىن سۇلالىسىنىڭ مىڭدى خانىغا يەرلىك مەھسۇلاتلارنى سوۋغا قىلدى.

ئالدىنقى چىن فۇجيەن جيەنيۈەن 17 - يىلى (مىلادىيە 381 - يىلى) ئۇدۇن خان ئوردىسىغا ئەلچىلەر ئارقىلىق سوۋغا - سالام ئەۋەتتى.

ئالدىنقى چىن جيەنيۈەن 18 - يىلى (مىلادىيە 382 -

ئەۋەتىپ ياردەم بەرگەنىدى.
جېنگۇەن 23 - يىلى (مىلادىيە 649 - يىلى) ئۇدۇن شاھى ۋېيسىراسىن تاڭ ئوردىسىغا باردى، تاڭ تەيزۇڭ ئۇنىڭغا ئوتتۇغات ھەمدە نۇرغۇن ئىنئام بەردى.
شۇ يىلى ئاۋغۇستتا تاڭ تەيزۇڭ قازا قىلىپ، جاۋلىڭ قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىندى. 14 بەگلىكتىكى ئاز سانلىق مىللەت ھۆكۈمرانلىرىنىڭ تاش ھەيكىلى بىرگە قوشۇپ دەپنە قىلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇدۇن شاھى ۋېيساراسىنىڭ تاش ھەيكىلى بار ئىدى.
گاۋزۇڭنىڭ شەنچىڭ 5 - يىلى (مىلادىيە 660 - يىلى) تۈرك لەشكەرلىرى ئۇدۇننى مەغلۇپ قىلدى. ئىككىنچى يىلى ئۇدۇن كۆسەندە تۇرۇشلۇق تاڭ سۇلالىسى لەشكەرلىرىنىڭ ماسلىشىشى بىلەن تۈرك لەشكەرلىرىنى ئۇدۇندىن قوغلاپ چىقاردى.
گاۋزۇڭنىڭ لۇڭشۇن 3 - يىلى (مىلادىيە 663 - يىلى) دېكابىردا غەربىي تۈركلەرنىڭ كۆنەس قەبىلىسى ئۇدۇنغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى. ئەنشى تۇتۇق مەھكىمىسىنىڭ ھىراۋۇلى گاۋشەن كۆنەس قەبىلىسىنى پاراكەندە قىلىپ، ئۇدۇننى قۇتقۇزدى.
گاۋزۇڭنىڭ لىندى 2 - يىلى (مىلادىيە 665 - يىلى) تۇبۇت لەشكەرلىرى ئۇدۇنغا ھۇجۇم قىلدى. ئۇدۇن بۇنى تاڭ سۇلالىسى لەشكەرلىرىگە تېز مەلۇم قىلىپ ياردەم تەلەپ قىلدى. تاڭ سۇلالىسى سانغۇنى ساۋجىشۇ، سۇي جىيەن لەشكەر تارتىپ كېلىپ تۇبۇت لەشكەرلىرىنى قوغلاپ چىقىرىپ ئۇدۇننى قۇتۇلدۇردى.
گاۋزۇڭنىڭ شىيەنخېڭ 1 - يىلى (مىلادىيە 670 - يىلى) تۇبۇتلار غەربىي يۇرتتىكى 18 ئايماقنى بېسىۋېلىپ، ئاقسۇغىچە كەلدى ھەمدە ئۇدۇننى ئىگىلىۋالدى.
گاۋزۇڭنىڭ شىيەنخېڭ 2 - يىلى (مىلادىيە 671 - يىلى) تاڭ سۇلالىسى پىيى شىڭجيەن، ۋاڭ فاڭيىنى ئاسىنا دۇرجى بىلەن لى جېڭۇ توپىلىڭىنى تىنجىتىشقا ئەۋەتىپ، تۇبۇتلەرنى قوغلاپ چىقاردى. ئۇدۇن تۇبۇتلەر ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇپ تاڭ سۇلالىسىغا بېقىندى.
گاۋزۇڭنىڭ شاڭيۈەن 1 - يىلى (مىلادىيە 674 -يىلى) كۈز ئۇدۇن شاھى ۋېيسارا شۇڭ تاڭ سۇلالىسى پايتەختىگە بېرىپ گاۋزۇڭ خانغا كۆرۈنۈش قىلدى.
گاۋزۇڭنىڭ شاڭيۈەن 2 - يىلى (مىلادىيە 675 - يىلى) ئەتىياز گاۋزۇڭ خان ئۇدۇنغا «ۋېيسارا تۇتۇق مەھكىمىسى» دەپ ئوتتۇغات نام بەردى. تەۋەسىدە 10 ئايماق بولدى. ئۇدۇن خانى ۋېيسارا شۇڭ باش

ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ مۇناسىۋىتى ئەسلىگە كەلدى.
سۈي ياڭدى دايې 5 - يىلى (مىلادىيە 609 - يىلى) ياڭ گۇاڭ شەخسەن گۈزەل تاڭغۇتلار ئېلى ئارقىلىق خېشى تەرەپكە يۈرۈش قىلدى. ئۇدۇن خانى ئەۋەتكەن ئەلچىلەر خېشىدا ياڭگۇاڭ بىلەن كۆرۈشتى.
سۈي ياڭدى دايې 6 - يىلى (مىلادىيە 610 - يىلى) ئۇدۇن ئەلچى ئەۋەتىپ، سۈي سۇلالىسى ئوردىسىغا سوۋغا تەقدىم قىلدى.
سۈي ياڭدى دايې 11 - يىلى (مىلادىيە 615 - يىلى) ئۇدۇن ئەلچى ئەۋەتىپ، سۈي سۇلالىسى ئوردىسىغا سوۋغا تەقدىم قىلدى.

## تاڭ سۇلالىسى دەۋرى

جېنگۇەن 1 - يىلى (مىلادىيە 627 - يىلى) ئۇدۇنلۇق داڭلىق رەسسام ۋېيسارا ھېسىڭ چاڭئەنگە يېتىپ بېرىپ رەسساملىق ماھارىتىنى ئۆگەتتى.
جېنگۇەن 6 - يىلى (مىلادىيە 632 - يىلى) ئۇدۇن خانى ۋېيسارا قۇمى ئەلچى ئارقىلىق قاشتېشى بەلۋاغ تەقدىم قىلدى.
جېنگۇەن 9 - يىلى (مىلادىيە 635 - يىلى) ئۇدۇن خانى ۋېيسارا قۇمى ئوغلىنى تورغات بەگلىككە تەيىنلەپ تاڭ سۇلالىسىغا يەرلىك مەھسۇلاتلارنى سوۋغا قىلدى.
جېنگۇەن 14 - يىلى (مىلادىيە 640 - يىلى) تاڭ سۇلالىسى غەربىي يۇرتتا ئەنشى تۇتۇق مەھكىمىسىنى تەسىس قىلدى. ئۇدۇن ئەنشى تۇتۇق مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى.
جېنگۇەن 18 - يىلى (مىلادىيە 644 - يىلى) مەشھۇر بۇددىست شۈەنزاڭ غەربكە بېرىپ نوم ئېلىپ قايتىش سەپرىدە ئۇدۇنغا كەلدى. ئۇ ئۇدۇندا يەتتە ئاي تورۇش جەريانىدا چولڭ - كىچىك بۇتخانىلاردا نوم تەھسىل قىلىپ شۇ يىلى قىشتا زەرەپشان دەرياسىنىڭ شەرقىي ئېقىنىنى بويلاپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە قايتتى.
جېنگۇەن 21 - يىلى (مىلادىيە 647 - يىلى) تاڭ تەيزۇڭ ئالىي باش بۇغ ئاشناشىر ۋە چۈبەقالىنى غەربىي تۈرك ھەمدە كۈسەن لەشكەرلىرىگە ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتىپ، جەڭدە غەلىبە قىلدى. ئاشناشىر ئۇدۇن قاتارلىق جايلارغا ئادەم ئەۋەتىپ ھال سورىدى. چۈنكى تاڭ لەشكەرلىرى كۈسەنگە ھۇجۇم قىلغان مەزگىلدە ئۇدۇن شاھى ۋېيساراسىن تاڭ سۇلالىسى قوشۇنىغا 10 مىڭ 300 تۆگە

تىپىپ، 5000 ئۇدۇن لەشكىرىنى باشلاپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بېرىپ، توپىلاڭنى باستۇرۇشقا قاتناشتى. ۋېيسارا سامپھاۋا ئۇدۇندىن يولغا چىقىشنىڭ ئالدىدا ئەمىر - ئۆمىرالارنىڭ غۇلغۇلىلىرىنى بېسىش ئۈچۈن ئۆز قىزىنى رەددى بەدەل قىلىپ، ئۆز ئىنىسى ۋېيسارا بۇرھان ئىنچۇنى خانلىق ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا تەيىنلىدى.

شياۋزۇڭنىڭ شاڭيۈەن 1 - يىلى (مىلادىيە 760 - يىلى) شياۋزۇڭ خان ئۇدۇنغا يارلىق چۈشۈرۈپ، ۋېيسارا بۇرھان ئىنچۇغا «بۈيۈك پەخرى ئەركان» دېگەن نامنى بېرىپ، ئەنشىدىكى تۆت ئايماقنىڭ يانداش ھىراۋۇلۇقىغا تەيىنلەپ، ئۆز دۆلىتىنى باشقۇرۇشقا قويدى.

دەيزۇڭنىڭ گۇاڭدى 2 - يىلى (مىلادىيە 764 - يىلى) دەيزۇڭ خان ۋېيسارا سامپھاۋانى كاتتا مۇكاپاتلاپ، ئۇنىڭغا «ئاتلىق لەشكەرلەر بۈيۈك سانغۇنى» دەپ نام بەردى ھەمدە ۋېيسارا سامپھاۋانىڭ ئۆز ئېلىگە قايتىشىغا يارلىق چۈشۈردى. ۋېيسارا سامپھاۋا ئۆزرە ئېيتىپ تۇرۇۋالغانلىقتىن، دەيزۇڭ خان يەنە پەرمان چۈشۈرۈپ، ئۇنى كەيفىڭ مۇراسىم مەھكىمىسىنىڭ يانداش دېۋان بەگلىكىگە تەيىنلىدى ھەمدە «ئەمەلدار تۆرە بەگ» مەرتىۋىسى ئىنئام قىلدى.

دېزۇڭنىڭ جېنيۈەن 1 - يىلى (مىلادىيە 785 - يىلى) ئۇدۇن خانى ۋېيسارا بۇرھان ئىنچۇ يۇقىرىغا مەكتۇپ سۇنۇپ، ۋېيسارا سامپھاۋانىڭ ئوغلى ۋېيسارا قىرىتنىڭ يۇرتىغا قايتىپ ئۇدۇن خاقانى بولۇشنى تەلەپ قىلدى. ۋېيسارا سامپھاۋا بۇنىڭغا ئۆزرە ئېيتىپ چىڭ تۇرۇۋالدى، دېزۇڭ خان ئاتا - بالا ئىككەيلەنگە ناھايىتى قايىل بولۇپ، ۋېيسارا قىرىتقا «مەسلىھەت بېگى» ئەمەلىنى بەردى.

دېزۇڭنىڭ جېنيۈەن 4 - يىلى (مىلادىيە 794 - يىلى) ۋېيسارا سامپھاۋا كېسەل بىلەن ئالەمدىن ئۆتتى. دېزۇڭ خان ئۇنىڭغا «لياڭجۇ تۇتۇق بېگى» دەپ نام بەردى ھەمدە ئوغلى ۋېيسارا قىرىتنى دادىسىنىڭ تۇتۇق بەگلىك مەرتىۋىسىگە ۋارىسلىق قىلىشقا يارلىق چۈشۈردى.

ۋۇزۇڭ خۇيچاڭ 1 - يىلى (مىلادىيە 841 - يىلى) ئۇيغۇر خاقانلىقى يىمىرىلدى. ئۇيغۇرلار كەڭ كۆلەمدە كۆچۈشكە باشلىدى. ئۇلارنىڭ بىر تارمىقى ئۇدۇن يېڭى ئاباد ئايمىقىغا كۆچۈپ باردى.

## بەش دەۋر، ئون پادىشاھلىق دەۋرى

كېيىنكى لياڭنىڭ چيەنخۇا 2 - يىلى (مىلادىيە 912 - يىلى) ۋېيسارا تەڭرىخان ئۇدۇننىڭ خانلىق تەختىدە ئولتۇردى. كېيىنكى

بۇغلۇققا تەيىنلەندى ھەمدە تۇبۇتلەرگە قارشى ئۇرۇشتىكى تۇھپىسى تۈپەيلى تارتۇقلاندى.

ۋۇزېتيەننىڭ چۇيگۇڭ 3 ـ يىلى (مىلادىيە 687 ـ يىلى) ئۇدۇن خانى ۋېيسارا شوڭ چاڭئەنگە يەنە بىر قېتىم بېرىپ خانغا كۆرۈنۈش قىلدى.

ۋۇزېتيەننىڭ چاڭشوۋ 1 ـ يىلى (مىلادىيە 692 ـ يىلى) ئۆكتەبىردە ۋۇۋېينىڭ باش بۇغى ۋاڭ شياۋجې بىلەن ۋۇۋېينىڭ باش سانغۇنى ئاشىنا سادىق لەشكەر باشلاپ تۇبۇتلەرگە زەربە بەردى. 690ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە تۇبۇتلەر ئىگىلىۋالغان ئەنشىدىكى تۆت ئايماق قايتۇرۇۋېلىندى.

شۈەنزۇڭنىڭ كەييۈەن 5 ـ يىلى (مىلادىيە 717 ـ يىلى) تۇبۇتلەر ئەنشىدىكى ئۇدۇن قاتارلىق تۆت ئايماقنى قولغا چۈشۈرۈۋېلىش قەستىدە بولدى. ئەنشى قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنىڭ ياردەمچى قورۇقچىبېگى تاڭ جياخۇي لەشكەر باشلاپ بېرىپ تۇبۇتلەرگە زەربە بەردى. تۇبۇتلەر ئەنشىدىكى ئۇدۇن قاتارلىق تۆت ئايماقنى ئىگىلىۋېلىش مەقسىتىگە يېتەلمىدى.

شۈەنزۇڭنىڭ كەييۈەن 7 ـ يىلى (مىلادىيە 719 ـ يىلى) كۇسەن، ئۇدۇن قاتارلىقلارنىڭ ئىقتىسادى روناق تېپىپ، سودىگەرلەر كۆپەيدى. شۈەنزۇڭ خان كۇسەن، ئۇدۇن قاتارلىق جايلارنىڭ ئۆز خىراجىتىنى ئۆزى قامدىشى توغرىسىدا پەرمان چۈشۈردى.

شۈەنزۇڭنىڭ كەييۈەن 20 ـ يىلى (مىلادىيە 737 ـ يىلى) تۇبۇتلەر غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەرگە يەنە بىر قېتىم ھۇجۇم قىلىپ بېسىۋالدى. ئۇدۇن يەنە تۇبۇتلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا چۈشۈپ قالدى.

شۈەنزۇڭنىڭ تيەنباۋ 1 ـ يىلى (مىلادىيە 742 ـ يىلى) ئەنشىنىڭ ھىراۋۇلى گاۋشيەنجى غەربىي يۇرتنى يەنە بىر قېتىم تىنجىتىپ، تۇبۇتلەرنى قوغلاپ چىقاردى. ئۇدۇن، سۇلېي (قەشقەر) قاتارلىق تۆت ئايماق قايتۇرۇۋېلىندى.

شۇ يىلى ئۇدۇن خانى ۋېيسارا سامپاۋا چاڭئەنگە بېرىپ شۈەنزۇڭ خانغا كۆرۈنۈش قىلدى ھەمدە خانغا تۇلپار، ئېسىل قاشتېشى سوۋغا قىلدى. شۈەنزۇڭ خان ئۆز نەسەبىدىن بولغان مەلىكىنى ئۇدۇن خانغا ياتلىق قىلدى ھەمدە ۋايسار سامپاۋاغا ئوڭ قانات مۇھاپىزەتچىلەر سانغۇنى، سىيسارا تۇتۇق مەھكىمىسىنىڭ تۇتۇق بېگى دېگەن ئەمەلنى بەردى.

شياۋزۇڭنىڭ جىدى 1 ـ يىلى (مىلادىيە 756 ـ يىلى) ئۇدۇن خانى ۋېيسارا سامپاۋا ئۆزلۈكىنىڭ توپىلاڭ كۆتۈرگەنلىكىدىن خەۋەر

سوۋغا قىلىپ ئەۋەتمەكچى بولغانلىقىنى ئېيتتى.

سۇڭ تەيزۇنىڭ كەيباۋ 4 - يىلى (مىلادىيە 971 - يىلى) ئۇدۇنلۇق راھىب جىشيالىڭ ئۇدۇن خانى ۋىيسارا سۇررانىڭ ئۆز قولى بىلەن پۈتكەن مەكتۇپىنى ئېلىپ سۇڭ تەيزۇڭ بىلەن كۆرۈشتى.

سۇڭ تەيزۇڭنىڭ تەيپىڭ شىڭگو 1 - يىلى (مىلادىيە 976 - يىلى) ئۇدۇن شاھزادىسى ۋىيسارا سوندىر، ۋىيسارا دارما دۇنخۇاڭ (دۇخان) غا بېرىپ ئەسكەر ئەۋەتىپ، ياردەم بېرىشنى تەلەپ قىلدى.

سۇڭ تەيزۇڭنىڭ تەيپىڭ شىڭگو 5 - يىلى (مىلادىيە 980 - يىلى) سۇڭ سۇلالىسى بەيئەتچىلەر قوشۇنىنىڭ ھىراۋۇلى ساۋيەنلۇنىڭ ئايالى يەنى ۋىيسارا تەڭرىخانىنىڭ قىزىغا «پەزىلەتلىك لۇڭشى ئايىم» دەپ نام بەردى.

سۇڭ جىنزۇڭنىڭ جىڭدى 3 - يىلى (مىلادىيە 1006 - يىلى) قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ بۈيۈك خانى يۈسۈپ قادىرخان ئۇدۇننى بويسۇندۇردى. ئۇدۇن سانغۇنلىرىدىن چۆقتىرشىت بىلەن نوقتىرشىت چىرىنىڭ جەنۇبىدىكى تاغلىق رايوندا جەڭدە ئۆلدى، شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇدۇن ئىسلام دىنىغا كىردى.

سۇڭ رېنزۇڭنىڭ جىايوۇ 8 - يىلى (مىلادىيە 1063 - يىلى) ئۇدۇن سۇڭ سۇلالىسىغا ئەلچى ئەۋەتىپ ئۇلپان تاپشۇردى. سۇڭ پادشاھى ئۇدۇن قاراخانىغا «ساداقەتمەن ھىدايەتلىك قاراخان پادشاھ» دەپ نام بەردى.

سۇڭ شېنزۇڭنىڭ يۈەنجىڭ 4 - يىلى (مىلادىيە 1081 - يىلى) ئۇدۇن پادشاھى ئۆز سەركەردىلىرىدىن سۇڭ سۇلالىسى پادشاھى شىنزۇڭغا مەكتۇپ ئەۋەتتى. ھەم بەگلىكلەرنىڭ خەرىتىسىنى تەقدىم قىلدى. ئۇدۇن پادشاھى سۇڭ سۇلالىسىنىڭ خانى جياۋ شۇگە ئۆز قولى بىلەن يازغان خېتىدە، جياۋ شۇ خاننى «كۈن چىقىشتىكى بۈيۈك ئەلنىڭ خوجىسى، خەن زېمىنىنىڭ ئۇلۇغ ھۆكۈمدارى» دەپ ئاتىدى.

سۇڭ شېنزۇڭنىڭ يۈەنفىڭ 8 - يىلى (مىلادىيە 1085 - يىلى) ئۇدۇن پادشاھى ئەلچى ئەۋەتىپ شىنزۇڭغا سوۋغا تەقدىم قىلدى. سۇڭ سۇلالىسىدىن غەربىي شىيا خانلىقىغا جازا يۈرۈش قىلىپ، غەربىي يۇرتنىڭ سودا يولىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئۆتۈندى.

سۇڭ جىزۇڭنىڭ شاۋ شىڭ يىللىرى (مىلادىيە 1094 -، 1097- يىللىرى) ئۇدۇن پادشاھى سۇڭ پادشاھىغا ئەختەردىن ھەمرۇد ئارقىلىق مەكتۇپ يوللاپ، گەنجۇ، شاجو ۋە سۇجۇدىن

جىننىڭ تيەنفۇ 3 - يىلى (مىلادىيە 938 - يىلى) ئۇدۇن شاھى ۋېيسارا تەڭرىخان كېيىنكى جىن سۇلالىسىغا سوۋغا ئەۋەتتى. كېيىنكى جىن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى شى جىڭتاڭ ۋېيسارا تەڭرىخانغا ئۇلۇغ ئاغىلىق ئۇدۇن دۆلىتىنىڭ پادىشاھى دەپ ئۇنۇۋان نام بەردى. ماجىرۇڭغا «ئەلنى تىنجىتقۇچى بۈيۈك سانغۇن» دەپ ئۇنۇۋان نام بەردى.

شۇ يىل قىشتا كېيىنكى جىن سۇلالىسىنىڭ خانى شى جىڭتاڭ ئەمەلدارلىرىدىن جاڭ گۇاڭيې، گاۋ جۇخۇينى ئەلچى قىلىپ ماجىرۇڭغا قوشۇپ ئۇدۇنغا ئەۋەتتى. ئۇلار ئۇدۇندا تۆت يىل تۇردى.

كېيىنكى جىننىڭ كەييۈن 2 - يىلى (مىلادىيە 945 - يىلى) ۋېيسارا تەڭرىخان تۇتۇق بەگ ليۇ زەيشىڭنى ئەلچى قىلىپ ئوردىغا سوۋغا ئەۋەتتى.

كېيىنكى خەننىڭ يىندى جيەنيۇ 1 - يىلى (مىلادىيە 948 - يىلى) ئۇدۇن خانى ۋېيسارا تەڭرىخان ۋاڭ جىدۇنى ئەلچى قىلىپ كېيىنكى خەن سۇلالىسىگە سوۋغا ئەۋەتتى.

مىلادىيە 940 - يىلى ئەتراپىدا ۋېيسارا تەڭرىخان شاجۇ ئايمىقىدىكى ساۋ يىجىننىڭ قىزىنى نىكاھىغا ئالدى.

## سۇڭ، لياۋ سۇلالىسى دەۋرى

سۇڭ تەيزۇنىڭ جيەنلۇڭ 2 - يىلى (مىلادىيە 961 - يىلى) ئۇدۇن شاھى ۋېيسارا تەڭرىخان سۇڭ سۇلالىسىغا ئەلچى ئەۋەتىپ سوۋغا تەقدىم قىلدى. شۇ يىلى ئۇدۇندىكى مانىي دىنىنىڭ پىر - ئۇستازلىرى سۇڭ سۇلالىسىغا سوۋغا تەقدىم قىلدى.

سۇڭ تەيزۇنىڭ چيەندې 3 - يىلى (مىلادىيە 965 - يىلى) ئۇدۇن پادىشاھى شيەنمىڭ، شيەنفا ئىسىملىك راھىبلاردىن سۇڭ سۇلالىسىغا سوۋغا ئەۋەتتى.

سۇڭ تەيزۇنىڭ چيەندى 4 - يىلى (مىلادىيە 966 - يىلى) ئۇدۇن پادىشاھى ئوغلى ۋېيسارا سۇنتادىن ئوردىغا سوۋغا ئەۋەتتى. شۇ يىلى ۋېيسارا تەڭرىخان ئالەمدىن ئۆتۈپ، ۋېيسارا سۇررا ئۇدۇن خانلىق تەختىگە ئولتۇردى.

سۇڭ تەيزۇنىڭ كەيباۋ 2 - يىلى (مىلادىيە 969 - يىلى) ئۇدۇن خانى زىرمۇشىننى ئەلچى قىلىپ، سۇڭ سۇلالىسىغا سوۋغا ئەۋەتتى ھەمدە سۇلېي (قەشقەر) نىڭ ئۇسسۇل ئويناىدىغان پىلىدىن بىرنى

شىزۇننىڭ جىيۇەن 16 ـ يىلى (مىلادىيە 1279 ـ يىلى) يۈەن سۇلالىسى ئۇدۇندا ئايغاقچى باش ئەمىر لەشكەر مەھكىمىسى قۇرۇپ، ئۇدۇننى يۈەن سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ بىۋاسىتە باشقۇرۇش دائىرىسىگە كىرگۈزدى.

شىزۇننىڭ جىيۇەن 17 ـ يىلى (مىلادىيە 1280 ـ يىلى) قايدۇ ئىسيانچى لەشكىرى تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبى يولىغا ھۇجۇم قىلدى. قۇبلەي خان باش ئەمىر لەشكەر يىغاچ تېكىن ۋە ياندافچى باش ئەمىر لەشكەر ليۇ ئېننى موڭغۇل، خەنزۇ لەشكەرلىرىنى باشلاپ ئۇدۇنغا يۈرۈش قىلىشقا بۇيرىدى. سەپەر ئۈستىدە ليۇئېن باش ئەمىر لەشكەرلىككە ۋە قوشۇمچە ئايغاقچى بەگلىككە تەيىنلەندى.

شىزۇننىڭ جىيۇەن 18 ـ يىلى (مىلادىيە 1281 ـ يىلى) ليۇ ئېن ئۇدۇندا پىستىرما قۇرۇپ، قايدۇنىڭ يۈرۈڭ يىسا قوماندانلىقىدىكى 10 مىڭ كىشىلىكتىن ئارتۇق قوشۇننى قاتتىق مەغلۇپ قىلدى. قايدۇ باربانى 30 مىڭ لەشكەر باشلاپ ئۇدۇنغا قايتا ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرىدى. ليۇ ئېن ئاز كۈچ بىلەن كۆپ ياۋغا تاقابىل تۇرالماي، لەشكەرلىرىنى باشلاپ شەرققە چېكىندى.

شىزۇننىڭ جىيۇەن 19 ـ يىلى (مىلادىيە 1282 ـ يىلى) قۇبلەي خان ئەمىر لەشكەر مەڭگۈنى لەشكەر باشلاپ ئۇدۇنغا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتىپ، باربانىڭ قوشۇننى مەغلۇپ قىلدى.

شىزۇننىڭ جىيۇەن 20 ـ يىلى (مىلادىيە 1283 ـ يىلى) يانۋار قۇبلەي خان قۇتلۇق مىشنى گەنجۇ لەشكەرلەرنى باشلاپ ئۇدۇننى ساقلاشقا ئەۋەتتى.

شىزۇننىڭ جىيۇەن 23 ـ يىلى (مىلادىيە 1286 ـ يىلى) يۈەن سۇلالىسى ئۇدۇن ۋە يەكەندە سۇ بويىغا جايلاشقان 13 جايدا ئۆتەڭ بىنا قىلدۇردى. شۇ يىلى ئۇدۇندا بوياقچىلىق، توقۇمىچىلىق مەھكىمىسى تەسىس قىلىپ، يىپەك بوياش، توقۇش كەسپىنى مەخسۇس باشقۇرۇشقا قويدى.

شۇ يىلى ئۇدۇندا خەزىنە تەسىس قىلىپ، مەركىزىي ھاكىمىيەتنىڭ پۇلىنى تارقاتتى.

شىزۇننىڭ جىيۇەن 24 ـ يىلى (مىلادىيە 1287 ـ يىلى) ئۇدۇن زور ئاپەتكە ئۇچرىدى. يۈەن سۇلالىسى مەركىزىي ھاكىمىيىتى بىر تۈمەن ئاقچا ئاجرىتىپ ئۇدۇندا ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشقا ئىشلەتتى.

شۇ يىلى يۈەن سۇلالىسى مەركىزىي ھاكىمىيىتى 310 كىشىلىك قوشۇننى ئۇدۇندا بوز يەر ئېچىپ، تېرىقچىلىق قىلىشقا بۇيرىدى.

ئىبارەت ئۈچ ئايماقنى ئىلىشقا لەشكەر چىقىرىشنى خالايدىغانلىقىنى، بۇنىڭ بىلەن سۇڭ ئوردىسىغا تۆھپە كۆرسەتمەكچى ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى.

جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى نىڭزوڭنىڭ جىيادىڭ 5 - يىلى (مىلادىيە 1212 - يىلى) غەربىي لياۋ پادىشاھى كۈچلۈك خوتەننى بېسىۋېلىپ، ئاللىبۇرۇن ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان مۇسۇلمانلارنى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا مەجبۇرلىدى ھەم ئىسلام دىنى ئۆلىمالىرىنى نەق مەيداندا قەتلى قىلدى.

جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى نىڭزوڭنىڭ جىيادىڭ 11 - يىلى (مىلادىيە 1218 - يىلى) ئەتىياز چىڭگىزخان جەبەنۇياننى غەربكە يۈرۈش قىلىشقا ئەۋەتىپ، خوتەن قاتارلىق جايلارنى بېسىۋالدى ھەم بۈگۈنكى تاشقورغان ئەتراپىدا كۈچلۈكنى ئۆلتۈرۈپ، غەربىي لياۋ سۇلالىسىنى ھالاك قىلدى.

جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى نىڭزوڭنىڭ جىيادىڭ 14 - يىلى (مىلادىيە 1221 - يىلى) چىڭگىزخان خوتەن، قەشقەر قاتارلىق جايلارغا دارۇغاچ (يەرلىك ئەمەلدار) تەيىنلىدى.

## يۈەن سۇلالىسى دەۋرى

شىزۇنىڭ جوڭ تۇڭ 1 - يىلى (مىلادىيە 1260 - يىلى)، قۇبلەي كەيپىڭدا خان بولدى.

شىزۇنىڭ جىيۈەن 8 - يىلى (مىلادىيە 1271 - يىلى) قۇبلەي خان يۈەن سۇلالىسىنى قۇردى. شىنجاڭ رەسمىي يۈەن سۇلالىسى مەركىزى ھاكىمىيىتىگە قاراشلىق مەمۇرىي ئايماق بولدى. ئۇدۇن قاتارلىق جەنۇبىي شىنجاڭدىكى رايونلارغا يۈەن سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتى بىۋاستە تەيىنلىگەن ئارغۇ ھۆكۈمرانلىق قىلدى.

شىزۇنىڭ جىيۈەن 9 - يىلى (مىلادىيە 1272 - يىلى) قۇبلەيخان ئەمىرلەشكەر بۇغان تومۇرنى ئۇدۇن قاتارلىق جايلارغا جازا يۈرۈشى قىلىشقا ئەۋەتتى.

شىزۇنىڭ جىيۈەن 13 - يىلى (مىلادىيە 1276 - يىلى) ئۆكتەبىر قۇبلەي خان باش ئەمىرلەشكەر بىستاي بىلەن قۇبلاي باتىرنى 1000 نەپەرموڭغۇل، 1000 نەپەر خېشى لەشكىرىنى باشلاپبېرىپ، ئۇدۇننى ساقلاشقا بۇيرىدى.

مىلادى يىگىرمىنچى يىلىنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ خوتەن يەر يىللىرى قىزىرشاھ ئۆلگەندىن كېيىن خوتەنگە خان نەزەر مىرزا، ھەققۇلى نەزەر مىرزا ھۆكۈمرانلىق قىلدى. ئۇلار خۇدايداتنىڭ كەنجى ئوغلى سەئىد ئەخمەت مىرزا ۋە نەۋرىسى ئابابەكرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا بويسۇنۇشنى خالىماسلىقتىن، ئۇدۇن بىلەن قەشقەر ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش باشلاندى.

مىلادى يىگىرمىنچى يىلىنىڭ ئاخىرىدا يەر يىللىرى (مىلادىيە 1462 - يىللىرى) ئىلچىدا «ھىسار سېپىلى» ياسالدى. بۇ سېپىلنىڭ تۆت دەرۋازىسى بولۇپ، شەرق تەرەپتىكىسى سۇ دەرۋازىسى (ئىلچى، يۇرۇڭقاش دەرياسى تەرەپ)، غەرب تەرەپتىكىسى قىزىق دەرۋازىسى، شىمال تەرەپتىكىسى ھېيتكار دەرۋازىسى، جەنۇب تەرەپتىكىسى گۇجان دەرۋازىسى دەپ ئاتالدى.

مىلادى شىيەنزۇڭنىڭ چېڭخۇا 13 - يىلى (مىلادىيە 1477 - يىلى) ئابابەكرى سۇيىقەت قىلىپ خان نەزەر مىرزا ۋە ھەققۇلى نەزەر مىرزىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇدۇنغا ھۆكۈمران بولدى. ئۇ 36 يىل ھۆكۈم سۈردى.

مىلادى ۋۇزۇڭنىڭ جېڭدې 8 - يىلى (مىلادىيە 1513 - يىلى) سۇلتان سەئىدخان ئەمىر لەشكەر دائىم ئەلى بىلەن بەگ مۇھەممەتنى ئەۋەتىپ، ئابابەكرىنى مەغلۇپ قىلىپ، قەشقەر، ئۇدۇن قاتارلىق جايلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلدى.

مىلادى شىزۇڭنىڭ جياڭ چىڭ 12 - يىلى (مىلادىيە 1533 - يىلى) سۇلتان سەئىدخان ۋاپات بولدى. خانلىق ئورنىغا چوڭ ئوغلى ئابدۇرىشتخان ۋارىسلىق قىلدى. ئابدۇرىشتخان ئۇدۇنغا ھۆكۈمرانلىق قىلدى.

مىلادى مۇزۇڭلۇڭنىڭ 4 - يىلى (مىلادىيە 1570 - يىلى) ئابدۇرىشتخان ۋاپات بولۇپ، خانلىق ئورنىغا ئوغلى ئابدۇكېرىمخان ۋارىسلىق قىلدى. ئۇدۇن ئابدۇكېرىمخاننىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولدى.

## چىڭ سۇلالىسى دەۋرى

كاڭشىنىڭ 17 - يىلى (مىلادىيە 1678 - يىلى) جۇڭغار قەبىلىسىنىڭ باشلىقى غالدان سېرىن جەنۇبىي شىنجاڭغا ھۇجۇم قىلىپ، چاغاتاي خاندانلىقىنىڭ كېيىنكى خانى ئىسمائىل خان ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنى تۇتقۇن قىلىپ، ئاق تاغ خوجىلىرىنىڭ

شىزۇڭنىڭ جىيۈەن 25 - يىلى (مىلادىيە 1288 - يىلى) يۈەن سۇلالىسى ئوردىسى، قەشقەردىكى 1050 تۈتۈن ھۈنەرۋەن كاسىپنى تېرىقچىلىق قىلىشقا بۇيرىدى.

شىزۇڭنىڭ جىيۈەن 26 - يىلى (مىلادىيە 1289 - يىلى) قۇبلەي خان ئوردىدىكى ئايغاقچى باش ئەمىر لەشكەر مەھكىمىسىنى ئەمەلدىن قالدۇردى.

## مىڭ سۇلالىسى دەۋرى

مىڭ خۇيدىنىڭ جىيەنۋېن 1 - يىلى (مىلادىيە 1399 - يىلى) قىبدىرخان خوجا ئۆلۈپ، ئوغلى شاھەي جاھان خان بولدى. بۇ چاغدا تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىغا يەنىلا خودايدات ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان بولۇپ، قىزىرشاھ يەنىلا ئوردىنىڭ بىۋاسىتە ھۆكۈمرانى بولۇپ قېلىۋەردى.

مىڭ چېڭزۇنىڭ يۇڭلې 4 - يىلى (مىلادىيە 1406 - يىلى) ئىيول، ئوردىن ھۆكۈمرانى ئۆز ۋەزىرى مەڭلىك قاسىمنى مىڭ ئوردىسىغا سوۋغا تەقدىم قىلىشقا ئەۋەتتى. دېكابىردا مىڭ سۇلالىسى دانىشمەن ئەمىر جوڭ مۇچې قاتارلىقلارنى كەلگەنلەرگە ئەگىشىپ ئوردىنغا بېرىشقا بۇيرىدى.

مىڭ چېڭزۇنىڭ يۇڭلې 6 - يىلى (مىلادىيە 1408 - يىلى) ئىيول، ئوردىن ھۆكۈمرانلىرى ئوردىغا قاشتېشى سوۋغا قىلدى. مىڭ سۇلالىسى شىغاۋۇل مەھكىمىسىنىڭ ئەمرىنى مەكتۇپ، پۇل - پۇچەك ئېلىپ ئوردىنغا كېلىپ ھال سوراشقا بۇيرىدى.

مىڭ چېڭزۇنىڭ يۇڭلې 18 - يىلى (مىلادىيە 1420 - يىلى) ئىيۇن ئوردىن ئوردىغا ئات سوۋغا قىلدى. مىڭ ئوردىسى چېن چېڭ، گوجىڭ قاتارلىقلارنى ئاق ئالتۇن، پۇل - پۇچەك ئېلىپ ھال سوراشقا ئەۋەتتى.

مىڭ چېڭزونىڭ يۇڭلې 20 - يىلى (مىلادىيە 1422 - يىلى) ئوردىن ئەلچى ئەۋەتىپ قاشتېشى سوۋغا قىلدى. مىڭ ئوردىسى ئاق ئالتۇن، تاۋار - دۇردۇن ئىنئام قىلدى.

مىڭ چېڭزۇنىڭ يۇڭلې 22 - يىلى (مىلادىيە 1424 - يىلى) ئوردىن شەمشىدىننى ئەلچىلىككە ئەۋەتىپ ئات ۋە سوۋغا تەقدىم قىلدى. مىڭ ئوردىسى تاۋار - دۇردۇن ۋە ئاقچا ئىنئام قىلدى.

قارايتتى. خوتەن بىر ئاز تىنچلانغاندىن كېيىن شۇخود قوشۇنى يەكەنگە بېرىپ قارا سۇ بارگاھى ئۇرۇشىغا قاتناشتى ھەمدە كېيىنكى يىلى 14 - يانۋاردا قاراسۇ بارگاھىنى قورشاۋدىن قۇتۇلدۇردى. مۇئاۋىن سانغۇن فۇدى ئاپرېلدا قوشۇن باشلاپ خوتەنگە يېتىپ كېلىپ، خوتەننى قايتا تىنچلاندۇردى، ئىيۇلدا ئىككى يىل داۋاملاشقان چوڭ-كىچىك خوجىلار توپىلىڭى تىنجىتىلدى.

شۇ يىلى چىڭ سۇلالىسىنىڭ سانغۇنى چىن لىڭ زاب قاتارلىقلار ئەزىمەت بەگ، ئابدۇخالىق بەگ قاتارلىقلار تەمىنلىگەن ئەھۋاللارغا ئاساسەن، تۇنجى قېتىم چىڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا خوتەن ئالتە شەھەردىكى بەگلىك ئەمەللىرىنىڭ نامى، نوپۇس، ئاشلىق، مال - چارۋا قاتارلىقلارنىڭ سانىنى يوللىدى.

داۋگۇاڭنىڭ 6 - يىلى (مىلادىيە 1826 - يىلى) جاھانگىر خوجا ئۇچىنچى قېتىم توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، سېنتەبىر ئېيىدا خوتەننى بېسىۋالدى.

داۋ گۇاڭنىڭ 7 - يىلى (مىلادىيە 1827 - يىلى) 20 - ئاپرېل چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى جاھانگىر خوجا قوشۇنىنى قوغلاپ چىقىرىپ خوتەننى قايتۇرۇۋالدى.

داۋگۇاڭنىڭ 25 - يىلى (مىلادىيە 1845 - يىلى) ماي لىن زېشۈي جەنۇبىي شىنجاڭدا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئۈچۈن قاراقاش، خوتەن، لوپ قاتارلىق جايلارغا كەلدى.

شيەنفېڭنىڭ 7 - يىلى (مىلادىيە 1857 - يىلى) جەنۇبىي شىنجاڭدا ۋەلىخان توپىلىڭى يۈز بەردى. ئىيۇلنىڭ ئاخىرىدا ۋەلىخاننىڭ توپىلاڭچىلىرى خوتەندە پاراكەندىچىلىك تېرىپ، خوتەندىكى ھەربىي راباتنى بۇزۇۋەتتى، ئاۋغۇستنىڭ ئاخىرىدا چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى خوتەننى قايتۇرۇۋالدى.

تۇڭجىنىڭ 3 - يىلى (مىلادىيە 1864 - يىلى) خوتەن ھاكىم بېگىنىڭ ئوغلى ئېزىز ئاقسۇدىن خوتەنگە يوشۇرۇن قايتىپ كېلىپ، قازى ھەبىبۇللا مۇپتى ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئىسھاق خان سۇدۇر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلىپ، خوتەندىكى ھەر مىللەت خەلقىنى قىرغىن قىلىپ بۆلۈنمە ھاكىمىيەت قۇردى. ھەبىبۇللا مۇپتى ئۆزىنى «خوتەن خانى» دەپ ئاتىدى.

تۇڭجىنىڭ 5 - يىلى (مىلادىيە 1866 - يىلى) 6 - نويابىر ياقۇپ بەگ يەكەنگە كېلىپ، بۇزۇرۇك خان تۆرىنىڭ نامىدا ھەبىبۇللا مۇپتىغا مەكتۇپ يېزىپ، ئۇلۇغلارنىڭ قەبرىسىنى تاۋاپ قىلىشنى

يىرى ئاپپاقخوجىنى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ قورچاق خانى قىلىپ يۆلەپ تۇرغۇزدى. شۇ يىلى جۇڭغار قەبىلىسى ھۆكۈمرانلىقى خوتەندىمۇ تىكلەندى.

كاڭشىنىڭ 36 - يىلى (مىلادىيە 1697 - يىلى) جۇڭغار قەبىلىسىنىڭ باشلىقى غالدان سىرىن چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ ھۇجۇمىغا بەرداشلىق بىرەلمەي، ئامالسىز زەھەر ئىچىپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى. سىرىن ئارۇبدان جۇڭغار قەبىلىسىنىڭ ئاتامانى بولدى. خوتەن سىرىن ئارۇبدان ھۆكۈمرانلىقىغا تەۋە بولدى.

كاڭشىنىڭ 55 - يىلى (مىلادىيە 1716 - يىلى) سىرىن ئارۇبداننىڭ ئىنىسى داسىرىن دوندوب 6000 كىشىلىك قوشۇن باشلاپ خوتەن ئارقىلىق تاغدىن ئۆتۈپ شىزاڭغا كىرىپ تىبەت قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلدى.

كاڭشىنىڭ 56 - يىلى (مىلادىيە 1717 - يىلى) جۇڭغار قەبىلىسىنىڭ باشلىقى داسىرىن دوندوب تىبەت بۇددالا سارىيىغا قورشاپ ھۇجۇم قىلىپ، لاساڭ خاننى ئۆلتۈردى.

چيەنلۇڭنىڭ 20 - يىلى (مىلادىيە 1755 - يىلى) چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى جۇڭغار قەبىلىسىنى تىنچىتتى. شۇ يىلى 8 - ئاپرېل جەنۇبىي شىنجاڭدىكى چوڭ - كىچىك خوجىلار چىڭ سۇلالىسىغا ئەل بولدى. خوتەن ھاكىم بېگى ئابدۇللامۇ چىڭ سۇلالىسىغا ئەل بولدى.

چيەنلۇڭنىڭ 23 - يىلى (مىلادىيە 1758 - يىلى) سېنتەبىر خوتەن شەھەر بېگى خوجىسى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىغا ئەل بولدى ھەمدە خوجا جاھاننى قوغلاپ يوقىتىش پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويدى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۇنى خوتەن ئالتە شەھەرنىڭ ھاكىم بەگلىكىگە تەيىنلىدى. ئاۋغۇستتا بېزى بەگلىكىگە، نويابىردا ئىناچىبەگلىككە تەيىنلىدى.

شۇ يىلى دېكابىر خوجا جاھان قوشۇن باشلاپ خوتەن شەھىرىگە ھۇجۇم قىلدى. چىڭ قوشۇنى، مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇر ئاممىسى بىلەن قەلئەنى ساقلاپ خوجا جاھاننى مەغلۇپ قىلدى.

چيەنلۇڭنىڭ 24 - يىلى (مىلادىيە 1759 - يىلى) چىڭ سۇلالىسىنىڭ قوماندانى شۇخود 15 مىڭ كىشىلىك قوشۇن باشلاپ خوتەنگە كېلىپ ئورۇنلاشتى. چىڭ سۇلالىسى خانىنىڭ پەرمانىغا ئاساسەن، خوتەندە بىر نەپەر خان ئامبىلى، بىر نەپەر ياردەمچى خان ئامبىلى تەسىس قىلىندى. ئۇلار يەكەن خان ئامبال مەھكىمىسىگە

كىرىيە ناھىيىسىگە تەقسىم قىلىنىپ، چىرا بەگلىكى زاپاس ھاشار ھېسابىدا قالدۇرۇلدى. سىپىلنىڭ ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 110077 كۋادرات مېتىر، يەنى، 165 مو ئۈچ فۇڭ بولۇپ، جەنۇبىي تامنىڭ ئۇزۇنلۇقى 320 مېتىر، غەربىي تامنىڭ ئۇزۇنلۇقى 310 مېتىر، شىمالىي تامنىڭ 403 مېتىر، سىپىل تېمىنىڭ ھۇل يۈز كەڭلىكى 10 مېتىر، يانتۇ ھالدا ئېگىزلىتىلىپ ئۈستى يەتتە مېتىر كەڭلىكتە بولدى. سىپىل سېلىشقا 111 مىڭ 974 كۇب مېتىر توپا كەتتى. ئاتچۇي ئۆستەڭ گازۇن كەنت ئەتراپىدىن يۇدۇپ يۆتكەپ كېلىنگەن توپا ھۆل بولسا قۇرۇتۇپ يۇمشىتىپ تاسقاپ تۆكۈپ، ئۇنىڭدىن سۇ چېچىپ خاڭداش ئارقىلىق بىر پارچە بىر پارچىدىن ئىشلىنىپ، مىلادىيە 1886 - يىلى قىش پەسلىگە يېقىن تولۇق پۈتكۈزۈلدى.

گۇاڭشۇنىڭ 21 - يىلى (مىلادىيە 1895 - يىلى) شىۋېتسىيىلىك سۋېن ھېدىن خوتەندە ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

گۇاڭشۇنىڭ 25 - يىلى (مىلادىيە 1899 - يىلى) سۋېن ھېدىن خوتەندە ئىككىنچى قېتىم ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، نۇرغۇن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئەپكەتتى.

گۇاڭشۇنىڭ 26 - يىلى (مىلادىيە 1900 - يىلى) ئىيۇن، ستەيىن تۇنجى قېتىم خوتەنگە كېلىپ ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى، نۇرغۇن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئېلىپ كەتتى.

گۇاڭشۇنىڭ 28 - يىلى (مىلادىيە 1902 - يىلى) سىبىنتەبىر ياپونىيىلىك داگۇگۇاڭ رۇي ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى تۇنجى قېتىم خوتەندە ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

گۇاڭشۇينىڭ 32 - يىلى (مىلادىيە 1906 - يىلى) ستەيىن خوتەندە ئىككىنچى قېتىم ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، نۇرغۇن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئېلىپ كەتتى.

گۇاڭشۇنىڭ 33 - يىلى (مىلادىيە 1907 - يىلى) شىنجاڭغا سۈرگۈن قىلىنغان چېگرا قاراۋۇلى ئەمەلدارى جاۋگۇيخۇا خوتەنگە كېلىپ پىلە - ئۈجمىچىلىكنى تەكشۈردى.

شۈەنتۇڭنىڭ بىرىنچى يىلى (مىلادىيە 1909 - يىلى) ياپونىيىلىك جى رۇيچاۋ تۇنجى قېتىم خوتەندە ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

شۈەنتۇڭنىڭ ئۈچىنچى يىلى (مىلادىيە 1911 - يىلى) باھار ياپونىيىلىك جى رۇيچاۋ ئىككىنچى قېتىم خوتەنگە كېلىپ ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. ئۇ تاغ - داۋانلارنى

تەلەپ قىلدى. ھەبىبۇللاخان ئالدىنىپ شەھەردىن ئۇنى قارشى ئالغىلى چىققاندا، ياقۇپ بەگ ئۇنى تۇتقۇن قىلىپ يەكەنگە ئاپىرىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. ياقۇپ بەگ خوتەننى ھىيلە بىلەن ئالغاندىن كېيىن خوتەندە قوشۇن تۇرغۇزدى. خوتەن خەلقى قوزغىلىپ قارشى چىقىپ بىر ئاي ئۇرۇش قىلدى. ياقۇپ بەگ ئەڭ ئاخىرى خوتەننى بېسىۋالدى، ياقۇپ بەگ رەھىمسىزلەرچە قەتلىئام يۈرگۈزدى. خوتەن خەلقىدىن 50 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم قۇربان بولدى.

گۇاڭشۈنىڭ 3 - يىلى (مىلادىيە 1877 - يىلى) ئاۋغۇست خوتەن ھېكىمبېگى نىياز ھېكىم زۇزۇڭتاڭ، ليۇ جىڭتاڭ باشچىلىقىدىكى چىڭ قوشۇنلىرى جەنۇبىي شىنجاڭغا قاراپ غەلىبىلىك ئىلگىرىلەۋاتقان پەيتتە، ھەقىقەتكە قايتقانلىقىنى ئېلان قىلىپ، توپىلاڭ كۆتۈردى. ئاۋغۇستنىڭ ئاخىرىدا بەگقۇلى بەگ يەكەندىكى يۈنۈس خان بىلەن بىرلىشىپ خوتەنگە ھۇجۇم قىلدى. نىياز ھېكىم بەگ ئىنىسى ئىمىننى يۈنۈسخان قوشۇنلىرىنى توسۇپ زەربە بېرىشكە ئەۋەتكەن بولسىمۇ مەغلۇپ بولغانلىقتىن، نىياز ھېكىم بەگ قوشۇننى باشلاپ خوتەن دەرياسىنى بويلاپ شىمالغا يۈرۈپ چىڭ قوشۇنىغا قېتىلدى. بەگقۇلى بەگ خوتەننى ئىگىلىگەن بولسىمۇ، ئۇزۇنغىچە تۇتۇپ تۇرۇشقا كۆزى يەتمەي يۈنۈسخان بىلەن بىرلىكتە قەشقەرگە چېكىندى.

گۇاڭشۈنىڭ 3 - يىلى (مىلادىيە 1878 - يىلى) نويابىر ليۇ جىنتاڭنىڭ ئۇرۇنلاشتۇرۇشى بىلەن چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ ھېراۋۇلى دۇڭ فۇشياڭنىڭ يېتەكچىلىكىدە خوتەن قايتۇرۇۋېلىندى. ياقۇپ بەگ ۋە بەگقۇلى بەگ گۇرۇھى قوغلاپ چىقىرىلدى.

گۇاڭشۈنىڭ 4 - يىلى (مىلادىيە 1878 - يىلى) قىش خوتەننىڭ بۇرۇنقى ھۆكۈمرانى نىياز ھېكىمبەگ ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىشقا ئۇرۇنۇپ مەقسىتى ئىشقا ئاشمىغاچقا، توپىلاڭ كۆتۈرۈشنى قەستلىدى. بىر ھۇنەرۋەن چىڭ قوشۇنىغا خەۋەر يەتكۈزگەچكە، چىڭ قوشۇنى دەرھال نىياز ھېكىم بەگنى قولغا ئالدى، نىياز ھېكىم بەگ زىنداندا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى.

گۇاڭشۈنىڭ 8 - يىلى (مىلادىيە 1883 - يىلى) ئەتىياز خوتەن يېڭى شەھەر سېپىلى قۇرۇلۇشى باشلاندى. خوتەن ئامبىلى دۇڭ فۇشاڭ يامۇل ئەمەلدارى جۇلۇزۇڭنى تېخنىكا يېتەكچىلىكى ۋە باش مەسئۇللۇققا بەلگىلىدى. شەرقىي تام ئىلچى بەگلىكىگە، غەربىي تام قاراقاش بەگلىكىگە، جەنۇبىي تام لوپ بەگلىكىگە، شىمالىي تام

مىنگونىڭ 7 - يىلى (1918 - يىلى) ياڭ زېڭشىن كېرىيە قاشتېشى كېنىنى ئېچىشنى تەستىقلىدى.

مىنگونىڭ 8 - يىلى (مىلادىيە 1919 - يىل) 17 - ئاپرېل قاراقاشلىق راخمان گۇگۇت قاتارلىق كىشىلەر 100 دىن ئارتۇق كىشىنى توپلاپ توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، زاۋا بازىرى (ھازىرقى قاراقاشنىڭ زاۋا يېزىسى) غا ھۇجۇم قىلدى. بۇ چاغدا ئاخۇن ۋە يېزا مۆتىۋەرلىرى ئۈستەڭ چېپىۋاتقان دېھقانلاردىن نەچچە يۈز كىشىنى باشلاپ كېلىپ، چىڭ سۇلالىسى ئەمەلدارلىرىنىڭ توپىلاڭچىلارنى تارقىتىشىغا ياردەملەشتى. توپىلاڭ شۇ كۈنى تىنچىتىلدى. ئىككىنچى يىلى ياڭ زېڭشىن توپىلاڭنى تىنچىتىشتا خىزمەت كۆرسەتكەنلەرنى تەقدىرلىدى.

مىنگونىڭ 8 - يىلى (1919 - يىل) قاراقاش ناھىيىسى (خوتەن ناھىيىسىدىن ئايرىلىپ) قۇرۇلدى.

شۇ يىلى چىرىدا 3 - دەرىجىلىك ناھىيە قۇرۇلدى. مىنگونىڭ 9 - يىلى (1920 - يىل) خوتەن بىۋاستە قاراشلىق ئايمىقى خوتەن دوتەي مەھكىمىسىگە ئۆزگەرتىلدى. بۇنىڭغا خوتەن، قاراقاش، لوپ، كېرىيە، گۇما، قاغىلىق ناھىيىسى ۋە چىرا 3 - دەرىجىلىك ناھىيىسى قارىدى.

مىنگونىڭ 16 - يىلى (1927 - يىلى) شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت كېرىيە، لوپ، قاراقاش، چىرا قاتارلىق جايلاردىكى ئالتۇن كانلىرىنى ئىختىيارىي ئېچىشقا يول قويىدى. يەر بېجى ئالمىدى.

مىنگونىڭ 18 - يىلى (1929 - يىل) ئاپرېل خواڭ ۋېنبېي شايار ناھىيىسىدىن چىقىپ، قۇملۇقنى كېسىپ ئۆتۈپ خوتەنگە يېتىپ كەلدى. يۇرۇڭقاش، كېرىيە دەريا ۋادىلىرىدىكى ئاقسېپىل، دەندەن ئۆيلۈك، دامىكۇ، قارا دۆڭ قاتارلىق جايلاردا ۋە گۇما ناھىيىسىنىڭ بەزى خارابىلىرىدە تەكشۈرۈش ۋە قېزىش ئېلىپ باردى. ئىيۇلدا گۇمىدىن ئايرىلىپ قاغىلىققا يۈرۈپ كەتتى.

شۇ يىلى چىرا ناھىيىسى 3 - دەرىجىلىك ناھىيىدىن ناھىيە دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلدى.

مىنگونىڭ 22 - يىلى (1933 - يىل) فېۋرالدا مۇھەممەتئىمىن قاراقاشتا توپىلاڭ كۆتۈردى. ئارقىدىنلا خوتەننى ئىگىلەپ، «خوتەن خانلىقى» دەپ ئاتىدى. يەنە بىر يىلى ئىيۇندا ماخوسەننىڭ چېكىنگەن ئەسكەرلىرى خوتەنگە كېلىپ، مۇھەممەتئىمىننى مەغلۇپ قىلىپ، خوتەننى كونترول قىلدى.

ئېشىپ شىنزاڭغا بارماقچى بولغاندا، شىنخەي ئىنقىلابى پارتلىغاچقا، ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشمىدى.

## مىنگو دەۋرى

مىنگونىڭ 1 - يىلى (1912 - يىلى) 2 - ماي گېلاۋخۇي پارتىيىسىدىن ۋاڭ دىڭباڭ قاتارلىق 20 نەچچە كىشى كېرىيە ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە ھۇجۇم قىلىپ كىرىپ، بىر كىشىنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ، ئۈچ نەپەر جىنايەتچىنى بۇلاپ كەتتى. خەنزۇلاردىن 100 دىن ئارتۇق كىشىنى باشلاپ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، ھەربىي گازارمىنى قورشىۋالدى. بىر كېچە قاتتىق ئۇرۇش بولدى، قوزغىلاڭچىلاردىن ئۈچ كىشى ئۆلدى. قوزغىلاڭچى تەرەپ ھەربىي گازارمىغا سۇ قويۇۋېتىشكە ھازىرلاندى. ئىككى تەرەپ كېڭىشىش ئارقىلىق ئىش تىنچلىق بىلەن ھەل بولدى. كېيىن ۋاڭ دىڭباڭ قاتارلىق كىشىلەر ۋاڭ ئامبالنىڭ ئۆيىگە كىرىپ ئات ئوغرىلىماقچى بولغاندا ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى.

مىنگونىڭ 1 - يىلى (1912 - يىل) 23 - ئىيۇن چاررۇسىيىنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرۇش مەقسەت قىلىنغان «چىرا كەنت ۋەقەسى» يۈز بەردى.

شۇ يىلى خوتەن، كېرىيە، لوپ قاتارلىق ناھىيىلەردە ۋابا (ئاغرىق سىلاق) يۈز بەردى. كېيىن جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا، ھەتتا ئۈرۈمچى، ئىلى قاتارلىق جايلارغا كېڭەيدى. 1917 - يىلىغا بارغاندىمۇ كونترول قىلالماي، يۇقىرىقى ئۈچ ناھىيىدىن 100 مىڭدەك ئادەم ئۆلۈپ كەتتى.

مىنگونىڭ 2 - يىلى (1913 - يىل) 1 - يانۋار سىتەيىن خوتەنگە 3 - قېتىم كېلىپ، ئالدى بىلەن مازار تاغ خارابىلىكىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. دېكابىردا نىيە خارابىلىكىگە بېرىپ 3 - قېتىم قېزىش ئېلىپ باردى.

شۇ يىلى خوتەن ناھىيىسى قۇرۇلدى (ھازىرقى خوتەن، قاراقاش ناھىيىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ).

مىنگونىڭ 5 - يىلى (1916 - يىل) مارتتا زېڭشىن پەرمان چۈشۈرۈپ، ھەر قايسى ئورگانلاردا خوتەن خام قەغىزىنى ئىشلىتىشنى بۇيرىدى.

پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى پەن تۇڭ (پەن بونەن) خوتەننىڭ گېنېرال مايور دەرىجىلىك گارنىزون قوماندانلىقىغا تەيىنلەندى. ئاپرېلدا خوتەن مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ باشلىقلىقىنى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالدى.

28 - يىلى (1939 - يىل) فېۋرالدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى ماجاۋسۇڭ (مارى) خوتەن ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ مۇپەتتىشى بولدى. كېيىن (ئىيۇندا) مائارىپ ئىدارىسىنىڭ مۇۋەققەت باشلىقى بولدى؛ چىڭ گۇاڭجۇ خوتەن، قاراقاش، لوپ ناھىيىلىرىنىڭ يەرلىك باج ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولدى. شۈي خەندىڭ قاغىلىق، گۇما يەرلىك باج ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولدى. خۇاڭ يوڭچىڭ كېرىيە، چىرا يەرلىك باج ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولدى.

شۇ يىلى ئاپرېلدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى گۇشيەننەن (گۇجېڭ يۈەن) خوتەن گارنىزون قوماندانلىق شتابىنىڭ ھەربىي تەمىنات باشقارما باشلىقلىقىغا، تەن چىڭرۇڭ (تەن گۇيياۋ) خوتەن 38 - پولك ئاتلىق قىسىم بىرىنچى ليەنىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى (1941 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا گارنىزون قوماندانلىق شتابىغا سەنمۇلۇققا يۆتكىلىپ باردى).

شۇ يىلى ئاپرېلدا مەمۇرىيەت باشلىقى پەن تۇڭ يۇرۇڭقاش دەريا كۆۋرۈكىنى ياساش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى (1939 - يىلى 15- مارت كۆۋرۈك پۇتۇپ قاتناش باشلاندى).

شۇ يىلى 27 - نويابىر «خوتەن ياپونغا قارشى تۇرۇش ئارقا سەپ ياردەم جەمئىيىتى» قۇرۇلدى. 68 كىشى ئەزا بولدى، ئارقا سەپ ياردەم جەمئىيىتى ۋە ئىلغار زاتلارنىڭ تەشكىللىشى ئارقىسىدا ياپونغا قارشى تۇرۇش بويىچە تەشۋىقات ۋە ئىئانە توپلاش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلدى.

شۇ يىلى خوتەنلىك دوختۇر لى يوڭشاڭنى ئاساس قىلغان ھالدا خوتەن بويىچە تۇنجى دوختۇرخانا قۇرۇلدى. دوختۇرخانىدا نويابىردا كېسەل كۆرۈش باشلاندى. دوختۇرخانىنىڭ 30 كېسەل كارىۋىتى بولۇپ، ئىچكى كېسەللىك بۆلۈمى، تاشقى كېسەللىك بۆلۈمى، ئاياللار كېسەللىكلىرى بۆلۈمى تەسىس قىلىندى.

مىنگونىڭ 28 - يىلى (مىلادىيە 1939 - يىل) قاراقاش دەرياسىغا ياغاچ كۆۋرۈك سېلىندى.

شۇ يىلى سىنتەبىردە ۋىلايەت بويىچە تۇنجى قېتىملىق تەنتەربىيە مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى. ئوقۇغۇچى ۋە ئەسكەرلەردىن بولۇپ 300

مىنگونىڭ 24 ـ يىلى (مىلادىيە 1935 ـ يىلى) ماخوسەننىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن، تۆت نەپەر سوۋېت مۇتەخەسسىسى «ئورال» ماركىلىق ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇپ كىنو ئاپپاراتى، سىمسىز رادىئو ئۈسكۈنىلىرىنى ئېلىپ خوتەنگە كەلدى. خوتەن، كېرىيە، نىيە قاتارلىق جايلاردا كىنو قويۇپ بەردى. خوتەن بازىرىدا سىمسىز رادىئو ئۆگىنىش كۇرسى ئاچتى. بۇنىڭ بىلەن ئاپتوموبىل، كىنو، سىمسىز رادىئو خوتەندە تۇنجى پەيدا بولدى.

شۇ يىلى ماخوسەن خوتەندە يېڭى تىپتىكى خەنزۇ باشلانغۇچ مەكتىپى ئاچتى.

مىنگونىڭ 25 ـ يىلى (1936 ـ يىل) سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزبېكىستان رېسپوبلىكىسى ئارقىلىق بىرىنچى تۇركۇمدىكى يۇقىرى ھوسۇللۇق، ئەلا سورتلۇق پىلە ئۇرۇقى يەتكۈزۈپ بەردى.

مىنگونىڭ 26 ـ يىلى (1937 ـ يىل) 4 ـ ئاپرېلدا خوتەندە تۇرۇۋاتقان ماخوسەن ئەسكەر باشلاپ شېڭ شىسەيگە قارشى چىقتى. ئۆكتەبىردە شېڭ شىسەي سوۋېتنىڭ كۈچىگە تايىنىپ ئاسىيلارنى بېسىقتۇردى. ئۆلكە قوشۇنى خوتەنگە كېلىپ ئورۇنلاشتى. دېكابىردا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ خوتەندە تۇرۇۋاتقان قىرغىز قوشۇنلىرى ئۆز دۆلىتىگە قايتتى. شۇ يىلى 10 ـ ئايدا شېڭ شىسەي شىنجاڭ بويىچە چوڭ تۇتقۇن قىلىشنى باشلىدى. خوتەندە مەمۇرىي ھۆكۈمەت باشلىقى جېڭ يىجۇن قاتارلىق 300 نەچچە كىشىنى قولغا ئالدى. تۇتقۇن قىلىنغانلارنىڭ ھەممىسىنى «دىخۇا» (ئۈرۈمچى) گە يالاپ ئېلىپ كەتتى.

مىنگونىڭ 27 ـ يىلى (مىلادىيە 1938 ـ يىل) ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسى، سوت مەھكىمىسى، مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىدارىسى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكىنىڭ خوتەن ۋىلايەتلىك شۆبە بانكىسى، يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتى، سودا ـ سانائەت ئۇيۇشمىسى، قۇرۇلۇش ئىدارىسى، ھاۋارايى ئىستانسىسى، دوختۇرخانا، ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى، «خوتەن گېزىتى» ئىدارىسى قاتارلىقلار ئارقا ـ ئارقىدىن قۇرۇلدى.

شۇ يىلى يېڭى تىپتىكى ئۇيغۇر باشلانغۇچ مەكتىپى قۇرۇلدى.

شۇ يىلى ۋىلايەتلىك ئاددىي دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى قۇرۇلدى.

شۇ يىلى ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى قارىمىقىدا سەنئەت ئۆمىكى (سانايىنەفىسە) قۇرۇلدى. ناھىيىلەرگە بېرىپ «مونەكۋاي» دېگەن كومېدىيىنى تۇنجى قېتىم ئوينىدى.

27 ـ يىلى (1938 ـ يىل) مارتتا جۇڭگو كوممۇنىستىك

قىلىپ، قانلىق ۋەقە يۈز بەردى.

مىنگونىڭ 38 ـ يىلى (1949 ـ يىل) 2 ـ ئۆكتەبىر خوتەن ۋىلايىتى بۇرھان شەھىدىنىڭ ھەققەتكە قايتىش توغرىسىدىكى تېلېگراممىسىغا ئاۋاز قوشۇپ، بېيپىڭنىڭ مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ۋە ئۆلكە رەئىسى بۇرھان شەھىدىنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى.

## 1949 ـ يىل

6 ـ دېكابىر جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ بىرىنچى دالا ئارمىيە 2 ـ كورپۇس 5 ـ دىۋىزىيە 15 ـ پولكى تۇەنجاڭ جياڭ يۇخې، سىياسىي باشقارما مۇدىرى ليۇ يۈنىڭ باشچىلىقىدا ئالدىن يۈرۈش ئەترىتى تەشكىل قىلىپ ئاقسۇدىن يولغا چىقىپ، ئاپتوموبىل ئارقىلىق قەشقەردىن ئۆتۈپ، خوتەنگە تېزلىك بىلەن يۈرۈش قىلىپ، 12 ـ دېكابىر خوتەنگە يېتىپ كەلدى.

5 ـ دېكابىر 15 ـ پولكنىڭ كۆپ ساندىكى ئادەملىرى جىڭۋېي خۇاڭ چىڭ، مۇئاۋىن تۇەنجاڭ گوڭ زىيۈن، مۇئاۋىن سەنمۇجاڭ بەي چۈنشىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئاقسۇدىن يولغا چىقىپ، تەكلىماكاننى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈپ خوتەنگە يۈرۈش قىلدى. 17 كۈن جاپالىق يۈرۈش قىلىش ئارقىلىق 22 ـ دېكابىر خوتەنگە يېتىپ كەلدى ھەمدە شەھەرگە كىرىش بويىچە كاتتا مۇراسىم ئۆتكۈزدى. خوتەندىكى 40 مىڭدىن ئارتۇق ھەر مىللەت خەلق شەھەر سىرتىغا چىقىپ خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنى قارشى ئالدى.

25 ـ دېكابىر 15 ـ پولك خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 1 ـ دالا ئارمىيىسىنىڭ قوماندانى پېڭ دېخۇەي، سىياسىي كومىسسارى شى جۇڭشۈننىڭ: «سىلەر خوتەنگە كىرىشتە قەھرىتان سوغۇقتىن قورقماي چۆل ـ جەزىرىلەرنى بېسىپ، دالىدا يېتىپ ـ قوپۇپ، ئارمىيىمىزنىڭ يۈرۈش قىلىشى بويىچە مىسلى كۆرۈلمىگەن رېكورت ياراتتىڭلار، جاپالىق كۈرەش قىلغان، غەلىبىسىرى يۈرۈش قىلغان شەرەپلىك جەڭچىلەرگە سالام» دېگەن مەزمۇندىكى تەبرىك تېلېگراممىسىنى تاپشۇرۇۋالدى. شۇ كۈنى خوتەندىكى ھەر مىللەت خەلقى تەبرىكلەش يىغىنى چاقىرىپ، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ خوتەننى ئازاد قىلغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلىدى. خۇاڭ چىڭ، جياڭ يۇخې قاتارلىقلار يىغىندا سۆز قىلدى.

دىن ئارتۇق كىشى مۇسابىقىگە قاتناشتى. مۇسابىقە 16 تۇر بويىچە ئېلىپ بېرىلدى.

شۇ يىلى كۈزدە خوتەندە تۇنجى قېتىملىق تەنتەربىيە مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى. شىن يەنبىڭ (ماۋدۇن) شىنجاڭ مەدەنىيەت جەمئىيىتى نامىدىن لەۋھە تەقدىم قىلدى.

مىنگونىڭ 29 - يىلى (1940 - يىل) ئۆكتەبىردە ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى مۇزىكانتلار كۇرسى ئاچتى. ۋاقتى ئالتە ئاي بولدى.

مىنگونىڭ 29 - يىلى (1940 - يىل) چىڭ گۇاڭجۇ قاراقاش ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى بولدى.

مىنگونىڭ 31 - يىلى (مىلادىيە 1942 - يىل) نويابىردا ۋىلايەتتە پىلە - ئۈجمىچىلىك تېخنىك كۇرسى ئېچىلدى. ئۆگىنىش ۋاقتى تۆت ئاي بولۇپ، 174 كىشى ئۆگىنىشكە قاتناشتى.

مىنگونىڭ 31 - يىلى (1942 - يىل) كېرىيە ناھىيىسىنىڭ 7 - رايونى نىيە 3 - دەرىجىلىك ناھىيىگە ئۆزگەرتىلدى.

مىنگونىڭ 32 - يىلى (مىلادىيە 1943 - يىل) ۋىلايەتتە تارىخىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى كۆرگەزمىسى ئېچىلدى.

مىنگونىڭ 32 - يىلى (1943 - يىل) 17 - ئىيۇل گومىنداڭنىڭ خوتەن ناھىيىلىك پىرقىسى قۇرۇلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن 19 - ئىيۇل، 25 - ئاۋغۇست ئايرىم - ئايرىم ھالدا قاراقاش ۋە كېرىيىدە پىرقى قۇرۇلدى.

مىنگونىڭ 33 - يىلى (1944 - يىل) 1 - يانۋاردا خوتەن يەرلىك سوت مەھكىمىسى قۇرۇلدى.

مىنگونىڭ 33 - يىلى (1944 - يىل) خوتەن ۋىلايەتلىك پىلە ئۇرۇقچىلىق مەيدانى قۇرۇلدى.

شۇ يىلى 8 - ئاۋغۇستتا خوتەن سۇ ئىشلىرى كومىتېتى قۇرۇلدى.

شۇ يىلى نىيە ناھىيىسىنىڭ دەرىجىسى ئۆستۈرۈلۈپ رەسمىي ناھىيە بولۇپ قۇرۇلدى.

مىنگونىڭ 35 - يىلى (1946 - يىل) 1 - ئاپرېل خوتەن پىلە- يىپەكچىلىك يېتەكچىلىك كومىتېتى قۇرۇلدى.

مىنگونىڭ 36 - يىلى (مىلادىيە 1947 - يىل) كېرىيە ناھىيىلىك باشلانغۇچ مەكتەپ مۇدىرى سايلام ئېلىپ بېرىشتا گومىنداڭنىڭ ناھىيىدە تۇرۇشلۇق قىسىملىرى بىلەن توقۇنۇشۇپ

مارتنىڭ ئاخىرلىرىدا ئازادلىق ئارمىيە 2 - كورپۇسنىڭ مۇئاۋىن جىڭۋېيسى زوچى، 5 - كورپۇس 13 - دېۋىزىيىنىڭ باشلىقى ئىمىنوف خوتەنگە كېلىپ، ناھىيىلەرنىڭ ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى تەشكىل قىلىشقا ياردەملەشتى.

ئاپرېلنىڭ بېشىدا ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمەتلىرى قۇرۇلدى. گۇما ناھىيىسىنىڭ مۇۋەققەت شۇجىلىقىنى ۋاڭ خۇەيلو، ھاكىملىقىنى نەمەت ھاشىروف، مۇئاۋىن ھاكىملىقىنى لوتيەنشىڭ؛ قاراقاش ناھىيىسىنىڭ پارتكوم شۇجىلىقىنى ياڭ شىلىڭ، ھاكىملىقىنى مۇسا سايىت، مۇئاۋىن ھاكىملىقىنى جاڭ جۇڭشيوڭ؛ خوتەن ناھىيىسىنىڭ شۇجىلىقىنى يەن دىڭۇ، ھاكىملىقىنى نۇرىيوف ئەنۋەر، مۇئاۋىن ھاكىملىقىنى لوديەنجېي؛ لوپ ناھىيىسىنىڭ شۇجىلىقىنى ۋاڭ بىڭچاڭ، ھاكىملىقىنى تۇردى ئابدۇرېھىم، مۇئاۋىن ھاكىملىقىنى لۈي جىڭشەن؛ چىرا ناھىيىسىنىڭ شۇجىلىقىنى ۋۇ جىمىڭ، ھاكىملىقىنى كەنجى ئىبراھىم، مۇئاۋىن ھاكىملىقىنى خەن ۋېي؛ كېرىيە ناھىيىسىنىڭ شۇجىلىقىنى سۈي فازىڭ، ھاكىملىقىنى مۇتەللىپ، مۇئاۋىن ھاكىملىقىنى شۈي چىڭجاڭ؛ نىيە ناھىيىسىنىڭ شۇجىلىقىنى گوچىڭبىڭ، ھاكىملىقىنى ئابدۇۋاقى ئاشىر، مۇئاۋىن ھاكىملىقىنى لۈي مىنجېي ئۈستىگە ئالدى.

15 - ئاپرېل 70 نەپچە ئائىلىلىك گىلەمچىنى تەشكىللەش ئارقىلىق، خوتەن گىلەم كارخانىسى قۇرۇلدى.

ئاپرېلدا ۋىلايەتلىك مالىيە بۆلۈمى (1984 - يىلى مالىيە باشقارمىسىغا ئۆزگەرتىلدى)، ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت - مائارىپ بۆلۈمى (1971 - يىلى ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت - مائارىپ ئىدارىسىغا، 1983- يىلى مەدەنىيەت - مائارىپ باشقارمىسىغا ئۆزگەرتىلدى)، ۋىلايەتلىك سەھىيە بۆلۈمى (1971 - يىلى ۋىلايەتلىك سەھىيە ئىدارىسىغا، 1978- يىلى ۋىلايەتلىك سەھىيە باشقارمىسىغا ئۆزگەرتىلدى) قۇرۇلدى.

مايىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بىرىنچى قارارلىق يەرلىك كادىرلار كۇرسى ئېچىلدى. كۇرسقا 243 كىشى قاتناشتى.

مايدا ۋىلايەتلىك ج خ ئىدارىسى، باج ئىشلىرى ئىدارىسى قۇرۇلدى.

5 - ئىيۇل خوتەن ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ ۋالىيسى نەبىجان خوتەنگە يېتىپ كەلدى.

ئىيۇلنىڭ ئاخىرىغىچە 15 - پولك خوتەنگە كەلگەندىن باشلاپ

## 1950 - يىل

يانۋارنىڭ بېشىدا 15 - پولك خوتەندە ھەربىي ئىدارە قىلىشنى يولغا قويدى. ۋىلايەتكە بىۋاستە قاراشلىق ئورۇنلار ۋە ناھىيىلەرگە ھەربىي ۋەكىل ئەۋەتتى.

28 - فېۋرال «يېڭى خوتەن» گېزىتى خوتەن باسما زاۋۇتى ئاساسىدا رەسمىي قۇرۇلدى. ئۇيغۇرچە گېزىتنىڭ مىخ مەتبەئە نۇسخىسى 8 - ئىيۇلدا، ئارقىدىن خەنزۇچە گېزىتنىڭ ماي باسما نۇسخىسى بېسىلىپ تارقىتىلدى.

4 - مارت خوتەن مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ ۋالىيسى نەن شيۇشەن، مۇئاۋىن ۋالىيسى ۋاڭ جاۋجى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە نەن شيۇشەن، ۋاڭ جاۋجى، خې دىڭباڭ رىجىمگە ئېلىندى.

14 - مارت خوتەن ۋالىي مەھكىمىسى قۇرۇلدى. ئۇنىڭغا خوتەن، گۇما، قاراقاش، لوپ، چىرا، كېرىيە، نىيە قاتارلىق يەتتە ناھىيە قارىدى.

مارتنىڭ ئاخىرقى 10 - كۈنلىرىنىڭ بېشىدا كاڭ جۇاڭ خوتەنگە كېلىپ، ج ك پ خوتەن يەرلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىلىقىنى ئۈستىگە ئالدى. يەرلىك كومىتېت ئەزالىرى ليۇ پېڭجېي، جياڭ يوخې، خۇاڭ چىڭ قاتارلىقلاردىن تەشكىل تاپتى. خوتەن يەرلىك پارتكوم قۇرۇلدى.

25 - مارت خوتەن ۋىلايەتلىك تۇنجى قېتىملىق ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى چاقىرىلدى. يىغىندا مۇنداق تۆت تۈرلۈك قارار ماقۇللاندى: 1 - ئىجارە - ئۆسۈم كېمەيتىش، ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇش مەسىلىسى؛ 2 - باندىت - ئىشپىيونلارنى تازىلاش، ھاكىمىيەتنى ئۆزگەرتىش مەسىلىسى؛ 3 - تۈرلۈك ئاممىۋى تەشكىلاتلارنى، بولۇپمۇ دېھقانلار ئۇيۇشمىسى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇش مەسىلىسى؛ 4 - ئالدىنقى سەپكە پائال ياردەم بېرىش، شىنجاڭنى تېزدىن ئازاد قىلىش، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ قالدۇق كۈچلىرىنى ئۈزۈل - كېسىل يوقىتىش مەسىلىسىدىن ئىبارەت. يىغىندا خوتەن ۋىلايىتىنىڭ تۇنجى قېتىملىق خەلق ۋەكىللىرى كېڭىشى كومىتېتى بارلىققا كەلتۈرۈلدى. كاڭ جۇاڭ مۇدىر ھەيئەت بولدى.

ئۆمىكى غەربىي ـ شىمال شۆبە ئۆمىكىنىڭ ۋەكىلى چېن يۇڭچىڭ، شى گۇاڭشى خوتەنگە زىيارەتكە كەلدى. 3000 دىن ئارتۇق كىشى پىدائىي قىسمىغا قاتنىشىشقا ئۆزىنى مەلۇم قىلدى. ۋىلايەت بويىچە دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداش ھەرىكىتىگە قاتنىشىشقا ئىمزا قويغانلار 349 مىڭ 950 كىشىگە يەتتى.

ئاپرېلنىڭ بېشىدا گۇما ناھىيىسىنىڭ سانجۇ رايونىدا ئاقسىل كېسەللى يۇز بەردى. 8 ـ ئاۋغۇستقا قەدەر ۋىلايەت بويىچە يەتتە ناھىيە، 29 يېزىدا بۇ كېسەللىك يۈز بېرىپ، يۇقۇملانغان كالا 26 مىڭ 970 تۇياقتا، قوي 14 مىڭ 786 تۇياقتا، تۆگە 286 گە يەتتى؛ 518 كالا، 560 قوي، يەتتە تۆگە ئۆلۈپ كەتتى. كېسەللىك تېز كونترول قىلىندى ۋە يوقىتىلدى.

10 ـ ئاپرېل شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى خوتەننى كۆزدىن كەچۈرۈش ئۈچۈن كەلدى.

ئاپرېلدا ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش ھەرىكىتى باشلاندى، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىغا ۋە ھەربىي قىسىمغا يوشۇرۇنغان ئىشپىيون، ئەكسىلئىنقىلابچىلار ئاساسىي جەھەتتىن تازىلاندى.

29 ـ ئاپرېل خې دىڭباڭ، نەن شيۇشەن، ۋاڭ جاۋجى، چېڭ شىلىڭ، جاڭ شۆفىڭ قاتارلىقلار قولغا ئېلىندى.

1 ـ ماي خوتەن ئارمىيە ـ خەلق سوتى، ئوچۇق سوت ئېچىپ خې دىڭباڭ، نەن شيۇشەن، ۋاڭ جاۋجى، چېڭ شىلىڭ، جاڭ شۆفىڭ، شى شەن قاتارلىقلارغا ئۆلۈم جازاسى، سۇي شياۋيىغا مۇددەتسىز قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلدى.

27 ـ ماي چۈشتىن بۇرۇن 9 دىن 50 مىنۇت ئۆتكەندە كېرىيىنىڭ سۇبېشى، كوئېنلۇن داۋنى غەربىي جىلغىسى ئەتراپىدا يانار تاغ پارتلىدى. دەسلەپتە دەھشەتلىك ئاۋاز چىقىپ تاغ چوققىسىدىن ئىس ـ تۈتەك كۆتۈرۈلدى، ئارقىدىن يەنە ئۈچ قېتىم پارتلىدى، ھەر قېتىملىقىنىڭ ئارىلىقى بىر قانچە مىنۇت بولدى.

1 ـ ئىيۇل شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ خوتەن شۆبە مەھكىمىسى قۇرۇلدى.

ئىيۇلدا ئىجارە كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى باشلىنىپ، كېيىنكى يىلى 5 ـ مايدا ئاخىرلاشتى. ھەرىكەتكە 1945 نەپەر كادىر قاتناشتى. 45 يېزا ئىگىلىك رايونىدىن

يېرىم يىل سەرپ قىلىپ، دۈشمەن ئىشپىيونلىرىنىڭ بىرىنچى قاتلامدىكى يوشۇرۇن تەشكىلاتلىرىنى ئاساسىي جەھەتتىن پاش قىلدى.

4 - ئاۋغۇست ۋىلايەتلىك پارتكوم مالىيە ئىقتىسادىي خىزمەت يىغىنى چاقىرىپ، مال باھاسى، پۇل قىممىتىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، كۆمۈش مەككارلىرىغا زەربە بېرىشنى مۇزاكىرە قىلدى.

6 - ئۆكتەبىر ۋىلايەت بويىچە رايوندىن يۇقىرى كادىرلار يىغىنىدا ئون ئايدىن بۇيانقى خىزمەتلەر يەكۈنلەندى، خىزمەتلەردە سىياسەت، ئىستىل، ئىنتىزامچانلىق جەھەتتە ساقلانغان كەمچىلىك - خاتالىقلار ئەسلەپ ئۆتۈلدى. ج ك پ قەشقەر رايونلۇق كومىتېتىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ ئېنماۋ يىغىندا سۆز قىلدى.

ئۆكتەبىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى مەركەزنىڭ زىيارەت قىلىش ئۆمىكى خوتەنگە كەلدى. ئىشچىلار، ئاياللار ۋە مەدەنىيەت - مائارىپ ساھەسى بويىچە تۆت سۆھبەت يىغىنى چاقىرىلدى. داڭلىق رەسسام يې چيەنيۈ يىغىنغا قاتناشقان يولداشلارغا خاتىرە بۇيۇم تەقدىم قىلدى.

21 - ئۆكتەبىر مەركەز ۋە قەشقەر رايونلۇق پارتكومىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋىلايەت بويىچە ئىستىل تۈزىتىش ئېلىپ بېرىشنى قارار قىلدى. ئىستىل تۈزىتىش داۋامىدا رايون دەرىجىلىك 15 نەپەر كادىر ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاندى، 62 نەپەر يېزا، كەنت دەرىجىلىك كادىر ئۆزگەرتىپ سايلاندى، رايون، يېزا دەرىجىلىك كادىردىن 16 نەپىرى ئۆستۈرۈلدى.

15 - دېكابىر ۋىلايەت بويىچە بىرىنچى قېتىملىق ئەسكەر قوبۇل قىلىش خىزمىتى باشلىنىپ، كېيىنكى يىلى 15 - يانۋار ئاخىرلاشتى.

دېكابىرنىڭ ئاخىرىدا بىرىنچى قېتىملىق دېھقان بېجى ئېلىش يولغا قويۇلدى. جەمئىي 8 مىليون 625 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق يىغىلدى.

## 1951 - يىل

يانۋاردا شىنخۇا كىتابخانىسىنىڭ خوتەن مەركىزىي تارماق كىتابخانىسى قۇرۇلدى.

18 - مارت جۇڭگو خەلق پىدائىي قىسىملىرىنىڭ ۋەتەنگە قايتقان ۋەكىللەر ئۆمىكى غەربىي - شىمال شۆبە ئۆمىكىنىڭ ۋەكىلى ليۇچىڭيەن، چاۋشيەن خەلقىنىڭ جۇڭگونى زىيارەت قىلىش ۋەكىللەر

خويداۋمىن كاتتىۋاشلىرى، ئەكسىيەتچىل پارتىيە، ئىتتىپاق تايانچلىرى) نى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش ئەھۋالى دوكلات قىلىندى.

## 1952 - يىل

4 - فېۋرال مەھسۇلات ئاشۇرۇش، ئىقتىساد قىلىش تەكشۈرۈش كومىتېتى قۇرۇلدى، «ئۈچكە قارشى تۇرۇش» (خىيانەتچىلىككە، ئىسراپچىلىققا، بيۇروكراتلىققا قارشى تۇرۇش) ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى. ھەرىكەت 5 - ئاۋغۇست ئاخىرلاشتى. بۇ ھەرىكەتكە 30 ئورۇندىن 893 كىشى قاتناشتى. 100 يۈەندىن 1000 يۈەنگىچە خىيانەت قىلغانلاردىن 79 كىشى، 1000 يۈەندىن 5000 يۈەنگىچە خىيانەت قىلغانلاردىن 174 كىشى، 5000 يۈەندىن 10 مىڭ يۈەنگىچە خىيانەت قىلغانلاردىن 11 كىشى، 10 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى خىيانەت قىلغانلاردىن 10 كىشى تەكشۈرۈپ چىقىلدى. تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان، خىيانەت قىلىنغان دۆلەت مال - مۈلكىنى خەلق پۇلىغا سۇندۇرغاندا 700 مىڭ يۈەنگە يېتىدۇ.

21 - فېۋرال خوتەندە تۇنجى قېتىملىق يېزا ئىگىلىك نەمۇنىچىلىرى ۋەكىللىرى يىغىنى چاقىرىلدى، يىغىنغا 305 نەپەر ۋەكىل قاتناشتى.

6 - مارت خوتەن ۋىلايەتلىك ياشلار ئىتتىپاقى خىزمەت كومىتېتىنىڭ بىرىنچى نۆۋەتلىك كومىتېتى قۇرۇلدى، چىڭ شۈمىڭ شۇجى بولدى.

29 - مارت خوتەندە تۇنجى قېتىملىق چارۋىچىلار قۇرۇلتىيى ئېچىلدى.

26 - ئاۋغۇست خوتەن ۋىلايەتلىك ئۈچ دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنى چاقىرىلدى. دېموكراتىيىنى جارى قىلدۇرۇش، تەنقىد ئۆزىنى تەنقىد ئاساسىدا ئۈچ يىللىق خىزمەتلەر تەكشۈرۈلدى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە يەر ئىسلاھاتى خىزمىتى مۇزاكىرە قىلىنىپ، خوتەننىڭ يەر ئىسلاھاتى پىلانى تۈزۈپ چىقىلدى. 2 - كورپۇسنىڭ باشلىقى گوپىڭ، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلۇق پارتكومنىڭ 4 - شۇجىسى ئىمىنوف يىغىنغا قاتناشتى. يىغىن 19 - سېنتەبىر ئاخىرلاشتى.

24 - سېنتەبىر يەر ئىسلاھاتى خىزمىتى باشلىنىپ، 1953 -

307 كەنتتە تەييارلىق قىلىش، سىناق قىلىش، مۇددەت، تۈركۈمگە ئايرىش قاتارلىق ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈپ ئېلىپ بېرىلدى. 627 نەپەر زومىگەر، 343 نەپەر پومېشچىك كۈرەش قىلىندى. ئېنىقلانغان كۈرەش مېۋىسىنى بۇغدايغا سۇندۇرۇپ ھېسابلىغاندا 13 مىليون 537 مىڭ 800 جىڭ، كېمەيتىلگەن ئىجارە ھېسابىدا قايتۇرۇلغان بۇغداي 8 مىليون 374 مىڭ 400 جىڭ بولدى، 269 مىڭ 927 مو يەر تەقسىملەندى. ستاتىستىكىدىن قارىغاندا، ۋىلايەت بويىچە تەرەققىي قىلدۇرۇلغان دېھقانلار جەمئىيىتى ئەزالىرى 117 مىڭغا يەتكەن. يېزىلاردا 44 ئىتتىپاق ياچېيكىسى قۇرۇلۇپ، ئىتتىپاق ئەزالىرى 847 نەپەرگە يەتكەن. ناھىيە، رايون، يېزا، كەنت دەرىجىلىك بىر قىسىم كادىر ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلدى. بىر تۈركۈم ئاكتىپلار تەربىيىلەپ ئۆستۈرۈلدى.

24 - ئۆكتەبىر ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ھەرىكىتى داۋامىدا، ئەسلىدە جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە پۇل ئىئانە قىلىپ توققۇز ئايروپىلان سېتىۋېلىش بېكىتىلگەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە خوتەن ۋىلايىتىگە ئىككى ئايروپىلان بېكىتىلگەن. شۇ چاققىچە خوتەن ۋىلايىتى ئىئانە قىلىپ كىرىم قىلىنغان پۇل بىر مىليارد 100 نەچچە مىليون يۈەنگە يەتتى.

30 - ئۆكتەبىر خوتەن ۋىلايىتى بويىچە ئەكسىيەتچىلەرنى باستۇرۇش كۆرگەزمىسى خەلق كۇلۇبىدا ئاشكارا ئېچىلدى. كۆرگەزمىگە ئەكسىلئىنقىلابىي دېلو ماتېرىيالىدىن 45 ى، رەسىمدىن 553 پارچە، فوتو سۈرەتتىن بىر پارچە ھەمدە ئىشپىيونلارنىڭ ئالاقىلىشىش ئاپپاراتى، زەھەرلىك دورا، زومىگەرلەرنىڭ جازا قوراللىرى قاتارلىقلار قويۇلدى.

14 - نويابىر جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ شۆبە بيۇروسىنىڭ ئەزاسى دىڭ لىچۇن گوما ناھىيىسىنىڭ مۇجى رايونىغا كېلىپ ئىجارە كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ئەھۋالىنى تەكشۈردى، كادىرلارغا تەربىيە بېرىپ خىزمەتتىكى ئېغىشلارنى تۈزەتتى.

9 - دېكابىر شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى گاۋجىنچۈن خوتەنگە كېلىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى.

20 - دېكابىر خوتەن ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى يىغىنى چاقىرىلدى. يىغىندا ۋىلايەت بويىچە «ئالتە خىل دۈشمەن» (ئىشپىيون، ئەكسىلئىنقىلابچى، باندىت، زومىگەر، ئەكسىيەتچىل

## 1954 - يىل

فېۋرالنىڭ ئاخىرلىرىدا ئالدى بىلەن خوتەن ناھىيىسىدە زايوم سېتىۋېلىش خىزمىتى باشلاندى. قالغان ناھىيىلەردە مارتتا ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ قوزغىتىش ئېلىپ بېرىلدى.

ئۆكتەبىردە ۋىلايەت بويىچە تۇنجى زامانىۋىلاشقان سانائەت كارخانىسى — خوتەن يىپەكچىلىك فابرىكىسى رەسمىي پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى.

31 - دېكابىر ئابدۇلھېمىت داموللا باشچىلىقىدا ئىسيان يۈز بەردى. ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئەترىتىنىڭ ئۈچ كادىرى، يەتتە نەپەر جەڭچىسى ئۆلتۈرۈۋېتىلدى، توققۇز مىلتىق بۇلاپ كېتىلدى. قوراللىق بېسىم ئىشلىتىش، سىياسىي جەھەتتە قولغا كەلتۈرۈش ئارقىلىق ئىسيان تىنچىتىلدى.

## 1955 - يىل

يىل بېشىدا ۋىلايەتلىك چارۋا مەھسۇلاتلىرى شىركىتى قۇرۇلۇپ، مەخسۇس تاشقى سودا ئاپپاراتى بارلىققا كەلدى (1960-يىلى بۇ ئاپپارات ئاساسىدا تاشقى سودا ئىدارىسى قۇرۇلدى).

ئىيۇلدا خوتەننىڭ ۋىلايەت دەرىجىلىك ئورگانلىرىدا ئەكسىيەتچىلەرنى تازىلاش كۆرىشى باشلاندى.

29 - ئۆكتەبىر ۋىلايەتلىك پارتكوم كېڭەيتىلگەن يىغىن چاقىرىپ، ماۋجۇشىنىڭ 7 - نۆۋەتلىك پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى 6 - ئومۇمىي يىغىنىدا سۆزلىگەن خۇلاسە سۆزىنى ۋە «يېزا ئىگىلىكىنى كوپىراتسىيىلەشتۈرۈش مەسىلىسى» توغرىسىدىكى دوكلاتى، مەركەزنىڭ «يېزا ئىگىلىكىنى كوپىراتسىيىلەشتۈرۈش مەسىلىسى توغرىسىدىكى قارارى» قاتارلىقلارنى يەتكۈزدى. 1958 - يىلى يېزىلاردا سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشنى ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇنداشنىڭ دەسلەپكى پىلانى تۈزۈپ چىقىلدى.

مۇشۇ يىلى ۋالىي مەھكىمە ستاتىستىكا بۆلۈمى قۇرۇلدى، كېيىن پىلان كومىتېتىنىڭ قارمىقىدا بولدى (1964 - يىلى ۋىلايەتلىك ستاتىستىكا باشقارمىسىغا ئۆزگەرتىلدى).

يىلى ئىيۇلدا ئاساسىي جەھەتتىن ئاخىرلاشتى. يەر ئىسلاھاتى ۋىلايەت بويىچە 285 دېھقانچىلىق يېزىسىدا قانات يايدۇرۇلدى. بۇ ھەرىكەتكە 9 مىڭ 125 نەپەر يەرلىك كادىر، 110 نەپەر ھەربىي قىسىم كادىرلىرى قاتناشتى. ئۈچ قارارلىق يەر ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلغان 279 دېھقانچىلىق يېزىسىدا 102 مىڭ 405 ئائىلىلىك كەمبەغەل، ياللانما دېھقانغا 534 مىڭ 34. 375 مو تېرىلغۇ يەر، 9310 تۇياق تېرىلغۇ ھايۋىنى، 104 چوڭ ھارۋا. 75 مىڭ 323 دانە دېھقانچىلىق سايمىنى، 66 مىڭ 254 ئېغىز ئۆي، بىر مىليون 717 مىڭ 831 جىڭ ئاشلىق تەقسىم قىلىپ بېرىلدى.

9 - دېكابىر ۋىلايەتلىك پارتكوم ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى قۇرۇلدى. كاڭ جۋاڭ قوشۇمچە شۇجىسى بولدى. مەخپىيەتلىكنى ساقلاش كومىتېتى قۇرۇلۇپ، شى لوفۇ قوشۇمچە مۇدىرى بولدى.

دېكابىردا گۇما ناھىيىسىدە چېچەك تارقالدى. يەنە بىر يىلى فېۋرالدا كېسەللىك ئېغىرلاشتى. بولۇپمۇ 1 -، 3 -، 6 - رايوندا ئېغىر بولدى.

## 1953 - يىل

مايدا ۋالىي مەھكىمە خەلق ئىشلىرى بۆلۈمى قۇرۇلدى (1974- يىلى ۋىلايەتلىك خەلق ئىشلىرى ئىدارىسىغا، 1984 - يىلى ۋىلايەتلىك خەلق ئىشلىرى باشقارمىسىغا ئۆزگەرتىلدى).

ئاپرېلدا خەلق رېۋىزىيە باشقارمىسى قۇرۇلدى (1960 - يىلى ۋىلايەتلىك پارتكوم رېۋىزىيە كومىتېتى بىلەن بىرلەشتۈرۈۋېتىلدى).

سېنتەبىردە ۋىلايەت بويىچە بىرىنچى نۆۋەتلىك تەنتەربىيە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. ۋاسكېتبول، ۋالېبول ۋە قىسمەن يېنىك ئاتلېتكا تۈرلىرى بويىچە مۇسابىقە ئېلىپ بېرىلدى.

ئۆكتەبىردە ۋىلايەتلىك يىپەكچىلىك فابرىكىسى قۇرۇلۇشى باشلاندى.

بۇ يىلدا ۋىلايەت بويىچە تۇنجى ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇلدى.

خوتەن بىلەن ئۈرۈمچى ئوتتۇرىسىدا بىۋاستە تېلېگراما ۋە تېلېفون ئالاقىسى باشلاندى.

شۇ يىلى خوتەننىڭ ئەسلىدىكى باشلانغۇچ دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىنىڭ ئوتتۇرا دارىلمۇئەللىمىن سىنىپىغا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. بۇ مەكتەپ ۋىلايەت بويىچە تۇنجى ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈش مەكتىپىگە ئايلاندى.

خوتەن گىلەم كارخانىسى، بېيجىڭ خۇەيرىنتاڭ زالىغا ئىككى دانە چوڭ گىلەم توقۇپ بەردى.

## 1958 - يىل

يانۋاردا تەممنات - سودا، تاشقى سودا، سودا مۇلازىمەت تارماقلىرى بىرلەشتۈرۈلۈپ، ۋىلايەتلىك سودا ئىدارىسى قۇرۇلدى (1984 - يىلى سودا باشقارمىسىغا ئۆزگەرتىلدى).

ئاپرېلدا سانائەت - قاتناش بۆلۈمى قۇرۇلدى (1981 - يىلى فېۋرالدا ۋىلايەتلىك ئىقتىسادىي كومىتېتقا ئۆزگەرتىلدى).

24 - ماي جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە ئۇيۇشتۇرۇلغان خوتەن، قەشقەر، ئاقسۇ، قىزىلسۇنىڭ تۇنجى قېتىملىق يېزا ئىگىلىكىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىش، سېلىشتۇرۇپ باھالاش پائالىيىتى خوتەندە باشلاندى. 26 - ئىيۇن ئاقسۇدا ئاخىرلاشتى. خوتەن «ئىشلەپچىقىرىش پىلانىنى ئورۇنداشتا ياخشى بولۇش، ئوغۇتنى كۆپ توپلاش، ئېچىلغان بوز يەر كۆلىمى كۆپ بولۇش، دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ئىسلاھ قىلىش گەۋدىلىك بولۇش» جەھەتتە ئالغار بولدى.

25 - ئىيۇل دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ئىسلاھ قىلىش بويىچە تۇنجى نەق مەيدان يىغىنى كېرىيە ناھىيىسىدە ئېچىلدى.

ئىيۇننىڭ بېشىدا ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق نازارىتى ئېكسكۇرسىيە قىلىش، باھالاپ سېلىشتۇرۇش ئۆمىكى تەشكىللەپ خوتەن ناھىيىسىگە كېلىپ، نەق مەيداندا ئېكسكۇرسىيە، تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. خوتەن ناھىيىسىنىڭ ئاشلىق تارمىقى ئاپتونوم رايون بويىچە تۇنجى «تۆتتىن خالىي» (مىتىدىن، سېسىشتىن، چاشقان - قۇشقاچتىن، ھادىسىدىن خالىي) ئاشلىق ئىسكىلاتى، «ئالتىدە ياخشى» (سىياسەتنى ئىجرا قىلىشتا، مۇلازىمەت پوزىتسىيىسىدە، كەسپىي تۈزۈمدە، بىخەتەرلىك - تازىلىقتا، تىرىشچانلىق - ئىقتىسادچانلىقتا، ئامما بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە ياخشى) ئاشلىق پونكىتى بولۇپ باھالاندى.

مۇشۇ يىلدا شەھەر ئىچىدە تېلېفون ئورنىتىلدى، يېزىلارغىمۇ تېلېفون ئورنىتىلىشقا باشلىدى.

## 1956 - يىل

9 - ئىيۇن ج ك پ خوتەن ۋىلايەتلىك بىرىنچى نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى چاقىرىلىپ، 18 - ئىيۇن يېپىلدى.
1 - ئىيۇل خوتەنگە ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسى ئېچىلدى. شۇ يىلى 5 - نويابىر جۇڭگو خەلق ئاۋىئاتسىيىسى خوتەن پونكىتى قۇرۇلدى.
ئىيۇلدا قول سانائەت باشقارمىسى قۇرۇلدى (1976 - يىلى 2. يېنىك سانائەت باشقارمىسىغا ئۆزگەرتىلدى. 1984 - يىلى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى).
بىرىنچى قارارلىق يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈش خىزمىتى 15 - ئۆكتەبىر باشلىنىپ، 10 - نويابىر ئاخىرلاشتى. جەمئىي 591 كوپېراتسىيە قۇرۇلدى.
مۇشۇ يىلدا ۋالىي مەھكىمە ئاشلىق بۆلۈمى قۇرۇلدى (1958. يىلى ئاشلىق ئىدارىسىغا ئۆزگەرتىلدى. 1984 - يىلى ۋىلايەتلىك ئاشلىق باشقارمىسىغا ئۆزگەرتىلدى).
مۇشۇ يىل ۋىلايەتلىك تەنتەربىيە كومىتېتى قۇرۇلدى.

## 1957 - يىل

يانۋاردا ۋىلايەتلىك پىلان كومىتېتى قۇرۇلدى.
مارتتا ۋالىي مەھكىمە سۇ ئىشلىرى بۆلۈمى قۇرۇلدى (1959. يىلى سۇ ئىشلىرى ئىدارىسىغا، 1984 - يىلى ۋىلايەتلىك سۇ ئىشلىرى باشقارمىسىغا ئۆزگەرتىلدى).
9 - ئاۋغۇست ۋىلايەتلىك پارتكوم ئىستىل تۈزىتىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. بىرىنچى شۇجى خۇاڭ چىڭ گۇرۇپپا باشلىقى بولدى. ئىستىل تۈزىتىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى ئالتە كىشىدىن تەشكىل قىلىندى. ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتى باشلاندى.
1 - ئۆكتەبىر ۋىلايەت بويىچە تۇنجى قېتىملىق تىكتاك توپ تاللاش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى. ئەر - ئايال تىكتاك توپ ئەترىتىدىن 14 ئەترەت، 42 نەپەر ماھىر مۇسابىقىگە قاتناشتى.

7 ـ سېنتەبىر ئاپتونوم رايونلۇق تۇمەن كىشىلىك تەكشۈرۈش ئۆمىكىنىڭ خوتەن شۆبە ئۆمىكى خۇلاسىلەش يىغىنى ئېچىپ، خۇاڭ چىڭنىڭ خۇلاسە سۆزىدىكى خەلق كوممۇنىسى قۇرۇش بىلەن كەڭ شۇغۇللىنىش دولقۇنىنى تېز قوزغاش، ئۆكتەبىرنىڭ بېشىدا ۋىلايەت بويىچە كوممۇنالاشتۇرۇپ بولۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش پىكرىگە ھەمدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان: «زور غەيرەت بىلەن قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، بىر يىللىق جاپالىق ئىشلەپ، مو بېشى. مەھسۇلاتى 1000 جىڭلىق ۋىلايەت بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرايلى» دېگەن شوئارغا قوشۇلدى.

20 ـ سېنتەبىر «خوتەن گېزىتى» خەۋىرى: «بۇغدايدىكى قاراباش كېسەللىكى ئېغىر بولغان نىيە ناھىيىسى ئۈچ يىل كۈرەش قىلىش ئارقىلىق بۇ كېسەلنى يوقىتىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە بۇغدايدا قاراباش كېسىلى بولمىغان تۇنجى ناھىيە بولۇپ قالدى».

21 ـ سېنتەبىر خوتەن ناھىيىسى ۋىلايەت بويىچە كوممۇنالىشىشنى تۇنجى بولۇپ ئىشقا ئاشۇردى. كۈزدە ۋىلايەت بويىچە كوممۇنالاشتۇرۇش تولۇق ئىشقا ئاشتى.

31 ـ ئۆكتەبىر ۋىلايەتلىك پارتكوم پولات ـ تۆمۈر ئىشلەپچىقىرىش جىددىي يىغىنى چاقىردى. پولات ـ تۆمۈر ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتىنى ئەسلەپ ئۆتتى. سېنتەبىردىن باشلاپ مۇشۇ كۆنگە قەدەر تۆمۈر كان، كۆمۈر كان ۋە باشقا ماتېرىياللارنى ئىزدەش ئۈچۈن 200 مىڭ ئەمگەك كۈنى سەرپ قىلىندى. 800 كىلومېتىرغا يېقىن يول ياسالدى. 1300 دىن ئارتۇق دومنا پېچ ياسالدى ھەمدە «مەھەللىۋى دومنا پېچ» نى ئاساسىي قاتلامغىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈش چاقىرىق قىلىندى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى سەيپىدىن ئەزىزى، سانائەت ـ قاتناش بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى لى خۇيخې، تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ماستوف يىغىنغا قاتناشتى.

6 ـ نويابىر ۋىلايەتلىك پارتكوم دائىمىي ھەيئىتى 1958 ـ يىلى 10 مىڭ توننا چۆيۈن ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداشنى ئۈچ ئاساسلىق پولات ـ تۆمۈر بازىسى يەنى كېرىيە، چىرا، لوپ ناھىيىسىنى ئاساس قىلىپ، پولو بىرىنچى پولات ـ تۆمۈر دېۋىزىيىسى قۇرۇش؛ گۇما، قاراقاشنى ئاساس قىلىپ دۇۋا ئىككىنچى پولات ـ تۆمۈر دېۋىزىيىسى قۇرۇش؛ خوتەن ناھىيىسىنىڭ 9 ـ رايوندا مۇستەقىل پولك قۇرۇش؛ 200 مىڭ كىشىلىك «چولڭ قوشۇن» تەشكىل قىلىپ، پولات ـ تۆمۈر تاۋلاشقا قاتناشتۇرۇشنى قارار

6 ـ ئىيۇل ۋىلايەت بويىچە ھەر قايسى ناھىيىلەردە باش لۇشيەن ھەققىدىكى تەشۋىقات زەربىدارلىق ئېيى پائالىيىتى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇلدى.

23 ـ ئىيۇل ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ بىرىنچى شۇجىسى ۋاڭ ئېنماۋ خوتەندىكى 2000 دىن ئارتۇق كادىرغا پارتىيە 8 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 2 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى ھەمدە خوتەننىڭ 2 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە، بوز يەر ئېچىش، ئاشلىق، پاختا، چارۋىچىلىق، پىلە بېقىش، يەرلىك سانائەت ھەمدە كۆكەرتىش جەھەتلەردە ئاپتونوم رايون بويىچە ئالدىدا مېڭىشنى ئوتتۇرىغا قويدى ھەمدە نۆۋەتتىكى خىزمەتلەر توغرىسىدا يوليورۇق بەردى.

28 ـ ئىيۇل كېرىيە ناھىيە قىزىل بايراق كوممۇنىسىدىن ئەمگەك نەمۇنىچىسى قۇربان تۇلۇم بېيجىڭدا ماۋجۇشىنىڭ قوبۇل قىلىشىغا مۇيەسسەر بولدى. مۇخبىر خۇيپۇ بۇ كۆرۈنۈشنى سۈرەتكە تارتتى. 21 ـ ئاۋغۇست «خەلق گېزىتى» بۇ سۈرەتنى ۋە دىڭ ۋېن، ۋاڭ مىچىن يازغان: «قۇربان تۇلۇم ماۋجۇشىنى كۆردى» دېگەن ئوچېرىكنى باستى.

ۋىلايەتنىڭ چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى (يېرىم دېھقانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق رايونلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش خىزمىتى 1956 ـ يىلى ئاپرېلدىن 1958 ـ يىلى 28 ـ ئىيۇنغىچە ئېلىپ بېرىلدى. چارۋىچىلىق كوپېراتىپىدىن (يېرىم دېھقانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق كوپېراتىپىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) 68 ى قۇرۇلدى. كوپېراتسىيىگە كىرگەن چارۋىچى 80% تىن ئېشىپ، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا چارۋىچىلىق كوپېراتىپى قۇرۇش ئاساسەن ئەمەلگە ئاشتى.

ئىيۇلدا شىنجاڭ گېئولوگىيە ئىدارىسى خوتەن گېئولوگىيە چولڭ ئەترىتى قۇرۇلدى (1962 ـ يىلى قەشقەر 2 ـ گېئولوگىيە چولڭ ئەترىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈۋېتىلدى. 1977 ـ يىلى 5 ـ مايدا گېئولوگىيە 10 ـ چولڭ ئەترىتى قۇرۇلدى).

29 ـ ئاۋغۇست ۋىلايەت بويىچە تۇنجى خەلق كوممۇنىسى — خوتەن ناھىيە گۇجەنباغ يېزا قىزىل بايراق خەلق كوممۇنىسى قۇرۇلدى. بۇ كوممۇنا بەش يېزا دېھقانچىلىق كوپېراتىپىنىڭ بىرلىشىشى بىلەن قۇرۇلغان بولۇپ، 1510 ئائىلە، 5243 كىشى قاتناشتى.

14 - نويابىر خوتەن ۋىلايىتى بويىچە ئەڭ چوڭ سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى — قاراقاش ناھىيە تاۋغاز «شەرق شاملى سۇ ئامبىرى» ياسىلىشقا باشلىدى.

18 - نويابىر جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى گۇەن ۋىنۋى باشچىلىقىدىكى جياڭسۇ، خۇبېي ئۆلكىلىرىنىڭ چېگرىغا ياردەم بەرگۈچى ياشلاردىن ھال سوراش ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ 7 - شۆبە ئۆمىكى خوتەنگە يېتىپ كەلدى.

نويابىردا ۋىلايەتلىك پەن - تېخنىكا كومىتېتى قۇرۇلدى.

## 1960 - يىل

1 - يانۋار ۋىلايەت بويىچە ھەر دەرىجىلىك سودا ئىدارىلىرى ئاپتونوم رايونلۇق مال باھا ئىدارىسى، سودا نازارىتىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، 1 - يانۋاردىن باشلاپ ۋىلايەت بويىچە شەھەر - يېزا بازارلىرىدا سانائەت بۇيۇملىرىنىڭ باھاسىنى تۆۋەنلىتىشنى بىرلا ۋاقىتتا يولغا قويدى. تۆۋەنلىتىش كۆرسەتكۈچ سانى مۇنداق بولدى: تۇرلۇك ماللار %85 . 10، مەدەنىيەت بۇيۇملىرى %76 . 4، تاۋار- دۇردۇن %11 . 4، خەلق ئىشلىتىدىغان قاتناش ماشىنا سايمانلىرى %52 . 4، خىمىيە سانائەت بۇيۇملىرى %04 . 6، ئېلېكتر ماشىنىلىرى %21 . 5، بەش خىل مېتال %79 . 4، تاماكا %18 . 9، چاي %49 . 7، كىرسىن %67 . 6.

19 - يانۋار ۋىلايەت بويىچە يېزا ئىگىلىك، سانائەت، قاتناش، مالىيە، سودا، مەدەنىيەت، مائارىپ، سىياسىي - قانۇن سېپىنىڭ كۆلىمى مىسلىسىز بولغان قەھرىمانلار ئۇچرىشىش يىغىنى چاقىرىلدى. يىغىنغا ھەر قايسى سەپلەردىن 806 نەپەر ۋەكىل قاتناشتى. يىغىن لوپ ناھىيىسىنى «ھەممە جەھەتتىن قىزىللاشقان ناھىيە» قىلىپ سايلىدى. يىغىندا 20 ئۈلگە تىكلەندى. يىغىن 26- يانۋار ئاياغلاشتى.

يانۋاردا ماددىي ئەشيا باشقۇرۇش ئىدارىسى قۇرۇلدى (1983 - يىلى ماددىي ئەشيا شىركىتىگە ئۆزگەرتىلدى).

5 - فېۋرال ئاپتونوم رايون ھەم ۋىلايەت قاراقاش ناھىيىسىدە ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش ۋە ئىشتىن سىرتقى مائارىپ نەق مەيدان يىغىنى چاقىردى.

1 - ماي «تۆتلەشتۇرۇش» (ماشىنىلاشتۇرۇش، يېرىم

قىلدى.

5 ـ دېكابىر يۇرۇڭقاش دەرياسى كۆۋرۈكى ياسىلىشقا باشلىدى.

## 1959 ـ يىل

16 ـ يانۋار ۋىلايەت بويىچە 2500 نەپەر رايوندىن يۇقىرى كادىر ئاجرىتىلىپ، خەلق كوممۇنىسىنى تەرتىپكە سېلىش خىزمەت ئۆمىكى قۇرۇلدى. 40 تىن ئارتۇق خىزمەت گۇرۇپپىسىغا بۆلۈنۈپ جايلاردىكى يېزا خەلق كوممۇنالىرىغا يۈرۈش قىلىندى. پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن خەلقنىڭ خەلق كوممۇنىسىنى تەرتىپكە سېلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش ھەرىكىتى باشلاندى.

يانۋاردا ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىدارىسى قۇرۇلدى.

7 ـ فېۋرال ۋىلايەت بويىچە سەنئەت كۆرىكى ئۆتكۈزۈلدى. كۆرەككە كادىرلار، ھەر ساھە ئاممىسى، سەنئەت ئۆمەك ئەزالىرى، ئوقۇغۇچىلار بولۇپ 630 كىشى قاتناشتى.

16 ـ مارت ۋىلايەت بويىچە سانائەت ـ قاتناش سېپىدە تۇنجى قېتىملىق سەكرەپ ئىلگىرىلەش قەھرىمانلار يىغىنى چاقىرىلدى. ۋىلايەتلىك پارتكوم سانائەت ـ قاتناش بۆلۈمىنىڭ باشلىقى چىڭ شۆمىڭ يىغىندا: «پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن خەلق سەپەرۋەرلىككە كېلىپ، ئاممىۋى ھەرىكەت بىلەن كەڭ شۇغۇللىنىپ، تېخنىكا ئىنقىلابىنى كەڭ ئېلىپ بېرىپ، سانائەت، يېزا ئىگىلىكىدە قوش سەكرەپ ئىلگىرىلەشنى ئىشقا ئاشۇرايلى» دېگەن تېمىدا دوكلات بەردى.

7 ـ ئىيۇن تۇنجى قېتىملىق ناھىيە دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىكىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىش، باھالاپ سېلىشتۇرۇش ئاياغلاشتى. يەتتە ناھىيە، 22 كوممۇنا ئېكسكۇرسىيە قىلىندى. كېرىيە ناھىيىسى قىزىل بايراق ئالدى.

13 ـ نويابىر جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە ئالتە ۋىلايەت (ئوبلاست)، 31 ناھىيىنىڭ ئاشلىق تارماقلىرى ۋەكىللىرى قاتناشقان ئاپتونوم رايونلۇق «ئاشلىق خىزمىتى بويىچە قىزىل بايراق ھەرىكىتى نەق مەيدان يىغىنى» خوتەن ناھىيىسىدە چاقىرىلدى. ۋەكىللەر: «خوتەندىن ئۆگىنەيلى، خوتەنگە يېتىشىۋالايلى، خوتەندىن ئېشىپ كېتەيلى» دېگەن شوئارنى ئوتتۇرىغا قويىدى. يىغىن 16 ـ نويابىر ئاخىرلاشتى.

قارالدى: «يېزىلاردا ئوزۇقلۇق جەھەتتە ئىككى ئاساسلىق مەسىلە ساقلانماقتا، بىرىنچى، ئوزۇقلۇق ئاشلىق ئاز بولغاچقا، ئوزۇقلۇق يېتىشمەسلىك خاراكتېرلىك ئىششىق كېسىلى يۈز بېرىش مۇمكىن. ئىككىنچى، كۈزدىن كېيىن ئېشىندى ئاشلىق ئاز بولىدۇ. قىش پەسلىدە كۆكتات كەمچىل، شۇڭلاشقا ئەتىياز پەسلىدە چالاش كېسىلى مەلۇم دەرىجىدە يۈز بېرىشى مۇمكىن».

## 1961 - يىل

يانۋار ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم خوتەن ۋىلايىتىدىن 40 مىليون جىڭ ئاشلىق يۆتكەپ، گەنسۇ ئۆلكىسىگە ياردەم بېرىشنى قارار قىلدى.

25 - ئاۋغۇست ۋىلايەتلىك پارتكوم ئاچقان بىرىنچى قارارلىق ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىلىرى، ناھىيىلەرنىڭ بۆلۈم دەرىجىلىك كادىرلىرى ھەمدە كوممۇنا پارتكوم شۇجىسى، كوممۇنا باشلىقلىرى كۇرسىدا ئۆگىنىش باشلاندى. جەمئىي 145 كىشى قاتناشتى.

ئاۋغۇستتا، ياڭ شيەنجىن رەپىقىسى ۋە كاتىپى بىلەن خوتەنگە كەلدى. 29 - ئاۋغۇست ۋىلايەتلىك پارتىيە مەكتىپىدە سۆز قىلدى.

27 - سېنتەبىر ۋىلايەتلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خىزمەت كومىتېتى قۇرۇلدى.

13 - نويابىر ئاپتونوم رايونلۇق ئىككىنچى نۆۋەتلىك پىلە - ئۈجمىچىلىك يىغىنى خوتەندە چاقىرىلدى. يىغىنغا بەش ۋىلايەت (ئوبلاست)، 36 ناھىيىنىڭ تاشقى سودا ئىدارىسى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىدارىلىرى باشلىقلىرى، پىلە - ئۈجمىچىلىك كادىرلىرى ھەمدە بىلگۈچى ۋەكىللىرى بولۇپ 100 دىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى. جۇڭگو يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى پىلە - ئۈجمىچىلىك تەتقىقات ئورنىنىڭ مۇتەخەسسىسى خۇخۇگجۇنمۇ يىغىنغا قاتناشتى. يىغىندا بىرلىك مەھسۇلاتنى ئۆستۈرۈش بىلەن تارقىتىلىدىغان ئۇرۇقنى كۆپەيتىشنى تەڭ تۇتۇش يۆنىلىشى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، پىلە بىلەن ئۈجمىگە تەڭ ئېتىبار بېرىش، ئەلا ئۇرۇقلۇق يېتىشتۈرۈش تەلەپ قىلىندى.

23 - نويابىر گەنسۇ جاڭيې ۋىلايەتلىك خەلق ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ خوتەندە يېرىم يىل داۋاملاشقان ھال سوراش يۈزىسىدىن ئويۇن قويۇش پائالىيىتى ئاخىرلاشتى. 23 - نويابىر چۈشتىن بۇرۇن

ماشىنىلاشتۇرۇش، ئاپتوماتلاشتۇرۇش، يېرىم ئاپتوماتلاشتۇرۇش) مەركەز قىلىنغان تېخنىكا يېڭىلاش ۋە تېخنىكا ئىنقىلابى ئەمەلىي بۇيۇملىرى كۆرگەزمىسى ھەمدە تېخنىكا ماھارىتى كۆرسىتىش يىغىنى ئېچىلدى. بۇ سانائەت، قاتناش، بىناكارلىق، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، قوشۇمچە كەسىپ، مالىيە - سودا، پۇل مۇئامىلە، مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە قاتارلىقلاردىن بولۇپ 2000 دىن ئارتۇق مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

2 - ماي ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ بىرىنچى شۇجىسى ۋاڭ ئېنماۋ خوتەنگە كېلىپ يەتتە ناھىيىنى كۆزدىن كەچۈردى، كوممۇنا، زاۋۇت - كانلارغا ۋە ئامما ئارىسىغا بېرىپ سۆھبەت ئۆتكۈزدى. تارىم ئويمانلىقىغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ بوز يەرلەرنى كۆردى. بېرىپ - كېلىشتە 2000 كىلومېتىردىن ئارتۇق يول يۈردى. كۆزدىن كەچۈرۈش 17 - ماي ئاخىرلاشتى.

مايدا ۋىلايەتلىك تاشقى سودا ئىدارىسى قۇرۇلدى.

ۋىلايەت بويىچە ئالدىنقى يىلى دېكابىردىن باشلاپ كۆلىمى زور، ئاممىۋى خاراكتېرلىك چۆللۈككە يۈرۈش قىلىپ بوز يەر ئېچىش ھەرىكىتى باشلاندى. 60 مىڭدىن ئارتۇق كوممۇنا ئەزاسى يۇرۇڭقاش، قاراقاش، كېرىيە دەريالىرى بويىدا بوز يەر ئېچىش بويىچە 10 بازا قۇردى. 15 - ئىيۇنغىچە ۋىلايەت بويىچە بىر مىليون مو بوز يەر ئېچىلدى.

ئىيۇل لوپ ناھىيىسىنىڭ تۆمۈر ئېقىم كوممۇنا گىلەم كارخانىسى، بېيجىڭ خەلق سارىيىغا بەش پارچە چوڭ گىلەم توقۇپ بېرىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇۋالدى.

1 - سېنتەبىر ۋىلايەتلىك پارتكوم بىلەن مەمۇرىي مەھكىمە بىرلىشىپ ئىش بېجىرىشكە باشلىدى. بۇنىڭ قارىمىقىدا ئومۇمىي ئىشلار، سانائەت - قاتناش، مالىيە - سودا، سىياسىي - قانۇن، تەشۋىقات، مائارىپ، ئاممىۋى تەشكىلات قاتارلىق يەتتە ئىشخانا قۇرۇلدى، ۋىلايەتلىك پارتكوم رېۋىزىيە كومىتېتى بىلەن ۋالىي مەھكىمە رېۋىزىيە باشقارمىسى بىرلەشتۈرۈۋېتىلدى، پىلان كومىتېتى ساقلاپ قېلىندى.

17 - دېكابىر ئاپتونوم رايونلۇق ئوزۇقلۇق سەھىيە خىزمەت ئەترىتىنىڭ خوتەن ۋىلايىتىگە كېلىپ سەييارە تەكشۈرۈش گورۇپپىسىنىڭ 23 - ئىيۇل باشلىغان ناھىيىلەرنى تەكشۈرۈش ۋە داۋالاش - ئالدىنى ئېلىش خىزمىتى ئاياغلاشتى. تەكشۈرۈشتە شۇنداق

## 1963 ـ يىل

2 ـ مارت ۋىلايەتلىك پارتكوم: «سوتسىيالىستىك ، ئالتىدە ياخشى، مۇسابىقە پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا يوليورۇق» چىقاردى. ۋىلايەت بويىچە «ئالتىدە ياخشى» بولۇش ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى.

1 ـ ئاپرېل ۋىلايەتتە «بەشكە قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتى باشلاندى. ھەرىكەتنىڭ بىرىنچى باسقۇچىدا سودا ـ سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇشنى ياخشىلاش، زىياننى پايدىغا ئۆزگەرتىش خىزمىتى تۇتۇلدى. كارخانا، كەسپىي ئورۇنلاردا مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇش، ئىقتىساد قىلىش ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى؛ ئىككىنچى باسقۇچتا بۇزۇپ ـ چېچىپ ئىسراپ قىلىشقا، ئالاھىدە بولۇۋېلىشقا، تارقاقچىلىق، بيۇروكراتلىققا قارشى تۇرۇلۇپ، كادىرلارنىڭ «بىنادىن چۈشۈپ يۇيۇنۇش» خىزمىتى تۇتۇلدى. 1964 ـ يىل مايدىن باشلاپ مۇددەت، تۈركۈم بويىچە كېيىنكى ئىككىگە قارشى تۇرۇشقا بۇرالدى.

1 ـ ئىيۇن ۋىلايەتلىك ئارخىپ باشقۇرۇش بۆلۈمى قۇرۇلۇپ، جايلارنىڭ ئارخىپ خىزمىتىنى تەكشۈرۈش، نازارەت قىلىش ۋە يېتەكچىلىك قىلىشقا مەسئۇل بولدى.

12 ـ ئىيۇن ئاپتونوم رايوننىڭ غەمخورلۇق قىلىشى ئارقىسىدا ۋىلايەتلىك كوپېراتىپ باشقارمىسى ئىلى، قارا شەھەر قاتارلىق جايلاردىن 3100 تۇياق تېرىلغۇ ئېتى، 100 تۇياق ئۆكۈز سېتىۋالدى، بىرىنچى تۈركۈمدە 200 دىن ئارتۇق تېرىلغۇ ئېتى خوتەنگە يۆتكەپ كېلىندى.

22 ـ نويابىر ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت خىزمەت گۇرۇپپىسى ئويۇشتۇرغان سىنىپىي كۈرەش تەربىيىسى ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان رەسىم كۆرگەزمىسى خوتەن ناھىيىسىنىڭ يالقۇن كوممۇناسىدا ئۆتكۈزۈلۈشكە باشلىدى.

26 ـ نويابىر جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى باش سىياسىي بۆلۈمى ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ ئوپېرا ئۆمىكى مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى ۋە باش سىياسىي بۆلۈمى باشلىقلىرىنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە خوتەنگە كېلىپ، ھال سوراش ئويۇنى قويدى.

20 ـ دېكابىر خوتەن ۋىلايەتلىك تۇنجى قېتىملىق خەلق

چاي ئۆتكۈزۈپ خوتەن خەلقى بىلەن خوشلاشتى.
دېكابىردا ئاپتونوم رايون خوتەننىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە تەقسىم قىلغان گەنسۇلۇق ئۈچ خىل خادىملار (بىرگە كەلگەن كادىرلار ۋە ئائىلە تەۋەلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) دىن ئەمەلىي يېتىپ كەلگىنى 5132 نەپەر بولۇپ، ئايرىم ـ ئايرىم هالدا خوتەن، قاراقاش، لوپ، كېرىيە ناهىيىلىرىنىڭ ناهىيە ۋە كوممۇنىلىرىغا قاراشلىق دېهقانچىلىق مەيدانلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئالدىنقى يىلى قىشتىن بۇيان خوتەن ۋىلايىتى ئۆزلىكىدىن كەلگەن خادىملاردىن 6066 نەپەر كىشىنى قوبۇل قىلدى. بۇنىڭ كۆپ قىسمى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلدى.
دېكابىردا شۇ يىل ئاپتونوم رايوندىكى هەر قايسى سىستېمىلاردىن ئارقا ـ ئارقىدىن ئىخچاملىنىپ خوتەنگە كەلگەن ئىشچى ـ خىزمەتچى جەمئىي 1381 نەپەر. ۋىلايەتتىن ئىخچاملىنىپ تۆۋەنگە چۈشۈرۈلگەن خادىملار 1935 نەپەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ناهىيىلەرنىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېهقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانلىرىغا، ئاز قىسمى شەهەر ـ بازارلاردىكى ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

## 1962 ـ يىل

23 ـ يانۋار ۋىلايەتلىك تۇنجى قېتىملىق يېنىك سانائەت، قول سانائەت يىغىنى خىزمىتى ئېچىلدى، 26 ـ يانۋار ئاخىرلاشتى. يىغىندا مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوندا چاقىرىلغان يېنىك سانائەت، قول سانائەت خىزمىتى يىغىنىنىڭ روهى يەتكۈزۈلدى.
26 ـ مارت «قوشۇنلارنى خىل، مەمۇرىي ئورۇنلارنى ئىخچام قىلىش، مەهسۇلاتنى ئاشۇرۇپ، ئىقتىساد قىلىش رەهبەرلىك گۇرۇپپىسى» قۇرۇلۇپ، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ قوشۇنلارنى خىل، مەمۇرىي ئورۇنلارنى ئىخچام قىلىش، مەهسۇلاتنى ئاشۇرۇپ، ئىقتىساد قىلىش هەرىكىتى باشلاندى.
ئىيۇندا خوتەن يىپەكچىلىك كارخانىسى بىلەن خوتەن يىپەك توقۇمىچىلىق كارخانىسى بىرلەشتۈرۈلۈپ، خوتەن يىپەك توقۇمىچىلىق فابرىكىسى قۇرۇلدى.
دېكابىر ۋىلايەتلىك پاختا ـ چىگە شىركىتى قۇرۇلدى.

ئىنقىلابىي ناخشا ئوقۇش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى. شۇ كۈنى ۋىلايەتلىك تۇنجى قېتىملىق ئىشتىن سىرتقى رەسىم كۆرگەزمىسى خوتەن مەدەنىيەت سارىيىدا ئۆتكۈزۈلدى. گوخۇا، ماي بوياق، سۇ بوياق، سومىياۋ، تېز سىزما، ياغاچ ئويما، قەغەز قىيما، قىستۇرما رەسىم قاتارلىق ئەسەردىن 242 پارچىسى كۆرگەزمىگە قويۇلدى.

23 - ماي خوتەن شەھەر قۇرۇلۇشىنى بىر تۇتاش پىلان بويىچە ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، خوتەن شەھىرىنى پىلانلاش كومىتېتى قۇرۇلدى.

6 - ئىيۇن شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرى لىن فېڭ، لياڭ مىڭدا «چۆل - جەزىرىدىكى سۇنئىي دەريا» دېگەن سەرلەۋھىدە ماقالە يېزىپ، گۇما خەلقىنىڭ تاغ - دەريالارنى ئۆزگەرتىشتىكى ئىش ئىزلىرىنى خەۋەر قىلدى. گۇما خەلقى يەتتە يىل جاپالىق ئىگىلىك يارىتىش ئارقىلىق يۇقىرى ئېقىندىكى كوئېنلۇن تېغىدا زور مىقداردىكى قار، سۇ بايلىقلىرىنى ئاچتى. تۆۋەن ئېقىندا 26 غول تاش ئۆستەڭ، 5000 دىن ئارتۇق چوڭ - كىچىك تارماق ئۆستەڭ ئالدى. بۇنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 1800 كىلومېتىردىن ئاشىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئاپتونوم رايون بويىچە تاغ - دەريالارنى ئۆزگەرتىش، يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش جەھەتتە بىر قىزىل بايراققا ئايلاندى. «خەلق گېزىتى» بۇ مۇناسىۋەت بىلەن «جانلىق، تېتىك گۇما خەلقى» دېگەن تېمىدا ئوبزور ئېلان قىلدى.

11 - ئىيۇن كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى 9 - قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى قاراقاشلىق ئەمگەك نەمۇنىچىسى نۇرخان 24 كېچە - كۈندۈز ۋاقىت سەرپ قىلىپ تىككەن چىمەن دوپپىنى خەلق سارىيىنىڭ جياڭسۇ زالىدا ماۋجۇشىغا تەقدىم قىلدى.

25 - ئاۋغۇست ۋىلايەتلىك يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش قوماندانلىق شتابى قۇرۇلدى. قەشقەر ۋىلايىتىدە جىددىي يۇقۇملۇق ئاشقازان ئۈچەي كېسەللىكى تارقىلىپ، خوتەنگە تەھدىت سالدى. يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش قوماندانلىق شتابى پۈتۈن ۋىلايەتنىڭ يۇقۇملۇق كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىگە بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتىنى قانات يايدۇردى.

19 - سېنتەبىر خوتەن ناھىيە يالقۇن كوممۇناسىنىڭ شورباغ غول ئۆستىڭى پۈتتى. دۆلەت مەبلەغ سېلىش ئارقىلىق ياسالغان ۋىلايەت بويىچە تۇنجى چىداملىق بۇ ئۆستەڭ قۇرۇلۇشى ئالدىنقى يىلى

ئەسكەرلىرى ۋەكىللىرى يىغىنى شۆبە ھەربىي رايوندا ئېچىلدى. جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ جىڭۋېيسى داشياۋ ماخۇڭسەن، ۋىلايەتلىك پارتكوم شۇجىسى چىڭ شۆمىڭ، شۆبە ھەربىي رايون قوماندانى شاڭشياۋ ۋۇشىجى قاتارلىقلار ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

## 1964 ـ يىل

4 ـ فېۋرال ۋىلايەتلىك «ئالتىدە ياخشى» ۋەكىللەر يىغىنى ئون كۈن داۋام قىلىپ ئاياغلاشتى. يىغىنغا 570 نەپەر ۋەكىل قاتناشتى. يىغىندا گۇما، قاراقاش ناھىيىسىدىن ئىبارەت «ئالتىدە ياخشى ناھىيە» قاتارلىق ئىلغار ئورۇنلار سايلاپ چىقىلدى.

15 ـ فېۋرال خوتەن ۋىلايەتلىك ئورگان دېھقانچىلىق مەيدانى، ۋىلايەتلىك ئەلا سورتلۇق ئۇرۇقچىلىق مەيدانىغا ئۆزگەرتىلدى. تۇنجى بولۇپ خوتەن ناھىيىسى ئۈچۈن ئەلا سورتلۇق زىرائەت ئۇرۇقلۇقى يەتكۈزۈپ بەردى.

شۇ كۈنى يېزا سوتسىيالىستىك تەلىم ـ تەربىيە ھەرىكىتىگە ماسلىشىش ئۈچۈن ئاپتونوم رايون، خوتەن ۋىلايىتى ۋە خوتەن ناھىيىسىنىڭ مەدەنىيەت خىزمەت گۇرۇپپىسى بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان سوتسىيالىستىك تەربىيە چاتما رەسىم كۆرگەزمىسى خوتەن مەدەنىيەت سارىيىدا ئۆتكۈزۈلدى. كۆرگەزمە ئاي ئاخىرىدا تاماملىنىپ، ناھىيىلەردە ئۆتكۈزۈلۈشكە باشلىدى.

فېۋرال ئاپتونوم رايوندا چاقىرىلغان 1 ـ نۆۋەتلىك پارتىيە قۇرۇلتىيىنىڭ 3 ـ سانلىق يىغىنىدا خوتەن ۋىلايىتى ئاپتونوم رايون بويىچە ئىلغار ۋىلايەت؛ گۇما، قاراقاش ناھىيىسى ئىلغار ناھىيە بولۇپ باھالاندى.

8 ـ ئاپرېل ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ بىرىنچى شۇجىسى ۋاڭ ئېنماۋ خوتەنگە كېلىپ قاراقاش، كېرىيە، چىرا، لوپ ناھىيىلىرىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش، كۆچەت تىكىپ ئورمان بىنا قىلىش، خەلق كوممۇنىسى پىلانى ۋە خەلق تۇرمۇشى قاتارلىق ئەھۋاللارنى تەكشۈردى.

1 ـ ماي ۋىلايەت تارىخىدا كۆلىمى ئەڭ چوڭ، دائىرىسى ئەڭ كەڭ، قاتناشقان ئادەم سانى ئەڭ كۆپ بولغان مىڭ كىشىلىك

ناھىيىسىنىڭ «قىزىل نۇر»، «سۇنئىي ھەمراھ» كوممۇنالىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى.

1 - ئىيۇن چۈش ۋاقتى تەكلىپكە بىنائەن پاكىستانغا زىيارەتكە ماڭغان جۇ ئېنلەي زۇڭلى سىرتقا چىقىش سەپىرىدە خوتەنگە كەلدى. بىرگە ھەمراھ بولۇپ كەلگەنلەردىن دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى جاڭ خەنفۇ، گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى لوچىڭچاڭ، دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكى ئافرىقا مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى كې خۇا قاتارلىقلار بار. جۇ ئېنلەي زۇڭلى ۋىلايەتلىك پارتكوم ئىشخانىسىدىكى كادىرلارنى يوقلىدى. ئاخشىمى ۋىلايەتلىك پارتكوم زالىدا كادىرلار ۋە ئاممىغا ۋەزىيەت دوكلاتى بەردى. 2 - ئىيۇن تاڭ سەھەردە خوتەندىن ئايرىلىپ زىيارەتكە ماڭدى.

18 - ئىيۇن چۈش ۋاقتى. جۇ ئېنلەي زۇڭلى ئەرەب بىرلەشمىسى (مىسىر) گە زىيارەتكە چىقىش سەپىرىدە خوتەندە توختاپ ئۆتتى. بىرگە ھەمراھ بولۇپ زىيارەتكە ماڭغانلاردىن گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى، دىپلوماتىيە مىنىستىرى چېن يى، گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى لو چاڭچىڭ، دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكى ئافرىقا مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى كې خۇا بار. 19 - ئىيۇن تاڭ سەھەردە زىيارەتكە يۈرۈپ كەتتى.

ئىيۇننىڭ ئاخىرلىرىدا لوپ ناھىيىسىنىڭ سوتسىيالىستىك تەلىم- تەربىيە ھەرىكىتى ئومۇميۈزلۈك تاماملاندى. خوتەن ناھىيىسى (ۋىلايەتلىك ئورگانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) نىڭ شەھەر - يېزىلىرىدىكى سوتسىيالىستىك تەلىم - تەربىيە ھەرىكىتى باشلاندى.

1 - ئىيۇل زۇڭلى جۇ ئېنلەي، مۇئاۋىن زۇڭلى چېن يى ئەرەب بىرلەشمىسىگە قىلغان زىيارىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، دۆلىتىمىزگە قايتىشىدا ئەتىگەن سائەت توققۇزدا خوتەنگە يېتىپ كەلدى. چۈشتىن كېيىن خوتەن يىپەك توقۇمىچىلىق فابرىكىسى، خوتەن ناھىيە يالقۇن كوممۇنا شورباغ باشقۇرۇش رايوننىڭ 2 - چوڭ ئەترىتىنى كۆزدىن كەچۈردى. ئاخشىمى خوتەن سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ئويۇننى كۆردى. خوتەندىن ئايرىلىش ھارپىسىدا جۇ ئېنلەي زۇڭلى چەت ئەللىك دوستلار تەقدىم قىلغان بادام ئۇرۇقىدىن بىر كىلو ئۇرۇقنى قالدۇرۇپ، ۋىلايەتلىك پارتكوم شۇجىسى خۇاڭ چىڭنىڭ بۇ ئۇرۇقنى شورباغ خەلقىگە يەتكۈزۈپ بېرىشىنى تاپىلىدى. 2 - ئىيۇل تاڭ سەھەر 7 دىن 40 مىنۇت ئۆتكەندە خوتەندىن ئايرىلىپ قەشقەرگە يۈرۈپ كەتتى.

ئاپرېلنىڭ بېشىدا باشلانغان بولۇپ، ئومۇمىي ئۆزۈنلۈقى 3330 مېتىر، لايىھەدىكى ئېقىن مىقدارى 3S—3/ سېكونت كۇب مېتىر.

14 - نويابىر شىنجاڭ ھەربىي رايونى سىياسىي بۆلۈمىنىڭ پىڭجۇي تىياتىر ئۆمىكى خوتەنگە كېلىپ، خوتەندە تۇرۇشلۇق قىسىملارغا بېرىپ ھال سوراش ئويۇنى قويدى.

## 1965 - يىل

6 - يانۋار يېرىم تېرىقچىلىق قىلىپ (يېرىم ئىشلەپ)، يېرىم ئوقۇش مائارىپى بويىچە نەق مەيدان يىغىنى چاقىرىلدى. نەق مەيدان يىغىنىدا خوتەن ناھىيە سەكرەپ ئىلگىرىلەش كوممۇناسىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئوتتۇرا مەكتىپى، پىڭجاڭ كوممۇنا 3 - چوڭ ئەترەتنىڭ ئىشتىن سىرتقى مەكتىپى ھەمدە لوپ ناھىيە تومۇر ئېقىم كوممۇناسىنىڭ ئىككىنچى باشقۇرۇش رايونى تېرىش - ئوقۇش باشلانغۇچ مەكتىپى ئېكسكۇرسىيە قىلىندى.

19 - يانۋار ۋىلايەتلىك پارتكوم، ۋالىي مەھكىمە ئۇيغۇر يېڭى يېزىقىنى يولغا قويۇش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇشنى چاقىرىق قىلدى.

30 - يانۋار ۋىلايەتتىكى ۋاقىتلىق ئاپپاراتلارنى ئېنىقلاش، تەرتىپكە سېلىش ئېلىپ بېرىلدى. ۋاقتى ئۆتكەن ھەمدە رولى بولمىغان ئاپپاراتلار ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. «ۋىلايەتلىك مال باھاسىنى تەڭشەش كومىتېتى»، «ۋىلايەتلىك نوپۇس تەكشۈرۈش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى» ھەمدە ئىشخانىسى قاتارلىق 15 ئاپپارات ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. «ۋىلايەتلىك پاراۋانلىق كومىتېتى»، «ۋىلايەتلىك كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش قوماندانلىق شتابى» قاتارلىق 12 ئاپپارات ساقلاپ قېلىندى.

22 - فېۋرال لوپ لىبىرا دوختۇرخانىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى لوپ ساناتورىيىسىگە ئۆزگەرتىلدى.

مايدا ئاپتونوم رايونلۇق دېھقانچىلىق نازارىتى، سۇ ئىشلىرى نازارىتى گۇما ناھىيىسىدە خەلق كوممۇنىسىنى پىلانلاش قۇرۇلۇشى بويىچە جەنۇبىي شىنجاڭ بىرلەشمە نەق مەيدان يىغىنى چاقىردى. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ۋىلايەت، ئوبلاستلاردىن 28 ناھىيىنىڭ ئالاقىدار ۋەكىللىرى يىغىنغا قاتناشتى. يىغىن مەزگىلىدە ۋەكىللەر گۇما

ئۆمىكى، ئۆمەك باشلىقى — ج ك پ غەربىي جەنۇب بيۇروسى بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى چىڭ زىجيەن، مۇئاۋىن ئۆمەك باشلىقى — يۈننەن ئۆلكىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ليۇ لىنيۈەن، شىزاڭ ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى پابالا گېلىلنامجىنىڭ باشچىلىقىدا مەخسۇس ئايروپىلان بىلەن خوتەنگە كەلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم شۇجىچۇسىنىڭ كاندىدات شۇجىسى لۇ شۆبىڭ ھەمراھ بولۇپ بىرگە كەلدى.

9 - ئۆكتەبىر چۈشتىن بۇرۇن مۇئاۋىن زۇڭلى خې لۇڭ باشچىلىقىدىكى مەركەز ۋەكىللەر ئۆمىكى خوتەنگە يېتىپ كېلىپ، ئاپتونوم رايون قۇرۇلغانلىقىنىڭ 10 يىللىقىنى خوتەن خەلقى بىلەن بىرگە تەبرىكلىدى. مۇئاۋىن ئۆمەك باشلىقى — ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى غەربىي شىمال بيۇروسى شۇجىچۇنىڭ شۇجىسى گاۋ كېلىن؛ يېزا ئىگىلىك بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى چىڭ مەنيۈەن؛ ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ليۇچۈن؛ جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى سىياسىي بۇسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى لياڭ بىيې قاتارلىق كىشىلەر مۇشۇ ئايروپىلاندا بىرگە كەلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ بىرىنچى شۇجىسى ۋاڭ ئېنماۋ، ئاپتونوم رايون رەئىسى سەيپىدىن ئەزىزى، شىنجاڭ ھەربىي رايون مۇئاۋىن سىلىڭيۈەنى جاڭ شىچىڭ، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنىنىڭ ئىككىنچى جىڭۋېيسى جاڭ جوڭخەن قاتارلىقلار ھەمراھ بولۇپ بىرگە كەلدى.

چۈشتىن كېيىن مۇئاۋىن زۇڭلى خې لۇڭ ھەم ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ئەزالىرى ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەت پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا خوتەن يىپەك توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنى، خوتەن ناھىيە يالقۇن كوممۇنا شورباغ باشقۇرۇش رايونىنى كۆزدىن كەچۈردى. مۇئاۋىن زۇڭلى خې لۇڭ 100 ياشلىق پېشقەدەم كەمبەغەل دېھقان مەمەت مۇسا ئاخۇننى يوقلىدى ھەم ئۆزىنىڭ كۆپ يىل ئىشلەتكەن ھاسىسىنى تەقدىم قىلدى. 2 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن ۋەكىللەر ئۆمىكى مەخسۇس ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ خوتەندىن ئايرىلدى.

21 - ئۆكتەبىر دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئىشتىن سىرتقى سەنئەت كۆرىكى ئالتە كۈن داۋام قىلىپ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاخىرلاشتى. ھەر

18 ـ ئىيۇل ۋىلايەتلىك پارتكوم مەخپىيەتلىكنى قوغداش بويىچە «ئۆچنى تەكشۈرۈش» رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى چىلى شۆمىڭ گۇرۇپپا باشلىقى بولدى. ئۇنىڭ قارمىقىدا ئىشخانا تەسىس قىلىندى.

27 ـ ئىيۇل گەنسۇ ئۆلكىلىك پارتكوم سېكرېتارىياتىنىڭ سېكرېتارى ما جىكۇڭ باشچىلىقىدىكى گەنسۇ ئۆلكىلىك يېزا ئىگىلىك ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكىنىڭ بىرىنچى تۇركۇمدىكى ئەزالىرىدىن 44 كىشى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى تۆمۈر داۋامەتنىڭ ھەمراھلىقىدا خوتەنگە يېتىپ كېلىپ، ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ خوتەن، قاراقاش، گۇما قاتارلىق ناھىيىلەردە ئېكسكۇرسىيە ۋە زىيارەتتە بولدى. 2 ـ ئاۋغۇست ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇپ گۇمىدىن قەشقەرگە يۈرۈپ كەتتى.

2 ـ ئاۋغۇست گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى لى پېيفۇ باشچىلىقىدىكى گەنسۇ ئۆلكىلىك يېزا ئىگىلىك ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكىنىڭ ئىككىنچى تۇركۇمدىكى ئەزالىرى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم يېزا خىزمەت بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ۋاڭ دېمىڭنىڭ ھەمراھلىقىدا گۇمىغا يېتىپ كېلىپ، گۇما، قاراقاش، خوتەن ناھىيىلىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلغاندىن كېيىن، 7 ـ ئاۋغۇست ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ خوتەندىن يۈرۈپ كەتتى.

29 ـ، 30 ـ ئاۋغۇست جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ چېگرا رايونغا ياردەم بەرگۈچى بىرىنچى تۇركۇمدىكى زىيالىي ياشلىرى ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ خوتەنگە يېتىپ كېلىپ، خوتەن خەلقىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. 30 ـ، 31 ـ ئاۋغۇست ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا كېرىيە ناھىيىسىنىڭ يېڭىباغ دېھقانچىلىق مەيدانى ۋە لوپ ناھىيىسىنىڭ قىزىل بايراق دېھقانچىلىق مەيدانىغا يۈرۈپ كەتتى.

30 ـ ئاۋغۇست «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ مۇخبىرى يەن گۇاڭرۇڭ ماقالە يېزىپ مۇنۇلارنى خەۋەر قىلدى: «ئۆتكەنكى ئالتە يىل ئىچىدە خوتەن خەلقى نەچچە مىڭ قۇم دۆڭلىرىنى تۈزلىدى. ئالتە مىڭ نەچچە يۈز چاقىرىم ئۇزۇنلۇقتا 5000 دىن ئارتۇق ئېرىق ـ ئۆستەڭ قازدى. 700 مىڭ مودىن ئارتۇق بوز يەر ئاچتى. كوممۇنا باشقۇرغان دېھقانچىلىق مەيداندىن 42 نى قۇرۇپ، تېرىلغۇ كۆلىمىنى 35% كېڭەيتتى».

6 ـ ئۆكتەبىر ئاپتونوم رايون قۇرۇلغانلىقىنىڭ ئون يىللىقىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن كەلگەن مەركەز ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ 5 ـ شۆبە

11 ـ فېۋرال ۋىلايەت بويىچە «ئالتىدە ياخشى» لار ۋەكىللىرى، ماۋجۇشى ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىش ئاكتىپلىرى ۋەكىللىرى يىغىنى چاقىرىلدى. 990 دىن ئارتۇق ۋەكىل قاتناشتى.

10 ـ مارت مەملىكەتلىك يېزا ئىگىلىك كۆرگەزمىسىنىڭ سۇ ئىشلىرى كۆرگەزمىسى بېيجىڭدا رەسمىي ئېچىلىپ، سۇ ئىشلىرى بويىچە 43 تىپىك ئورۇننىڭ مۇۋەپپەقىيەت ۋە تەجرىبىلىرى كۆرگەزمىگە قويۇلدى. خوتەن ۋىلايىتىدىن «تاغ، دەريا، ئېتىزلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەش، تەبىئىي قىياپەتنى زور كۆلەمدە ئۆزگەرتىش» دېگەن قىسمى بار.

31 ـ مارت جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسى لىيۇ شاۋچى ھەم رەپىقىسى ۋاڭ گۇاڭمېي غەربىي پاكىستانغا قىلغان دوستانە زىيارىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ قايتىشىدا خوتەنگە كەلدى. ھەمراھ بولۇپ بىرگە زىيارەتكە بارغانلاردىن گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى، قوشۇمچە دىپلوماتىيە مىنىستىرى چېن يى ۋە رەپىقىسى جاڭ چيەن، مۇئاۋىن دىپلوماتىيە مىنىستىرى جاڭ خەنفۇ، ج خ مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ۋاڭ دوڭ شىڭ، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى فېڭ شۈەن، تاشقى ئىقتىسادىي ئالاقە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ۋاڭ داۋخەن قاتارلىقلار شۇ ئايروپىلاندا بىرگە كەلدى. ئاپتونوم رايون ۋە خوتەن، قەشقەر، قىزىلسۇنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى ئايرودرومغا چىقىپ كۈتۈۋالدى.

7 ـ ئاپرېل رەئىس لىيۇ شاۋچى ۋە مۇئاۋىن زۇڭلى چېن يى ۋىلايەتنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت كادىرلىرىنى ۋە ھەر قايسى سەپلەردىكى ئىلغارلارنى قوبۇل قىلدى. 10 ـ ئاپرېل چۈشتىن بۇرۇن مۇئاۋىن زۇڭلى چېن يى خوتەندىكى ۋىلايەت ئورگان كادىرلىرى ۋە بىر قىسىم ناھىيە، كوممۇنا كادىرلىرىغا دوكلات بەردى. 11 ـ ئاپرېل دوستانە زىيارەتتە بولۇش ئۈچۈن خوتەندىن ئايرىلىپ ئافغانىستانغا يۈرۈپ كەتتى.

30 ـ ئاپرېل يەرلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش كومىتېتى قۇرۇلدى.

شۇ كۈنى ۋىلايەت بويىچە تۇنجى قېتىملىق ياش ـ ئۆسمۈرلەر ۋاسكېتبول مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى. ۋىلايەتنىڭ ئەر ـ ئاياللار كوماندىسى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا چېمپىيون بولدى. يېڭىباغ دېھقانچىلىق مەيدان ئەرلەر كوماندىسى، يېپەك توقۇمىچىلىق

قايسى ناھىيىلەرنىڭ ئىشتىن سىرتقى سەنئەت ئۆمەكلىرىدىن 140 تىن ئارتۇق ئارتىس تۆت مەيدان دوكلات ئويۇنى كۆرسەتتى.

23 - ئۆكتەبىر مەركەز ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ بەشىنچى شۆبە ئۆمىكى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ يەتتە ناھىيىسىدە ئېلىپ بارغان كۆزدىن كەچۈرۈش، ھال سوراش پائالىيىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ خوتەندىن ئايرىلدى. شۆبە ئۆمەك خوتەندە 17 كۈن كۆزدىن كەچۈرۈش، ھال سوراش ئېلىپ باردى. خەلق كوممۇناسى، زاۋۇت، ھەربىي قىسىم ۋە مەكتەپلەرگە بېرىپ، ھەر مىللەت خەلقى بىلەن كۆرۈشتى.

29 - ئۆكتەبىر مەركەز ۋەكىللەر ئۆمىكى بەشىنچى شۆبە ئۆمىكى بىلەن بىرگە كەلگەن شەنشى ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ بىرىنچى ئەترىتى 7 - ئۆكتەبىردىن باشلاپ ناھىيىلەرگە بېرىپ 30 مەيدان ھال سوراش ئويۇنى قويدى. 10 - ئاينىڭ 29 - كۈنى گۇمىغا باردى. ئۇنىڭدىن كېيىن قەشقەر ئارقىلىق ئۈرۈمچىگە قايتتى.

دېكابىر جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ باش سىياسىي بۆلۈمى قارشى ئېلىش يىغىنى ئېچىپ، تەكلىپ بىلەن بېيجىڭغا ئويۇن قويۇشقا بارغان خوتەن ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىنى قارشى ئالدى. زۇڭتۇڭ جۇ ئېنلەي، مۇئاۋىن زۇڭتۇڭ خې لۇڭ قارشى ئېلىش يىغىنىغا قاتناشتى ھەمدە سەنئەت ئۆمىكىنىڭ بارلىق ئەزالىرىنى قوبۇل قىلدى. زۇڭتۇڭ جۇ ئېنلەي بۇ ئۆمەككە «يېڭى قاشتېشى سەنئەت ئۆمىكى» دەپ نام بەردى.

دېكابىر ۋىلايەت بويىچە تۇنجى تۇركۇمدىكى سەييارە داۋالاش ئەترىتى يېزىلارغا بېرىپ تۆت ئاي سەييارە داۋالاش ئېلىپ بېرىپ، جەمئىي 28 مىڭ 800 كىشىنى داۋالىدى.

## 1966 - يىل

14 - يانۋار ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى غەربىي شىمال بيۇروسى ئاچقان غەربىي شىمال رايونى بويىچە يېزا ئىگىلىك تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنى شىئەن شەھىرىدە يېپىلدى. غەربىي شىمال بويىچە يېزا ئىگىلىكىدىكى 40 قىزىل بايراق ئورۇن سايلاپ چىقىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە خوتەن ۋىلايىتىنىڭ گۇما ناھىيىسى، قاراقاش ناھىيىسىنىڭ 1 - ماي كوممۇناسى، خوتەن ناھىيە يالقۇن كوممۇناسىنىڭ شورباغ باشقۇرۇش رايونى بار.

سەككىز كوممۇناغا سۇ يەتكۈزگىلى بولىدۇ.
3 - دېكابىر «خۇڭچجۇەن سىفەن» ۋە «دۇڭفىڭ» ، «ياۋۋۇ» ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ قىزىل قوغدىغۇچىلىرى ۋە ئوقۇغۇچىلىرىدىن 597 كىشى بەش تارماق «ئۇزۇن سەپەر ئەترىتى» تەشكىل قىلىپ، ئوقۇشنى توختىتىپ، ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەت دائىرىسىدە پىيادە ئالاقە باغلاشنى باشلىدى.

## 1967 - يىل

3 - يانۋار كۈچار - خوتەن تاشيولىنىڭ خوتەنگە ئالاقىدار مەسىلىلەر توغرىسىدىكى يىغىنى قاراقاشتا ئېچىلدى.
31 - يانۋار «خوتەن گېزىتى ئىدارىسى» دىكى ئاممىۋى تەشكىلاتلار گېزىتخانىنىڭ هوقۇقىنى تارتىۋېلىپ، «خوتەن گېزىتى ئىدارىسى» نى ئۆتكۈزۈۋالدى.
4 - فېۋرال چاڭشۇ ناھىيىسىدىن چېگرىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن كەلگەنلەرنىڭ ئائىلە تەۋەلىرى ۋەكىللەر ئۆمىكى خوتەنگە يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن نەنجىڭ شەھەر يۈيخۇا رايونى، سۇجۇ شەھىرى، نەنجىڭ شەھەر شىشيا رايون ۋەكىللەر ئۆمىكى خوتەنگە كەلدى. 6 - مارت ۋۇشى ناھىيىسىنىڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەڭ ئاخىرىدا كەلدى. 11 - ئاپرېلغىچە ۋەكىللەر ئۆمىكى توققۇز تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ جياڭسۇغا قايتتى.
27 - فېۋرال «خوتەن ۋىلايەتلىك ئىنقىلابنى تۇتۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى» قۇرۇلدى. بۇ شۆبە ھەربىي رايون، خوتەندە تۇرۇشلۇق ھەربىي قىسىملار، ئىسيانچىلار ۋە ۋىلايەتلىك پارتكوم، ۋالىي مەھكىمە مەسئۇللىرىدىن تەشكىل قىلىنىدى. 18 - مارت بۇ گۇرۇپپا ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، «خوتەن ۋىلايەتلىك ئىنقىلابنى تۇتۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈش بىرىنچى سەپ قوماندانلىق شتابى» قۇرۇلدى. بۇنىڭغا خوتەن شۆبە ھەربىي رايون پارتكومى بىۋاسىتە رەھبەرلىك قىلدى. 24 - مارت جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ يولييورۇقى بويىچە قوماندانلىق شتابىنىڭ نامى «خوتەن شۆبە ھەربىي رايونى ئىشلەپچىقىرىش ئىشخانىسى» غا ئۆزگەرتىلدى. بۇنىڭ قارىمىقىدا كاتىبات، سىياسىي خىزمەت، دېھقانچىلىق،

فابرىكىسى ئاياللار كوماندىسى ئىككىنچى بولدى.

18 - ماي ۋىلايەتلىك «مەدەنىيەت ئىنقىلابى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى» قۇرۇلدى. ۋىلايەتلىك پارتكوم شۇجىسى خۇاڭ چىلڭ گۇرۇپپا باشلىقى بولدى. بۇنىڭ قارىمىقىدا ئىشخانا تەسىس قىلىندى.

12 - ئىيۇن «پرولېتارىيات مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى قەسەمىيات يىغىنى» ئايرىم - ئايرىم هالدا خەلق كۇلۇبى ۋە ئاممىۋى كىنوخانىدا چاقىرىلدى.

12 - ئىيۇن جۇ ئېنلەي زۇڭلى پارتىيە، هۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكىنى باشلاپ رومىنىيىگە زىيارەتكە بېرىش سەپىرىدە خوتەنگە چۈشۈپ ئۆتتى. بىرگە ماڭغانلاردىن ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كاندىدات ئەزاسى جاۋ يىملڭ قاتارلىقلار بار. ئۇلار 13 - ئىيۇن تاڭ سەھەردە خوتەندىن ئايرىلدى.

25 - ئىيۇن جۇڭخۇا خەلق جۇمهۇرىيىتى خوتەن چېگرا مۇداپىئە ،تەكشۈرۈش پونكىتى قۇرۇلدى. 28 - ئىيۇن سىرتقا رەسمىي ئېچىۋېتىلدى.

29 - ئىيۇن خوتەن ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكى بېيجىڭ، شاڭخەي قاتارلىق سەككىز شەھەرگە بېرىپ، سەككىز ئاي ئويۇن قويغاندىن كېيىن خوتەنگە قايتىپ كەلدى.

27 - ئاۋغۇست 260 نەپەر «قىزىل قوغدىغۇچى» ۋە ئۇچ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلىرى كوچىلاردا يىغىلىش قىلىپ، نۇتۇق سۆزلەپ، چولڭ خەتلىك گېزىت چاپلاپ، ئاتالمىش «تۆت كونىنى بۇزۇش» ، «تۆت يېڭىنى تىكلەش» هەرىكىتى ئېلىپ باردى. نۇرغۇن كوچا، دۇكانلارغا يېڭىدىن ئىسىم قويدى. «كاپىتالىزم، فېئودالىزم ۋە شىۋجىيۇىنىڭ قالدۇقلىرى»نى پاچاقلىدى.

25 - سېنتەبىر ۋىلايەت بويىچە 8 - ئاۋغۇستتىن هازىرغىچە يەتتە ناهىيىدە ئورگان دېهقانچىلىق مەيدانى قۇرۇلدى. ناهىيىلەرنىڭ كادىر، ئىشچى - خىزمەتچىلىرى پارتىيە، هۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ باشلامچىلىقىدا خىزمىتىدىن ئايرىلىپ، چۆل - جەزىرىلەرگە بېرىپ ئەمگەك قىلىشقا كىرىشتى.

1 - ئۆكتەبىر ۋىلايەت بويىچە كۆلىمى ئەڭ زور بولغان سۇ قۇرۇلۇشى — لوپ يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى سۇ توگۈنى قۇرۇلۇشى پۈتۈپ سۇ باشلاندى. ئىككى بېتون قۇرۇلمىلىق زاكۇ، 9.7 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا غول تاش ئۆستەڭ ياسالدى. بۇنىڭدىن 135 كۇب سۇ ئۆتكۈزۈپ، ئىككى غول ئۆستەڭ ئارقىلىق

«كەڭچىلىك قىلىش، قاتتىق بولۇش» يىغىنىدا نورىيوف بىلەن ئابلىز مۇھەممەدى قولغا ئېلىنىدى) ھەمدە ھەر قايسى ئىدارىلارغا 106 كىشىنىڭ ئىسمىلىكى يەتكۈزۈپ بېرىلىپ، «نورىيوف ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلىش گۇرۇھى» دېگەن بۇ خاتا دېلو پەيدا قىلىندى.

## 1969 - يىل

12 - ئاپرېل خوتەن ۋىلايەتلىك ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلدى. پارتىيە، ھۆكۈمەت ھوقۇقى ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ قارىمىقىدا بولدى. بۇنىڭ قارىمىقىدا سىياسىي خىزمەت، ئىش بېجىرىش، خەلق قوغداش، ئىشلەپچىقىرىشقا قوماندانلىق قىلىش قاتارلىق تۆت چوڭ گۇرۇپپا قۇرۇلدى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئۇرۇش تەييارلىقى ئىشخانىسى ۋە تاغ - يېزىلارغا بارغان زىيالىي ياشلار خىزمىتى ئىشخانىسى قۇرۇلدى.

مايدا خوتەن پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنى قۇرۇش تەييارلىقى باشلاندى. شائخەي توقۇمىچىلىق لايىھەلەش ئورنى خوتەنگە كېلىپ نەق مەيداندا لايىھىلىدى. 30000 ئۇرچۇق، 1000 توقۇش ماشىنىسى، يىللىق مەھسۇلاتى 4 مىليون 500 مىڭ مېتىر پاختا رەخت كۆلىمىدە قىلىپ، تولۇق ئىقتىدارلىق لايىھەلەندى.

10 - ئۆكتەبىر خوتەن ۋىلايىتىدىن تۇنجى تۈركۈمدە 800 نەپەر زىيالىي ياش كەمبەغەل دېھقانلارنىڭ قايتا تەربىيىسىنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن يېزىلارغا يۈرۈپ كەتتى.

دېكابىردا بۇيا كان رايونى تەييارلىق باشقارمىسى قۇرۇلدى.

## 1970 - يىل

15 - يانۋار نىيە خەلقى بەش يىل جاپالىق كۈرەش قىلىپ، بەش كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا تونىل قېزىپ، ئۇزۇنلۇقى 16 كىلومېتىر كېلىدىغان سۇ باشلاش ئۆستىڭىنى پۈتكۈزدى.

28 - فېۋرال ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، سانائەت-قاتناش خىزمەت يىغىنى چاقىرىلىپ، ئاپتونوم رايونلۇق «يېزا ئىگىلىكىدە داجەيدىن ئۆگىنىش» تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى.

1 - مارت خوتەن ۋىلايەتلىك ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى

چارۋىچىلىق، مالىيە - سودا، مەدەنىيەت - مائارىپ، سەھىيە - يۇقۇملۇق كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش قاتارلىق گۇرۇپپىلار قۇرۇلدى. ناھىيىلەردىمۇ «ناھىيىلىك قوراللىق بۆلۈم ئىشلەپچىقىرىش ئىشخانىسى» ئارقا - ئارقىدىن قۇرۇلدى.

11 - مارت مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ يولىيورۇقىغا ئاساسەن، خوتەن شۆبە ھەربىي رايونى «خوتەن گېزىتى ئىدارىسى»، خوتەن ناھىيىلىك سىملىق رادىئو ئۆزېلى، ۋالىي مەھكىمە، ج خ باشقارمىسى، خوتەن ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى، خوتەن ترانسپورت شىركىتى، خوتەن پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسىگە ھەربىي ئىدارە قىلىش يۈرگۈزدى.

15 - مارت خوتەن سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلۇشىدا رەسمىي ئىش باشلاندى.

ئىيۇلدا يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى، ئاپتونوم رايونلۇق چارۋىچىلىق نازارىتى ئارقىلىق 1966 - يىلى نويابىردىن 1967 - يىلى ئىيۇلغىچە ئىككى قېتىمدا خوتەنگە ئاۋستىرالىيىدىن 360 تۇياق لەستىر يېرىم ئىنچىكە يۇڭلۇق قويى كەلتۈرۈپ بەردى. بۇنىڭ ھەممىسى كېرىيە ناھىيىلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى قويچىلىق فېرمىسىدا بېقىلدى.

25 - نويابىر خوتەن ۋىلايەتلىك «نۇڭسۇخۇي» قۇرۇلدى.

30 - نويابىر خوتەن ۋىلايەتلىك «گۇڭسۇخۇي» ۋە «خۇڭسۇخۇي» قۇرۇلدى.

## 1968 - يىل

26 - مارت شۆبە ھەربىي رايون ئىشلەپچىقىرىش ئىشخانىسى قارىمىقىدا داجەيدىن ئۆگىنىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى.

8 - ئاپرېل گوما ناھىيە سەكرەپ ئىلگىرىلەش كوممۇنىسىدا شۆبە ھەربىي رايوننىڭ تەستىقلىشى بىلەن ۋىلايەت بويىچە تۇنجى «ئىنقىلابىي كومىتېت» قۇرۇلدى.

دېكابىرنىڭ بېشىدا مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسى نۇرىيوف (خوتەننىڭ سابىق ۋالىيسى)، ئەبەيدۇللا (ۋىلايەتلىك پارتكوم بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ سابىق باشلىقى)، ئابدۇغېنى (ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ سابىق مۇئاۋىن باشلىقى) قاتارلىقلارنى تۇتۇپ «ئېنىقلاش» ئېلىپ باردى. (1970 - يىل 9 - ئاپرېلدىكى

قوبۇل قىلدى.

18 - ئاۋغۇست نىيە ناھىيىسىنىڭ «18 - ئاۋغۇست» سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىنىڭ بىرىنچى قارارلىق قۇرۇلۇشى پۈتۈپ سۇ باشلاندى. بۇ قۇرۇلۇشتا ئېگىزلىكى ۋە كەڭلىكى 2.5 مېتىر، ئۇزۇنلۇقى ئون نەچچە چاقىرىم كېلىدىغان سۇ ئۆتكۈزۈش تونىلى، تەگ كەڭلىكى 1.5 مېتىر، ئۈستى كەڭلىكى 5.9 مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 60 نەچچە چاقىرىم كېلىدىغان تاش ئۆستەڭ قېزىلدى.

21 - ئاۋغۇست خوتەن ۋىلايەتلىك «7 - ماي» كادىرلار مەكتىپى كېرىيە ناھىيىسىنىڭ يېڭىباغ دېھقانچىلىق مەيدانىدا قۇرۇلۇش يىغىنى ئۆتكۈزدى.

## 1972 - يىل

23 - ماي ماۋجۇشىنىڭ «يەنئەن ئەدەبىيات - سەنئەت سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتقى» ئېلان قىلىنغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن، خوتەن ۋىلايەتلىك گۈزەل سەنئەت، فوتو سۈرەت كۆرگەزمىسى خوتەن مەدەنىيەت سارىيىدا ئۆتكۈزۈلدى. گۈزەل سەنئەت ئەسەرلىرىدىن 80 پارچە، فوتو سۈرەت ئەسەرلىرىدىن 160 نەچچە پارچە ئەسەر كۆرگەزمىگە قويۇلدى.

ئىيۇلنىڭ ئوتتۇرىلىرى لوپ ناھىيىسىنىڭ تۆمۈر ئېقىم كوممۇناسىدا ئادەملەر ئارىسىدا چۇما كېسىلى تارقالدى. 9 - سېنتەبىرگىچە كېسەللىك يەتتە ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترىتىگە تارالدى. ۋىلايەتتە بىرىنچى نومۇرلۇق كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش-داۋالاش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ۋە ئىش بېجىرىش ئاپپاراتى قۇرۇلدى. مەركىزىي سەھىيە مىنىستىرلىكى ئۆز ۋاقتىدا ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش خادىملىرىنى تەشكىل قىلدى. ئارقىدىنلا ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى شىمالىي رايونلار بويىچە يەرلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى؛ جۇڭگو تېببىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش تەتقىقات ئورنى؛ گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ «201» ئورنى؛ چىڭخەي ئۆلكىلىك يەرلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش ئورنىنىڭ مۇتەخەسسىسلىرىدىن 29 كىشى خوتەنگە كېلىپ، ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلدى ۋە قاتناشتى. شىنجاڭ

كومىتېتى قۇرۇلدى.
مارتتا خوتەن پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنىڭ قۇرۇلۇشىدا رەسمىي ئىش باشلاندى.
20 - ماي ۋىلايەت بويىچە تۇنجى تۇركۇمدىكى «ئىشچىلار، ئازادلىق ئارمىيە ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى تەشۋىقات ئەترىتى» دىكى 56 كىشى ئۈچ شۆبە ئەترەتكە بۆلۈنۈپ، ۋىلايەت دەرىجىلىك مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە ئورۇنلىرىغا بېرىپ كۆرەش قىلىش، تەنقىد قىلىش، ئۆزگەرتىشكە «رەھبەرلىك» قىلدى.
24 - نويابىر كامبودژا دۆلەت باشلىقى، كامبودژا مىللىي بىرلىكسەپ فرونتىنىڭ رەئىسى شاھزادە نورودوم سىخانوك ۋە رەپىقىسى ئاپتونوم رايوننىڭ رەھبەرلىرىدىن لوڭ شۇجىن، سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئېكسكۇرسىيە ئۈچۈن خوتەنگە كەلدى.
12 - دېكابىر ۋىلايەتلىك تۇنجى قېتىملىق «ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى جانلىق ئۆگىنىپ، جانلىق ئىشلىتىش ئاكتىپلىرى ۋەكىللىرى يىغىنى» چاقىرىلدى.

## 1971 - يىل

8 - يانۋار ۋىلايەتتە ئۇيغۇر يېڭى يېزىقىنى يولغا قويۇش ۋە مائارىپ ئىنقىلابى سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. يىغىندا ئۇيغۇر يېڭى يېزىقىنى يولغا قويۇش خىزمەت پىلانى ئوتتۇرىغا قويۇلدى.
11 - يانۋار شەنشى ئۆلكە شىياڭ ناھىيە داجەي دادۇي ۋەكىللەر ئۆمىكى تۆمۈر داۋامەتنىڭ ھەمراھلىقىدا خوتەنگە كەلدى.
1 - ئىيۇن ۋىلايەتلىك ياش - ئۆسمۈرلەر ئۇنىۋېرسال تەنتەربىيە مۇسابىقىسى باشلاندى. بۇنىڭ ئىچىدە توپ تۈرلىرى ۋاسكېتبول، ۋالېبول، تىكتاك توپ، كىچىك پۇتبولدىن ئىبارەت. يېنىك ئاتلېتىكا تۈرلىرى 60 مېتىر، 100 مېتىر، 400 مېتىر، 800 مېتىرغا يۈگۈرۈش، 80 مېتىر، 200 مېتىرغا توساق ئاتلاپ يۈگۈرۈش، ئېگىزگە سەكرەشتىن ئىبارەت.
8 - ئىيۇندىن 11 - ئىيۇنغىچە ج ك پ خوتەن ۋىلايەتلىك 2- قۇرۇلتىيى چاقىرىلدى. ج ك پ خوتەن ۋىلايەتلىك 2 - نۆۋەتلىك كومىتېتى سايلام ئارقىلىق بارلىققا كەلدى.
15 - ئاۋغۇست شىنجاڭ ھەربىي رايون جىڭۋېيسى ساۋ سىمىڭ خوتەنگە كەلدى ھەمدە ۋىلايەتتىكى ئارمىيە، ھۆكۈمەت كادىرلىرىنى

…سىم كومموۇنا، ئەترەت رەھبەرلىرى ھەممە ۋىلايەت، ناھىيىلەردىكى …الافىدار ئورۇن رەھبەرلىرىنى قاتناشتۇرغان ھالدا كىرىشتۇرۇپ …ىرىش تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى چاقىردى.
ئاۋغۇستتا يەرلىكتە ئىشلىگەن ئارمىيە كادىرلىرى ئىلگىرى - …اخىر بولۇپ قىسىمغا قايتتى.
20 - ئۆكتەبىر ۋىلايەتلىك پارتكوم دائىمىي ھەيئەتلەر …بىگەيتىلگەن يىغىنى چاقىرىپ، «10 - قۇرۇلتاي» روھىنى …ىزچىللاشتۇردى. خوتەندە خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈۋاتقان …اپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن سەيپىدىن ئەزىزى، لورۇڭ قاتارلىقلار …يىغىنغا قاتناشتى.
19 - نويابىر خوتەن ۋىلايەتلىك 2 - نۆۋەتلىك ئاياللار قۇرۇلتىيى …چاقىرىلىپ، خوتەن ۋىلايەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ 2 - نۆۋەتلىك …كومىتېتى بارلىققا كەلتۈرۈلدى.

## 1974 - يىل

27 - ئىيۇل «1974 - يىللىق ئاپتونوم رايونلۇق ياشلار ۋاسكېتبول مۇسابىقىسى» خوتەن مۇسابىقە رايونىنىڭ مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى. ئاقسۇ، قەشقەر ۋىلايىتى، قىزىلسۇ ئوبلاستى ۋە خوتەن ۋىلايىتىنىڭ كوماندىلىرى مۇسابىقىگە قاتناشتى. قەشقەر ئەرلەر ۋە ئاياللار كوماندىسى ئايرىم - ئايرىم ھالدا بىرىنچى بولدى.
8 - سېنتەبىر خوتەن ۋىلايەتلىك 2 - نۆۋەتلىك خەلق ئەسكەرلىرى قۇرۇلتىيى ئۆتكۈزۈلدى.
21 - ئۆكتەبىر خوتەن ۋىلايەتلىك تۇنجى قېتىملىق كەمبەغەل، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقان - چارۋىچىلار قۇرۇلتىيى ئۆتكۈزۈلدى.
ئۆكتەبىردە ۋىلايەتلىك يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش ئورنى، ۋىلايەتلىك سەھىيە يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتىغا ئۆزگەرتىلدى.
دېكابىردا ۋىلايەتلىك ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ تۆت چوڭ گۇرۇپپىسى (سىياسىي خىزمەت، ئىش بېجىرىش، خەلق قوغداش، ئىشلەپچىقىرىش قوماندانلىق گۇرۇپپىسى) ئارقا - ئارقىدىن ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەت تارماقلىرى تەدرىجىي ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈشكە باشلىدى.
دېكابىردا ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى، تەشۋىقات

ھەربىي رايونى، جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايون قىسىم دوختۇرخانىسى؛ بىگتۇەن يېزا ئىگىلىك بىرىنچى، ئۈچىنچى دېۋىزىيە ھەربىي رايون تەكشۈرۈش ئورنى ھەمدە باشقا ۋىلايەت، ئوبلاستلارنىڭ تېببىي خادىملىرى كېلىپ ياردەم بەردى.

2 - ئاۋغۇست ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ئىدارىسى بىلەن سودا ئىدارىسى مال دوختۇرلۇقى بويىچە يېڭى ئۇسۇلدا داۋالاش ئۆگىنىش كۇرسى ئاچتى.

16 - ئاۋغۇست ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ «نۇرىيوف ۋەتەنگە ئاسىيلىق گۇرۇھى دېلوسىنى ئۇزۇل-كېسىل ئاقلاش، ئەسلىگە كەلتۈرۈش توغرىسىدىكى دوكلاتى»نى تەستىقلىدى. ئۇۋال قىلىنغان كىشىلەر ئۇزۇل - كېسىل ئاقلىنىپ، نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

نويابىردا قۇرۇلۇش بانكىسى خەلق بانكىسىدىن ئايرىلىپ چىقتى، قۇرۇلۇش بانكىسى خوتەن مەركىزىي تارماق بانكىسى ئەسلىگە كەلدى.

## 1973 - يىل

19 - يانۋار ۋىلايەتلىك پارتكوم، شۆبە ھەربىي رايون پارتكوم دائىمىي ھەيئەتلەر كېڭەيتىلگەن يىغىنى چاقىردى. ئاساسىي روھى «لىن بياۋنى پىپەن قىلىش، ئىستىل تۈزىتىش» توغرىسىدىكى يولىيورۇقنى ئىزچىللاشتۇرۇپ ئىجرا قىلىشتىن ئىبارەت بولدى.

3 - مارت «شىنجاڭ گېزىتى» ئاپتونوم رايون بويىچە «يېزا ئىگىلىكتە داجەيدىن ئۆگىنىش» تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنىدا كۆرسىتىلگەن ئىلغار ئورۇنلارنى ئېلان قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە خوتەن ۋىلايىتىدىن 54 ئورۇن بار.

9 - مارت ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋىلايەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلاردىن ئاجراتقان يېزا ئىگىلىككە ياردەم بېرىش ئەترىتىگە قاتنىشىدىغان 200 نەپەر كادىر بىر يەرگە يىغىلىپ ئۆگىنىش قىلىشقا باشلىدى. ئۆگىنىش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ھەر قايسى ناھىيەلەرنىڭ يېزىلىرىغا بېرىپ «شيۇجېڭجۇيىنى پىپەن قىلىش، ئىستىل تۈزىتىش» يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش خىزمىتىنى تۇتۇشقا ماڭدى.

ئاپرېلدا ۋىلايەتلىك پارتكوم خوتەن ناھىيىسىنىڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش كوممۇناسىدا خوتەن، قاراقاش، لوپ ناھىيىلىرىنىڭ بىر

ومۇناسىنىڭ 5 ـ چولڭ ئەترىتىدە ئېكسكۇرسىيە ۋە زىيارەتتە بولدى.
3 ـ نويابىر خوتەن ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق بوزيەر گۈزلەشتۈرۈش
ىدارىسى قۇرۇلدى.
نويابىردا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ شۇجىسى، ئىنقىلابىي
ومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئىسمايىل ئەمەت خوتەنگە كېلىپ
ىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى.
3 ـ دېكابىر ۋىلايەتلىك تەمىنات ـ سودا كوپىراتىپى قۇرۇلدى.
ەسلىدە سودا ئىدارىسىگە قاراشلىق بولغان مال سېتىۋېلىش ـ
ەمىنلەش پونكىتى، پاختا چىگە شىركىتى ۋىلايەتلىك تەمىنات ـ سودا
ۇپىراتىپىنىڭ رەھبەرلىك قىلىشىغا ئايرىپ بېرىلدى.

## 1976 ـ يىل

9 ـ فېۋرال 22 نەپەر ئىشچى ۋەكىلىدىن تەشكىل قىلىنغان يەتتە
ئىشچىلار تەشۋىقات ئەترىتى «ياۋۋۇ» ئوتتۇرا مەكتەپ، «دۇڭفېڭ»
ئوتتۇرا مەكتەپ، «خوڭجۇەن سىفەن»، ۋىلايەتلىك 3 ـ ئوتتۇرا
مەكتەپ، تېببىي مەكتەپ قاتارلىق ئورۇنلارغا ئورۇنلاشتى.
23 ـ فېۋرال خوتەن ۋىلايىتى بويىچە تۇنجى ئاتالمىش «21 ـ
ئىيۇل» ئىشچىلار ئىشتىن سىرتقى داشۆسى خوتەن يىپەك
وقۇمىچىلىق فابرىكىسىدا قۇرۇلدى.
22 ـ مارت خوتەن ۋىلايىتى بويىچە تۇنجى «دېھقانلار ئىشتىن
سىرتقى داشۆسى» خوتەن ناھىيىسىنىڭ يۇقىرى ئېقىم كوممۇناسىدا
ۇرۇلدى، ئۈچ خىل دەرس تەسىس قىلىندى، «سىياسەت» دەرسى
وقۇتقۇچىلىقىنى كوممۇنا پارتكومىنىڭ شۇجىسى؛ «يالاڭ ئاياغ
وختۇر» لۇق دەرسى ئوقۇتقۇچىلىقىنى كوممۇنا شىپاخانىسىنىڭ
وختۇر ـ سېستىرالىرى؛ «يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسى» دەرسىنى
وممۇنا دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىنىڭ تېخنىكلىرى ئۈستىگە
الدى.
ئاپرېلدا ئاپتونوم رايونلۇق گىلەمچىلىك كەسپىي يىغىنى خوتەندە
اقىرىلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ
الاقىدار ۋەكىللىرىدىن 170 نەچچە كىشى يىغىنغا قاتناشتى. يىغىندا
ەملىكەتلىك گىلەمچىلىك يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، تەجرىبىلەر
الماشتۇرۇلدى، 1976 ـ يىللىق پىلان ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى.
7 ـ ماي ماۋجۇشىنىڭ «7 ـ ماي» يوليورۇقى ئېلان

بۆلۈمى، بىرلىكسەپ بۆلۈمى ۋە ۋىلايەتلىك پارتكوم پارتىيە مەكتىپى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. ۋىلايەتلىك ئورگانلار «7 - ماي» كادىرلار مەكتىپى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

## 1975 - يىل

يانۋاردا خوتەن ۋىلايەتلىك مىللىي ئامبۇلاتورىيە قۇرۇلدى. 1984 - يىل 2 - ئايدا ئۇيغۇر تىبابەت دوختۇرخانىسىغا ئۆزگەرتىلدى.

5 - مارت ماۋجۇشىنىڭ «7 - ماي» يولىيورۇقىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئاتالمىش ئۈلگە چاۋيالڭ يېزا ئىگىلىك شۆيۈەنىنىڭ تەجرىبىسىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن، ۋىلايەت بويىچە يېزىدىن كېلىپ ئوقۇپ يېزىغا قايتىدىغان تۈنجى «7 - ماي داشۆسى» قاراقاش ناھىيىسىنىڭ 1 - ماي كوممۇناسىدا قۇرۇلدى.

20 - ئىيۇن خوتەن ۋىلايەتلىك خەلق ئەسكەرلىرى قوماندانلىق شتابى قۇرۇلدى.

30 - ئىيۇن ئەسلىدىكى ۋىلايەتلىك تۈرلۈكماللار ئامبىرى ئاساسىدا، ۋىلايەتلىك تۈرلۈك ماللار شىركىتى قۇرۇلدى.

ئىيۇلدا ۋىلايەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر يېزىقىدا تەرجىمە قىلىش، تەھرىرلەش، نەشر قىلىش خىزمەت يىغىنى چاقىرىلىپ، ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىدىكى تەرجىمە - نەشرىيات خىزمىتى كۈچەيتىلدى.

سېنتەبىردە نىيە ناھىيىسى «18 - ئاۋغۇست» سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىنى داۋاملىق ئىشلەش ئاساسىدا، بىر قاتار سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىنى يېڭىدىن ئىشلىدى. بۇنىڭ ئومۇمىي ئېقىن مىقدارى «18 - ئاۋغۇست» قۇرۇلۇشىنىڭ ئۈچ ھەسسىسىگە باراۋەر كېلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن نىيە ناھىيىسىنىڭ يېزا ئىگىلىكىدە سۇ ئۈزۈلۈپ قالمايدىغان ۋاقىت زور دەرىجىدە ئۆزگەرتىلدى.

7 - ئۆكتەبىر دۆلىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 26 - يىللىقىنى، ئاپتونوم رايون قۇرۇلغانلىقىنىڭ 20 يىللىقىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن، مەركەز ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئۇلەنفۇ ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ بىر قىسىم ئەزالىرىنى باشلاپ خوتەنگە يېتىپ كەلدى. خوتەندە تۇرغان مەزگىلدە ۋەكىللەر ئۆمىكى خوتەن گىلەم كارخانىسى، يىپەك توقۇمىچىلىق فابرىكىسى ۋە خوتەن ناھىيە قىزىل بايراق

ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھنىڭ پارتىيىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋېلىپ ھوقۇق تارتىۋېلىش، پارتىيىگە قارشى تۇرۇپ، ئارمىيىنى قالايمىقانلاشتۇرۇش، ئىشلەپچىقىرىشقا بۇزغۇنچىلىق قىلىش جەھەتتىكى چېكىدىن ئاشقان جىنايەتلىرىنى پاش قىلدى ۋە تەنقىد قىلدى.

20 -، 29 - ماي ماۋجۇشىنىڭ «يەنئەن ئەدەبىيات - سەنئەت سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلىگەن نۇتقى» ئېلان قىلىنغانلىقىنىڭ 35 يىللىقىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن، ۋىلايەت بويىچە كەسپىي ۋە ئىشتىن سىرتقى ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمەتچىلىرىدىن 460 كىشى ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەت كۆرىكىگە قاتناشتى. كۆرەكتە 170 تىن ئارتۇق نومۇر كۆرسىتىلدى.

11 - ئىيۇن خوتەن ۋىلايەتلىك سانائەتتە داچىڭدىن ئۆگىنىش يىغىنى چاقىرىلدى. ھەر قايسى سەپلەردىن كەلگەن 500 دىن ئارتۇق كىشى يىغىنغا قاتناشتى. يىغىن 22 - ئىيۇن ئاخىرلاشتى.

1 - ئىيۇل ۋىلايەتلىك سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ بىرىنچى قارارلىق قۇرۇلۇشى غەلىبىلىك پۈتتى. ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ 10 يىلدىن ئۇزۇن داۋاملاشقان بىرىنچى، ئىككىنچى نومۇرلۇق 3120 كىلوۋاتلىق گېنېراتور گۇرۇپپىسى ئىشقا چۈشۈپ توك بېرىشكە باشلىدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئىنقىلابىي كومىتېت تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتتى. بۇ ۋىلايەتتىكى ئەڭ چوڭ ئېلېكتر ئىستانسىسى بولۇپ، ئومۇمىي سىغىمچانلىقى 9520 كىلوۋات. توك 20 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى 35 مىڭ كىلوۋولتلۇق يۇقىرى بېسىملىق توك يولى ئارقىلىق خوتەنگە يەتكۈزۈپ بېرىلدى.

22 - ئىيۇل ۋىلايەت ۋە خوتەن ناھىيىسىدىن بولۇپ 5 مىڭدىن ئارتۇق كىشى تەنتەنىلىك يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ، پارتىيە 10 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ چاقىرىلغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلىدى. خوتەندە بولۇۋاتقان ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن تۆمۈر داۋامەت، سىدىق مەممەت، ۋاڭ جاۋرۇڭ قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

29 - ئاۋغۇستتىن 3 - سېنتەبىرگىچە خوتەن ۋىلايەتلىك تۇنجى قېتىملىق مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچىلار ۋەكىللىرى يىغىنى چاقىرىلدى. يىغىندا ئىككى نەپەر ئوقۇتقۇچى (ۋىلايەتلىك «ياۋۇز» ئوتتۇرا مەكتەپىدىن ليۇ چاڭچىڭ، چىرا ناھىيە چاقار كوممۇنا كەڭتوقاي باشلانغۇچ مەكتەپتىن تۆمۈر ئەخمەت) مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچىلارنىڭ

قىلىنغانلىقىنىڭ 10 يىللىقىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن، خوتەن ۋىلايەتلىك «7 ـ ماي» كادىرلار مەكتىپى ئوقۇش باشلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى.

10 ـ، 15 ـ ئاۋغۇست ئاپتونوم رايونلۇق ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتەپلىرىنىڭ ئۆسمۈر بالىلار ۋالىبول مۇسابىقىسىنىڭ بىرىنچى مۇسابىقە رايونى، خوتەندە مۇسابىقە ئۆتكۈزدى.

20 ـ 26 ـ ئاۋغۇست ئاپتونوم رايونلۇق ئۆسمۈرلەر ۋاسكېتبول مۇسابىقىسى، شۆبە رايون مۇسابىقىسى خوتەندە ئۆتكۈزۈلدى.

21 ـ ئاۋغۇست ۋىلايەتلىك تەشكىلات خىزمەت يىغىنى گۇما ناھىيىسىنىڭ راكىتا كوممۇنىسىدا ئۆتكۈزۈلدى. يىغىندا ياش كادىرلارنى تەربىيىلەش، «ياشانغانلار، ئوتتۇرا ياشلىقلار، ياشلار» دىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپنى بىرلەشتۈرۈش پرىنسىپى بويىچە ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش مەسىلىسى مۇزاكىرە قىلىندى.

17 ـ ئۆكتەبىر مەركەزنىڭ ماۋجۇشى خاتىرە سارىيى سېلىش، «ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى» نى نەشر قىلىش ۋە «ماۋزېدۇڭ ئەسەرلىرى» نى نەشر قىلىشقا تەييارلىق قىلىش توغرىسىدىكى ئىككى قارارنى قەتئىي ھىمايە قىلىش، پۈتۈن ۋىلايەت بويىچە ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋجۇشى ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىش دولقۇنىنى قوزغاش يۈزىسىدىن ۋىلايەتلىك پارتكوم دائىمىي ھەيئەتلەر (كېڭەيتىلگەن) يىغىنى چاقىرىلدى.

22 ـ 23 ـ ئۆكتەبىر خوتەندە 30 ـ، 40 مىڭ ھەر مىللەت ئارمىيە ـ خەلق كاتتا نامايىش ۋە تەبرىكلەش يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، جياڭ چىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي گورۇھىنىڭ پارتىيىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋېلىپ ھوقۇق تارتىۋېلىش سۇيىقەستىنى تارمار قىلغانلىقىنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىنى قىزغىن تەبرىكلىدى.

16 ـ دېكابىر ۋىلايەتلىك سانائەت ـ قاتناش ئىدارىسىنىڭ شوپۇر تەربىيىلەش كۇرسى ئاساسىدا، خوتەن ۋىلايەتلىك تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى قۇرۇلدى.

## 1977 ـ يىل

7 ـ مارت ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋە خوتەن ناھىيىلىك پارتكوم 10 مىڭ كىشىلىك يېپەن يىغىنى چاقىرىپ، جياڭ چىڭ

ئومۇمي مەھسۇلات تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى مەھسۇلات ئېلىنغان يىلىغا (1966 - يىل) قارىغاندا 5 مىليون كىلوگرامدىن كۆپرەك ئاشتى. ۋىلايەتتە لىن بياۋ، جياڭ چىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي گورۇھىنىڭ بۇزغۇنچىلىقى تۈپەيلىدىن ئاشلىق مەھسۇلاتى ئۇزۇنغىچە كېمىيىپ كېتىشتەك ھالەت بىراقلا ئۆزگەرتىلدى.

مۇشۇ يىلدا ۋىلايەتلىك گىلەم كارخانىسى ماۋجۇشى خاتىرە سارىيىغا بىر دانە تام گىلىمى توقۇپ بەردى.

## 1978 - يىل

30 - يانۋار ۋىلايەتلىك پارتكوم، شۆبە ھەربىي رايونى ۋىلايەتكە بىۋاستە قاراشلىق ئورۇنلارنىڭ ئۈچ دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنى چاقىردى. جياڭ چىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي گورۇھىنى پاش قىلىش، پىپەن قىلىشنى تۇتقا قىلىپ، يېزا ئىگىلىكى مەركەز قىلىنغان تۈرلۈك خىزمەتلەرنى يۇقىرى سۈرئەتتە تەرەققىي قىلدۇرۇش مەسىلىسىنى ئورۇنلاشتۇردى.

5 - فېۋرال ۋىلايەت بويىچە تۇنجى زامانىۋى توڭلىتىش ئىسكىلاتى پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى.

20 - ئاپرېل جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە قۇدۇق قېزىش نەق مەيدان يىغىنى خوتەن ۋىلايىتىدە چاقىرىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى تۆمۈر داۋامەت نەق مەيدانغا كېلىپ يوليورۇق بەردى.

8 - ئىيۇن ۋىلايەتلىك ئىنقىلابىي كومىتېت ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، خوتەن مەمۇرىي مەھكىمە قۇرۇلدى. نۇرمۇھەممەت خۇدابەردى ۋالىي بولدى.

ئىيۇندا ئاپتونوم رايونلۇق دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق ئىدارىسى قاراقاش ناھىيىسىدە زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش نەق مەيدان يىغىنى چاقىردى. ۋىلايەت (ئوبلاست) لىق دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق ئىدارىسى، يېزا ئىگىلىك پەن تەتقىقات ئورنى ۋەكىللىرى، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بارلىق ناھىيىلەر ۋە شىمالىي شىنجاڭدىكى بىر قىسىم ناھىيىلەرنىڭ ئۈسۈملۈك ئاسراش كادىرلىرى، شۇنداقلا ئاپتونوم رايوندىكى ئالاقىدار ئالىي مەكتەپلەر، پەن تەتقىقات ئورۇنلىرىنىڭ ۋەكىللىرى يىغىنغا قاتناشتى.

28 - ئاۋغۇست خوتەن ۋىلايەتلىك شۆبە تەپتىش مەھكىمىسى

ئۆلگىسى قىلىپ تىكلەندى. 10 مۇنەۋۋەر ئورۇنغا لەۋھە، تەقدىرنامە بېرىلدى.

10 - سېنتەبىر داچىڭ پارتكومىنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن، 8 - ئاينىڭ 5 - كۈنى يولغا چىققان داچىڭغا بېرىپ ئۆگىنىش، ئېكسكۇرسىيە قىلىش ئۆمىكى ئىشلىرىنى تاماملاپ خوتەنگە قايتىپ كەلدى.

18 - سېنتەبىر خوتەن ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق ئېتىز - ئېرىق ئاساسىي قۇرۇلۇشى يىغىنى قاراقاش ناھىيىسىدە چاقىرىلدى. يىغىندا مەملىكەتلىك دېھقانچىلىق ئېتىز - ئېرىق ئاساسىي قۇرۇلۇشى يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى. ۋىلايەت ۋە ناھىيىلەرنىڭ دېھقانچىلىق ئاساسىي قۇرۇلۇشى يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى. ۋىلايەت ۋە ناھىيىلەرنىڭ دېھقانچىلىق ئېتىز - ئېرىق ئاساسىي قۇرۇلۇشىنىڭ ئۈچ يىللىق پىلانى دەسلەپكى قەدەمدە بېكىتىلدى ۋە شۇ يىلى قىش، كېلەر يىل ئەتىيازلىق قۇرۇلۇش ۋەزىپىسى ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

سېنتەبىردە ۋىلايەتلىك تۇنجى قېتىملىق سۇ مەھسۇلاتلىرى خىزمىتى يىغىنى قاراقاش ناھىيىسىدە چاقىرىلدى. يىغىندا بېلىقچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇش پىلانى ۋە سۇ مەھسۇلاتلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا دائىر بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدا بەلگىلىمە، سۇ مەھسۇلاتلىرى بايلىقىنى قوغداش، باشقۇرۇش نىزامى تۈزۈپ چىقىلدى.

29 - ئۆكتەبىر پەن - تېخنىكا، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش خىزمەت يىغىنى چاقىرىلدى. سەككىز يىللىق پەن - تېخنىكا تەرەققىيات پىلانى دەسلەپكى قەدەمدە ئوتتۇرىغا قويۇلدى. 22 جەھەتتىكى ئاساسلىق پەن تەتقىقات ۋەزىپىسى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ۋىلايەتلىك ئىلىم - پەن يىغىنى چاقىرىشقا مۇناسىۋەتلىك ئىشلار مۇزاكىرە قىلىندى. ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش خىزمىتى كونكرېت ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

نويابىردا كېرىيە بوستان شاللىقىدىن چوڭ كۆلەم بويىچە مول ھوسۇل ئېلىندى. ستاتىستىكىدىن قارىغاندا، ئومۇمىي مەھسۇلاتى تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى مەھسۇلات مىقدارىدىن 500 مىڭ كىلوگرام ئاشقان. بىرلىك مەھسۇلاتى مىڭ جىڭلىق ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرى ۋە «گاڭياۋ» غا يەتكەن، «خۇاڭخې» دىن ئۆتكەن ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترەتلىرى بارلىققا كەلدى.

دېكابىردا خوتەن ۋىلايىتىدە ئاشلىقتىن مول ھوسۇل ئېلىندى.

يىغىنى چاقىرىپ، پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، پاش قىلىش، پېەن قىلىش، ئىنقىلاش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش؛ ئۆۋال، يالغان، خاتا دېلولارنى ئۇزۇل ـ كېسىل ئاقلاش؛ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى ياخشى تۇتۇش؛ خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى تېزدىن يۆتكەش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلدى.

مايدا تاشقى ئىشلار ئىشخانىسى قۇرۇلدى (1984ـيىلى تاشقى ئىشلار مۇهاجىرلار ئىشلىرى ئىشخانىسىغا ئۆزگەرتىلدى).

30 ـ ئىيۇن ۋىلايەتلىك ئورگانلاردىن ۋەزىپە بىلەن يېزا ئىگىلىكىنىڭ بىرىنچى سېپىگە بارىدىغان تۇنجى تۇركۇمدىكى سەككىز نەپەر ناھىيە دەرىجىلىك كادىر ئۇزىتىپ قويۇلدى.

12 ـ ئىيۇل مەركەزنىڭ يولىيورۇقىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن ۋىلايەتلىك ئىشچى قوبۇل قىلىش رەھبەرلىك گورۇپپىسى ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، هازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان ئىشچى قوبۇل قىلىش تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلدى. ئىشچى قوبۇل قىلىشتا بىر تۇتاش قوبۇل قىلىش، بىر تۇتاش ئىمتىهان ئېلىش، بىر تۇتاش تەقسىم قىلىش يولغا قويۇلدى.

31 ـ ئىيۇل شاڭخەيلىك ئالاهىدە ئوقۇتقۇچى يۈەن رۇڭ، بىرىنچى دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى فېڭ لىجېن تەكلىپ بىلەن خوتەنگە كېلىپ دەرس سۆزلىدى.

10 ـ ئاۋغۇست جۇڭگو ـ ۋېيتنام چېگرىسىدا ئۆزىمىزنى قوغداپ قايتۇرما زەربە بېرىش كۆرەش قەهرىمانلىرى دوكلات ئۆمىكىنىڭ ئوررۇمچى قىسىملىرىغا كەلگەن شۆبە ئۆمىكى خوتەنگە كەلدى. خوتەندىكى مەزگىلدە ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ گۇما ناھىيىسى، ۋىلايەتكە قاراشلىق ئورۇنلار، خوتەن ناھىيىسى ۋە خوتەن پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسىدا تۆت مەيدان دوكلات بەردى.

12 ـ، 16 ـ ئاۋغۇست جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە بازار سودىسى سۆھبەت يىغىنى خوتەندە چاقىرىلدى.

16 ـ ئاۋغۇست خوتەن ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك تەبىئىي بايلىقلىرىنى تەكشۈرۈش ۋە يېزا ئىگىلىكىنى رايونلاشتۇرۇش يىغىنى چاقىرىلدى. ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك تەبىئىي بايلىقلىرىنى تەكشۈرۈش ۋە يېزا ئىگىلىكىنى رايونلاشتۇرۇش كومىتېتى قۇرۇلدى.

ئاۋغۇستتا ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى ئاساسىدا خوتەندىكى تۇنجى ئالىي مەكتەپ — خوتەن پېداگوگىكا ئالىي

قۇرۇلدى.

ئۆكتەبىرنىڭ بېشىدا 1957 ـ يىلىدىن 1958 ـ يىلىغىچە ئېلىپ بېرىلغان ئوڭچىللىققا قارشى تۇرۇش، ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتىدە خاتا ھالدا ئوڭچى (يەرلىك مىللەتچى) قىلىپ قويۇلغانلارنى قايتا تەكشۈرۈش، قالپىقىنى ئېلىش ۋە تۈزىتىش خىزمىتى ئىشلەندى. خوتەن ۋىلايىتىدە ئەسلىدە ئوڭچى قىلىنغانلار (سۆزى تەنقىد قىلىنغانلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) 363 نەپەر بولۇپ (باشقا ئۆلكە، رايونلاردا ئايرىلغىنى 16 نەپەر) بۇلارنىڭ ھەممىسى قايتا تەكشۈرۈلۈپ، قالپىقى ئېلىنىپ تۈزىتىلدى. خاتا ھالدا يەرلىك مىللەتچى قىلىپ قويۇلغان 153 كىشىنىڭمۇ ھەممىسى قايتا تەكشۈرۈپ تۈزىتىلدى.

23 ـ ئۆكتەبىر خوتەن ۋىلايەتلىك ئىلىم ـ پەن يىغىنى باشلاندى. يىغىندا لىن بياۋ، جياڭ چىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي گورۇھىنىڭ ئىلىم-پەن ئىشلىرىغا بۇزغۇنچىلىق سالغان جىنايەتلىرى پىپەن قىلىندى. مەملىكەتلىك ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ئىلىم ـ پەن يىغىنىنىڭ روھى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. خوتەن ۋىلايىتىنىڭ دۆلىتىمىز قۇرۇلغان 29 يىلدىن بۇيانقى پەن ـ تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرى يەكۈنلەندى. 1978 ـ يىلىدىن 1985 ـ يىلغىچە بولغان پەن ـ تېخنىكا تەرەققىيات پىلانى مۇزاكىرە قىلىندى. يىغىن 51 نەپەر ئىلغار كوللېكتىپ، 42 ئىلغار شەخس ۋە 133 مۇنەۋۋەر تۇر مۇۋەپپەقىيىتىنى تاماملىغان ئورۇن، شۇنداقلا مەملىكەتلىك ئىلىم ـ پەن يىغىنىدا تەقدىرلەنگەن گۇما ناھىيە ياپچان سۇ ئامبىرىغا مۇكاپات تارقىتىپ بەردى. يىغىن 29 ـ ئۆكتەبىر يېپىلدى.

## 1979 ـ يىل

15 ـ يانۋار خوتەن ۋىلايىتىدە جياڭ چىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي گورۇھى تارمار قىلىنغاندىن كېيىنكى تۇنجى قەھرىمانلار ئۇچرىشىش يىغىنى ئېچىلدى. ھەر قايسى سەپلەردىن كەلگەن 800 نەپەرگە يېقىن ئىلغارلار ۋەكىلى قاتناشتى. يىغىندا 30 قىزىل بايراقدار ئورۇن، يېزا ئىگىلىكى بويىچە 18 ئىلغار كوللېكتىپ، 20 نەپەر ئەمگەك نەمۇنىچىسى، 36 نەپەر نەمۇنىچى خىزمەتچى سايلاپ چىقىلدى. يىغىن 21 ـ چىسلا ئاياغلاشتى.

25 ـ فېۋرال ۋىلايەتلىك پارتكوم دائىمىي ھەيئەتلەر كېڭەيتىلگەن

خوتەنگە كەلدى.
ئاپرېلدا ۋىلايەتلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى قۇرۇلدى.
1 - ماي خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە ئايرىلىپ ئىش بېجىرىشكە باشلىدى.
ئىيۇندا خوتەن كاۋچۇك زاۋۇتى بىلەن «703» زاۋۇتى بىرلەشتۈرۈلۈپ كاۋچۇك زاۋۇتى قۇرۇلدى. 1982 - يىلى كەسىپنى ئۆزگەرتتى. 9 - ئايدا ئۆزگەرتىلىپ ئۈزۈم ھارىقى زاۋۇتى قۇرۇلدى.
13 - ئۆكتەبىر خوتەن ۋىلايەتلىك ئىقتىسادىي كومىتېت قۇرۇلۇپ، سانائەت - قاتناشنى ئاساسلىق باشقۇرىدىغان ئۇنىۋېرسال تارماق قىلىندى. ئەسلىدىكى سانائەت - قاتناش ئىدارىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.
ئۆكتەبىردە گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى ۋاڭ جېن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن، مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ تاپشۇرۇقىغا ئاساسەن خوتەنگە كېلىپ، ھەر مىللەت خەلقى ۋە ئازادلىق ئارمىيىنىڭ كوماندىر-جەڭچىلىرىدىن ھال سورىدى.
ئۆكتەبىردە مەمۇرىي مەھكىمە ئورمانچىلىق باشقارمىسى قۇرۇلدى.
شۇ يىلدا چارۋىچىلىق ئىدارىسى قۇرۇلدى (1983 - يىلى ۋىلايەتلىك چارۋىچىلىق باشقارمىسىغا ئۆزگەرتىلدى).

## 1981 - يىل

يانۋاردا خوتەن مەمۇرىي مەھكىمە ئەدلىيە باشقارمىسى قۇرۇلدى.
29 - مارت ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى «يولداش ماجاۋسۇڭنى ئاقلاش توغرىسىدا قارار» چىقىرىپ، ماجاۋسۇڭنى ئۇزۇل - كېسىل ئاقلاپ نامىنى ئەسلىگە كەلتۈردى.
مارتتا مىللىي دىنىي ئىشلار باشقارمىسى قۇرۇلدى.
11 - ئاپرېل «خوتەن گېزىتى» مۇنۇلارنى خەۋەر قىلدى: «بۇ يىل ئەنگلىيە، ئامېرىكا، فرانسىيە، غەربىي گېرمانىيە قاتارلىق ئون نەچچە دۆلەت ۋە رايون خوتەنگە كېلىپ 40 مىڭ كۋادرات مېتىر گىلەم سېتىۋېلىش توختىمى تۈزدى. بۇ ھازىرغا قەدەر چەت ئەللىكلەر ئەڭ كۆپ گىلەم زاكاس قىلغان بىر يىل بولدى».
18 - ئاپرېل قاراقاش ناھىيىلىك گىلەم كارخانىسىنىڭ ئايال

تېخنىكومىغا تەييارلىق كۆرۈش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. 1981 - يىلى ئاپرېلدا مەكتەپنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسى سەپلەندى.
25 - ئۆكتەبىر «كوئېنلۇن ئەدەبىياتى» (ھازىرقى «يېڭى قاشتېشى») ژۇرنىلىنىڭ بىرىنچى سانى نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى. ئۇيغۇر كونا يېزىقى (ھازىرقى يېزىق) بىلەن تۇنجى بولۇپ نەشر قىلىنغان بۇ ژۇرنال — خوتەن ۋىلايىتىدە ئەدەبىي ژۇرنال بولماسلىق ھالىتىگە خاتىمە بەردى. ئارقىدىنلا خەنزۇچە ژۇرنالمۇ نەشر قىلىندى.
29 - دېكابىر ۋىلايەت بويىچە 1979 - يىللىق مۇنەۋۋەر پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى مۇكاپاتلاش ۋە تېخنىكا ئۇنۇۋانى بېرىش يىغىنى چاقىرىلدى. يىغىندا 35 پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيىتى مۇكاپاتلاندى. بۇنىڭدىن بىرىنچى دەرىجىلىك مۇكاپات ئىككى، ئىككىنچى دەرىجىلىك مۇكاپات ئالتە، ئۈچىنچى دەرىجىلىك مۇكاپات 17 -، 18 نەپەر ئىنژېنېر ۋە تېخنىكىنىڭ دەرىجىسى ئۆستۈرۈلدى.
30 - دېكابىر قاراقاش ناھىيىلىك ئىلغار كوللېكتىپ، ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى ۋەكىللىرى يىغىنى يېپىلدى. يىغىندا قاراقاش ناھىيىلىك ئېلېكتر ئىستانسىسىغا گوۋۇيۈەن سۇ ئېلېكتر مىنىستىرلىكىنىڭ مەملىكەت بويىچە «داچىڭچە كارخانا» دەپ بەرگەن لەۋھەسى تارقىتىپ بېرىلدى.

## 1980 - يىل

يانۋار ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئىسمائىل ياسىنوف، بادەي خوتەنگە خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈش ئۈچۈن كەلدى.
12 - فېۋرال خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە لىن بياۋ، جياڭ چىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھىنىڭ چېكىدىن ئاشقان سول لۇشيەنىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ ئۆلۈپ كەتكەن ۋۇ جىمىڭ ئۈچۈن ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. ۋىلايەتتىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە رەھبەرلىرى ۋە ھەر قايسى ساھە، ھەر قايسى ناھىيىلەردىن بولۇپ 1500 دەك كىشى ماتەم مۇراسىمىغا قاتناشتى. ۋالىي نۇرمۇھەممەت خۇدا بەردى تەزىيە نۇتقى سۆزلىدى.
ئاپرېلدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ بىرىنچى شۇجىسى ۋاڭ فېڭ، ئاپتونوم رايون رەئىسى ئىسمائىل ئەمەت، ئۈرۈمچى قىسىملىرىنىڭ قوماندانى شياۋچۈەنفۇ كۆزدىن كەچۈرۈش ئۈچۈن

گىنژېنېر بىر نەپەر، گىنژېنېر 85 نەپەر، ياردەمچى گىنژېنېر 84 نەپەر، تېخنىك 110 نەپەر؛ ئاگرونوم 80 نەپەر، ياردەمچى ئاگرونوم 107 نەپەر؛ يېزا ئىگىلىك تېخنىكى 80 نەپەر؛ مال دوختۇرى سەككىز نەپەر، ياردەمچى مال دوختۇرى 90 نەپەر، مال دوختۇرلۇق تېخنىكىسى 52 نەپەر؛ باش ۋراچ 82 نەپەر، مۇئاۋىن باش ۋراچ تۆت نەپەر، ۋراچ 318 نەپەر، فېلىدشېر 1008 نەپەر.

دېكابىر خوتەن ۋىلايىتىنىڭ شۇ يىللىق سەككىز تۈرلۈك ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچىدە «بەش كۆپىيىش، ئۈچ تۆۋەنلەش» تۈنجى قېتىم ئومۇمىيۈزلۈك ئىشقا ئاشۇرۇلدى. ئاساسلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات مىقدارى، دۆلەتكە قوشقان تۆھپە، ئومۇمىي كىرىم، دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى، كىرىمى ئاشقان ئائىلىلەر كۆپەيدى؛ كوللېكتىپقا قالدۇرۇلىدىغان قىسمى، ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتى ۋە قەرزدە قالدۇرۇلىدىغانلار تۆۋەنلىدى.

## 1982 - يىل

11 - يانۋار ۋىلايەتلىك ئۈچ دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنى باشلاندى. يىغىننىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى: 1) 1981 - يىللىق ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ۋە ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇش، قۇرۇلمىنى تەڭشەش، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى يۇقىرى كۆتۈرۈش تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەش؛ 2) ھەر خىل ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويغاندىن كېيىن يۈز بەرگەن يېڭى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش، ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ «دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ياخشىلاش ۋە يېزا ئىقتىسادىي سىياسەتنى كەڭ قويۇۋېتىش مەسىلىسى توغرىسىدىكى پىكرى» گە تۈزىتىش كىرگۈزۈش؛ 3) ھەر قايسى سەپلەرنىڭ 1982 - يىللىق ۋەزىپە، تەدبىرلىرىنى، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ يۆنىلىش ۋە نىشانىنى بەلگىلەشتىن ئىبارەت بولدى.

25 - مارت قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ۋىلايەت، ناھىيە، يېزا دەرىجىدىكى يېزا ئىگىلىكىنى ئاساسلىقى باشقۇرىدىغان رەھبەرلىرى ۋە پىلە - ئۈجمىچىلىك تېخنىكا كادىرلىرىدىن بولۇپ 100 گە يېقىن كىشى خوتەنگە كېلىپ، پىلە - ئۈجمىچىلىك ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى.

مارتتا مەمۇرىي مەھكىمە 100 مىڭ يۈەن پۇل ئاجرىتىپ،

گىلەمچىسى بائىمىخان ناسىر خوتەندىن ئايرىلىپ بېيجىڭ ئارقىلىق لوندونغا بېرىپ، كۆرگەزمە ئۈچۈن گىلەم توقۇش ماھارىتىنى كۆرسەتتى.

ئاپرېلدا خوتەن ئالىي پېداگوگىكا تېخنىكومىنىڭ رەھبەرلىك ئاپپاراتى سەپلەندى. ئىشخانا، ئىلمىي باشقارما، خوجىلىق باشقارمىسى، تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتى، ماتېماتىكا فاكۇلتېتى، خىمىيە فاكۇلتېتى، تارىخ - جۇغراپىيە فاكۇلتېتى ھەمدە ماركسىزم-لېنىنىزم، فىزىكا، تىل، تەنتەربىيە كافېدىرالىرى قۇرۇلدى.

ماينىڭ بېشىدا، كېرىيە ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىن 40 كىلومېتر كېلىدىغان قۇملۇقتىن كۆلىمى 150 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان قەدىمىي بۇددا ئىبادەتخانا خارابىسى تېپىلدى.

6 - ئىيۇل ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى ھۆكۈم ئېلان قىلىش يىغىنى ئېچىپ، قاتىل جىنايەتچى جاڭ جىگيەن، يۇسۇپ تۇرسۇننى جازا مەيدانىغا يالاپ ئېلىپ چىقىپ مىلتىق بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈردى.

7 - ئىيۇل ئاپتونوم رايونلۇق مىللىي ناخشا - ئۇسسۇل ئانسامبىلى خوتەنگە كەلدى. ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ گۇما، قاراقاش، چىرا، خوتەن، كېرىيە، لوپ ناھىيىلىرىگە ۋە ھەربىي قىسىملارغا بېرىپ ھال سوراش ئويۇنى قويدى. 21 - ئىيول خوتەندىن ئايرىلدى.

ئىيۇلدا خوتەن تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى قۇرۇلدى.

15 - ئاۋغۇستتىن 25 - ئاۋغۇستقىچە ئاپتونوم رايوننىڭ 1981-يىللىق ئۇسمۇرلەر ۋالىبول مۇسابىقىسىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ مۇسابىقە رايونىدىكى مۇسابىقىگە قاتنىشىدىغان خوتەن، قەشقەر، قىزىلسۇ، ئاقسۇ، بايىنغولىن، تۇرپان قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلارنىڭ 11 ۋەكىللەر ئەترىتى خوتەندە مۇسابىقە قىلدى.

31 - ئاۋغۇست خوتەن «637» ئىستانسىسى، مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ بىرىنچى يۈرۈش نومۇرلىرىنى ئۇلاپ ئاڭلىتىشقا باشلىدى.

5 - ئۆكتەبىر ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنى تەييارلىغان خوتەن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى كۆرگەزمىسى رەسمىي ئېچىلدى. بۇ ئازادلىقتىن بۇيان خوتەندە ئۆتكۈزۈلگەن تۇنجى قېتىملىق ئۆز جايىنىڭ ئاسارئەتىقە كۆرگەزمىسى بولۇپ، 350 تىن ئارتۇق ئاسارئەتىقە بۇيۇملىرى كۆرگەزمىگە قويۇلدى.

10 - دېكابىر مەمۇرىي مەھكىمە يىغىن چاقىرىپ بىر قىسىم تېخنىكا خادىملىرىغا تېخنىكا ئۇنۋانى بەردى. بۇنىڭ ئارىسىدا ئالىي

23 ـ ئاۋغۇست ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ پارتىيە تارىخىغا دائىر ماتېرىياللارنى توپلاش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى.

22 ـ سېنتەبىردىن 25 ـ سېنتەبىرگىچە ۋىلايەتلىك تۇنجى قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە ئىلغارلارنى تەقدىرلەش يىغىنى چاقىرىلدى.

سېنتەبىرنىڭ ئاخىرى ئىيولدا قۇرۇلۇش باشلانغان خوتەن ئۈزۈم ھارىقى زاۋۇتى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى.

5 ـ ئۆكتەبىر پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە بىرلىشىپ چاقىرغان «ۋىلايەتلىك تۇنجى قېتىملىق ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش، ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىغا ئېتىبار بېرىش، ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىش، خەلقنى سۆيۈش، ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار شەخس ۋەكىللىرى يىغىنى» باشلاندى.

14 ـ ئۆكتەبىر ئاپتونوم رايونلۇق چارۋىچىلىق نازارىتى خوتەن ۋىلايىتىدە «خوتەن قويى» نى مەركەز قىلغان يېرىم ئىنچىكە يۇڭلۇق قوينى تەرەققىي قىلدۇرۇش مۇھاكىمە يىغىنى چاقىردى. يېرىم ئىنچىكە يۇڭلۇق قوينىڭ ھازىرقى ھالىتى، ساقلانغان مەسىلە ۋە تەرەققىيات يۆنىلىشى، شۇنداقلا رايونلارغا ئايرىش، «خوتەن قويى» سورتى ئۆلچىمى ۋە دەرىجىگە ئايرىش، باھالاش ئۆلچىمى قاتارلىقلارنى مۇزاكىرە قىلدى. ئاپتونوم رايوندىكى ئالاقىدار تەرەپلەر، جۇڭگو يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى لەنجۇ چارۋىچىلىق تەتقىقات ئورنى ۋە تيەنجىن گىلەمچىلىك تەتقىقات ئورنى يىغىنغا ۋەكىل ئەۋەتتى. يىغىن 20 ـ ئۆكتەبىر ئاخىرلاشتى.

27 ـ ئۆكتەبىر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى ئىسمايىل ئەھمەت خوتەنگە كېلىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى.

4 ـ دېكابىر ۋىلايەتلىك يەر ناملىرى ئىشخانىسى قۇرۇلدى. مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى ۋاڭ ۋېي مۇدىر بولدى. (1984 ـ يىلى 28 ـ ماي ۋىلايەتلىك يەر ناملىرى ئىشخانىسى ۋىلايەتلىك يەر ناملىرى كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلدى، قارىمىقىدا ئىشخانا تەسىس قىلىندى، قۇرۇلۇش باشقارمىسىنىڭ باشلىقى جۇيۈنباۋ مۇدىر بولدى. 1985 ـ يىلى 10 ـ ئۆكتەبىر يەر ناملىرى ئىشخانىسى مەمۇرىي مەھكىمە ئىشخانىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا تەۋە قىلىنىپ، مەمۇرىي مەھكىمە ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى گۇەن خىڭسەن قوشۇمچە مۇدىر بولدى).

ئىچكىرىدىن 50 توننا قاشقا بېدە ئۇرۇقى كىرگۈزدى. بۇنى يېزىلارغا ھەقسىز تارقىتىپ بېرىپ، قاشقا بېدە ئۇرۇقلۇق بازىسى ئۇچۇن ئاساس سالدى.

مارتتا دېھقانچىلىق باشقارمىسى ھەر قايسى ناھىيىلەرنىڭ پاختىچىلىق تېخنىكىلىرىدىن 40 كىشىنى قاراقاش ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك تەجرىبە پونكىتىغا يىغىپ، سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ كېۋەز تېرىش ساۋاتلىرىنى ئۆگەتتى.

ئاپرېلدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ بىرىنچى شۇجىسى ۋاڭ ئېنماۋ، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ھامىدىن نىياز خوتەنگە كېلىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى.

10 ـ ماي جەنۇبىي شىنجاڭ رايونى بويىچە «ئۈچ شىمالىي رايون» ئىھاتە ئورمان قۇرۇلۇشى بويىچە كۆچەت تىكىپ ئورمان بىنا قىلىش نەتىجىلىرىنى دوكلات قىلىش يىغىنى خوتەندە چاقىرىلدى. قەشقەر، ئاقسۇ، بايىنغولىن، قىزىلسۇ، خوتەندىن ئىبارەت بەش ۋىلايەت، ئوبلاستىن 109 كىشى يىغىنغا قاتناشتى. ئاپتونوم رايونلۇق ئورمانچىلىق نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى لوپىڭ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى، يىغىندا ئورمانچىلىق نازارىتى 1983 ـ يىلىدىن 1985 ـ يىلىغىچە بولغان «ئۈچ شىمالىي رايون» ئىھاتە ئورمان قۇرۇلۇشى توغرىسىدا 26 ناھىيە بىلەن توختام ئىمزالىدى، يىغىن 18 ـ ماي يېپىلدى.

مايدا خوتەن ۋىلايەتلىك خەلق دوختۇرخانىسى، ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتى ئۇيۇشتۇرغان جەنۇبىي شىنجاڭ ئۇچاستىكىسى بويىچە دوختۇرخانا خىزمەتلىرىنى تەكشۈرۈش ئۆمىكىنىڭ تەكشۈرۈشى ئارقىلىق، ئاپتونوم رايون بويىچە ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى.

20 ـ ئىيۇندىن بۇيان بىر قىسىم تاغلىق رايونلاردا ئارقا ـ ئارقىدىن قاتتىق يامغۇر يېغىپ سەل كېلىپ، تېرىلغۇ يەر، ئۆي قاتارلىقلارنى نابۇت قىلدى. 27 ـ ئىيون خەلق ئىشلىرى تارماقلىرى ئىككى خىزمەت گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، ئاپەت يۈز بەرگەن رايونلارغا بېرىپ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتى ئىشلىدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلقنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن 50 مىڭ يۈەن ئاجراتتى.

8 ـ ئاۋغۇست ۋىلايەتلىك يېزا مەدەنىيەت خىزمەت يىغىنى ئاياغلاشتى.

20 ـ ئاۋغۇست مەمۇرىي مەھكىمە ۋىلايەتلىك ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش ئىنستىتوتى قۇرۇشنى قارار قىلدى.

ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، تەدبىرلىرى، قىسقا مەزگىلدە يازلىق، كۈزلۈك ئاشلىق زىرائەتلىرىنىڭ نىسبىتىنى تەڭلەشتۇرۇش، يازلىق ئاشلىق نىسبىتى كۈزلۈك ئاشلىقتىن كۆپ بولۇشتەك ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش ئىستراتېگىيىسىنى تەدرىجىي ئىشقا ئاشۇرۇش مەسىلىلىرى بېكىتىلدى.

8 - ئاۋغۇست گوۋۇيۈەننىڭ زۇڭلىسى جاۋزىياڭ، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىسى خۇچىلى، كاندىدات شۇجىسى خاۋجيەنشۇ قاتارلىقلار خوتەنگە كەلدى. ئۇلار ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ھۆكۈمەت، ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى ۋە خوتەن ۋىلايەت رەھبەرلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا خوتەن ناھىيىسىنىڭ بوزاق، لايقا، باغچى يېزىلىرىنى ۋە خوتەن گىلەم كارخانىسىنى كۆزدىن كەچۈردى. خاۋجيەنشۇ يەنە خوتەن پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنى كۆزدىن كەچۈردى. 9 - ئاۋغۇست خوتەندىن ئايرىلدى.

19 - ئاۋغۇست ئورمانچىلىق مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى دۇڭ جيۇڭ، ئورمانچىلىق مىنىستىرلىكى تەشۋىقات مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى ۋۇلەن ھەمدە مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسى، «خەلق رەسىملىك ژۇرنىلى»، «مىللەتلەر رەسىملىك ژۇرنىلى»، «نۇر گېزىتى» مۇخبىرلىرى قاتارلىقلار ئاپتونوم رايونلۇق ئورمانچىلىق نازارىتىنىڭ نازىرى ئابدۇللا توختىنىڭ ھەمراھلىقىدا خوتەنگە كېلىپ كۆزدىن كەچۈردى. ئورمانچىلىق ئەھۋالىنى زىيارەت قىلدى. ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ خوتەن، قاراقاش، لوپ، چىرا ناھىيىلىرىدە 13 يېزىنىڭ ئېتىز - ئېرىقىنى ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇش، يېقىلغۇ ئورمىنى، مۇداپىئە ئورمىنى ۋە «ئۈچ خىل يەر» نى كۆكەرتىش، ئۆزگەرتىش ئورمىنى ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈردى. 22 - ئاۋغۇست خوتەندىن ئايرىلدى.

5 - سېنتەبىر دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى كاڭ شىئېن شىمالىي شىنجاڭ نېفىت بازىسىنى كۆزدىن كۆچۈرۈپ بولغاندىن كېيىن يول ئۈستىدە خوتەندە قىسقا مۇددەت توختاپ، خوتەن يىپەك توقۇمىچىلىق فابرىكىسى، گىلەم كارخانىسى ۋە بوزاق، لايقا يېزىلىرىنى كۆزدىن كۆچۈردى. 8 - سېنتەبىر خوتەندىن ئايرىلدى.

9 - سېنتەبىر گوۋۇيۈەن خوتەن شەھىرى تەسىس قىلىنىشنى تەستىقلىدى.

24 - سېنتەبىر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى خوتەن بازىرى، خوتەن ناھىيىسىنىڭ شورباغ يېزىسى، لاسكۈي يېزىسى ۋە

## 1983 - يىل

12 - يانۋار ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ۋە شتات كومىتېتىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، «شىنجاڭ چىرا قۇم تىزگىنلەش تەتقىقات تەجرىبە پونكىتى» قۇرۇلدى.

21 -، 29 - يانۋار ۋىلايەتلىك مالىيە-سودا خىزمەت يىغىنى چاقىرىلدى. يىغىننىڭ مەركىزي ۋەزىپىسى: 1) «سول» لىقنىڭ تەسىرىنى تازىلاپ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودىدا يەككە - يېگانە تىجارەت قىلىش ئىدىيىسىنى ئۆزگەرتىش، سىياسەتنى كەڭ قويۇۋېتىش، تۈزۈلمىنى ئىسلاھ قىلىش، ئوبوروتنى جانلاندۇرۇش؛ 2) مالىيە سودا كارخانىلىرىنى تەرتىپكە سېلىش، ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ۋە تىجارەت مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ياخشىلاش مەسىلىسىدىن ئىبارەت بولدى.

28 - يانۋار خوتەن تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى سىناق تەرىقىسىدە نومۇر تارقىتىشقا باشلىدى. تېلېۋىزىيە تارقىتىش مۇنارىسىنى ئاساس قىلغان ھالدا 50 كىلومېتىر دائىرىدە، جۈملىدىن لوپ، قاراقاش ناھىيىلىرىدىكى كۆرۈرمەنلەر 6 - قانالدىن تېلېۋىزىيە نومۇرلىرىنى ئېلىپ كۆرەلەيدىغان بولدى.

مارتتا ۋىلايەتلىك شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى مۇھىت ئاسراش باشقارمىسى قۇرۇلدى. ئاپرېلنىڭ ئاخىرى خوتەن ناھىيىسى ئېتىز - ئېرىقلارنى ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇشنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇردى. ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇلغان ئېتىز - ئېرىق كۆلىمى پۈتۈن ناھىيە ئومۇمىي تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ 99.9% نى تەشكىل قىلدى.

19 -، 29 - ماي ئاپتونوم رايونلۇق «بەشتە ياخشى» يېزا قۇرۇلۇشى بويىچە نەق مەيداندا كۆزدىن كەچۈرۈش يىغىنى خوتەندە چاقىرىلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىدىن ۋاڭ ئېنماۋ، ئىسمايىل ئەمەت خوتەنگە كېلىپ يىغىنغا قاتناشتى. يىغىن مەزگىلىدە ۋەكىللەر خوتەن ناھىيىسىنىڭ باغچى، توساللا، لايقا يېزىلىرى ۋە لوپ ناھىيىسىنىڭ تۆت يېزىسىدا «بەشتە ياخشى» يېزا قۇرۇلۇشىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى.

19 - ئىيۇل ۋىلايەتلىك بۇغدايچىلىق تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش سۆھبەت يىغىنى ئاخىرلاشتى. يىغىندا بۇغداينى ئاساس قىلغان ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئىستراتېگىيىلىك

تەكشۈرۈش خىزمىتى تولۇق ئاياغلاشلاندىن كېيىن 1983 - يىلى ئاپرېلغىچە يەنە ۋىلايەت دەرىجىلىكنىڭ ماتېرىيالى تولۇق مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاياغلىشىپ، «خوتەن ۋىلايىتىنىڭ توپرىقى» دېگەن كىتابتىكى سانلىق ئاساسلارنى ئۇدۇللاش ۋە تۈزىتىش خىزمىتى ئىشلەندى.

3 -، 8 - ماي ۋىلايەتلىك ئىقتىسادىي خىزمەت يىغىنى چاقىرىلدى. يىغىندا سىياسەتنى كەڭ قويۇۋېتىش، كارخانىلارنى «باغلاقتىن بوشىتىش»، كارخانىلارنىڭ ئوتتۇرا قاتلام رەھبەرلىرىنى زاۋۇت باشلىقى ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىدىن قالدۇرۇش، مەمۇرىي رەھبەرلەرنى ئىشچى - خىزمەتچىلەر يىغىنىدا سايلام ئارقىلىق بارلىققا كەلتۈرۈش، كارخانىلار ئۆز ئالدىغا ئىشچى قوبۇل قىلىش، مۇكاپاتنى پايدىغا قاراپ ئۆزگەرتىپ تۇرۇش، تۇراقسىز ئىش ھەققىنى يولغا قويۇش قاتارلىقلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

8 - ماي دېھقانچىلىق باشقارمىسى، تەمىنات - سودا كوپېراتىپ باشقارمىسى ۋە تاشقى سودا شىركىتى بىرلىكتە ئۈزۈمچىلىك يىغىنى چاقىردى. ئاپتونوم رايونلۇق دېھقانچىلىق نازارىتى، يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى، تەمىنات - سودا باش كوپېراتىپىنىڭ ئالاقىدار خادىملىرى يىغىنغا قاتناشتى. يىغىننىڭ مەركىزىي ۋەزىپىسى مەركەزنىڭ بىرىنچى نومۇرلۇق ھۆججىتى ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ: «خوتەندە قۇرۇق ئۈزۈم تاۋار بازىسى قۇرۇش مەسىلىسىگە بەرگەن جاۋابى» نىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئۈزۈمچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ كونكرېت پىلانىنى مۇزاكىرە قىلىشتىن ئىبارەت بولدى. يىغىن 12 - ماي ئاخىرلاشتى.

17 - ماي خوتەن ۋىلايەتلىك پەن - تېخنىكا خىزمىتى يىغىنى ۋە پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرى، پەن - تېخنىكا ئىلمىي ماقالىلىرىنى مۇكاپاتلاش يىغىنى چاقىرىلدى. دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، ئەمگەك - كادىرلار مىنىستىرلىكى، جۇڭگو پەن- تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ مۇكاپاتلىشىغا ئېرىشكەن ئىلغار پەن - تېخنىكا خىزمەتچىلىرى ۋاڭ ۋېي، ماخمۇت تۆمۈرنىياز، زۇۋگبىندى، خۇجىڭيۈەن، ئابدۇراخمان ئابدۇرېھىم، ۋاڭ بو، ۋاڭ جىمىڭدىن ئىبارەت. بۇنىڭدىن باشقا ئاپتونوم رايوننىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشكەنلەر 11 نەپەر.

15 - ئىيۇن گوۋۇيۈەن خوتەن ناھىيىسىنى ئېلېكترلەشتۈرۈشنى سىناق قىلىش ناھىيىسى قىلىشنى تەستىقلىدى.

سۇپەتلىك ئۇرۇغ يېتىشتۈرۈش مەيدانىنىڭ خوتەن شەھىرىگە تەۋە بولىدىغانلىقىنى قارار قىلدى.

ئۆكتەبىردە ئېلىمىزنىڭ غەربىي شىمال رايونى بويىچە دەريانى توسۇپ ياسالغان ئەڭ چوڭ سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى — گۇما سانجۇ سۇ ئامبىرى توسمىسى غەلىبىلىك تۈگىتىشتۈرۈلدى. توغاننىڭ ئېگىزلىكى 40 مېتىر كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇزۇنلۇقى 380 مېتىر ۋە 480 مېتىر كېلىدىغان پولات بېتون قۇرۇلمىلىق سۇ باشلاش تونىلى ۋە كەلكۈن چىقىرىش تونىلى ياسالدى. لايىھەدىكى سىغىمچانلىقى 65 مىليون كۇب مېتىرلىق سۇ ئامبىرى قۇرۇلۇشىنىڭ بىرىنچى قارارلىق قۇرۇلۇشى تاماملاندى.

10 - ئۆكتەبىر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسىنى سەپلەش لايىھىسىنى مۇزاكىرە قىلىپ ماقۇللىدى.

22 - ئۆكتەبىر ۋىلايەتلىك ئۇزۇمچىلىكنى ئېكسكۇرسىيە قىلىش- تەكشۈرۈش يىغىنى ئېچىلدى. توققۇز كۈن ئېكسكۇرسىيە قىلىش - تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئۇزۇمچىلىكنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى يۆنىلىشى، ۋەزىپىسى بېكىتىلدى.

شۇ يىلى ئەسلىدىكى ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يۇرتى ئاساسىدا ۋىلايەتلىك ئاممىۋى سەنئەت سارىيى قۇرۇلۇپ، ۋىلايەتنىڭ ئەدەبىيات- سەنئەت پائالىيەت مەركىزىگە ئايلاندى.

## 1984 - يىل

3 - يانۋار بۇيا كۆمۈر كېنى قۇرۇلدى (بۇيا كۆمۈر كېنىغا تەييارلىق كۆرۈش گۇرۇپپىسى ئەمەلدىن قالدى).

12 - ئاپرېل ئاپتونوم رايون كېرىيە ناھىيە يوغانتوغراق ئوتلاق پونكىتىنى 1984 - يىللىق نۇقتىلىق ئاساسىي قۇرۇلۇش تۈرىگە كىرگۈزدى. كېرىيە ناھىيىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەت يوغانتوغراق ئوتلاق پونكىتى قۇرۇشنىڭ يەتتە يىللىق تەرەققىيات پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

3 - ئاپرېل ۋىلايەتلىك ئىقتىسادىي تېخنىكا ھەمكارلىق ئىشخانىسى قۇرۇلدى.

ئاپرېلدا تۇپراق تەكشۈرۈش خىزمىتى 1979 - يىلى باشلانغانىدى. 1982 - يىلى ئاۋغۇستتا ناھىيە دەرىجىلىك تۇپراق

دېھقانچىلىق باشقارمىسىدىن ئايرىپ چىقىلىپ، ۋىلايەتلىك يېزا - بازار كارخانىلىرى باشقارمىسى قۇرۇلدى.

5 - ئۆكتەبىر ۋىلايەتلىك سانائەتنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى.

11 - ئۆكتەبىر شىنجاڭ خوتەن دەرياسىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى خوتەن دەريا ۋادىسىنى زور كۆلەمدە ئومۇملاشتۇرۇپ تەكشۈرۈشنى باشلىدى. ئۇلار يۇقىرى ئېقىنغا قاراپ يولغا چىقىپ، 15 كۈن ۋاقىت سەرپ قىلىپ خوتەن شەھىرىگە كەلدى. ئارقىدىنلا قاراقاش، لوپ، خوتەن ناھىيىسىدە تەكشۈرۈدى. تەكشۈرۈش ۋەزىپىسى 19 - ئۆكتەبىر ئاياغلاشتى. تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى 20 - ئۆكتەبىر خوتەندىن ئايرىلىپ ئۈرۈمچىگە قايتتى. بۇ جەرياندا زور مىقداردا بىرىنچى قول ماتېرىيال توپلاندى. «خوتەن دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا، تۆۋەن ئېقىنىدىكى يېزا ئىگىلىك بايلىقىنى ئۇنىۋېرسال تەكشۈرۈش دوكلاتى» دېگەن مەخسۇس ماتېرىيال بارلىققا كەلدى.

26 - دېكابىر ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك پەن تەتقىقات ئورنى بىلەن يېزا ئىگىلىك پەن تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش مەركىزى بىرلەشتۈرۈلۈپ، ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك تېخنىكا - تەرەققىيات مەركىزى قۇرۇلدى.

12 - دېكابىر ئاپتونوم رايون 1980 - يىلىدىن 1983 - يىلىغىچە بولغان پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيىتىنى باھالاش - تەكشۈرۈشتە، خوتەن ۋىلايىتىدىن «خوتەن ناھىيىسىنىڭ ئېتىز - ئېرىق ئىماتە گورىمىنى بويىچە دەرەخ سورتلىرىنى سەپلەش ۋە باشقۇرۇش ئۈنۈمى»، «سۇيى تاغدىن كېلىدىغان كۆپ قۇم - لاتقىلىق دەريالاردا يېڭى تىپتىكى سۇ باشلاش قۇرۇلۇشى، قەۋەتكە ئايرىش شەكلىنىڭ ئېلىنىشى» دېگەن ماقالە ئۈچىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «خوتەن ۋىلايىتىدە قوناقتا بولىدىغان قىزىل ئۆمۈچۈك ئۈستىدە دەسلەپكى تەتقىقات» تۆتىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

## 1985 - يىل

21 - يانۋار جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ سېلىشتۇرۇپ - باھالاش يىغىنى خوتەندە چاقىرىلدى. كېرىيە ناھىيىسى نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇشتىكى ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى.

5 - ئىيۇل ۋىلايەتلىك يەرلىك تەزكىرە تۈزۈش كومىتېتى قۇرۇلدى. قارمىقىدا تەزكىرە ئىشخانىسى تەسىس قىلىندى. تەزكىرە تۈزۈش كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى لىخاڭ ئىشخانا مۇدىرلىقىنى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالدى.

10 - ئىيۇل خوتەن سۇ ئىشلىرى باشقارمىسى لايىھىلىگەن خوتەن بويىچە تۇنجى ئاسما كۆۋرۈك قاراقاش ناھىيىسىنىڭ سايباغ يېزىسىدا ياسالدى.

14 -، 17 - ئاۋغۇست خوتەن شەھەرلىك تۇنجى نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى چاقىرىلىپ، شەھەرلىك تۇنجى نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ھەمدە تۇنجى نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتى، شەھەر باشلىقى، مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى سايلام ئارقىلىق بارلىققا كەلدى. 18 - ئاۋغۇست خوتەن شەھىرى (ناھىيە دەرىجىلىك) رەسمىي قۇرۇلدى. ئەسلىدىكى خوتەن ناھىيىسىگە قاراشلىق ئىلچى بازىرى، شورباغ يېزىسى، لاسكۈي يېزىسىنىڭ كۆپ قىسمى ھەم خوتەن ناھىيىسىنىڭ ئۇرۇقچىلىق مەيدانى شەھەرگە قاراشلىق بولدى.

23 -، 30 - ئاۋغۇست «ئۈچ شىمالىي رايون» سۇغىرىش رايونلىرىدىكى ئېتىز - ئېرىق مۇداپىئە ئورمىنى نەق مەيدان تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى خوتەندە چاقىرىلدى. يىغىنغا 12 ئۆلكە، ئاپتونوم رايون ۋەكىللىرىدىن 140 كىشى قاتناشتى. يىغىن مەزگىلىدە ۋەكىللەر لوپ، خوتەن ناھىيىسى ۋە خوتەن شەھىرىنىڭ ئېتىز - ئېرىقنى ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى. ئورمانچىلىق مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى دۇڭ جىيۇڭ خۇلاسە سۆزى سۆزلىدى.

24 - ئاۋغۇست پۈتۈن ۋىلايەت بويىچە يېزا قۇرۇش خىزمىتى ئىشلىنىپ، گۇڭشې بىلەن ھاكىمىيەتنى ئايرۋېتىش يولغا قويۇلدى.

11 - سېنتەبىر ۋىلايەتلىك ئاز سانلىق مىللەت قەدىمىي ئەسەرلىرىنى توپلاش، رەتلەش، نەشىر قىلىشقا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. ئىشخانىسى مىللەتلەر ئىشلىرى باشقارمىسىدا تەسىس قىلىندى.

13 - سېنتەبىر ۋىلايەتلىك پەن - تېخنىكا ئاخبارات تەتقىقات ئورنى قۇرۇلدى. ۋىلايەتلىك پەن - تېخنىكا كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولدى.

15 - سېنتەبىر يېزا - بازار كارخانىلىرىنى باشقۇرۇش كەسپى

قۇرۇلۇش تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى خوتەندە چاقىرىلدى، يىغىننىڭ مەقسىتى رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش، ناھىيە، يېزا تاشيول قۇرۇلۇشىدا «خەلق ئىشلەش، دۆلەت ياردەم بېرىش» خەلق ئىشلەش، يەرلىك ئۆزى تەييارلاشنى ئاساس قىلىش پرىنسىپىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈپ، ناھىيە، يېزا تاشيول قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، شەھەرلەر بىلەن يېزىلارنى تۇتاشتۇرىدىغان قاتناش تورلىرىنى تېزدىن شەكىللەندۈرۈشتىن ئىبارەت بولدى. يىغىندا «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ناھىيە، يېزا يوللىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش توغرىسىدىكى بىر قانچە پىكرى» دېگەن يېتەكچى خاراكتېرلىك ھۆججەت شەكىللەندۈرۈلدى.

6 - سېنتەبىر ئاپتونوم رايون قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن مەركەز ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ سەنئەت ئۆمىكى خوتەنگە كېلىپ ھال سوراش ئويۇنى قويدى.

8 - سېنتەبىر خوتەن سۈنئىي ھەمراھ ئارقىلىق تېلېۋىزىيە نومۇرلىرىنى قوبۇل قىلىش ئاپپاراتىنى قۇراشتۇرۇپ سىناش مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى، مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى سۈنئىي ھەمراھ ئارقىلىق تارقاتقان تەڭشەش سىناق سىگنالى مۇۋەپپەقىيەتلىك قوبۇل قىلىندى.

9 - سېنتەبىر چۈشتىن كېيىن ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە ۋە خوتەن شەھىرى بىرلىشىپ چاي ئۆتكۈزۈپ، ئېلىمىزنىڭ تۇنجى ئوقۇتقۇچىلار بايرىمىنى تەبرىكلىدى. چايغا 160 نەپەر ھەر مىللەت ئوقۇتقۇچىلىرى ۋەكىلى قاتناشتى.

23 - سېنتەبىر ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تاپشۇرۇقىغا ئاساسەن، شىنجاڭدا ئىشلەۋاتقىنىغا 30 يىلدىن ئاشقان خوتەندىكى ھەر مىللەت كادىرلىرى، ئىشچى - خىزمەتچىلىرى ۋە زىيالىيلىرىغا شەرەپ ئوردېنى ۋە گۇۋاھنامە تارقىتىپ بەردى.

1 - ئۆكتەبىر ۋىلايەتلىك «30 يىللىقنى تەبرىكلەش ئىشخانىسى» ئاپتونوم رايون قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن ئويۇشتۇرغان «خوتەن ۋىلايىتىنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش مۇۋەپپەقىيەتلىرى كۆرگەزمىسى» ۋىلايەتلىك ئاممىۋى سەنئەت سارىيىدا ئۆتكۈزۈلدى.

23 - ئۆكتەبىر خوتەن ۋىلايەتلىك كادىرلار ساناتورىيىسى قۇرۇلدى.

24 ـ يانۋار ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ئىلمىي جەمئىيىتى قۇرۇش يىغىنى چاقىرىلدى. ھەر خىل تېپتىكى كەسپىي ئىلمىي مۇھاكىمە ماقالىسىدىن 70 پارچە تاپشۇرۇۋېلىندى. 16 پارچە ماقالە يىغىندا ئوقۇشقا تاللاندى. يىغىن 28 ـ يانۋار ئاخىرلاشتى. يېزا ئىگىلىك ئىلمىي جەمئىيىتى ۋىلايەتلىك زىرائەت، پىلە ـ ئۈجمىچىلىك، تۇپراق، ئۆسۈملۈك ئاسراش، باغۋەنچىلىك، ئورمانچىلىق جەمئىيىتى قاتارلىق ئالتە شۆبە جەمئىيەتتىن تەشكىل تاپتى. ئەزالىرى 382 نەپەر بولدى.

يانۋاردا ۋىلايەت بويىچە 35 يىلدىن بېرى كۆلىمى ئەڭ زور بولغان پارتىيە ئىستىلى خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ سېلىشتۇرۇپ باھالاش يىغىنى 11 كۈن داۋاملىشىپ ئاخىرلاشتى.

3 ـ ئاپرېل شىنجاڭ رادىئو سىفەن داشۆسىنىڭ خوتەن شۆبە مەكتىپى رەسمىي قۇرۇلدى. مۇئاۋىن ۋالىي مەتتۇرسۇن شېرىپ مەكتەپ مۇدىرلىقىنى قوشۇمچە ئۆتىدى.

ئىيۇلنىڭ ئالدىنقى ئون كۈنىدە شىنجاڭ گېئولوگىيە كان بايلىقلىرى ئىدارىسىنىڭ 10 ـ گېئولوگىيە چوڭ ئەترىتى ۋىلايىتىمىزنىڭ مەلۇم كان رايونىدا بىر دانە ئالماسنى بايقىدى. بۇ ئالماس ئەگرى يۈزلۈك ئون ئىككى قىرلىق ئېغىرلىقى 0.221 كارات، ئۇزۇنلىقى 3mm بولۇپ، ئۇ، 1984 ـ يىلىدىن كېيىن خوتەن ۋىلايىتىدە بايقالغان ئىككىنچى ئالماس پارچىسى ھېسابلىنىدۇ. بۇلارغا ئاساسەن ۋىلايىتىمىزدە ھەقىقەتەن ئالماس زاپىسى بارلىقى ئىسپاتلاندى.

18 ـ ئىيۇل خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئورۇمچى كادىرلار ساناتورىيىسى قۇرۇلدى.

28 ـ ئىيۇل ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى خۇياۋباڭ ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن تۆمۈر داۋامەتنىڭ ھەمراھلىقىدا خوتەنگە كېلىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى. ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ گۇما، قاراقاش، چىرا، كېرىيە، نىيە ناھىيىلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى. خوتەن شەھىرىدە ۋىلايەتكە بىۋاستە قاراشلىق ئورۇنلار ۋە قىسمەن ناھىيە (شەھەر) لەرنىڭ ناھىيە دەرىجىدىن يۇقىرى پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە رەھبەرلىرىنى قوبۇل قىلدى، 30 ـ ئىيۇل ئاپتوموبىل بىلەن بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىغا يۈرۈپ كەتتى.

21 ـ ئاۋغۇست ئاپتونوم رايونلۇق ناھىيە، يېزا تاشيول

خوتەننى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىدىن 17 كىشىنى باشلاپ خوتەندە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. «ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، يول ئېچىپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، باتۇرلۇق بىلەن ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، نامراتلىقنى تۈگىتىپ باي - باياشات بولايلى» دېگەن تېمىدا تەكشۈرۈش دوكلاتى يازدى.

8 - ئاپرېلدىن 1 - سېنتەبىرگىچە مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاقىدار ئۇقتۇرۇشىنىڭ روھىغا ئاساسەن، چىرا، قاراقاش، كېرىيە، لوپ، نىيە ناھىيىسى ۋە خوتەن شەھىرىنىڭ خەلق قوراللىق بۆلۈمى يەرلىك تۈزۈلمىگە ئۆگەرتىلدى.

ئاپرېلدا ئاممىۋى سەنئەت سارىيىنىڭ سەنئەت خادىمى ئابدۇللا مەجنۇن يېڭى تىپتىكى چالغۇ ئەسۋابى — «دىلتار» نى ئىجاد قىلدى.

21 - ئاپرېلدىن 28 - ئاپرېلغىچە شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئابدۇشۈكۈر تۇردى، شىنجاڭ بىناكارلىق ماتېرىياللىرى تەتقىقات ئورنىنىڭ باشلىقى، ئالىي ئىنژېنېر سۇي شيۇخۇا ۋە قاراقاش ناھىيە كۆيا يېزىلىق دېھقان تاجىنىساخان قاتارلىق مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئۈچ نەپەر ۋەكىلى خوتەنگە كېلىپ، 6 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 - سانلىق يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى.

ئاپرېلدا ۋىلايەتلىك خەلق دوختۇرخانىسى «مەدەنىيلىك دوختۇرخانا بەرپا قىلىشتىكى ئىلغار ئورۇن» دېگەن نامغا ئېرىشتى.

2 - ماي شىنجاڭ 2 - ئاپتوموبىل رېمونت زاۋۇتىنىڭ خوتەن شۆبە زاۋۇتى خوتەن ناھىيىلىك رېمونت قىلىش - ياساش زاۋۇتىدا كىش باشلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى.

5 - مايدىن 31 - ئىيۇلغىچە جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى تەبىئىي بايلىقلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، تەتقىقاتچى، شىنجاڭ تەبىئىي بايلىقلارنى ئۇنۇمۇپرسال گېچىش - تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى شى يۇلىن، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ تەبىئىي بايلىقلارنى ئۇنۇمۇپرسال تەكشۈرۈش ئەترىتىنى باشلاپ كېلىپ، خوتەندە ئۇنۇمۇپرسال تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

18 - ماي ئاخشامدىن 19 - ماي تاڭ سەھەرگىچە پۈتۈن خوتەن ۋىلايىتى مىقياسىدا ئالاھىدە قاتتىق قارا بوران چىقتى. ئوتتۇرىچە شامال كۈچى سەككىز بال بولۇپ، ئەڭ يۇقىرى بولغاندا ئون بالغا يەتتى. كېۋەز ئومۇميۈزلۈك زىيانغا ئۇچراپ، ئېغىر ئاپەتكە ئۇچرىغان

12 ـ نويابىر ئازادلىق ئارمىيە قەھرىمان نەمۇنىچىلىرى ۋەكىللىرى خوتەنگە كېلىپ دوكلات نۇتقى سۆزلىدى.

## 1986 ـ يىل

8 ـ يانۋار خوتەن ناھىيىسىنىڭ بوزاق بىرىكمە تالا تاختاي زاۋۇتى رەسمىي پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى.

2 ـ، 6 ـ فېۋرال ۋىلايەتلىك ئۈچ دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنى چاقىرىلدى. ۋىلايەت، ناھىيە، يېزا دەرىجىلىك رەھبەرلەردىن 400 كىشى يىغىنغا قاتناشتى. يىغىندا ئالدىنقى يىللىق ئاساسىي تەجرىبە ساۋاقلار يەكۈنلىنىپ، 1986 ـ يىللىق تۈرلۈك خىزمەت ۋەزىپىلىرى مۇزاكىرە قىلىندى. يىغىندا مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى يولداش نۇرمۇھەممەت خۇدابەردى: «تەجرىبىلەرنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، «يۈيگۈلۈك» روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۈزلۈكسىز يېڭى غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرەيلى» دېگەن تېمىدا دوكلات بەردى، ۋىلايەتلىك پارتكوم شۇجىسى ياڭ جيەنجاڭ خۇلاسە دوكلاتى بەردى.

27 ـ فېۋرالدىن 2 ـ مارتقىچە ئۈرۈمچى تۆمۈر يول ئىدارىسى بېيجىڭ پويىز ئەترىتىنىڭ دوكلات ئۆمىكىدىكى توققۇز كىشى خوتەنگە كېلىپ نۇتۇق سۆزلىدى، ئۇلار خوتەندە ئارقا ـ ئارقىدىن تۆت مەيدان دوكلات بەردى، ئاڭلىغۇچىلار 8000 كىشىدىن ئاشتى.

5 ـ مارت ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى سايمانلىرى ئىشلەپچىقارغان رەڭلىك سېمونت گۈللۈك خىش تېخنىكىلىق باھالاشتىن ئۆتتى. بۇ ۋىلايىتىمىزدە بىر خىل يېڭى مەھسۇلاتنىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكىدىن دېرەك بەردى.

14 ـ مارت چوڭ تىپتىكى يولۇچىلار 154 T ئايروپىلانى خوتەنگە تۇنجى قېتىم سىناق تەرىقىسىدە ئۇچۇپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى.

30 ـ مارتتىن 2 ـ ئاپرېلغىچە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى يۈسۈپ مۇھەممىدى قاتارلىق يولداشلار چىرا، قاراقاش، گۇما ناھىيىلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى.

31 ـ مارت ۋىلايەتلىك پوچتا ـ تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ ئۇنىۋېرسال خىزمەت بىناسى رەسمىي ئىشلىتىلىشكە باشلىدى.

5 ـ ئاپرېلدىن 25 ـ ئاپرېلغىچە ئاپتونوم رايونلۇق پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى يولداش لىداگۇي قاتارلىقلار ئاپتونوم رايونلۇق نامراتلارغا يار ـ يۆلەك بولۇش گۇرۇپپىسىنىڭ

5 مېتىر، كەڭلىكى 3.4 مېتىر. گىلەمگە ئۇيغۇر ئۇسسۇلى شەكىللىرى چۈشۈرۈلگەن.

1 ـ ئىيۇل خوتەن ناھىيىلىك سېمونت زاۋۇتى پۈتۈپ سىناق تەرىقىسىدە ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتى.

20 ـ ئىيۇلدىن 26 ـ ئىيۇلغىچە قەشقەر، خوتەن شەھەرلىك 2 ـ يېنىك سانائەت يەرلىك مەھسۇلات بىرلەشمە يەرمەنكىسى خوتەن شەھەرلىك مىللىي بويۇملار بىناسىدا ئۆتكۈزۈلدى.

13 ـ ئاۋغۇست جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەنىنىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى ۋەنلى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق مەسلىھەتچىلەر كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ۋاڭ ئېنماۋ، مەركىزىي مەسلىھەتچىلەر كومىتېتىنىڭ دائىمىي ئەزاسى رۇڭ گاۋتاڭ قاتارلىقلار خوتەنگە كېلىپ يېزا خىزمىتىنى كۆزدىن كەچۈردى ھەمدە مۇھىم سۆز قىلدى.

23 ـ، 24 ـ ئاۋغۇست گۇاڭشى جۇاڭزۇ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەسلىھەتچىسى جاڭ شىڭجېن، مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى موجيايۇ، ھۆكۈمەت بەنگۇڭتىڭىنىڭ كاتىپى لىي دې قاتارلىقلاردىن تەشكىل قىلىنغان زىيارەت ئۆمىكى خوتەنگە كېلىپ زىيارەت قىلدى.

29 ـ سېنتەبىر ۋىلايەتلىك ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى كومىتېتى قۇرۇلدى. غوپۇر ئابدۇللا مۇدىر، شى زوجېن مۇئاۋىن مۇدىر بولدى.

3 ـ، 7 ـ ئۆكتەبىر ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە مەخسۇس شەھەر ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى تەتقىقات يىغىنى ئاچتى.

5 ـ ئۆكتەبىر خوتەن بىلەن ياڭجۇ شەھىرى بىرلىشىپ قۇرغان قاشتېشى ئويمىچىلىق زاۋۇتى بارلىققا كەلدى.

3 ـ، 23 ـ ئۆكتەبىر جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى لەنجۇ قۇم تەتقىقات ئورنى، فېدراتىپ گېرمانىيە بېرلىن ئەركىنلىك داشۆسى، گېدىنگېن ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە كرون ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تۈنجى بىرلەشمە قۇم تەكشۈرۈش ئەترىتى تەكلىماكان قۇملۇقىنى يېرىم ئاي تەكشۈردى.

5 ـ ئۆكتەبىردىن 14 ـ ئۆكتەبىرگىچە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قورۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئون كىشىلىك تەكشۈرۈش

كۆلەم 120 نەچچە مىڭ موغا يەتتى. بۇنىڭدىن تەخمىنەن 70% كېۋەز قۇرۇپ كەتتى. ئېغىر ئاپەتكە ئۇچرىغان بۇغداي كۆلىمى 7500 نەچچە موغا، ئاپەتكە ئۇچرىغان قوناق كۆلىمى 2100 موغا يەتتى. زىيان بولغان كۆكتات، قوغۇن، تاۋۇز كۆلىمى 15 مىڭ مودىن ئاشتى. 11 كىشى ئۆلۈپ كەتتى، تۆت كىشى يارىلاندى. 7896 تۇياق چارۋا يوقىلىپ كەتتى ۋە ئۆلۈپ كەتتى، 653 ئېغىز ئۆي ۋەيران بولدى. 130 مىڭ تۈپ دەرەخ يىلتىزىدىن قومۇرۇلۇپ كەتتى. ئىككى مىڭ تال ئېلېكتر ستولبىسى سۇنۇپ كەتتى، بۇ قېتىمقى بوران خوتەن خەلقىگە غايەت زور زىيان سالدى.

27 - ماي ۋىلايەتلىك پارتكوم، ۋىلايەتلىك نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇپ بېيىتىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرىنى تەڭشەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش چىقاردى. يولداش نۇرمۇھەممەت خۇدابەردى گۇرۇپپا باشلىقى، يولداش نيۇبىڭشىڭ، جاۋشۆمىنلار مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى بولدى، ۋىلايەت بويىچە ۋىلايەت، ناھىيە، يېزا، كەنتتىن ئىبارەت تۆت دەرىجىنىڭ ھەممىسىدە رەھبەرلىك ئاپپاراتى قۇرۇلۇپ، بۇ خىزمەتكە بولغان رەھبەرلىك كۈچەيتىلدى.

29 - مايدىن 1 - ئىيۇنغىچە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى يولداش قېدىرباي ئاپتونوم رايونلۇق ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىدىن يەتتە كىشىنى باشلاپ چىرا، لوپ، قاراقاش قاتارلىق ناھىيىلەرنىڭ ئاپەت ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈردى.

30 - مايدىن 4 - ئىيۇنغىچە ۋىلايەتلىك ئۈچ دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنى ۋىلايەتلىك پارتكوم زالىدا ئېچىلدى. 200 دىن ئارتۇق رەھبىرىي كادىر يىغىنغا قاتناشتى. يىغىندا «جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە ئىككى ۋىلايەت، بىر ئوبلاستنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ بېيىتىش خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى» نىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش ۋە ۋىلايىتىمىزنى تېزدىن نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ بېيىتىش مەسىلىسى ئەستايىدىل مۇھاكىمە قىلىندى، يىغىندا «رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىنى تېزدىن نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ بېيىتىش توغرىسىدا قارار» ماقۇللاندى.

3 - ئىيۇن خوتەن گىلەم كارخانىسى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق سارىيىنىڭ خوتەن زالى ئۈچۈن توقۇغان قويۇق خوتەنچە ئالاھىدىلىككە ئىگە چوڭ تام گىلىمىنى پۈتكۈزدى. بۇ گىلەمنىڭ ئۇزۇنلۇقى 5.

مەھكىمە مەجلىسخانىسىدا ئېچىلدى. 55 ۋەكىل يىغىنغا قاتناشتى، يىغىندا ۋىلايەتلىك تەرجىمانلار جەمئىيىتى قۇرۇلدى.

13 - دېكابىر خوتەن - بۇيا تاشيولىنىڭ بىرىنچى قارارلىق قۇرۇلۇشى پۈتتى. بۇ قۇرۇلۇشنى قوراللىق ساقچى قاتناش ئىككىنچى باش ئەترىتىنىڭ بەشىنچى تارماق ئەترىتى 1984 - يىلى مايدىن باشلاپ ئىشلەشكە كىرىشكەن. تاشيولىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 76. 117 كىلومېتىر، بۇ تاشيولىنىڭ ياسىلىشى بۇيا كۆمۈر كېنىنى ئېچىش، خوتەندە كۆمۈر جىددىي بولۇشتەك ھالەتنى ئۆزگەرتىشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

28 - دېكابىر ئاپتونوم رايون بويىچە نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلارنىڭ بىرى — قاراقاش دەريا ئېلىشىپىشى قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسىي گەۋدە قۇرۇلۇشى پۈتۈپ سۇ باشلاندى.

شۇ كۈنى خوتەن تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى 12 - قانالدا (مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ نومۇرى) سىناق قىلىپ تارقىتىشتا مۇۋەپپەقىيەت قازاندى، بۇ ۋىلايىتىمىزنىڭ تېلېۋىزىيە ئىشلىرى تارىخىدىكى يەنە بىر مول نەتىجە ھېسابلىنىدۇ.

31 - دېكابىر ۋىلايەتلىك ئوت ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ توك تارقىتىش ئىقتىدارى 6000 كىلوۋات بولغان ئىككىنچى نومۇرلۇق گېنېراتورلار گۇرۇپپىسى رەسمىي پۈتۈپ توك بېرىشكە باشلىدى.

## 1987 - يىل

15 - يانۋاردىن 23 - يانۋارغىچە ۋىلايەتلىك ئۈچ دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنى ۋىلايەتلىك پارتكوم زالىدا ئېچىلدى. يەتتە ناھىيە، بىر شەھەر ۋە ۋىلايەتكە بىۋاستە قاراشلىق ئورۇنلارنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرىدىن بولۇپ 300 دىن ئارتۇق كىشى يىغىنغا قاتناشتى. يىغىنىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى مەركەز ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم يېزا خىزمەت يىغىنىنىڭ روھىنى قەتئىي تەۋرەنمەستىن ئىزچىللاشتۇرۇپ ئەمەلىيلەشتۈرۈش؛ خوتەننىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ۋىلايىتىمىزنىڭ 1986 - يىللىق دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق خىزمىتىنى يەكۈنلەش؛ 1987 - يىللىق خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش؛ ۋىلايىتىمىزنىڭ يېزا ئىسلاھاتى ۋە يېزا ئىقتىسادىنى يەنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ كونكرېت تەدبىرى ۋە ئۇسۇلىنى مۇزاكىرە قىلىشتىن ئىبارەت بولدى.

گورۇپپىسى خوتەنگە كېلىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى.

8 - ئۆكتەبىر مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ شېڭشياڭ مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى مالىيە ئىشلىرى بۆلۈمى، خىراجەت باشقارمىسىدىكى يولداشلارنى باشلاپ، ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئوۋ ياڭخەن ھەمدە ئالاقىدار يولداشلارنىڭ ھەمراھلىقىدا خوتەنگە كېلىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى.

5 - نويابىر لوپ ناھىيىسىنىڭ دول يېزىسىدا يۈز بەرگەن غەيرىي A، غەيرىي B تىپلىق جىگەر كېسىلى لوپ ناھىيىسى بويىچە تارقىلىشقا باشلىدى. مۇناسىۋەت بىلەن ۋىلايەتلىك پارتكوم جىددىي يىغىن چاقىرىپ، كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ، جىگەر كېسەللىكىنىڭ تارقىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى تەلەپ قىلدى.

6 - نويابىر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى، كۆكەرتىش كومىتېتى تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتىپ، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئېتىز - ئېرىقلارنى ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇشنى ئاساسىي جەھەتتىن ئەمەلگە ئاشۇرغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلىدى.

14 - نويابىر مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ئۇرۇمچىدە تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ مېھمانخانا ياتاق بىناسى پۈتۈپ ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇپ بېرىلدى.

نويابىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى خوتەن ناھىيە سۇ ئىشلىرى تۇگۈن قۇرۇلۇش سۇپا ئېلىشتىكى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى پۈتتى.

نويابىرنىڭ ئاخىرى غەيرىي A، غەيرىي B تىپلىق جىگەر كېسەللىكى پۈتۈن ۋىلايەت بويىچە تارقالدى. 13 - دېكابىرگىچە ۋىلايەت بويىچە بۇ كېسەل بىلەن ئاغرىغانلار 8033 كىشىگە يەتتى. 49 كىشى ئۆلۈپ كەتتى.

دېكابىرنىڭ باشلىرى مەملىكەتلىك «ئۈچ شىمالىي رايون» ئىھاتە ئورمان سىستېما قۇرۇلۇشىنىڭ بىرىنچى قارارلىق قۇرۇلۇشى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنىدا خوتەن ناھىيىسى، لوپ ناھىيىسى ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالىنىپ، مىس مېدال مۇكاپاتى ۋە شەرەپ گۇۋاھنامىسىغا ئېرىشتى. مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى تاڭ چۈنجۇ مەملىكەت بويىچە ئورمانچىلىق سېپىدىكى ئەمگەك نەمۇنىچىسى دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشتى. مىس مېدال مۇكاپاتى ۋە شەرەپ گۇۋاھنامىسىغا ئىگە بولدى.

12 - دېكابىر ۋىلايەتلىك تەرجىمانلار ۋەكىللىرى يىغىنى مەمۇرىي

كىبەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈردى.

24 - مارتتىن 26 - مارتقىچە شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن جىڭۋېيسى مامىتوف شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ ھال سوراش ئۆمىكىدىكى يەتتە كىشىنى باشلاپ خوتەنگە كېلىپ ھال سورىدى ھەمدە ئاپتونوم رايون خەلقىنىڭ خوتەن خەلقىگە ئەۋەتكەن ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش بۇيۇملىرىنى يەتكۈزدى.

ئاپرېلدا بېيجىڭدا چاقىرىلغان مەملىكەتلىك سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش سىستېمىسىنىڭ «قوش ئىلغارلار» نى تەقدىرلەش يىغىنىدا ۋىلايەتلىك سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقارمىسى «ئىلغار كوللېكتىپ» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئىگە بولدى.

22 - ئاپرېل ۋىلايەتلىك ياشانغانلار خىزمىتى كومىتېتى قۇرۇلدى. ۋالىي نۇرمۇھەممەت خۇدابەردى مۇدىر ھەيئەت بولدى. ئەمگەك - كادىرلار باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى چېڭ شىڭخۇا، خەلق ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ باشلىقى بارات رەخمەت مۇئاۋىن مۇدىر ھەيئەت بولدى.

23 - ئاپرېل ئاپتونوم رايونلۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. ئاپتونوم رايونلۇق كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش ئىشخانىسى خوتەندە قۇرۇلدى. سەھىيە نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى مۇھەممەت ئىمىن سابىر مۇدىر بولدى. مۇئاۋىن ۋالىي مەتتۇرسۇن شېرىپ مۇئاۋىن مۇدىر بولدى.

مايدا خوتەن يىپەك توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنىڭ يىپەك تارتىش ئىشچىسى تۇرسۇننىيازخان جۇڭخۇا مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ 1 - ماي ئەمگەك مېدالىغا ئېرىشتى.

4 - ماي خوتەن ناھىيە خانئېرىق يېزىسىدىن نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇش، مائارىپنى قوللاش نەمۇنىچىسى يولداش كېرەم ئىمىنگە مەركىزىي ئىتتىپاق كومىتېتى «مەملىكەتلىك يېڭى ئۇزۇن سەپەر زەربىدارى» دەپ شەرەپلىك نام بەردى.

15 - ماي نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇش، مائارىپنى قوللاش نەمۇنىچىسى كېرەم ئىمىن مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن، پۈتۈن ئارمىيە بويىچە قەھرىمان نەمۇنىچىلار ۋەكىلى بولۇپ بېيجىڭگە بېرىپ، پۈتۈن ئارمىيە قەھرىمان نەمۇنىچىلار سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشتى.

18 - مايدىن 23 - مايغىچە ۋىلايەتتە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ،

18 ـ يانۋاردىن 23 ـ يانۋارغىچە ۋىلايەتلىك تۆنجى قېتىملىق يېزا- بازار كارخانىلىرى ۋە يېنىك سانائەت مەھسۇلاتلىرى يەرمەنكىسى ئۆتكۈزۈلدى.

27 ـ يانۋار ۋىلايەتلىك جىگەر كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش- داۋالاش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، مۇئاۋىن ۋالىي مەتتۇرسۇن شېرىپ گۇرۇپپا باشلىقى بولدى.

16 ـ فېۋرالدىن 21 ـ فېۋرالغىچە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى يولداش ھامىدىن نىياز ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۆڭتىڭى، مالىيە نازارىتى، خەلق ئىشلىرى نازارىتى، تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ 12 نەپەر مەسئۇلىدىن تەشكىل قىلىنغان ھال سوراش ئۆمىكىنى باشلاپ خوتەنگە كېلىپ ھال سورىدى ھەمدە لوپ، خوتەن، قاراقاش ناھىيىلىرىدە كېسەللىك ئەھۋالىنى نەق مەيداندا تەكشۈرۈپ، كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ داۋالاش تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

25 ـ فېۋرال ئاپتونوم رايونلۇق كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى خوتەندە قۇرۇلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ دائىمىي ئەزاسى قېيۇم باۋۇدۇن گۇرۇپپا باشلىقى بولدى. يالڭ جيەنجاڭ، دۇڭ جاۋخى، لى گويۈڭ، مەتتۇرسۇن شېرىپ مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى بولدى.

9 ـ مارتتىن 11 ـ مارتقىچە ۋىلايەتلىك پارتكوم كېڭەيتىلگەن يىغىن چاقىردى. ناھىيە دەرىجىدىن يۇقىرى رەھبىرىي كادىرلاردىن 250 تىن ئارتۇق كىشى يىغىنغا قاتناشتى. يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق 3 ـ نۆۋەتلىك پارتىيە كومىتېتى 9 ـ سانلىق ئومۇمىي ھەيئەتلەر (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى. يىغىندا ئاساسىي ئىككى مەسىلە مۇزاكىرە قىلىندى: 1) ئىدىيە سېپىدە بايرىقى روشەن ھالدا تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇش مەسىلىسى؛ 2) ئىقتىسادىي سەپتە مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇش، ئىقتىساد قىلىش، كىرىمنى ئاشۇرۇپ، چىقىمنى تېجەش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇش مەسىلىسى.

23 ـ مارتتىن 10 ـ ئاپرېلغىچە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى يۈسۈپ مۇھەممىدى خوتەننىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى ۋە

ومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى يۈەن باۋخۇا خوتەنگە كېلىپ خوتەننىڭ ىقتىسادىي ئەھۋالىنى ئۈچ كۈن تەكشۈردى. ئاپتونوم رايوننىڭ ۋئاۋىن رەئىسى توختى سابىر ھەمراھ بولۇپ بىرگە كەلدى.

شۇ كۈنى نىيە ناھىيىسىنىڭ ئاقدۆڭ رايونىدا ئوت ئاپىتى يۈز ىىرىپ 50 مو يولغۇنلۇق كۆيۈپ كەتتى. بۇ ۋىلايىتىمىز تارىخىدا ۈنجى ئەڭ چوڭ ئوت ئاپىتى ھېسابلىنىدۇ.

24 ـ ئىيۇل سابىق مەركىزىي مەسلىھەتچىلەر كومىتېتىنىڭ ەزاسى، شىنجاڭ ھەربىي رايون جىڭۋېيسى تەن شەنخې خوتەنگە ېلىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى.

27 ـ ئىيۇلدىن 30 ـ ئىيۇلغىچە ئەنگلىيە تارىخ پەنلىرى وكتورى فىشىر ئەپەندى باشچىلىقىدىكى «ماركوپولو» تەكشۈرۈش ەترىتى قەشقەر ئارقىلىق ۋىلايىتىمىزگە كېلىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. يىپەك توقۇمىچىلىق فابرىكىسى، گىلەم كارخانىسى، ھۈنەر-ـەنئەت شىركىتى ۋە بىر قىسىم مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ىكسكۇرسىيە قىلدى.

29 ـ ئىيۇلدىن 1 ـ ئاۋغۇستقىچە جۇڭخۇا مەملىكەتلىك ئاياللار ىرلەشمىسىنىڭ دائىمىي ئەزاسى، شۇجىچۇنىڭ شۇجىسى، ەملىكەتلىك ئۆسمۈر بالىلار خىزمىتىنى ماسلاشتۇرۇش كومىتېتىنىڭ باش كاتىپى فەن زۇڭيەن، ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى لى گونىڭ ھەمراھلىقىدا خوتەنگە كېلىپ ئاياللار، ئۆسمۈرلەر خىزمىتىنى كۆزدىن كەچۈردى.

1 ـ ئاۋغۇست ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنىغا ئوغرى چۈشۈپ، 71 بۇيۇم ئوغرىلاپ كېتىلدى.

6 ـ ئاۋغۇستتىن 8 ـ ئاۋغۇستقىچە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى يولداش لى شۆسەن خوتەنگە كېلىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى. ۋىلايىتىمىزنىڭ قۇم تىزگىنلەش، كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش، نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇش خىزمەتلىرىگە قارىتا يوليورۇق بەردى.

18 ـ ئاۋغۇستتىن 24 ـ ئاۋغۇستقىچە ئىلىدا ئۆتكۈزۈلگەن ئۆسمۈرلەر قارىغا ئېتىش مۇسابىقىسىدە ۋىلايەتلىك ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتىپىنىڭ سپورتچىسى، شەھەرلىك ئىككىنچى ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى چېڭ شاۋيۇڭ ئۆسمۈرلەرنىڭ يېتىپ تۇرۇپ ئېتىشى بويىچە بىرىنچىلىككە ئېرىشتى.

21 ـ ئاۋغۇستتىن 24 ـ ئاۋغۇستقىچە، تاڭسەن شەھىرىدە

بېيىتىش خىزمەت يىغىنى چاقىرىلدى. يىغىننىڭ ۋاقتى ئالتە كۈن بولۇپ، 85 كىشى قاتناشتى. يىغىندا ئالدى بىلەن نەق مەيداندا كۆرۈش، ئۆگىنىش كېيىن تەجرىبە ئالماشتۇرۇش شەكلى قوللىنىلدى.

25 - ماي، ئاپتونوم رايون خوتەندە قۇرغان كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش ئىشخانىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

9 - ئىيۇن ئاخشىمى ۋىلايىتىمىز قاتتىق بوران - يامغۇرنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىدى. خوتەن، قاراقاش، لوپ، كېرىيە ناھىيىلىرىدە 24Cm چامىسىدا يامغۇر ياغدى. قالغان ناھىيىلەردىمۇ 10Cm - 20 يامغۇر ياغدى. تولۇقسىز مەلۇماتتىن قارىغاندا، 88 مىڭ مودىن ئارتۇق بۇغداي يېتىپ كەتتى، 5000 دىن ئارتۇق چارۋا ئۆلدى. بىر كىشىنى توك سوقۇۋېتىپ ئۆلۈپ كەتتى. %75 دېھقانىنىڭ ئۆيىدىن يامغۇر ئۆتۈپ كەتتى، بەزى ئۆيلەر ئۆرۈلۈپ چۈشتى.

شۇ كۈنى نىيە سۇ مەنبەسى ئېلېكتر ئىستانسىسى پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتى. بۇنىڭ سىغىمچانلىقى 1344 كىلوۋات.

16 - ئىيۇن خوتەن ھۈنەر - سەنئەت شىركىتى بىلەن ياڭجۇ شەھەرلىك قاشتېشى سايمانلىرى زاۋۇتى بىرلىشىپ قۇرغان خوتەن قاشتېشى ئويمىچىلىق زاۋۇتىنىڭ كېلىشىم ئىمزالاش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. ۋالىي غوپۇر ئابدۇللا، ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى نۇرمۇھەممەت خۇدابەردى، ۋاڭ پېيساڭ مۇراسىمغا قاتناشتى.

ئىيۇلدا شىنجاڭ ھەربىي رايون قۇرۇقلۇق ئارمىيە 19 - دوختۇرخانىسىنى خوتەن ۋىلايىتىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىش مۇراسىمى مەمۇرىي مەھكىمە مەجلىسخانىسىدا ئۆتكۈزۈلدى 19 - دوختۇرخانا خوتەن ۋىلايىتىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەندىن كېيىن ۋىلايەتلىك تېببىي مەكتەپنىڭ شۆبە دوختۇرخانىسى قىلىندى.

17 - ئىيۇل ۋىلايەتلىك سىياسىي كېڭەش ئالاقە باشقارمىسى قۇرۇلدى، ۋىلايەتلىك بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بۇنىڭغا قوشۇمچە باشلىق بولدى.

22 - ئىيۇلدىن 28 - ئىيۇلغىچە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ شۇجىسى سۇڭ خەنلياڭ خوتەنگە كېلىپ، نىيىدىن باشقا ئالتە ناھىيە، بىر شەھەرنىڭ كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش، كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇش ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈردى.

23 - ئىيۇلدىن 25 - ئىيۇلغىچە دۆلەت ئىقتىسادىي

تەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى ئىشخانىسى سۇ ئۆزگەرتىش اشقارمىسىنىڭ باشلىقى جاڭ جىڭلىن قاتارلىق توققۇز كىشى خوتەنگە كېلىپ جىگەر كېسەللىك ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈردى.

30 - نويابىردىن 3 - دېكابىرغىچە سەھىيە مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى چېن مىنجاڭ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ تاپشۇرۇقىغا بىنائەن 24 كىشىدىن تەركىب تاپقان گوۋۇيۈەن خىزمەت گۇرۇپپىسىنى يېتەكلەپ، ئاپتونوم رايون رەئىس تۆمۈر داۋامەت بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جانابىلنىڭ ھەمراھلىقىدا خوتەنگە كېلىپ، كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ېلىش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىزمەتلىرىنى تەكشۈرۈپ يېتەكچىلىك قىلدى.

11 - دېكابىر خوتەن - بۇيا تاشيولىنىڭ ئىككىنچى قارارلىق ۇرۇلۇشىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش - ئىمزالاش مۇراسىمى ەمۇرىي مەھكىمە ئىككىنچى قەۋەت مەجلىسخانىسىدا ئۆتكۈزۈلدى، ۇئاۋىن ۋالىي غوپۇر ئابدۇللا تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ېلىشنامىسىغا ئىمزا قويدى.

22 - دېكابىر ۋىلايەتلىك پارتكوم مەمۇرىي مەھكىمە تىياتىرخانىدا ساڭ كىشىلىك چوڭ يىغىن چاقىرىپ، ئاپتونوم رايونلۇق ەسلىھەتچىلەر كومىتېتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، جەنۇبىي شىنجاڭ ئۇچ ۇرۇلۇش قوماندانلىق شتابىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ۋارىسجان ۆردىنىڭ «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا نەمۇنە قۇرۇلۇش بەرپا قىلىش ۈچۈن جان تىكىپ كۈرەش قىلايلى» دېگەن تېمىدىكى دوكلاتىنى اڭلىدى.

28 - دېكابىر ئاپتونوم رايوننىڭ نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرىنىڭ مرى بولغان قاراقاش دەرياسى ئېلىشبېشى قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى پۈتۈپ، سۇ باشلاندى. بۇ قۇرۇلۇش 1984 - يىلى بىنتەبىرنىڭ ئاخىرىدا باشلانغان بولۇپ، ئۇنىڭ قۇرۇلمىسى تىزما اختايىسمان قەۋەتلىك سۇ باشلاش ئۇسۇلى بويىچە لاھىيىلەنگەن. بقىن توسمىسى، ئازما، سۇ باشلاش ئۆستىڭىدىن ئىبارەت ئۇچ اساسىي گەۋدىدىن تۈزۈلگەن. لاھىيىدىكى ئېقىن مىقدارى 500 كۇب بېتىر سېكونت بولۇپ، خوتەن ناھىيىسى ۋە قاراقاش ناھىيىسىنىڭ 5670 گېكتار تېرىلغۇ يېرىنى سۇ بىلەن تەمىنلەيدۇ. بۇ ۇرۇلۇشنىڭ پۈتۈشى بىلەن قاراقاش دەرياسىدا كونترول قىلغۇچى ازما بولماسلىق، سۇ ئېقىتىش قالايمىقان بولۇش، ئامەتمۇ - ئاپەتمۇ

مەملىكەتلىك ئىككىنچى نۆۋەتلىك مىيىپلار تەنتەربىيە مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى. ۋىلايىتىمىزدىن ئابدۇغېنى A - S دەرىجىلىك چۆيۈن توپ مۇسابىقىسىدە ئىككىنچى، نەيزە ئېتىش مۇسابىقىسىدە ئۈچىنچى بولدى ھەمدە مەنىۋى مەدەنىيەت مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

27 - ئاۋغۇست يازلىق كانىكولدىن پايدىلىنىپ ئۆزى پۇل چىقىرىپ، دۆلەت ياردەم بېرىش شەكلى بىلەن غەربىي شىمالنى ۋېلسىپىتلىك تەكشۈرۈشكە چىققان جوڭگەن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئۈچ نەپەر تەتقىقاتچى ئوقۇغۇچىسى گوفەن، ليۇجياڭخۋا، جاڭ خەيچاڭ قەشقەردىن ۋېلسىپىتلىك خوتەنگە كەلدى.

7 -، 8 - سېنتەبىر مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە ئۈچىنچى نۆۋەتلىك تەقدىرلەش يىغىنى چاقىرىلدى. يىغىندا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە بەش ئورۇنغا نەمۇنە ئورۇن دەپ نام بېرىلدى.

8 - سېنتەبىردىن 14 - ئۆكتەبىرگىچە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ دائىمىي ئەزاسى قېيىيۇم باۋۇدۇن، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ماۋدېخۋا خوتەندە تۇرۇپ كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلدى.

26 - سېنتەبىردىن 29 - سېنتەبىرگىچە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى سوڭ خەنلياڭ خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى تۆمۈر داۋامەت، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ دائىمىي ئەزاسى، باش كاتىپ لياڭ گويىڭ خوتەندە خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى.

29 - سېنتەبىر خوتەن ۋىلايىتى بويىچە بىرىنچى تۈركۈمدە ھۆددىگەرلىك بىلەن تىجارەت قىلىدىغان كارخانىلارنىڭ «ھۆددىگەرلىك تىجارىتى توختىمى» غا ئىمزا قويۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى.

5 - ئۆكتەبىر ۋىلايەتلىك ھۈنەر - سەنئەت شىركىتى مەجلىسخانىسىدا «خوتەن ياڭجۇ بىرلەشمە قاشتېشى ئويمىچىلىق زاۋۇتىنىڭ ئىش باشلاش مۇراسىمى» ئۆتكۈزۈلدى. خوتەندە تۇنجى قاشتېشى ئويمىچىلىق زاۋۇتى بارلىققا كەلدى.

15 - ئۆكتەبىر خوتەن «جىڭيۇ بىرلەشمە ئاپتوموبىل رېمونت زاۋۇتى» قۇرۇلدى، بۇنىڭ بىلەن ۋىلايىتىمىزدە ئىمپورت ئاپتوموبىللىرىنى رېمونت قىلغىلى بولمايدىغان تارىخقا خاتىمە بېرىلدى.

5 - نويابىر سەھىيە مىنىستىرلىكى يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ساۋچاڭ، مەركىزىي

ھەپتىلىكى» قىلىشنى قارار قىلدى.

7 - مارت مەركەزنىڭ شىنجاڭغا قارىتىلغان نامراتلارنى يۆلەش تۈرىنىڭ بىرى بولغان، يورۇڭقاش دەرياسى ئېلىشىپىشى قۇرۇلۇشىدا رەسمىي ئىش باشلاندى.

10 - مارت ۋىلايەتلىك پارتكوم مالىيە ئىقتىساد رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى مۇزاكىرە قىلىپ، شۇ كۈندىن باشلاپ ۋىلايەت بويىچە گۆشكە قارىتا بىر تۇتاش چەكلىمە باھا يولغا قويۇشنى قارار قىلدى.

2 - ئاپرېل ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى، ۋىلايەتلىك پارتكوم ئومۇمىي ھەيئەتلەر يىغىنىنىڭ قارارىغا ئاساسەن، سابىق قاراقاش ناھىيىلىك شتات كومىتېتىنىڭ مەخسۇس ۋەزىپىدىكى مۇئاۋىن مۇدىرى غېنى سۇلتاننى كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى خوتەن ۋىلايەتلىك كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىقىغا تەيىنلىدى. سىناپ ئىشلىتىش مۇددىتى بىر يىل بولىدىغانلىقى بەلگىلەندى. بۇ خوتەن ۋىلايىتىدە يېڭىدىن تەيىنلەنگەن ناھىيە دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارغا قارىتا سىناپ ئىشلىتىش مۇددىتى تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن سىناق مۇددىتى بىلەن تەيىنلەنگەن تۇنجى كادىر بولدى.

1 - ئاۋغۇست ۋىلايەتلىك پارتكوم بىلەن مەمۇرىي مەھكىمە سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، خوتەن - بۇيا تاشيولىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك پۈتكەنلىكىنى تەبرىكلىدى. خوتەن - بۇيا تاشيولىنىڭ 2 - قارارلىق قۇرۇلۇشى 25 - ئىيۇل تاماملىنىپ، 30 - ئىيۇل باھالاپ تاپشۇرۇۋېلىندى. بۇ تاشيول قۇرۇلۇشىدا 2 مىليون 360 مىڭ كۇب مېتىر توپا - تاش قۇرۇلۇشى، 325 مىليون 850 مىڭ كۇب مېتىر يول ئاسراش قۇرۇلۇشى تاماملاندى. جەمئىي 33 مىليون 210 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. خوتەن مەمۇرىي مەھكىمە مەزكۇر قۇرۇلۇش داۋامىدا قۇربان بولغان 13 نەپەر قوراللىق ساقچى قىسىم جەڭچىسىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن خاتىرە مۇنارى سېلىشنى قارار قىلدى. 22 - ئۆكتەبىر ۋاڭ ئىنماۋ شۇجى بۇ خاتىرە مۇنارىغا «خوتەن - بۇيا تاشيول قۇرۇلۇشى ئۈچۈن باتۇرلارچە جان پىدا قىلغان يولداشلار مەڭگۈ ھايات!» دېگەن بېغىشلىمىنى يېزىپ بەردى. 1989 - يىلى 1 - ئىيول خوتەن - بۇيا تاشيولى خاتىرە مۇنارى يورۇڭقاش دەريا كۆۋرۈكىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدا قەد كۆتەردى.

27 - ئاۋغۇست ۋىلايەتلىك شۆبە تەپتىش مەھكىمىسى جىنايى ئىشلار دېلولىرىنى مەلۇم قىلىش مەركىزىي قۇرۇلدى. دېكابىرنىڭ

تەڭ مەۋجۇت بولۇش ھالىتىگە خاتىمە بېرىلدى.

30 - دېكابىر جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ خوتەن گارنىزون سىلىگبۇسى خوتەن شۆبە ھەربىي رايوندا قۇرۇلدى.

## 1988 - يىل

8 - يانۋار ۋىلايەتلىك پارتكوم بىلەن مەمۇرىي مەھكىمە بىرلەشمە يىغىنى ئېچىلىپ، شۇ يىلى 1 - فېۋرالدىن باشلاپ «ۋىلايەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق مەمۇرىي - كەسپىي ئورۇنلاردىكى خادىملارنىڭ ھۆكۈمەت خىراجىتىگە داۋالىنىشنى ئىسلاھ قىلىش چارىسى توغرىسىدىكى بەلگىلىمە» نى يولغا قويۇش قارار قىلىندى. «بەلگىلىمە» دە ھۆكۈمەت خىراجىتىگە داۋالىنىش راسخوتىنى ئىدارە - ئورگانلارغا ھۆددىگە بېرىش، شەخسلەر ياش پەرقى بويىچە ئوخشاش بولمىغان ئۆلچەمدىكى داۋالىنىش خىراجىتى مۇئامىلىسىدىن بەھرىمەن بولىدىغانلىقى» بېكىتىلدى.

20 - يانۋار مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ئورۇمچىدە تورۇشلۇق ئىش بېجىرىش باشقارمىسىنىڭ 550 مىڭ يۈەن مەبلىغىنىڭ ئالداپ ئېلىپ كېتىلگەنلىكى مۇناسىۋىتى بىلەن مەمۇرىي مەھكىمە «ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى. ئۇقتۇرۇشتا ھەر قايسى ئورۇنلارنىڭ بۇنىڭدىن ساۋاق ئېلىپ، مالىيە باشقۇرۇش تۈزۈمىنى چىڭىتىش تەلەپ قىلىندى.

28 - يانۋار مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى نۇرمۇھەممەت خۇدا بەردى ئاپتونوم رايونلۇق 7 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىدا، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا سايلاندى.

28 - يانۋار بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى تەرەققىيات - پىلان مەھكىمىسى ۋە دۇنيا بانكىسىنىڭ INT/1/026 تۈرىنىڭ جۇڭگودا تورۇشلۇق ئەمەلدارى سارنو ئەپەندى، مەركىزىي ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ئىشخانىسى، ئاپتونوم رايونلۇق ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ئىشخانىسى ۋە سەھىيە نازارىتىدىكى ئالاقىدار خادىملارنىڭ ھەمراھلىقىدا ئايروپىلان بىلەن خوتەنگە كەلدى.

1 - فېۋرالدىن 6 - فېۋرالغىچە ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسى پارتىيە گۇرۇپپىسى فېۋرالنىڭ بىرىنچى ھەپتىسىنى ۋىلايەت بويىچە «ئوت ئاپىتىدىن ساقلىنىش بىخەتەرلىك تەشۋىقات

ئارقىلىق، خوتەن شەھىرىنىڭ چەت ئەللىكلەرگە ئېچىۋېتىلگەنلىكىنى خەۋەر قىلدى.

5 ـ فېۋرال شۇ كېچىسى خوتەن شەھىرىدىكى شەرق شاملى سودا مارىيىغا ئوغرى كىردى. 12 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى تاۋار مال ئوغرىلىنىپ كەتتى.

15 ـ ئىيۇن ج ك پ خوتەن ۋىلايەتلىك كومىتېتى بىلەن مەمۇرىي مەھكىمە ۋىلايەتلىك رېۋىزىيە باشقارمىسىنىڭ ۋىلايەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلاردا مەمۇرىي رېۋىزىيە ئورگىنى تەسىس قىلىش توغرىسىدىكى يولىيورۇق سوراش دوكلاتىنى تەستىقلاپ تارقاتتى.

2 ـ سېنتەبىر چۈشتىن كېيىن بېيجىڭ ۋاقتى سائەت بەشتىن سەل ئۆتكەندە دۈۋا كۆمۈر كېنى ئالاھىدە زور سەل ئاپىتىگە ئۇچرىدى. ئىككى مىليون يۈەندىن ئارتۇق ئىقتىسادىي زىيان كېلىپ چىقتى.

9 ـ سېنتەبىر خوتەن ۋىلايەتلىك ئىقتىسادىي ئۇچۇر مەركىزى رەسمىي قۇرۇلدى.

26 ـ سېنتەبىر خوتەن شەھەرلىك سۈيۇقلاندۇرۇلغان نېفىت گازى پونكىتىنىڭ ساقلاش ـ تەقسىملەش قۇرۇلۇشى پۈتۈپ، سىناق تەرىقىسىدە ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى.

27 ـ، 28 ـ ئۆكتەبىر خوتەن ۋىلايەتلىك پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەنلەر جەمئىيىتى بىرلەشمىسىنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى ئېچىلىپ، ۋىلايەتلىك ئىجتىمائىي پەنلەر بىرلەشمىسى قۇرۇلدى.

15 ـ نويابىر ئاپتونوم رايوننىڭ نامراتلارنى يۆلەشتىكى نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرى بولغان خوتەن يىپەك توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنىڭ 100 يۈرۈش يىپەك رەخت توقۇش ماشىنىسىنى كۆپەيتىش قۇرۇلۇشىدا ئىش باشلاندى.

21 ـ دېكابىر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقى ئارقىلىق كېرىيە ناھىيىسىنىڭ دەريا بويى كەنتى يېزا تۈزۈلمىسىگە ئۆزگەرتىلىپ «دەريا بويى يېزىسى» رەسمىي قۇرۇلدى.

25 ـ دېكابىر خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئىقتىسادىي ئورمان تەتقىقات نەتىجىسى ئاپتونوم رايوننىڭ باھالاپ بېكىتىشىدىن ئۆتتى. بۇ تەتقىقاتنىڭ مەملىكەت ئىچىدىكى ئوخشاش تۈردىكى تەتقىقاتتا ئىلغار سەۋىيىگە يەتكەنلىكى قەيت قىلىندى.

ئاخىرىغا قەدەر بۇ مەركەز 40 پارچە ھەر خىل جىنايى ئىشلار دېلوسى توغرىسىدىكى پاش قىلىش ماتېرىياللىرىنى تاپشۇرۇۋالدى.

26 - سېنتەبىر «شىنجاڭ گېزىتى» خوتەن ۋىلايىتىدە 1988-يىلى 176 گېكتار يەرگە ياڭاق كۆچىتى سېلىنغانلىقىنى، بۇنىڭ بىلەن خوتەن ۋىلايىتىدە ياڭاقزارلىق ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 2887 گېكتارغا يەتكەنلىكىنى، خوتەن ناھىيىسىنىڭ مەملىكەت بويىچە «سەككىزىنچى بەش يىللىق پىلان» مەزگىلىدىكى تاۋار ياڭاق ئىشلەپچىقىرىش بازىسى قاتارىغا كىرگۈزۈلگەنلىكىنى خەۋەر قىلدى.

17 - ئۆكتەبىر ۋىلايەتلىك مال باھاسىغا دائىر دېلو مەلۇم قىلىش مەركىزى قۇرۇلدى.

20 - ئۆكتەبىر. قاراقاش دەرياسىنىڭ سۈيىنى غەربكە باشلاش قۇرۇلۇشى — پىيالما ئۆستىڭى قۇرۇلۇشىدا ئىش باشلاندى.

1 - نويابىر بېيجىڭ ۋاقتى سائەت 19 دا يىپەك يولى خەلقئارا ئاپتوموبىل ساياھەت ماشىنا مۇسابىقە ئەترىتى خوتەنگە يېتىپ كەلدى (بۇنىڭ ئىچىدە 12 ئاپتوموبىل، 35 موتسىكلىت بار). 3 - نويابىر سائەت يەتتىدە بۇ ئەترەت قاراقاش ناھىيىسىنىڭ ياۋا يېزىسى ئارقىلىق قۇملۇق سەپىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ، قەشقەرگە يۈرۈپ كەتتى.

## 1989 - يىل

«خوتەن گېزىتى» دە خەۋەر قىلىنىشىچە 1988 - يىلى 22 - دېكابىردىن 1989 - يىلى 3 - يانۋارغىچە خوتەن ۋىلايىتىنىڭ نىيە ناھىيىسىدىكى ئەندىرە چارۋىچىلىق مەيدانىنىڭ 4 - رۇتىسى ئەتراپىدا (داۋان تۆۋىدىن روكىياغىچە بولغان جايلاردا) ئۇدا 28 قېتىم يەر تەۋرىگەن. بۇنىڭ ئىچىدە 22 - دېكابىر ۋە 27 - دېكابىردىكى ئىككى قېتىملىق يەر تەۋرەش دەرىجىسى 4 — 5.1 بال ئارىلىقىدا بولۇپ، ئەندىرە چارۋىچىلىق مەيدانى 84 مىڭ يۈەن ئىقتىسادىي زىيانغا ئۇچرىغان. نىيە ناھىيىلىك پارتكوم رەھبەرلىرى نەق مەيدانغا بېرىپ، ئاپەت ئەھۋالىنى ئىگىلىگەن ۋە ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتىنى تەشكىللىگەن.

16 - يانۋار خوتەن شەھىرىدە ئۆسمۈرلەر پاراۋانلىق تەلىم - تەربىيە مەركىزى قۇرۇلۇشىغا ئۇل سېلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى.

18 - يانۋار شىنخۇا ئاگېنتلىقى گوۋۇيۈەنىڭ تەستىقى

قاراشلىق زاۋا يول ئاسراش گورۇپپىسى، قاتناش مىنىستىرلىكى تەرپىدىن 1990 ـ يىللىق مەملىكەت بويىچە «10 ياخشى يول ئاسراش گورۇپپىسى» نىڭ بىرى بولۇپ باھالاندى.

## 1991 ـ يىل

27 ـ مارت خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇري مەھكىمە رەھبەرلىرىنىڭ بىرلەشمە يىغىنى ئېچىلدى. يىغىندا ۋىلايەتلىك پارتكوم شۇجىسى ۋۇدۇنفۇ ئاپتونوم رايونلۇق 4 ـ نۆۋەتلىك پارتىيە قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى تۆمۈر داۋامەتنىڭ ئاپتونوم رايوندا چاقىرىلغان نازارەت (ئىدارە) دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنىدا قىلغان «ئۇيغۇرلار»، «ھونلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، «ئۇيغۇر قەدىمكى زامان ئەدەبىياتى» قاتارلىق ئۈچ كىتابنى تەنقىد قىلىش توغرىسىدىكى دوكلاتنى يەتكۈزدى.

4 ـ، 21 ـ ئاپرېل خوتەن ۋىلايىتىنىڭ گۇما، كېرىيە، نىيە قاتارلىق ناھىيىلىرىدە ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق قار، يامغۇر، مۆلدۈر ياغدى. ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا ئاپەتكە ئۇچرىغان ناھىيىلەرنىڭ بىر قىسىم تاغلىق رايونلىرىدا ياغقان قارنىڭ قېلىنلىقى 50 — 120 سانتىمېتىرغا يەتتى.

17 ـ ئاپرېل خوتەن پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى ئىككىنچى زاۋۇتىنىڭ قۇرۇلۇشى پۈتۈپ، ۋىلايەتنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى.

30 ـ ئاپرېل ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا خوتەن، قاراقاش، لوپ قاتارلىق ناھىيە ـ شەھەرلەردىكى كۆپ قىسىم مېۋىلىك باغلار ھەمدە دېھقانلارنىڭ باغ ـ ۋارانلىرىدىكى 66.7 گېكتار كۆلەمدىكى ئالما دەرەخلىرىدە چېچەكلىمەسلىك ئەھۋالى كۆرۈلدى.

30 ـ ئاپرېل ۋىلايەتلىك پارتكوم بىلەن مەمۇري مەھكىمە ۋالڭ ۋېيغا تەزىيە بىلدۈرۈش كاتتا مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، خوتەن مەمۇري مەھكىمىنىڭ باش ئىنژېنېرى ۋالڭ ۋېيغا چوڭقۇر تەزىيە بىلدۈردى.

15 ـ، 17 ـ ماي گېرمانىيىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىنىڭ دېھقانچىلىق ـ ئورمانچىلىق سەنزەنى ۋىندىر دوكتور ئورمانچىلىق مىنىستىرلىكى، ئىقتىساد ـ سودا مىنىستىرلىكى

# 1990 - يىل

14 - مارت خوتەن ۋىلايەتلىك ياش - ئۆسمۈرلەر پەن - تېخنىكا تەلىم - تەربىيە پائالىيەت مەركىزى قۇرۇلۇشى پۈتتى.

1 - ماي چىرا ناھىيىسىدىكى 30 يىل قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىلغان «جەڭگىۋار ئۆستەڭ» قۇرۇلۇشى پۈتۈپ سۇ باشلاندى.

1 - ماي چۈشتىن بۇرۇن سائەت 12 دە ۋىلايەتتە كاتتا ھەربىي پارات ئۆتكۈزۈلدى.

21 - ماي ياپونىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ھەقسىز ياردىمى بىلەن قۇرۇلغان «خوتەن شەھەرلىك ئۆسمۈرلەر پاراۋانلىق تەربىيە مەركىزى» نىڭ پۈتكەنلىك مۇناسىۋىتى بىلەن تەبرىكلەش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى.

20 - ئىيۇندىن 21 - ئىيۇلغىچە مەركەزدىن كەلگەن داۋالاش ئەترىتى خوتەندە داۋالاش خىزمىتىنى ئىشلىدى.

24 - ئاۋغۇست چۈشتىن بۇرۇن ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى جياڭ زېمىن خوتەنگە كېلىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى. باش شۇجى جياڭ زېمىن يېزىلار، زاۋۇتلارنى كۆزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئىگىلىك تەرەققىياتى، مۇقىملىقى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش جەھەتلەردە مۇھىم يوليورۇق بەردى.

25 - ئاۋغۇست خوتەن ۋىلايەتلىك ئىسلام دىنى جەمئىيىتى قۇرۇلدى.

9 - سېنتەبىر خوتەن ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەشەببۇسى ۋە قوللىشى ئارقىسىدا، خوتەن ناھىيىلىك مىللىي ھۈنەر-سەنئەت گىلەم كارخانىسى 11 - نۆۋەتلىك ئاسىيا تەنھەرىكەت يىغىنىغا تەقدىم قىلىنىدىغان چولڭ كۆلەملىك زىلچا گىلەمنى توقۇپ پۈتتۈردى.

20 - سېنتەبىر ۋىلايەتلىك مېۋە شىرنىسى زاۋۇتى قۇرۇلۇشى رەسمىي پۈتۈپ، ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى.

25 - ئۆكتەبىر ئاپتونوم رايون تەشكىللىگەن «ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى دوكلات بېرىش ئۆمىكى» دىكى 13 نەپەر كىشى خوتەنگە كېلىپ دوكلات بەردى.

22 - دېكابىر ۋىلايەتلىك تاشيول ئاسراش باش ئۆچاستىكىسىغا

قاتتىق زەربە بېرىش سەپەرۋەرلىك چوڭ يىغىنى ئاچتى. قولغا چۈشۈرۈلگەن 450 كىلوگرام نەشە جامائەت ئالدىدا ئاشكارا كۆيدۈرۈلدى.

25 - سېنتەبىر شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەت ئالىي تېخنىكوم مەكتىپى خوتەندە قۇرۇلدى.

14 - ئۆكتەبىر خوتەن ۋىلايەتلىك «سوتسىيالىستىك ئىدىيىۋى تەربىيە خىزمەت ئۆمىكى» ھەر قايسى ناھىيە - شەھەرلەرگە يۈرۈپ كەتتى.

13 - دېكابىر ۋىلايەتتە ئومۇمىي خەلق مەجبۇرىي كۆچەت تىكىش پائالىيىتى يولغا قويۇلغانلىقىنىڭ 10 يىللىق مۇناسىۋىتى بىلەن ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى.

## 1992 - يىل

14 -، 17 - يانۋار ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە «ئۈچ دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنى» چاقىردى. ۋىلايەتلىك پارتكوم شۇجىسى ۋۇدۇنفۇ يىغىنىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

فېۋرالنىڭ باشلىرىدا خوتەن ۋىلايەتلىك 7 - ترانسپورت شىركىتى رېمونت زاۋۇتىنىڭ ئايال ئىشچىسى مۇھەببەت نۇرىدىن «مەملىكەتلىك 1 - ماي ئەمگەك مېدالى مۇكاپاتى»غا ئېرىشتى.

11 - ئاپرېل «ۋاڭ ۋېيىنىڭ ئىش ئىزلىرىدىن دوكلات بېرىش گۇرۇپپىسى» شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا سەييارە دوكلات بېرىپ، خوتەنگە قايتىپ كەلدى.

29 - ئاپرېل ۋىلايەتلىك پارتكوم سىياسىي قانۇن كومىتېتى خوتەن شەھىرىدە «ساقچى ئىستىل ۋە ئىنتىزامنى تەرتىپكە سېلىش تەربىيە ئېيى پائالىيىتى» سەپەرۋەرلىك چوڭ يىغىنى ئاچتى.

ماينىڭ ئاخىرلىرىدا خوتەن ۋىلايىتى بويىچە پېنسىيونېرلار خىزمىتىدىكى 13 ئىلغار كوللېكتىپ ۋە 20 نەپەر مۇنەۋۋەر پېنسىيونېر، مەملىكەتلىك پېنسىيونېرلار خىزمىتى كومىتېتى تەرىپىدىن 1991 - يىللىق مەملىكەتلىك ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخس بولۇپ باھالاندى.

17 - ئىيۇن كېچە خوتەن ناھىيىسىنىڭ لاڭرۇ يېزىسى سەل ئاپىتىگە ئۇچرىدى.

شۇنىڭدەك ئاپتونوم رايوندىكى ئالاقىدار خادىملارنىڭ ھەمراھلىقىدا خوتەنگە كېلىپ، خوتەننىڭ ئورمانچىلىق قۇرۇلۇشىنى نەق مەيداندا تەكشۈردى.

6 ـ ئىيۇن خوتەن ۋىلايەتلىك ۋە شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى كادىر ـ ساقچىلىرى بىرلەشمە ھەرىكەت ئېلىپ بېرىپ، خوتەن ئايرودرومىدا خەلق ئاۋىئاتسىيە نۆۋەتچى ئايروپىلانى ئۇچۇش ئالدىدا ئۈچ نەپەر زەھەر ئەتكەسچىسىنى ھەمدە 23 بولاق 15 .1 گرام خروئىننى قولغا چۈشۈردى.

8 ـ ئىيۇل گوۋۇيۈەننىڭ قارارى بويىچە 1978 ـ يىلدىن ئېتىبارەن «ئۈچ شىمالىي رايون» ئىھاتە ئورمان سىستېمىسى قۇرۇلۇشى يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، دېھقانچىلىق ئېتىز ـ ئېرىقلىرىنى ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇش تاماملاندى.

24 ـ ئىيۇل «1 ـ ئاۋغۇست ئارمىيە بايرىمى» مۇناسىۋىتى بىلەن خوتەن ۋىلايىتىدە خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ ھەربىي ماھارەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى. ۋىلايەت بويىچە 42 نەپەر خەلق ئەسكىرى ۋەكىلى ماھارەت مۇسابىقىسىگە قاتناشتى.

17 ـ، 20 ـ ئاۋغۇست ئاپتونوم رايون بويىچە ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتەپلىرىنىڭ 1991 ـ يىللىق قەدىمچە چېلىشىش، ئەركىن چېلىشىش مۇسابىقىسى خوتەندە ئۆتكۈزۈلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ ھەر قايسى ۋىلايەت ـ ئوبلاست (شەھەر) لىرىدىن كەلگەن 12 تەنتەربىيە كوماندىسىدىن 251 نەپەر ماھىر بۇ قېتىمقى يىغىنغا قاتناشتى.

31 ـ ئاۋغۇست جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ خۇجۇ شەھىرى بىلەن خوتەن ۋىلايىتىنىڭ لوپ ناھىيىلىك پىلە ئۇرۇقچىلىق مەيدانى قۇرۇلۇشىنى تېخنىكا مۇلازىمىتى بىلەن تەمىن ئېتىش كېلىشىمنامىسى ئىمزالاندى.

12 ـ سېنتەبىر ئاپتونوم رايوننىڭ نامراتلارنى يۆلەش قۇرۇلۇشى بولغان خوتەندىن چىرىغا 110 مىڭ ۋولتلىق يۇقىرى بېسىملىق توك يەتكۈزۈش سىم تاناپ لىنىيە قۇرۇلۇشى تاماملىنىپ، سىناق تەرىقىسىدە توك يەتكۈزۈش مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى.

15 ـ، 19 ـ سېنتەبىر ئاپتونوم رايونلۇق ئېتىز ـ ئېرىق سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى يىغىنى خوتەندە چاقىرىلدى.

22 ـ سېنتەبىر ۋىلايەتلىك ج خ باشقارمىسى بىلەن ئوتتۇرا سوت مەھكىمىسى بىرلىكتە زەھەرلىك چېكىملىك ــ نەشە جىنايەتچىلىرىگە

بېيىپلانغان ھەربىيلەر «ئىككىنى ھىمايە قىلىش نەمۇنىچىلىرى» مەمۇرىي مەھكىمە زالىدا يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ، «ئىككىنى ھىمايە قىلىش» پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلىدى.

2 - مارت «خوتەن گېزىتى»، ئاپتونوم رايوننىڭ قەشقەردە چاقىرغان جەنۇبىي شىنجاڭدىكى تۆت ۋىلايەت (ئوبلاست) نىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى يىغىنىدا لوپ ناھىيىسىنىڭ «نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىدىكى ئىلغار ناھىيە» بولۇپ باھالانغانلىقى ھەمدە 200 مىڭ يۈەن مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلىكىنى خەۋەر قىلدى.

17 -، 19 - مارت ۋىلايەت بويىچە ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق قار ياغدى. نىيە، كېرىيە، چىرا، گۇما ناھىيىلىرىنىڭ بىر بۆلۈك تاغلىق رايونلىرىدا ياغقان قارنىڭ قېلىنلىقى 30 — 100 سانتىمېتىرغا، نىيە ناھىيىسىنىڭ بىر قىسىم تاغلىق رايونلىرىدا 110 سانتىمېتىرغا يەتتى.

1 - ئاپرېل ئاپتونوم رايونلۇق ئەدلىيە نازارىتى بىلەن خوتەن مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق، ۋىلايەتلىك جامائەت گۇۋاھلىقى ئورنى قۇرۇلدى.

5 - ئاپرېل شىنجاڭ بويىچە شەھەر تەكشۈرۈش، ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش يىغىنى خوتەندە چاقىرىلدى.

16 - ئاپرېل خوتەن ۋىلايىتىدە ئۈچىنچى نۆۋەتلىك ئومۇمىي خادىملار ھۆددىگەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمىدە خېرىدار چاقىرىپ ھۆددىگە بېرىش مېخانىزمى يولغا قويۇلدى. يەتتىنچى ترانسپورت شىركىتى جەمئىيەتتىن ئاشكارا خېرىدار چاقىرىش ئارقىلىق ھۆددىگە بېرىلدى.

3 - ماي ۋىلايەتتە 11 - قېتىملىق «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى پائالىيىتى» سەپەرۋەرلىك چوڭ يىغىنى چاقىرىلدى.

20 - ماي گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئۇلۇغئاتا سۇ ئىنشائاتى توگونى قۇرۇلۇشى دۆلەتنىڭ «8-بەش يىللىق پىلان» قۇرۇلۇشى تۈرىگە كىرگۈزۈلدى.

5 - ئىيۇن «خوتەن گېزىتى» كېرىيە ناھىيىسىنىڭ ئۈمىد قۇرۇلۇشى ئاۋمېنلىق قېرىنداشلارنىڭ 150 مىڭ يۈەن ئىئانە پۇلىغا ئېرىشكەنلىكىنى خەۋەر قىلدى.

26 - ئىيۇن كەچ ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ تەشەببۇسى ۋە قوللىشى ئارقىسىدا خوتەن شەھىرىدە كەچلىك بازار رەسمىي ئېچىلدى.

30 - ئىيۇن ۋىلايەتلىك پارتكوم بىلەن مەمۇرىي مەھكىمە «ئاپەتكە قارشى تۇرۇش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش» جىددىي سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئاچتى.

21 -، 25 - ئىيۇل ئورمانچىلىق مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى شۈي يوفاڭ يېتەكچىلىكىدىكى گوۋۇيۈەننىڭ نامرات رايونلار ئىقتىسادىي تەرەققىيات رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ شىنجاڭنى تەكشۈرۈش ئۆمىكى خوتەنگە كېلىپ، خوتەننىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمەتلىرىنى تەكشۈردى.

15 -، 17 - ئاۋغۇست ئاپتونوم رايون بويىچە 16 شەھەرنىڭ تازىلىقىنى تەكشۈرۈش ئۆمىكى خوتەن شەھىرىگە كېلىپ تەكشۈرۈدى.

19 -، 20 - سېنتەبىر كانادا خەلقئارا تەرەققىيات تەتقىقات مەركىزىنىڭ ئىككى نەپەر بايلىق ۋە مۇھىت مۇتەخەسسىسى بىلەن، چىڭخۇا ئونىۋېرسىتېتىنىڭ بايلىق ۋە خەلقئارا ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداش تەتقىقات تېما گۇرۇپپىسىدىكى ئۈچ نەپەر كىشى خوتەنگە كېلىپ، قۇملۇق چېتىگە جايلاشقان لاسكۈي بازىرى شورباغ يېزىسىنىڭ ئىككى ئورمانچىلىق مەيدانىنى تەكشۈردى.

8 - ئۆكتەبىر خوتەن ۋىلايىتى ئۇستىگە ئالغان ھەمدە ئۇسكۇنىلەرنى قۇراشتۇرۇپ سىناق تەرىقىسىدە ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈشكە مەسئۇل بولغان، چەت ئەلگە چېتىشلىق تۇنجى بىرلىشىپ مەبلەغ سېلىش قۇرۇلۇش تۈرى — پاكىستاننىڭ گېلكىت شەھىرىدە بىر مىليون 300 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى مەبلەغ سېلىپ قۇرۇلىدىغان، يىلىغا 15 مىليون دانە قۇم خىش ئىشلەپچىقىرىدىغان «پاكىستان - جۇڭگو بىرلەشمە قۇم خىش زاۋۇتى» قۇرۇلۇشىنى ھۆددىگە ئېلىش توختامنامىسى خوتەندە رەسمىي ئىمزالاندى.

21 - ئۆكتەبىر بۇيا ئۇستى ئوچۇق كۆمۈر كانى رەسمىي ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى.

21 -، 24 - دېكابىر ۋىلايەتلىك پارتكوم «ئۈچ دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنى» ئاچتى.

## 1993 - يىل

9 - يانۋار چۆشتىن بۇرۇن ۋىلايەت ۋە ھەر قايسى ناھىيە-شەھەرلەردىكى ئىنقىلابىي قۇربانلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرى، يارىلانغان-

قۇرۇلۇشىدا ئىش باشلاندى.

ئىيۇلنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئاپپارات ئىسلاھاتىدىكى سىناق نۇقتىسى قىلىنغان لوپ، نىيە ناھىيىلىرىنىڭ نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتى ۋىلايەت تەرىپىدىن تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى.

ئاۋغۇستنىڭ باشلىرىدا خوتەن ۋىلايىتى بىلەن گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ فوسەن شەھىرى ئوتتۇرىسىدا مائارىپ خىزمىتىدە ئېغىزلار بويىچە ياردەم بېرىش ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى رەسمىي ئورنىتىلدى.

16 - ئاۋغۇست خوتەن شەھىرىنىڭ گۈلۋاغ سودا مەركىزى قۇرۇلۇشى تاماملاندى.

26 - ئاۋغۇست ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ دائىمىي ئەزاسى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى لى رۇيخۇەن خوتەنگە كېلىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى. ئۇ خوتەن ناھىيىسىدە ئادەملەر بىلەن چارۋا ماللارنىڭ ئوخشاشلا كۆلچەك سۈيى ئىستېمال قىلىدىغانلىق ئەھۋالىنى ئىگىلىگەندىن كېيىن مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: «ئىچىملىك سۈنى ياخشىلاپ، كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، مىڭلىغان - تۈمەنلىگەن كىشىلەرنىڭ روھىي ۋە جىسمانىي ساغلاملىقىغا، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى ساقلاشقا، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشكە مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىنتايىن مۇھىم، ئىنتايىن تەخىرسىز چوڭ ئىش». شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ يەنە ۋىلايەت، ناھىيە رەھبەرلىرىنىڭ يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە ئومۇمىيۈزلۈك سەپەرۋەرلىككە كېلىپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن ئاتلىنىپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ بۇ مەسىلىنى ياخشى ھەل قىلىش، قۇدۇق قېزىپ، ئىچىملىك سۈنى ياخشىلاش توغرىسىدا يوليورۇق بەردى ھەمدە نەق مەيداندا خوتەن ناھىيىسىدىكى 4000 تەبىئىي كەنتنىڭ قۇدۇق قېزىش ئۈچۈن ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر بىر قۇدۇققا 20 مىڭ يۈەندىن جەمئىي 80 مىليون يۈەن ياردەم پۇل ھەل قىلىپ بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

7 - سېنتەبىر چۈشتىن بۇرۇن خوتەن شەھىرىدە شەھەر قۇرۇلغانلىقىنىڭ ئون يىللىقىنى تەبرىكلەش مۇراسىمى ۋە «ئىككىنى ھىمايە قىلىش» خىزمىتىدىكى ئۈلگىلىك شەھەر دەپ نام بېرىش چوڭ يىغىنى ئېچىلدى.

17 - سېنتەبىر قوراللىق ساقچى قىسىم خوتەن تارماق ئەترىتى

28 - ئاۋغۇست ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقى ئارقىلىق ئاپتونوم رايونلۇق ئۇلۇغئاتا سۇ ئىنشائاتى تۈگۈنى قۇرۇلۇشى قوماندانلىق شتابى رەسمىي قۇرۇلدى.

22 - ئۆكتەبىر گوۋۇيۈەن ۋە مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنىڭ ئاقسۇ، قەشقەر، خوتەن ۋىلايەتلىرىدىكى 23 ناھىيە - شەھەرلىك خەلق قوراللىق بۆلۈملىرىنى ئارمىيە شتاتىغا ئۆتكۈزۈۋېلىش توغرىسىدىكى قارارىغا ئاساسەن، خوتەن شۆبە ھەربىي رايون پارتكومىنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنى ئېچىلىپ، خوتەن ۋىلايىتىدىكى يەتتە ناھىيە، بىر شەھەرنىڭ خەلق قوراللىق بۆلۈملىرىنى ئۆكتەبىرنىڭ ئاخىرىدىن بۇرۇن شۆبە ھەربىي رايون شتاتىغا قايتۇرۇۋېلىش خىزمىتى ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

2 - نويابىر ۋاڭ ۋېينىڭ ئۆمۈر بويى تۆھپە قوشۇش ئىش ئىزلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئۈچ قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرى «ئەللىك سەككىز يېرىم» خوتەندە سۈرەتكە ئېلىنىشقا باشلىدى.

## 1994 - يىل

5 - يانۋار خوتەن ۋىلايىتى بويىچە يۇلۇن سۇر ماددا ياللۇغىنى تۈگىتىشنىڭ ئىككىنچى نۆۋەتلىك كۈچەيتىلگەن ۋاكسىنىسى ئورۇش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. تەخمىنەن 180 مىڭ نەپەر ھەر مىللەت ئۆسمۈرلىرىگە ھەر قايسى نۇقتىلاردا ۋاكسىنا ئەملەندى.

مايىنىڭ باشلىرىدا، ج ك پ خوتەن ۋىلايەتلىك كومىتېتى بىلەن خوتەن شۆبە ھەربىي رايون پارتكومى پۈتۈن ۋىلايەت بويىچە ئۈلگىلىك خەلق ئەسكىرى كېرەم ئىمىندىن ئۆگىنىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا قارار چىقاردى.

19 - ماي مايى ئېيى كىرگەندىن باشلاپ، خوتەن ۋىلايىتىدە ئۇدا قۇم - بوران ئاپىتى يۈز بەردى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئالدىنقى يىلى قىش ۋە شۇ يىل ئەتىيازدا ھاۋارايى نورمال بولمىغاچقا، پۈتۈن ۋىلايەت بويىچە ئۈزۈم تاللىرى تارىختا ئاز كۆرۈلگەن ئېغىر ئاپەتكە ئۇچرىدى.

ئىيۇلنىڭ باشلىرىدا ۋىلايەتلىك ج خ باشقارمىسىنىڭ كادىر ساقچىسى دىلمۇرات ج خ مىنىستىرلىكىدىن بېرىلگەن مەملىكەت بويىچە «مۇنەۋۋەر خەلق ساقچىسى» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشتى.

2 - ئىيۇل ئۇلۇغئاتا سۇ ئامبىرىنىڭ كەلكۈن ئېقىتىش تەشمە

سۇر ماددا ياللۇغىنى يوقىتىش ئۈچۈن كۆچەيتىلگەن ۋاكسىنا ئۇرۇش پائالىيىتىدە خوتەن ۋىلايىتى بويىچە تەخمىنەن 160 مىڭ نەپەر ھەر مىللەت ئۆسمۈرلىرىگە شەھەر - يېزىلاردا تەسىس قىلىنغان پونكىتلاردا ۋاكسىنا ئەملەندى.

6 - ئۆكتەبىر خوتەن ناھىيىسىدە قۇدۇق قېزىپ ئىچىملىك سۇنى ياخشىلاش قۇرۇلۇشىنى باشلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى.

7 - ئۆكتەبىر نىيە قەدىمكى خارابىسىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن ئالتىنچى قېتىم خوتەنگە كەلگەن ياپونىيىلىك دوست ئەرباب شياۋداۋ كاڭيۈي خوتەننىڭ قۇدۇق قېزىپ ئىچىملىك سۇنى ياخشىلاش قۇرۇلۇشى ۋە خوتەن مۇزېيى قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئىككى مىليون يۈەن خەلق پۇلى ئىئانە قىلدى.

13 - ئۆكتەبىر جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق تارماق بانكىسى ۋە خوتەن شۆبە بانكىسى خوتەن ناھىيىسىنىڭ قۇدۇق قېزىپ ئىچىملىك سۇنى ياخشىلاش قۇرۇلۇشىغا 120 مىڭ يۈەن ئىئانە قىلدى.

17 - نويابىر «قۇربان تۇلۇم ماۋجۇشىنى كۆردى» ناملىق ھەيكەل كېرىيە ناھىيىسىدە قەد كۆتۈردى.

## 1996 - يىل

8 ، 9 - يانۋار بېيجىڭدا چاقىرىلغان مەملىكەتلىك «ئۈچ شىمالىي رايون» ئىھاتە ئورمان پىلانىنىڭ ئىككىنچى قارارلىق قۇرۇلۇشى بويىچە مۇكاپاتلاش ۋە ئۈچىنچى قارارلىق قۇرۇلۇشىغا سەپەرۋەرلىك قىلىش چوڭ يىغىنىدا خوتەن ۋىلايىتى شىنجاڭ بويىچە تاللانغان بىردىنبىر ئىلغار ۋىلايەت سۈپىتىدە گوۋۇيۈەننىڭ مۇكاپاتلىشىغا ئېرىشتى.

1 - ئاپرېل جەنۇبىي شىنجاڭ خەۋەر - ئالاقە نۇر كابېل قۇرۇلۇشىنىڭ خوتەن بۆلىكىدە ئىش باشلاندى. خوتەندە تۇرۇشلۇق 36224 - قىسىم قۇرۇلۇش قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى.

سېنتەبىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ۋىلايەتلىك پارتكوم دۆۋا سانائەت باش شىركىتىنى قۇردى.

16 - ئۆكتەبىر خوتەن ناھىيىسى بۇزاق يېزىسىدا ناھىيىنىڭ قۇدۇق قېزىپ ئىچىملىك سۇنى ياخشىلاش خاتىرە مۇنارىنىڭ

دۆلەت بايرىمىنى كۈتۈۋېلىش مۇناسىۋىتى بىلەن ھەربىي ماھارەت كۆرسىتىش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى.

5 - ئۆكتەبىر مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، مەركىزىي كومىتېت بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ۋاڭ جاۋگو، مەركىزىي كومىتېت بىرلىكسەپ بۆلۈمى بىلەن مەملىكەتلىك سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى شىنجاڭ خەلق سارىيىدا ئاچقان «خوتەن ناھىيىسىنىڭ قۇدۇق كولاپ ئىچىملىك سۇنى ياخشىلاش قۇرۇلۇشىغا ئىئانە قىلىش مۇراسىمى»دا 15 مىليون يۈەن ئىئانە پۇلنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ رەھبەرلىرىگە تاپشۇرۇپ بەردى. خوتەن ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى ليۇ لىنتىڭ بىلەن ھاكىمى تۇرسۇنتوختى بايسىيت ئىئانە پۇلنى تاپشۇرۇۋالدى.

10 - ئۆكتەبىر خوتەندە ئىچىملىك سۇنى ياخشىلاش قۇرۇلۇشىدىكى تۇنجى قۇدۇقنى قېزىش مۇراسىمى خوتەن ناھىيە توساللا يېزىسىنىڭ قاتچى كەنتىدە ئۆتكۈزۈلدى.

16 - ئۆكتەبىر ئاپتونوم رايون بويىچە سۈپەت تەكشۈرۈش ئورۇنلىرىنىڭ بىرلەشمە يىغىنى خوتەندە ئېچىلدى.

11 - نويابىر ئۇلۇغئاتا سۇ ئىنشائاتى تۈگۈنىنىڭ ئاساسىي ۋە مۇھىم قۇرۇلۇش تۈرى بولغان دەرياغا تۇغان سېلىش قۇرۇلۇشىغا خەبەردار چاقىرىش خىزمىتى باشلاندى.

22 - نويابىر چىرا - بۇيا تاشيولى رەسمىي پۈتۈپ قاتناش باشلاندى.

24 - نويابىر مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ ئۇيغۇرچە ئاڭلىتىش بۆلۈمى، شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى ۋە خوتەن مەمۇرىي مەھكىمە بىرلىشىپ ئۆتكۈزگەن «بەشىنچى قېتىملىق مۇكاپاتلىق ناخشا - مۇزىكا ئىجادىيىتى» پائالىيىتىنىڭ خۇلاسە يىغىنى خوتەندە ئۆتكۈزۈلدى.

25 - نويابىر شىنجاڭ بويىچە ئوت ئۆچۈرۈش قىسىملىرىنىڭ ئارقا سەپ قۇرۇلۇش ۋە باشقۇرۇش نەق مەيدان يىغىنى خوتەندە چاقىرىلدى.

## 1995 - يىل

5 ، 6 - يانۋار مەملىكەت بويىچە ئىككىنچى قېتىملىق يۇلۇن

7 ـ ئاۋغۇست ۋىلايەتلىك پارتكوم ئورۇمچى شەھىرىنىڭ كوئېنلۇن يولىغا جايلاشقان سابىق «خوتەن مەمۇري مەھكىمىنىڭ ئورۇمچى كادىرلار ساناتورىيىسى» نىڭ نامىنى «خوتەن ۋىلايەتلىك ئىككىنچى كادىرلار ساناتورىيىسى» گە ئۆزگەرتىشنى ھەمدە ئۇنىڭ يېزا دەرىجىلىك بولىدىغانلىقى، ۋىلايەتلىك پارتكوم پېشقەدەم كادىرلار ئىدارىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولىدىغانلىقىنى قارار قىلدى.

25 ـ ئاۋغۇست ۋىلايەتلىك ئاپپارات ئىسلاھاتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ۋە ئاپپارات ئىسلاھاتى ئىشخانىسى قۇرۇلدى.

2 ـ سېنتەبىر چۈش سائەت ئىككىدە ئۇلۇغئاتا سۇ ئىنشائاتى توگونى قۇرۇلۇشىدا چوڭ توغاننى تۇتاشتۇرۇش مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى. بۇنىڭ بىلەن «1997 ـ يىلى توغاننى تۇتاشتۇرۇش 1998 ـ يىلى كەلكۈننى توسۇش» پىلانىدىكى بىرىنچى نىشان ئوڭۇشلۇق ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

20 ـ سېنتەبىر خوتەن شەھىرىدىن خوتەن ئايرودرومىغا بارىدىغان ئاسفالت يولىنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى باشلاندى.

14 ـ ئۆكتەبىر MOTOROLA (جۇڭگو) ئېلېكترون چەكلىك شىركىتىنىڭ 300 مىڭ يۈەن مەبلەغ ئىئانە قىلىشى ئارقىلىق سېلىنغان شىنجاڭ بويىچە تۇنجى «MOTOROLA ئۈمىد باشلانغۇچ مەكتىپى» چىرا ناھىيە گۇلاخما يېزىسىنىڭ توغرا ئۆستەڭ كەنتىدە پۈتكۈزۈلگەنلىكى مۇناسىۋىتى بىلەن لېنتا كېسىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى.

31 ـ ئۆكتەبىر ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمى، دۆلەت كادىرلار مىنىستىرلىكى خوتەن ناھىيە بۇزاق يېزىنىڭ باشلىقى مەمتىمىن قادىرغا «خەلق رازى بولغان دۆلەت مەمۇرى» دەپ نام بەردى.

14 ـ نويابىر خوتەن ناھىيە خانئېرىق يېزىسىدىكى دېھقان كېرەم ئىمىن «مەملىكەت بويىچە كۆزگە كۆرۈنگەن 10 نەپەر ياش دېھقان» نىڭ بىرى دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشتى.

10 ـ دېكابىر خوتەندىن ئايرودرومغا بارىدىغان يولنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى تاماملىنىپ، قاتناش باشلاندى.

## 1998 ـ يىل

30 ـ ئاپرېل شىنجاڭ خوتەن قىزىلگۇل هاراقچىلىق چەكلىك شىركىتى رەسمىي قۇرۇلدى.

پۈتكەنلىكى مۇناسىۋىتى بىلەن داغدۇغىلىق يوپۇق ئېچىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى.

20 - ئۆكتەبىر ۋىلايەتلىك پارتكوم بىلەن مەمۇرىي مەھكىمە قىزىل ئارمىيىنىڭ ئۇزۇن سەپەرنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرگەنلىكىنىڭ 60 يىللىقىنى خاتىرىلەش سەنئەت ئويۇنى تەشكىللىدى.

5 - نويابىر خوتەن ئايرودرومىنىڭ ئۇچۇش يولىنى رېمونت قىلىش قۇرۇلۇشى تاماملاندى.

19 - نويابىر ئۈرۈمچى شەھەرلىك ساياھەت كىرا ئاپتوموبىل ئىجارە باش شىركىتى خوتەنگە سەككىز چولڭ ئاپتوبۇسنى ھەقسىز تەقدىم قىلدى.

دېكابىرنىڭ باشلىرىدا «شىنجاڭ خوتەن رايونىنىڭ دېھقانچىلىق-ئورمانچىلىقىنى گىرەلەشتۈرۈش تەتقىقات تورى» دۆلەت پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە ئۈچىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

## 1997 - يىل

مارتنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتىدىكى كادىر، خىزمەتچىلەر ۋە مىللىي ئىشلار كومىتېتى سىستېمىسىدىكى كارخانىلار خوتەن شەھىرىگە 100 مىڭ يۈەن مائارىپ مەبلىغى ئىئانە قىلدى.

26 - ماي ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى شياڭگاڭ ئالاھىدە رايون ھۆكۈمىتىگە تەقدىم قىلىش ئۈچۈن لايىھىلەنگەن سەنئەتلىك ئاسما گىلەم ۋىلايەتلىك تاشقى سودا گىلەم كارخانىسىدا توقۇپ پۈتكۈزۈلدى.

20 - ئىيۇن ۋىلايەتتە بىرىنچى ئىيۇلنى تەبرىكلەش، شياڭگاڭنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىشىنى قارشى ئېلىش يۈزىسىدىن 10 مىڭ كىشىلىك ئۇزۇنغا يۈگۈرۈش سەپەرۋەرلىك چولڭ يىغىنى ئېچىلدى.

21 -، 22 - ئىيۇن ۋىلايەت بويىچە تۇنجى نۆۋەتلىك ئۆرۈك سۇپىتىنى باھالاش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلدى.

4 - ئىيۇل ۋىلايەتلىك كىنو - تىياتىرخانىدا شياڭگاڭنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلگەنلىكىنى تەبرىكلەش سەنئەت كۆرىكى ئۆتكۈزۈلدى.

خوتەن ۋىلايىتىنىڭ 20 - ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىدىن 90 - يىللىرىغا قەدەر بولغان بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش تارىخى» ناملىق كىتاب ئىچكى ماتېرىيال سۈپىتىدە نەشر قىلىندى.

17 - دېكابىر خوتەن شەھىرىدە شەھەر يوللىرىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىنىڭ تاماملىنىش مۇناسىۋىتى بىلەن لېنتا كېسىش مۇراسىمى ۋە شەھەر يوللىرىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىنى خۇلاسىلەش-مۇكاپاتلاش چوڭ يىغىنى ئېچىلدى.

## 1999 - يىل

13 - يانۋار ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، تۆمۈريول مىنىستىرلىكى بىلەن ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى 1995 - يىلى ئېغىزلار بويىچە نامراتلارنى يۆلەش يولىغا قويۇلغاندىن بۇيان، خوتەن ناھىيىسىگە 11 مىليون يۈەندىن ئارتۇق ماددىي بۇيۇم ۋە نەق پۇل مەبلەغ سالغان.

2 -، 5 - مارت ئېلىمىز ۋە كانادا مۇتەخەسسىسلىرىدىن ئون كىشى خوتەنگە كېلىپ، تۇنجى قېتىم خوتەن دەرياسى ۋادىسىنىڭ سۇ بايلىقى مەنبەيىنى پىلانلاش - باشقۇرۇش مودېل تۈرى پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللاندى.

13 - ماي سەھەر خوتەن ۋىلايىتى زور قۇم - بوران ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى. يۇقىرى پەللىدىكى بوران كۈچى يەتتە بالدىن ئېشىپ كەتتى.

1 - ئاۋغۇست يۇرۇڭقاش دەرياسى ۋە قاراقاش دەرياسىنىڭ كەلكۈن مىقدارى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 1400km³/S دىن ئارتىپ، ئېھتىيات سىزىقىدىن ئېشىپ كەتتى.

10 - ئاۋغۇست ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋاڭ جىڭچيەن «تەڭرىتاغ ساقچىلىرىنىڭ روھى — شىنجاڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى سېپىدىكى قەھرىمانلار ۋە قۇربانلار شەجەرىسى» گە «قۇربانلارنىڭ قەھرىمانلىق نامى تارىختا مەڭگۈ ساقلىنىدۇ» دەپ بېغىشلىما يېزىپ بەردى.

11 - ئاۋغۇستتىن سېنتەبىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە «كۆز نۇرى ئەلا — جۇڭگو ھەرىكىتى» خوتەن ۋىلايىتىدە قانات يايدۇرۇلدى. شاڭخەيلىك مۇتەخەسسىسلەردىن تەشكىللەنگەن داۋالاش ئەترىتى

29 ـ ماي سەھەر بېيجىڭ ۋاقتى سائەت بەشتىن 11 مىنۇت 39 سېكونت ئۆتكەندە خوتەن ۋىلايىتىنىڭ گۇما ناھىيىسىدە 2 . 6 بال يەر تەۋرىدى. يەر تەۋرەش مەركىزى شەرقىي مېدىريان ° 9 . 78 ، شىمالىي پاراللېل ° 7 . 37 لۇق جايدا بولۇپ، بۇ يەر بىگتۇەن قارىتاغىز دېھقانچىلىق مەيدانى بىلەن گۇما ناھىيە موكويلا يېزىسىنىڭ تۇتىشىدىغان جايىغا توغرا كېلىدۇ.

17 ـ ئىيۇن كانادانىڭ ئېلىمىزدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى باشچىلىقىدىكى بەش كىشى خوتەنگە كېلىپ، جۇڭگو ـ كانادا ھەمكارلىقىدىكى شىنجاڭ ئاياللىرىنىڭ كىرىم يارىتىش تۈرى (قىسقارتىپ CC97 تۈرى دەپ ئاتىلىدۇ) ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى ھەمدە خوتەن شەھىرىگە 350 مىڭ يۈەن خەلق پۇلى ئىئانە قىلدى.

19 ـ ئۆكتەبىر كېرىيە ناھىيىسىنىڭ كوئېنلۇن ئۆستىڭى ئېلىشىشى ئېلېكتر ئىستانسىسى ۋە بەخت ئۆستىڭىنىڭ بىرىنچى قارارلىق قۇرۇلۇشى تاماملاندى.

19 ـ، 20 ـ ئۆكتەبىر «جۇڭگو كالتىسى پادىشاھى» نامى بىلەن شۆھرەتلەنگەن تيەنجىن شەھەرلىك «ساماۋى شىر» گۇرۇھ شىركىتىنىڭ باش لېدىرى، تيەنجىن بىئولوگىيىلىك قۇرۇلۇش شىركىتىنىڭ دىرېكتورى لى جىنيۈەن، «ساماۋى شىر» گۇرۇھ شىركىتىنىڭ مەسلىھەتچىسى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ھەيئەت ئەزاسى ۋۇ دۇڭشېڭ قاتارلىق بەش كىشى خوتەنگە كېلىپ، تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى ھەمدە خوتەن ۋىلايىتىنىڭ نامراتلارنى يۆلەش، مائارىپقا ياردەم بېرىش ئىشلىرى ئۈچۈن ئىككى مىليون 50 مىڭ يۈەن ئىئانە قىلدى.

27 ـ ئۆكتەبىر «خوتەن گېزىتى» ئۈرۈمچى خۇاليىڭ سانائەت سودا چەكلىك گۇرۇھ شىركىتىنىڭ لوپ ناھىيە بەشتوغراق يېزىسىدا بىر باشلانغۇچ مەكتەپ سېلىش ئۈچۈن 760 مىڭ يۈەن ئىئانە قىلغانلىقىنى خەۋەر قىلدى.

23 ـ، 25 ـ نويابىر «ئاپتونوم رايونلۇق قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش، قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش نەتىجىلىرى كۆرگەزمىسى» خوتەن ۋىلايەتلىك ئاممىۋى سەنئەت سارىيىدا كۆرگەزمە قىلىندى.

15 ـ دېكابىر خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكوم پارتىيە تارىخى ئىشخانىسى نەشىرگە تەييارلىغان «خوتەننىڭ مۇقىملىقىنى قوغدايلى --

كۆردى.

7 - دېكابىر ۋىلايەتلىك پارتكوم ھەيئەتلەر يىغىنى مۇزاكىرە قىلىپ، خوتەن ۋىلايەتلىك «ئۇچكە ئەھمىيەت بېرىش تەربىيىسى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى» قۇرۇشنى قارار قىلدى. ۋاڭ جىڭچىيەن گۇرۇپپا باشلىقى، جۇرئەت مەمتىمىن مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى بولدى. مۇزاكىرىدە يەنە «خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكوم، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمەت كومىتېتى، مەمۇرىي مەھكىمە، سىياسىي كېڭەش خىزمەت كومىتېتى رەھبەرلىك بەنزىسى ۋە رەھبەرىي كادىرلارنىڭ (ئۇچكە ئەھمىيەت بېرىش) تەربىيىسى خىزمىتىنىڭ بىرىنچى باسقۇچى توغرىسىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇش پىكرى» ماقۇللاندى ھەمدە ئاپتونوم رايونلۇق «ئۇچكە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسىنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلىشىغا يوللاندى. 9 - دېكابىر ئاپتونوم رايوننىڭ تەستىق ھۆججىتى چۈشتى.

15 - دېكابىر چۈشتىن بۇرۇن ۋىلايەتكە قاراشلىق ئورۇنلارنىڭ نامراتلارنى يۆلەش - ئىئانە قىلىش مۇراسىمى ۋىلايەتلىك پارتكوم قورۇسىدا ئۆتكۈزۈلدى. ئاپتونوم رايونلۇق «ئۇچكە ئەھمىيەت بېرىش» خىزمىتى كۆزىتىش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى سەي گېڭسۇن، ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋاڭ جىڭچىيەن، ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى جۇرئەت مەمتىمىن قاتارلىق رەھبەرلەر ئىئانە قىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى. ۋىلايەتكە قاراشلىق 70 ئورۇندىن ئىئانە قىلىنغان 340 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى ماددىي بۇيۇم سەككىز گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ، ئېغىزلار بويىچە ياردەم بېرىش نۇقتىلىرىغا يەتكۈزۈپ بېرىلدى.

19 - دېكابىر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن خوتەنگە كېلىپ خىزمەتلەرنى تەكشۈردى. خوتەن ۋىلايىتىدە قانات يايدۇرۇلغان «ئۇچكە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسى خىزمىتىنى مۇئەييەنلەشتۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا خوتەن ۋىلايىتىدە «ئۇچكە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسى داۋامىدا بىرى رەھبەرىي كادىرلارنىڭ سىياسىي جەھەتتە قەتئىي بولۇش مەسىلىسىنى ئەڭ زور دەرىجىدە ھەل قىلىش، يەنە بىرى كادىرلار بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئىنتايىن ياخشى بىر تەرەپ قىلىشتىن ئىبارەت ئىككى مەسىلىنى چۆرىدىگەن ھالدا ئېلىپ بېرىش لازىم، دەپ كۆرسەتتى.

19 -، 21 - دېكابىر ئاپتونوم رايوننىڭ «پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشى، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۆرگەزمىسى نەتىجىلىرى

خوتەنگە كېلىپ، كۆزىگە ئاق چۈشكەن كېسەللەرنى ئوپېراتسىيە قىلىپ، كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇلار بىر ئاي ۋاقىت ئىچىدە دېھقان - چارۋىچىلاردىن 620 كىشىنى ئوپېراتسىيە قىلىپ، كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈردى.

18 - ئاۋغۇست خوتەن ۋىلايىتىدە پائال ھەرىكەت ئېلىپ بېرىلىپ، «فالۇن گۇمپىسى» غا دائىر ھەر خىل تەشۋىقات بۇيۇملىرى يىغىۋېلىندى.

22 - ئاۋغۇست قوراللىق ساقچى قىسىم 706 - پولكى چىرا، لوپ ناھىيىلىرىدە تۇرۇپ مەشىق قىلىشقا يېتىپ كەلدى. ئىككى ناھىيىدە 90 مىڭدىن ئارتۇق ئاممىا ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئالدى.

30 - ئاۋغۇست قوراللىق ساقچى قىسىم باش ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى ۋۇشۇاڭ جەن جۇڭجياڭ خوتەنگە كېلىپ، خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى.

ئۆكتەبىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا خوتەن ئېلېكتر ئېنېرگىيە چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى قۇرۇلدى. مۇناسىۋەتلىك توختامغا ئاساسەن، خوتەن ۋىلايىتىدىكى (نىيە ناھىيىسىدىن ئۆزگە) ھەر قايسى ئېلېكتر ئېنېرگىيە كارخانىلىرى بىردەك شىنجاڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيە شىركىتىنىڭ باشقۇرۇشىغا تەۋە بولدى.

15 -، 17 - ئۆكتەبىر شەندۇڭ ئۆلكىلىك پارتىيە - ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكى 21 كىشى خوتەنگە كېلىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى ھەمدە خوتەن شەھىرى، لوپ، قاراقاش ۋە گۇما ناھىيىلىرىگە قارىتا ئېغىزلار بويىچە نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى.

31 - ئۆكتەبىر خوتەن شەھىرىدىن دەم ئېلىشقا چىققان كادىر — شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ سابىق مۇدىرى ئابدۇرېشىت خالىق مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمى تەرىپىدىن «مەملىكەت بويىچە دەم ئېلىشقا چىققان كادىر ئىچىدىكى ئىلغار شەخس» بولۇپ باھالاندى.

10 -، 11 - نويابىر ئاپتونوم رايونلۇق ئىككىنچى نۆۋەتلىك قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش، قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش نەتىجىلىرى كۆرگەزمىسى خوتەندە كۆرگەزمە قىلىندى. ۋىلايەت رەھبەرلىرى ۋە 4900 دىن ئارتۇق كادىر، ئاممىا كۆرگەزمىنى

ئوقۇپ ئۆتتۈلدى. ۋىلايەتلىك پارتكوم بىلەن مەمۇرىي مەھكىمە 100 مىلڭ يۈەن ھال سوراش پۇلى تەقدىم قىلدى.

## 2000 - يىل

1 - يانۋار خوتەن ۋىلايەتلىك تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ يېڭىدىن كۆپەيتىلگەن ئىككى يۇرۇش ئۇيغۇرچە قانىلىدا رەسمىي پروگرامما كۆرسىتىلىشكە باشلىدى.

12 - يانۋار بېيجىڭ شەھىرى بىلەن جېجياڭ ئۆلكىسىدىن بىرىنچى تۈركۈمدە خوتەنگە ياردەم بېرىشكە كەلگەن 43 نەپەر كادىر خوتەندىكى خىزمىتىنى ئاياغلاشتۇرۇپ ئۆز يۇرتىغا قايتتى.

14 - يانۋار خوتەن ئانار ھارىقىنى تونۇشتۇرۇش بىرلەشمە دوستلۇق يىغىنى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى.

11 - ماي «خوتەن گېزىتى» دە خوتەن ناھىيىسىگە ئورمانچىلىق مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن «جۇڭگونىڭ داڭلىق، ئالاھىدە، ئەلا سۈپەتلىك ئىقتىسادىي ئورمان ناھىيىسى — ياڭاق يۇرتى» دەپ نام بېرىلگەنلىكى خەۋەر قىلىندى.

24 -، 25 - ماي مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، مەركىزىي بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ۋاڭ جاۋگو غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش، تەكشۈرۈش ئۈمىكىنى باشلاپ خوتەنگە كېلىپ، ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

8 - ئىيۇن «خوتەن گېزىتى» دە ئاپتونوم رايوننىڭ 9 - بەشيىللىق پىلاندىكى ئاشلىق پەن - تېخنىكىسى بويىچە ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش تۈرى بولغان «بىر يىلدا ئۈچ قېتىم ھوسۇل ئېلىش» ، ھەر مو يەرنىڭ يىللىق ئاشلىق مەھسۇلاتىنى بىر توننىدىن ئاشۇرۇش تېرىقچىلىق تېخنىكا تەتقىقاتى ۋە ئۈلگە كۆرسىتىش تۈرى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ گۇما ناھىيىسى، شۇنداقلا قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يېڭىسار ناھىيىسىدە سىناق قىلىپ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىلغانلىقى خەۋەر قىلىندى.

ئىيۇلدا «كوئېنلۈن باغچىسى» نى كەڭ كۆلەمدە ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى باشلاندى.

20 - ئىيۇل خوتەن ۋىلايىتىنىڭ «يېزىلاردىكى ئۈچ پېشقەدەملەرگە ياردەم بېرىش ئىشلەپچىقىرىش بازىسى قۇرۇش

كۆرگەزمىسى» ۋىلايەتلىك كىنو ـ تىياتىرخانىسىدا ئۆتكۈزۈلدى. ۋىلايەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلار ۋە ھەر قايسى ناھىيە ـ شەھەرلەردىن بۇ كۆرگەزمىنى كۆرگەنلەر 8700 ئادەم ـ قېتىمدىن ئېشىپ كەتتى.

25 ـ دېكابىر ۋىلايەت بويىچە يەتتە ناھىيە، بىر شەھەردىن 45 مىڭ نەپەردىن ئارتۇق كادىر «ئۈچىنچى بەش يىللىق قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇشنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق بىر تۇتاش ئىمتىھانى» غا قاتناشتى.

27 ـ دېكابىر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ قارارى ۋە ۋاڭ لېچۈەن قاتارلىق رەھبەرلەرنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋىلايەتكە قاراشلىق ئورۇنلاردىن سىياسىي جەھەتتە كۈچلۈك، مۇئەييەن خىزمەت ئىقتىدارى ۋە دۈشمەنگە قارشى كۈرەش تەجرىبىسىگە ئىگە ئىككى خىل تىل بىلىدىغان 60 نەپەر ناھىيە دەرىجىلىك كادىرنى ئاجرىتىپ نۇقتىلىق كەنتلەرگە ئەۋەتىشنى قارار قىلدى. ئۇلار ئاما بىلەن «تاماقتا، يېتىپ ـ قوپۇشتا، ئەمگەكتە» بىللە بولدى.

28 ـ دېكابىر بىڭتۈەن خوتەن دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىغا قاراشلىق قاراقاش 47 ـ پولكتا ئىككىنچى كورپۇس 15 ـ پولكىنىڭ خوتەنگە كىرگەنلىكىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەش چولڭ يىغىنى ئېچىلدى. ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋاڭ جىڭچيەن، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۈەننىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى چېن شىڭچۈ، ۋىلايەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئابدۇقادىر توختى، ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ ئەزاسى، شۆبە ھەربىي رايوننىڭ سىياسىي كومىسسارى لى مىڭرۇڭ، ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ ئەزاسى، بىڭتۈەن خوتەن دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى پارتكومىنىڭ شۇجىسى زەن شىدې، ئىدارە باشلىقى خې جيەنمىڭ شۇنداقلا ھەر قايسى ساھەلەردىن كەلگەن مېھمانلار، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرى خاتىرىلەش چولڭ يىغىنىغا قاتناشتى ھەمدە ئىككىنچى كورپۇس 5 ـ دېۋىزىيە 15 ـ پولكىنىڭ 50 يىللىقىنى خاتىرىلەش ئابىدىسىنىڭ يوپۇقى ئېچىلدى. ۋاڭ جىڭچيەن سۆز قىلدى. چولڭ يىغىندا بىڭتۈەن پارتكومىنىڭ تەبرىك خېتى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ سابىق مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ ئېنماۋ، بىڭتۈەننىڭ سابىق سىياسىي كومىسسارى گوگاڭ قاتارلىقلارنىڭ تەبرىك تېلېگراممىسى

## 2001 ـ يىل

27 ـ ئاپرېل ۋاڭ ۋېيىنىڭ ئىش ئىزلىرى كۆرگەزمىخانىسى قۇرۇلۇشى پۈتتى. ۋىلايەتلىك پارتكوم شۇجىسى ۋاڭ جىڭچيەن كۆرگەزمىخانا نامىنى يېزىپ بەردى ھەمدە «ۋاڭ ۋېي ناخشىسى» دېگەن تېمىدا شېئىر يازدى.

ئاۋغۇستتا خوتەن بوستانلىقىنىڭ شىمالىي چېتىدە بەرپا قىلىنغان مەركەز بېرىدىغان بىر مىليارد 790 مىليون يۈەن مەبلەغنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا جەمئىي بىر مىليارد 910 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدىغان چوڭ تىپتىكى ئېكولوگىيىلىك ئورمان قۇرۇلۇشى تۈرىدە خىزمەت باشلاندى ھەمدە مەزكۇر پىلان دۆلەت ئورمانچىلىق ئىدارىسى تەرىپىدىن گوۋۇيۈەننىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلاپ بېرىشىگە رەسمىي يوللاندى.

نويابىردا 315 ـ دۆلەت يولىنىڭ قاراقاش ـ خوتەن شەھىرى ـ لوپ ناھىيىسى بۆلىكىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى باشلاندى.

27 ـ نويابىر خوتەن ۋىلايەتلىك 8 ـ نۆۋەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەرەققىياتى بويىچە تەقدىرلەش ـ مۇكاپاتلاش چوڭ يىغىنى داغدۇغىلىق ئېچىلدى.

28 ـ دېكابىر خوتەن ئايرودرومىنى ئۆزگەرتىش ـ كېڭەيتىش قۇرۇلۇشىغا ھۇل سېلىش مۇراسىمى خوتەن ئايرودرومىدا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى.

## 2002 ـ يىل

8 ـ يانۋار شىنجاڭ قاراقاش ناھىيە ئېكولوگىيە قۇرۇلۇشىغا مەبلەغ سېلىش چەكلىك شىركىتى قاراقاش ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك بانكىسىدا ۋۇنۇسكا ئېسىپ ئىش باشلىدى.

9 ـ يانۋار دۆلەت دىن ئىشلىرى ئىدارىسى، جۇڭگو ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ دىنىي ئىشلارغا يېتەكچىلىك قىلىش كومىتېتى، جىبجياڭ ۋە گۇاڭدۇڭ ئۆلكىلىرىدىكى دىنىي ساھەدىكىلەر ۋىلايىتىمىزدىكى 64 يېزا ـ بازارلىق شىپاخانىلارغا ئىككى مىليون يۈەن قىممىتىدىكى داۋالاش ئۈسكۈنىلىرىنى ئىئانە قىلدى.

11 ـ يانۋار ۋىلايەتتە پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە

توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمە» ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

22 - ئىيۇل شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ يەنتەي شەھىرىدىن 22 نەپەر ئوقۇتقۇچى مائارىپ ئىشلىرىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن خوتەن ۋىلايىتىگە يېتىپ كەلدى.

25 - ئىيۇل «خوتەن ۋىلايىتىنىڭ يېزىلاردىكى ئۈچ پېشقەدەملەرنىڭ ئۆلۈم - يىتىم ئىشلىرىنى باشقۇرۇشتىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى» ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

29 - ئاۋغۇست «خوتەن گېزىتى» دە نىيە ناھىيىسىدىن شىزاڭنىڭ ئالىي رايونىغا بارىدىغان تاشيول ئورنىنى تەكشۈرۈش - ئۆلچەش خىزمىتى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرغانلىقى خەۋەر قىلىندى.

17 - سېنتەبىر ئۆلۈغئاتا سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى تۈگۈنىنىڭ ئېلېكتر ئىستانسىسى تورلاشتۇرۇلۇپ، توك تارقىتىشقا باشلىدى.

30 - سېنتەبىر خوتەن ۋىلايىتىدىن ئەخلاق ۋە ئۆگىنىشتە مۇنەۋۋەر، ئەمما ئائىلىسى نامرات بولغان 12 نەپەر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى مەركىزىي مەدەنىيلىك كومىتېتىنىڭ ئوقۇش ياردەم پۇلىغا ئېرىشتى.

14 -، 22 - نويابىر خوتەن ۋىلايىتىنىڭ هال سوراش ئۆمىكى بېيجىڭ شەھىرى ۋە جېجياڭ ئۆلكىسىدە هال سوراش ئويۇنى قويدى.

18 - نويابىر ۋاڭ ۋېينىڭ ئىش ئىزلىرى كۆرگەزمىسى ئاساس قىلىنغان، خوتەن - قاراقاش دەريا ئېلىشبېشى ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيە بازىسى قۇرۇلۇشى رەسمىي باشلاندى.

26 - نويابىر جېجياڭ ئۆلكىلىك ئىقتىساد - سودا كومىتېتى بىلەن خوتەن مەمۇرىي مەھكىمە جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ ياردەم بېرىشى ئارقىلىق، «خوتەن قۇملۇق تۆگىسى» يىپەكچىلىك چەكلىك شىركىتى قۇرۇش توغرىسىدىكى كېلىشىمنامە خاڭجۇ شەھىرىنىڭ شىيى زى مېھمانخانىسىدا ئىمزالاندى.

دېكابىردا ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋاڭ جىڭچېن تېكىست يازغان، شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ كومپوزىتورى ئوبۇل توختى نوتا ئىشلىگەن، باھارگۈل قاتارلىقلار ئورۇنلىغان «خوتەن دەريا ناخشىلىرى» قاتارلىق 12 ناخشا شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى تەرىپىدىن VCD پىلاستىنكىسى قىلىپ ئىشلەندى.

22 - ئىيۇل بېئتۇەن يېزا ئىگىلىك 14 - دېۋىزىيىسىنىڭ مەمۇرىيەت مەركىزىگە ھۇل سېلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. ۋالىي ئۆمەر ئابدۇللا، ئابدۇراخمان قۇربان، جۇ خەيلۇن، لى سۇنىيەن قاتارلىق ۋىلايەت رەھبەرلىرى مۇراسىمغا قاتناشتى.

ئىيۇلنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، تاغلىق رايونلاردا ئۇدا قاتتىق يامغۇر ياغقانلىقتىن، يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ كەلكۈن سۈيى جىددىي ئۇلغىيىپ، بۇزاق يېزىسى، باغچا بازىرىنىڭ ئاياغ ئېقىنىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرى كەلكۈن ئاپىتىگە ئۇچراپ 100 مودىن ئارتۇق يەرنى ئېقىتىپ كەتتى، 200 مودىن ئارتۇق يايلاقنى سۇ بېسىپ كەتتى. خوتەن ناھىيىسى ئىككى مىڭدىن ئارتۇق ئەمگەك كۈچى ۋە 100 دىن ئارتۇق ماشىنا - تراكتورنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، ئاپەتكە قارشى تۇرۇپ، زىياننى ئازايتىش خىزمەتلىرىنى ئىشلىدى.

23 -، 24 - ئىيۇل دۆلەت سۇ ئىشلىرى مىنىستىرلىكى، ئورمانچىلىق ئىدارىسى، يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكىنىڭ رەھبەرلىرى ۋە مۇتەخەسسىسلەردىن تەشكىللەنگەن گوۋۇيۈەن بىرلەشمە تەكشۈرۈش خىزمەت گۇرۇپپىسى خوتەنگە كېلىپ، «خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئېكولوگىيىلىك ئىھاتە ئورمان قۇرۇلۇشى پىلانى» نى تەكشۈرۈش - دەلىللەش خىزمەتلىرىنى ئىشلىدى.

25 - ئىيۇل ۋىلايەتلىك پەن - تېخنىكا كومىتېتى، ۋىلايەتلىك ئىتتىپاق كومىتېتى ۋە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىتتىپاق كومىتېتى بىرلىكتە تەشكىللىگەن «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ خوتەن ۋىلايەتلىك پەن - تېخنىكا ئۇچۇر مۇلازىمەت پونكىتى» رەسمىي قۇرۇلدى.

8 - ئاۋغۇست جۇڭگو نېفىت شىركىتىنىڭ خوتەنگە نېفىت گازى يەتكۈزۈش تۇرۇبا يولى قۇرۇلۇشى باشلاندى.

10 - ئاۋغۇست ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكىدە ۋىلايەتلىك پارتكوم پارتىيە بايرىقى ئىشخانىسى تۈزۈپ تەھرىرلىگەن، ۋىلايەتلىك پارتكوم شۇجىسى ۋاڭ جىنگچيەن تەكشۈرۈپ بېكىتكەن 380 مىڭ خەتلىك «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ خوتەن ۋىلايىتىدىكى چوڭ ئىشلار خاتىرىسى» ناملىق كىتاب نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى.

ئاۋغۇستنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئاپتونوم رايوننىڭ 2002 - يىللىق چوڭ قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ بىرى بولغان خوتەن ئايرودرومىنى ئۆزگەرتىش - كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى ئومۇمىيۈزلۈك باشلاندى. پىلان

مۇكاپاتلاش چولڭ يىغىنى ئېچىلدى. 18 تۈرلۈك پەن - تېخنىكا تۈرى داغدۇغىلىق مۇكاپاتلاندى.

7 - فېۋرال مەركەزنىڭ «ئۈچىنى يېزىلارغا يۈزلەندۈرۈش» ھال سوراش ئۆمىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ غەمخورلۇقى ۋە قوللىشىنى ئېلىپ خوتەنگە كېلىپ ھال سوراش ئويۇنى قويدى ھەمدە ۋىلايىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى.

27 - فېۋرال ۋىلايەتتە قۇربان ھېيتنى كۈتۈۋېلىش يۈزىسىدىن «باھار ناۋاسى» ئەدەبىيات - سەنئەت كېچىلىكى ئۆتكۈزۈلدى.

6 - مارت چۈشتىن بۇرۇن شىنجاڭ تۆگىچى گورۇھىنىڭ خوتەندە قۇرۇلىدىغان 10 مىڭ توننىلىق مېۋە شىرنىسى تۈرىدە ھۇل سېلىپ ئىش باشلاندى.

مارتنىڭ باشلىرىدا خوتەن ناھىيىسىنىڭ مىلكىئاۋات ئەتراپىدىكى 10 مىڭ مولۇق ئېكولوگىيىلىك ئىھاتە ئورمان قۇرۇلۇشى باشلاندى.

مارتنىڭ باشلىرىدا دۆلەت يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى كېرىيە ناھىيىسىگە «جۇڭگو توشقان زەدىكى يۇرتى»، «جۇڭگو نوبېدە يۇرتى» ۋە «جۇڭگو قاشتېشى يۇرتى» دەپ نام بەردى.

4 - ئاپرېل ۋىلايەتتە زىيالىيلار سۆھبەت يىغىنى ئېچىلدى. گەۋدىلىك تۆھپە قوشقان (4 - تۈركۈمدىكى) 26 نەپەر كۆزگە كۆرۈنگەن ئىختىساس ئىگىسىگە نام بېرىلىپ مۇكاپاتلاندى.

21 - ئاپرېل «خوتەن ئۈچۈر كوچىسى» باشقا جايلار بىلەن ئۈچۈر ئالماشتۇرۇشنى رەسمىي يولغا قويدى.

21 - ماي مەملىكەتلىك ئىككىنچى نۆۋەتلىك توشقان زەدىكى ۋە ياۋايى دورا ئۆسۈملۈكلىرى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى خوتەندە ئېچىلدى. ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر، مەملىكەت ئىچى - سىرتىدىكى مۇتەخەسسىسلەر، ئالىملار ۋە ھەر ساھە ۋەكىللىرىدىن 100 دىن ئارتۇق كىشى خوتەنگە يىغىلىپ، توشقان زەدىكى تەتقىقاتى ۋە كەسىپلەشكەن ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش پىلانى ھەققىدە ئورتاق كېڭەشتى.

9 - ئىيۇل ۋىلايەت بويىچە تەيۋەنلىك سودىگەرلەر بىلەن شېرىكلىشىپ مەبلەغ سالىدىغان شىركەت — «خوتەن تەبىئىي ياۋايى دورا ئۆسۈملۈكلىرى تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى» رەسمىي قۇرۇلدى.

پارتكوم شۇجىسى ۋاڭ جىڭچيەننى قىزغىن قارشى ئالدى.

12 - دېكابىر خوتەن قىزىلگۈل هاراقچىلىق چەكلىك شىركىتى تىزىمغا ئالدۇرغان «خوتەن ئۈزۈم هارىقى» تاۋار ماركىسى ئاپتونوم رايونلۇق سودا سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى تەرىپىدىن داڭلىق تاۋار ماركىسى دەپ باھالاندى.

«خوتەن چوڭ ئىشلار يىلنامىسى» گە كىرگۈزۈلگەن ماتېرىياللارنىڭ جۇ، چىن سۇلالىلىرى دەۋرىدىن 1911 - يىلغىچە بولغان قىسمى جۇڭجۇ قەدىمىي ئەسەرلەر نەشرىياتى 2002 - يىلى ئاپرېلدا نەشر قىلغان «خوتەننىڭ قىسقىچە تارىخى» ناملىق كىتابتىن ئېلىنىپ، غەيرەت مۇھەممەتئىمىن، مۇھەممەتئابدۇللا مەتسىدىق، ھەسەنجان مەتنۇرى قاتارلىقلار تەرجىمە قىلدى.

1912 - يىلدىن 1987 - يىلغىچە بولغان قىسمى خوتەن ۋىلايەتلىك تەزكىرە ئىشخانىسى تەرىپىدىن چىقىرىلغان «خوتەن تەزكىرىسى» ژۇرنىلىنىڭ 1993 - يىل 1 - سانىدىن ئېلىندى.

1988 - يىلدىن 2002 - يىلغىچە بولغان قىسمى خوتەن ۋىلايەتلىك تەزكىرە ئىشخانىسى يازغان قولىيازما ئورىگىنالىدىن ئېلىنىپ، مۇھەممەتئىمىن سابىر تەرجىمە قىلدى.



بويىچە مەزكۇر قۇرۇلۇشقا 176 مىليون 450 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىدۇ.

22 - ئاۋغۇست تۇمۇريول مىنىستىرلىكى ۋە ئۇرۇمچى تۇمۇريول ئىدارىسىنىڭ ياردەم مەبلىغى بىلەن قۇرۇلغان خوتەن ناھىيە يامانبۇلاق يۇرۇقچاش دەريا چوڭ كۆۋرۈكى پۈتۈپ قاتناش باشلاندى.

24 - ئاۋغۇست قاراقاش ناھىيە تەۋەسىدە شىنخې ئىككىنچى نومۇرلۇق نېفىت قۇدۇقى رەسمىي بۇرغىلىنىشقا باشلىدى.

14 - سېنتەبىر ئۈچ كۈن داۋاملاشقان تۇنجى نۆۋەتلىك جۇڭگو خوتەن قاشتېشى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى خوتەن مېھمانخانىسىدا غەلىبىلىك ئاخىرلاشتى.

سېنتەبىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئاپتونوم رايونلۇق بەشىنچى نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر تەنھەرىكەت يىغىنىدا، خوتەن كوماندىسى باتۇرلۇق بىلەن ئېلىشىپ ئالتە ئالتۇن مېدال، ئۈچ كۈمۈش مېدال، تۆت مىس مېدال ئېلىشتەك ياخشى نەتىجىنى قولغا كەلتۈردى.

1 - ئۆكتەبىر چۈشتىن بۇرۇن ۋىلايەتتە 10 مىڭ كىشىلىك مەشرەپ ئۆتكۈزۈلۈپ، جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغانلىقىنىڭ 53 يىللىقى ۋە پارتىيە 16 - قۇرۇلتىيىنىڭ غەلىبىلىك چاقىرىلىشىنى كۈتۈۋېلىشقا تەنتەنە قىلىندى.

3 - ئۆكتەبىر ئاخشىمى ۋىلايەتتە چاي زىياپىتى ئۆتكۈزۈلۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق يېقىنقى ئەسىردىكى تۇنجى نۆۋەتلىك كەسپىي سەنئەت ئۆمەكلىرى كۆرىكى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق بەشىنچى نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر تەنھەرىكەت يىغىنىدا تۆھپە ياراتقان خادىملار مۇكاپاتلاندى.

16 - ئۆكتەبىر خۇڭيۈەن پايچىكلار مەكتىپىنىڭ خوتەن شۆبىسى ۋىلايەتلىك قۇرۇلۇش بانكىسىدا قۇرۇلدى.

ئۆكتەبىرنىڭ ئاخىرىدا خوتەن ۋىلايىتىنىڭ چىرا ناھىيىسى تەۋەسىدىن بىر بۇتخانا خارابىسى بايقالدى. جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئارخېئولوگىيە ئەترىتىدىكى خادىملار بۇ خارابىنى 5 -، 6 - ئەسىرلەرگە تەۋە بۇتخانا خارابىسى، شۇنداقلا ساقلىنىشى ئەڭ ياخشى بولغان بۇتخانا خارابىسىنىڭ بىرى دەپ ھېسابلىدى.

20 - نويابىر ۋىلايەت رەھبەرلىرى ۋە ھەر مىللەت خەلقى خوتەن ۋىلايىتىدىكى بىر مىليون 700 مىڭ ھەر مىللەت خەلقى ۋە 60 مىڭ پارتىيە ئەزاسىغا ۋاكالىتەن پارتىيە 16 - قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىپ غەلىبىلىك قايتىپ كەلگەن 16 - قۇرۇلتاي ۋەكىلى — ۋىلايەتلىك

مەسئۇل مۇھەررىرى: جېلىل مۇھەممەت
مەسئۇل كوررېكتورى: پەرىدە ئېلى
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ

# دۇنيادا بىرلا خوتەن بار

## — يىللار، ئادەملەر، ۋەقەلەر

تۈزگۈچى: ئابدۇللا سۇلايمان

---

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى№348 پوچتا نومۇرى: 830001)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تەرىپىدىن تارقىتىلىدۇ
ئۈرۈمچى رېنشياڭ باسمىچىلىق چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
فورماتى: 880×1230مم، 1/32،
باسما تاۋىقى: 10، قىستۇرما ۋارىقى: 2
2003-يىل 8-ئاي 1-نەشرى
2003-يىل 8-ئاي 1-بېسىلىشى
تىراژى: 3800 — 0001

---

ISBN 7—228—08242—7
ئومۇمىي باھاسى (ئالتە پارچە): 98.50 يۈەن

# دۇنيادا بىرلا خوتەن بار

## ناملىق يۈرۈشلۈك كىتابلار

- ☆ يىللار، ئادەملەر، ۋەقەلەر
- ☆ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، بوستانلىق ۋە ئېكولوگىيە
- ☆ مەدەنىيەت، مائارىپ، تېبابەت
- ☆ يېپەكچىلىك، قاشتېشى، گىلەمچىلىك
- ☆ ئەدەبىيات - سەنئەت
- ☆ ھېكايەتلەر
- ☆ خەلق قوشاقلىرى (تاللانما)
- ☆ خەلق چۆچەكلىرى (تاللانما)
- ☆ خەلق داستانلىرى
- ☆ ئەپسانە - رىۋايەتلەر
- ☆ خوتەندە ئۆتكەن مەشھۇر كىشىلەر
- ☆ خوتەن يەر - جاي ناملىرى
- ☆ چەت ئەللىكلەر نەزەرىدىكى خوتەن
- ☆ خوتەن كىتابلىرى ئۇچۇرى
- ☆ خوتەن كارخانىچىلىرى

ISBN 7-228-08242-7
9 787228 082421 >

ISBN 7-228-08242-7
(民文)总定价(共六册)：98.50元